جۇرئەت نۇرۇللا

# دوست خېنىم



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى CHISO



جۇرئەت نۇرۇللا

# دوست خېنىم

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى CHISO

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلغارجان سادىق
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلدار مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد
مۇقاۋا رەسىملىرىنى سىزغۇچى: ئەسقەر تۇردى
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى
تېخرىداكتورى: مۇھەممەدئەلى لېتىپ

# دوست خېنىم

(رومان)

ئاپتورى: جۇرئەت نۇرۇللا

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 18.375
2015 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 6653 - 7
سانى: 3000 — 1
باھاسى: 55.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



جوھەرشىرىپ نۇرۇللا

## ئاپتور ھەققىدە

جۇرئەت نۇرۇللا 1968 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش بازىرىنىڭ بەيساق كەنتىدە ئۇقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغان. 1986 ـ يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان.1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ شۇ يىلى ئاتۇش شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش بازىرى يولچىلا ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلغان. 2014 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش بازىرى قايراق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

جۇرئەت نۇرۇللانىڭ ئىجادىيىتى 1987 ـ يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «سىپستىرا قىزغا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 270 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. 2012 ـ

يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «شاۋقۇنسىز دەريا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان .

ئۇ ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.



# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  قورغان كۆلبېشى ...................... 1

ئىككىنچى باب  چېلىشىش مەيدانىدا ................ 11

ئۈچىنچى باب  پەتىۋا ................................ 27

تۆتىنچى باب  بالا ئىلىم ئالسۇن ..................... 38

بەشىنچى باب  بىر قارارغا كېلىش ................... 56

ئالتىنچى باب  ئوۋغا چىققان كۈنى .................. 67

يەتتىنچى باب  «ھاجىم» كىچىك خوتۇن ئالىدىكەن ... 81

سەككىزىنچى باب  كۈنداشلار ......................... 86

توققۇزىنچى باب  ئاتىلىق ئىپتىخار ................. 104

ئونىنچى باب  قەست ................................. 112

ئون بىرىنچى باب  دوست خېنىم ..................... 134

ئون ئىككىنچى باب  دىدار ........................... 154

ئون ئۈچىنچى باب  بىر قىزغا مىڭ كۆز ............. 172

ئون تۆتىنچى باب  ئوغۇلغا بەرگۈسىز قىز .......... 187

ئون بەشىنچى باب  كۆڭۈلدىكىدەك سۆھبەت ......... 199

ئون ئالتىنچى باب  كېڭەش ........................... 213

ئون يەتتىنچى باب  ئاتىنىڭ خىيالى .................. 227

ئون سەككىزىنچى باب  ئاشىقلىق، مەشۇقلۇق ....... 235

ئون توققۇزىنچى باب  ئاق تاغدا ..................... 261

يىگىرمىنچى باب  ئىككى جاندا بىر ئوت ............ 288

يىگىرمە بىرىنچى باب  رەشك ئوتى ........................ 302
يىگىرمە ئىككىنچى باب  قىتىغۇرلۇق ........................ 319
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  دىلدىمۇ، تىلدىمۇ دوست خېنىم ... 333
يىگىرمە تۆتىنچى باب  تۆۋەن كوچىدا ناخشا ئاۋازى ... 344
يىگىرمە بەشىنچى باب  قوشكۆل بويىدىكى پىلان ... 361
يىگىرمە ئالتىنچى باب  قوغلاندى ئەلچىلەر ........ 372
يىگىرمە يەتتىنچى باب  ئاغزىدا كۆلكە ـ چاقچاق،
قوينىدا پالتا ـ پىچاق ........................ 383
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  تەلۋە بەگلەر ........ 397
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  قەپەستىن چىققان قۇش ... 413
ئوتتۇزىنچى باب  گەپ دادىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى ...... 423
ئوتتۇز بىرىنچى باب  دەرۋىشلەر ھەرىكەتتە ........ 434
ئوتتۇز ئىككىنچى باب  نەزەربەند ........................ 442
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  ئىككى پارچە مەكتۇپ ........ 457
ئوتتۇز تۆتىنچى باب  ئەلچىگە ئەلەم ........................ 469
ئوتتۇز بەشىنچى باب  «ئىلىمنىمۇ ئالىمەن، تويۇمنىمۇ
قىلىمەن» ........................................ 484
ئوتتۇز ئالتىنچى باب  دادىنىڭ قارارى ........................ 496
ئوتتۇز يەتتىنچى باب  دەرد ئۈستىگە دەرد ........ 507
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب  ۋەھىمىلىك كېچە ........ 522
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب  شۇم خەۋەر ........................ 536
قىرىقىنچى باب  «ئانا، يانلىرىغا بارىمەن» ............ 546
قىرىق بىرىنچى باب  ئاداۋەت قۇربانى ........................ 561
قىرىق ئىككىنچى باب  مۇسىبەتتە ئوقۇلغان ناخشا ... 577
ئاخىرقى سۆز ........................................ 581

## بىرىنچى باب

# قورغان كۆلبىشى

مىلادىيە 1690 ـ يىلى، ئۇستۇنئاتۇشتىكى دىخاللا[1] دېگەن يۇرت.

چاقماق دەرياسىنىڭ زۇمرەت سۇلىرىنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان بۇ يۇرت ئاق تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى بۇككىدە ئورمانلار بىلەن قاپلانغان دەريا ساھىلىدىن باشلىنىپ ئۇستۇنئاتۇش چوڭ بوستانلىقىغا تۇتىشاتتى. دەريا قىنىدىن تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ چاقىرىم، توغرىسى ئىككى يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان سېپىل بار ئىدى. سېپىل تېمىنىڭ ئۇل قىسمى ئالتە ـ يەتتە چامدام كېلەتتى، ئۇستىدە ئىككى ئادەم بىمالال ياندىشىپ ئۆتەلەيتتى. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ئارغامچا بويى كېلەتتى. دىخاللىدا زامان ـ زامانلاردىن خالتا كوچا، ئاق كوچا، تۆۋەن كوچا دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ كوچا بار ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ كوچىلارنى بويلاپ سېلىنغان بولۇپ،

[1] دىخاللا ــ ئۇستۇنئاتۇشتىكى تاقۇت، ئىكساق، بەيساق، قايراق، ئوچار، يولچىلا قاتارلىق قەدىمىي يەتتە كەنتنىڭ بىرى بولۇپ، دېھقانلار دېگەن ئىسمىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان يەر نامى. يەرلىكنىڭ تىل ئادىتىدە ئاشۇنداق ئىستېمال قىلىنغاچقا ئەسەردە شۇ بويىچە قوللىنىلدى.

كوچىلارنى ھەر كۈنى ئاياللار، قىز ـ كېلىنلەر سۈپۈرۈپ، تازىلاپ، سۇ چېچىپ تۇرغاچقا چىنىدەك پاكىزە ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئادەم بېلىگە كەلگۈچە چوڭقۇر چېپىلغان ئېرىقلاردىن يازچە توختىماي سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئېرىق بويلىرىغا ھەر خىل مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر تىكىلگەچكە، ياز بويى ياپىېشىل تۇراتتى. ھەممە ئائىلە ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە مېۋىلىك باغلارنى ئەھيا قىلىشقانىدى. باغلارنىڭ تېمىدىن باشلانغان مۇنبەت ئېتىزلارنىڭ ئايىغىغا كۆز يەتمەيتتى. دەريا بويى، كوچا قاسناقلىرى، باغلار ۋە پايانسىز ئېكىنزارلىقلاردىن تارقالغان خۇشبۇي، ساپ ھاۋادىن كىشىلەر ھۇزۇرلىنىپ نەپەس ئېلىشاتتى. كىچىككىنە دىخاللىنى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ ئۈچ كوچىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى سېپىلنىڭ ئۈچ دەرۋازىسى ئىدى. تۆۋەن كوچا سېپىلنىڭ كۈن چىقىش دەرۋازىسىدىن، ئاق كوچا كۈنگەي دەرۋازىسىدىن، خالتا كوچا تەسكەي دەرۋازىسىدىن باشلىناتتى. سېپىلنىڭ ھەربىر دەرۋازىسى ئاق ئۈجمىنىڭ ياغاچلىرىنى نەقىشلەپ، شاللىرىنى بىر ـ بىرىگە يېلىملاپ ۋە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى ئويۇپ ياسالغانىدى. تەسكەي دەرۋازىسى كۈن چىقىش ۋە كۈنگەي دەرۋازىسىدىن چوڭ بولۇپلا قالماي يەنە ئويۇلغان گۈل، نەقىشلىرىگە ياغاچچى ـ ئۇستىكارلار ئالاھىدە ئىشلىگەنىدى. بۇ دەرۋازىدىن سەكسەن چامدام يىراقلىقتا گۈمبەز قىسمىغا يېشىل رەڭلىك كاھىش چاپلانغان كۆك گۈمبەزنىڭ ئىشىكى دەرۋازىغا روبىرو قاراپ تۇراتتى. كۆك گۈمبەزنىڭ ئىككى

يېنىدىن باشلاپ ئارقا تەرىپىگىچە تەخمىنەن ئون جارىپ[①] كەلگۈدەك دائىرە جىگدە، ئۆرۈك ئوتۇنى بىلەن پىشۇرۇلغان خىشلار بىلەن قاشالانغان قەبرىستانلىق ئىدى. سېپىل بىلەن كۆك گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداننىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە، خالتا كوچىنىڭ بويىدا بەش پەشتاقلىق، بەش يۈز ئادەم سىغقۇدەك سەيناسى بار، مۇنار ۋە دەرۋازا قىسمىغا خىش تىزما نەقىش ئىشلەنگەن، مۇنارلىرىدىكى قەپىزەكنىڭ ئۈستىدە كۈمۈش رەڭلىك بىر جۈپ ھىلال ئاي شەكلى چىقىرىلغان ھەيۋەتلىك جامە مەسچىتى، مەسچىتنىڭ تەسكەي يان تەرىپىدە مەدرىسە بار ئىدى. جۈمە نامىزى مۇشۇ يەردە ئوقۇلاتتى. جامە مەسچىتىدىن تەخمىنەن ئۈچ يۈز چامدام يىراقلىقتا بىر ـ بىرىگە يانداش ئىككى چوڭ كۆل بولۇپ، ئۇلارغا جامە مەسچىتى بىلەن سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك يوغان ئاق ئۈجمە، شاتۇت، جىگدە، سۆۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئېرىقلاردىن ئېقىپ ئۆتكەن سۇلار قۇيۇلاتتى. كىشىلەر قىش بويى ئۆزلىرىنىڭ ۋە مال ـ چارۋىلىرىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدىغان بۇ كۆللەرنى «قوش كۆل» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ كۆللەرنىڭ ئەتراپى ياغاچ سالاسۇنلار بىلەن قاشالانغانىدى.

ئادەتتە دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدىن باشقا چاغلاردا دىخاللىلىقلارنىڭ پائالىيىتى سېپىل، جامە مەسچىتى، گۈمبەز، قوشكۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭرى مەيداندا بولاتتى. ئەتراپى مەزمۇت تاملار بىلەن قورشالغان قورغاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ

① جارىپ ــ كۆلەم بىرلىكى. بىر جارىپ 900 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ.

ئەتراپىنى ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يەتكۈدەك قاپاق تېرەكلەر قورشاپ تۇرغاچقا، سېپىل ۋە سېپىلنىڭ ئىچىنى بۇ يەرلىكلەر قورغان كۆلبېشى دەپ ئاتىشاتتى. ھېيت - بايرام كۈنلىرى بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى. قورغان كۆلبېشىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كاسىپ، ھۈنەرۋەن، سودا - سېتىقچى، ئاشپەز، تېۋىپ، دۇكاندارلار ئىدى. ئانچە - مۇنچە ئائىلىلىكلەرمۇ بار ئىدى. قورغان كۆلبېشىدىكى سارايلارغا ئوچاردىكى كونا بازارغا، قايراقتىكى قورغانبېشىغا چاقماق دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى قەدىمي كارۋان يولىدىن ئۆتىدىغان كارۋانلار، سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلار چۈشەتتى. بۇ يەردە شەرق ۋە غەربىدىن كەلگەن ھەر خىل ئىېرىقتىكى سودىگەرلەر، كارۋانلار ئات - تۆگىلىرىنى ئارام ئالدۇراتتى. ئېيىدە بولسا سودىلىرىنىمۇ پۈتكۈزەتتى.

قورغان كۆلبېشىدىكى ئۆيلەر، دۇكان ۋە سارايلار سېپىل تېمىغا چاپلاپ سېلىنغانىدى. ئۆي ئىگىلىرى ۋە دۇكاندارلار ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان دائىرىنىڭ ئۇدۇلىغا يىگىرمە - ئوتتۇز چامدام ماڭىدىغان يول قالدۇرۇپ، سالاسۇنلەر بىلەن قاشالاپ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما تولىمۇ چىرايلىق باغلارنى بىنا قىلىشقانىدى. باغلاردىكى ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئالۇچا، توغاچ، ئۈزۈم ۋە ھەر خىل گۈللەر ساپال تۇرۇبىلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۇ بىلەن سۇغۇرۇلاتتى.

قورغان كۆلبېشىدا ھەپتىنىڭ ھەر كۈنى ئىلىم - سېتىم بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ جۈمە كۈنلىرى جامائەت جۈمە نامىزىنىڭ ئالدى - كەينىدە قورغان كۆلبېشىنى

ئادەتتىن تاشقىرى ئاۋات قىلىۋېتەتتى. كاسىپ، ئۇستىلارنىڭ قوللىرىدىكى ئۇسكۇنىلەر ئوت چاچرىتىپ، تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋازلارنى چىقارسا، ئۆز ھۈنىرىدىن سۆيۈنگەن ھۈنەرۋەنلەر ۋە باققال، چوڭ ـ كىچىك تىجارەتچىلەر ماللىرىنى ماختاپ، خېرىدار چاقىرىپ ئاجايىپ قايناق مەنزىرە شەكىللەندۈرەتتى. ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ كەلگەن باللارمۇ تاملاردىن ـ تاملارغا، سالاسۇنلاردىن ـ سالاسۇنلارغا، دەرەخلەردىن ـ دەرەخلەرگە يامىشىپ بۇ يەرگە قىزغىن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايتتى. قورغان كۆلبېشىدىكى بازاردىن ئادەتتىكى چامغۇر، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلاردىن تارتىپ تاكى ئاشلىق، رەخت، گىلەملەرگىچە؛ لاخشىگىر، ئوتىغۇچتىن تارتىپ كەتمەن، گۈرجەك، تاكى ئېشەك ھارۋىسى، ئات ھارۋىلىرىغىچە تېپىلاتتى. مال بازىرى كۆك گۈمبەزنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك تۆپىلىكتە بولاتتى.

بۇ يىل باھار پەسلى يىللاردىكىدىن ھەپتە ـ ئون كۈن بالدۇر كەلدى. چىۋىن، پاشا دېگەندەك پارازىت ھاشاراتلار قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بولغۇچە ھەسەلچىلەر قورغان كۆلبېشىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ھۇپپىدە ئېچىلغان چېچەكلەر بىلەن تولغان باغلارغا ھەرە ساندۇقلىرىنى قويۇپ، ئاغزىنى ئاللىبۇرۇن ئېچىۋېتىشكەنىدى. بۈگۈن كۈنگە جۈمە ئىدى. يوغان دەرەخلەرگە سېلىنغان ئىلەڭگۈچلەردە ئۇچۇپ، كىچىك باغلاردا كېپىنەك قوغلاپ قورغان كۆلبېشىنى چاڭ چىقىرىۋەتكەن باللار ئەمدىلىكتە سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ، جامە مەسچىتى ئالدىدىكى مەيداندا ئوغۇللار كۆچ ئويۇنى، بالىچۇق ئويۇنى، قىزلار تاش تەرمەك ئويۇنى

ئوينىغاچ جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى كىرىپ كەتكەن دادىلىرىنى ساقلىماقتا ئىدى.
بۇ يەرلىككلەرنىڭ ھەر جۈمە كۈنى نامازدىن يېنىپلا قورغان كۆلىبېشىدىكى بازارغا بىر كىرىپ ـ چىقمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. سودىلىق قىلىدىغانلارمۇ، سودىسى يوقلارمۇ كىرىپ ـ چىقىدۇ. بۇگۈنمۇ جۈمە نامىزىدىن يانغانلار ئۇدۇل قورغان كۆلبېشىغا قاراپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. يېشىل رەڭدە سىرلانغان نەقىشلىك جامە دەرۋازىسىدىن ئاخىرىدا بىر توپ كىشىلەر چىقىپ، جامە ئالدىدىكى سەينادا توختىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوغان ناۋات رەڭ سەللىسىنى ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ ئورىغان جامەنىڭ خاتىپى، مەدرىسىنىڭ خەلپىتى، يۇرت بېشى شەھىدۇللا ئىمامنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدۇرۇپ سۆزلەۋاتقان، يېڭىلا سەمەرقەنت سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ بار ئىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يوغان قامىتىغا بولغۇن تېرىسى ئېلىنغان تۇماق كىيىۋالغان بولۇپ، مايلاشقان، پارقىراپ تۇرىدىغان قىزىل يۈزىگە زىننەت ئاتا قىلغان چار ساقىلىنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سىلاپ قوياتتى. ئۇچىسىدىكى جىيىكىگە يېشىل رەڭلىك كەشتە تۇتۇلغان بېغىر رەڭ كەمزۇلى ۋە بېلىدىكى سەمەرقەنتنىڭ خورما رەڭ چۇچىلىق سارغۇچ بەلبېغى ئۇنىڭغا تېخىمۇ سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن جامە دەرۋازىسىدىن بىرگە چىققانلار ئاساسەن دېگۈدەك يۇرت كاتتىلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى، يۇرتتا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئورنى، مەرتىۋىسى بار ئۆلىمالار ئىدى. ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، قول باغلاپ، ئېگىلىپ تۇرۇشقانلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلار، ئاتلىرىنى

ئېگەرلەپ، مەپە ـ پەيتۇنلىرىنى تەييارلايدىغانلار ئىدى.

ــ مۇتىۋىرىمىز ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بۇ قېتىمقى سەمەرقەنت سەپىرىدىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگىنىدىن يۇرتتىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممەيلەن تولىمۇ خۇرسەنده بولدۇق، ــ دېدى شەھىدۇللا ئىمام ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا بېشىنى سەل ئېگىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ــ ئىنشا ئاللاھ ،ــ دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەتراپىغا تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن، ــ يۇرتتىكى كۆپلىگەن ئەزىزلەرنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن يىللاردىن بۇيان سەپەرلىرىم خەيرلىك، كارۋانلىرىمنىڭ يوللىرى راۋان بولۇۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك يۇرتداشلاردىن تولىمۇ مىننەتدارمەن.

ئۇ «كۆپلىگەن ئەزىزلەرنىڭ» دېگەن سۆزىنى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى ھەم ئۆزىنىڭ ئوڭ يان تەرەپ ئارقىسىدىكى جالالىدىن كۇلالچىغا بۇرىلىپ سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى. جالالىدىن كۇلالچى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ قىلىۋاتقان بۇ تەئەددىسىنى دەرھال چۈشەنگەن بولسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇش چىرايىنى ئۆزگەرتمەي قويمىدى.

ــ بارىكاللا، ــ دېدى شەھىدۇللا ئىمام قوللىرىنى كۆك يوللۇق ئاق يەكتەكنىڭ يېڭىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، ــ ئۆزلىرىدەك ئەل ـ يۇرتنى ئەزىز بىلىدىغان، كۆپنى كۆرگەن، سەپەر ھەققىدىكى پاراستى ئۈستۈن زاتنىڭ يوللىرى ھەرقاچان ئوچۇق ھەم راۋاندۇر. بۇ مەرتەم يۇرتتا ئۇزۇنراق ھاردۇق ئالارلا ھەرقىچان..

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم شەھىدۇللا ئىمامنىڭ گېپىنى

ئوتتۇرىدىن ئۇشتۇپلا گەپ ئالدى.
— قىشىچە سەمەرقەنتتىكى بۇرادەرلىرىمنىڭ زورى بىلەن ئۇ تەرەپلەردە تۇرۇپ قالدىم. ئەمدى ئالدى بىلەن ئاق تاغدىكى چارۋىلىرىمنى كۆزدىن بىرەر مەرتەم ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن سەمەرقەنتتىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىمنى قەشقەردە سۇ قىلىۋېتىپ ئاندىن تۆۋەن كوچىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى كۆزدە ئاق تاشلاپ قويغان يەرلەرگە پەلەس، زىغىر، زاراڭزا، كۆممىقوناقلارنى تېرىپ - تىكىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ئۆزۈم ئۇستىدە تۇرۇپ تۈگەتمەكچىلىكنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. يۇرتتىكى ئىشلىرىمنى بىر ياقلىق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاز - تولا بۇرادەرچىلىك سوۋغىسى تەييارلاپ، سەمەرقەنتتىكى بۇرادەرلىرىمنىڭ رىزالىقىنى ئېلىپ، تاشكەنت، بۇخارا، ئەنجان، قارا قول دېگەن يەرلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر مىدىرلاپ، كۈزگە ئۇلگۇرۇپ قايتىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— يۇرتداشلار ئىلگىرى سىلىنىڭ سەپەردە قىشلاپ قالغانلىرىنى يادىمىزغا ئالالمايمىز. بۇ يىل قىشتا سىلىنى تولا ئەسلىدۇق. قەدرىلىرىمۇ كۆپ ئۆتتۇلدى. شۇنداقتىمۇ ھەرنېمە بولسا ئاللاھ يۇرتىمىزغا دوست خېنىمنى بېرىپتىكەن. بالا ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئەقلى زىيادە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. تىللا خېنىمغا «دادام يۇرتتا بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى» دەپ يۇرۇپ، بىرەر ئادەمنى ئاچلىقتا، سوغۇقتا قالدۇرمىدى.

دوست خېنىمنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن تەڭلا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كەمدىن كەم كۈلكە كۆرۈنىدىغان چىرايىغا مېھىر - مۇھەببەت، ئىپتىخارلىق كۈلكىسى

يامىرىدى. بۇ كۆلكە ئۇنى ئەتراپتىكىلەرگە شۇنچە يېقىملىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇستىگە ئۇلارنىڭ چېھرىگىمۇ كۆلكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانىنى يەنە سېخىيلىق، مەردلىك شامىلى يەلپۈپ ئۆتتى. ئۇ نېمىلا ساۋابلىق ئىش قىلسا دوست خېنىمنىڭ باش ـ كۆزىنىڭ سەدىقىسى دەپ ئويلايتتى. ئۇ شەھىدۇللا ئىمامغا:

ــ ئىمامئاخۇنۇم، بۈگۈن قۇتلۇق جۈمە كۈنىدە يوللۇق سەۋەبلەردىن جۈمەگە كېلىشكە قادىر بولالمىغان يۇرتداشلارنىڭ ئۆيىگە باشلىغايلا. ئۇلار بىلەن دىدارلىشاي، ئەھۋال سوراپ ئۆتەي، ــ دېدى.

ــ ھەر نۆۋەت سەپەردىن قايتقان چاغلىرىدا يۇرتتىكى نامرات، ئاغرىق ـ سىزلاق، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارنى يوقلاپ ئۆتۈشنى زىنھار ئۇنتۇمايدىلا، ــ دېدى شەھىدۇللا ئىمام ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ــ يۇرتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ بولغانلىقى، ئۆزلىرىدەك جاھان كۆرگەن ئادەمنىڭ مەسلىھەتى تولىمۇ زۆرۈردۇر. ھەردەم قىيالىق تاغلاردا، شىددەت بىلەن ئاقىدىغان دەريالاردا، قار ـ يامغۇر، بورانلاردا، پىژغىرىم ئىسسىق، سۇسىز چۆللەردە جان قىيناپ تاپقان تەڭگە ـ تىللالىرىدىن يۇرت ئەھلىنىمۇ بەھرىمان قىلىپ كېلىۋاتىدىلا. سىلىدە يۇرتقا بەرىكەت بېرىدىغان خاسىيەت بار. شۇ ۋەجىدىن سەپەر قىلغاندا ئېھتىيات بىلەن يول يۈرۈپ، ئۆزلىرىنى كۆپ ئاسرىغايلا، ــ ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ قېنى جامائەت، ھاجىمنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى، سەپەرلىرىنىڭ ئوڭ ۋە ئاسانلىقى ئۈچۈن دۇئا بېرەيلى!

چىرايىدىن تەرسالىقى ۋە جاھىللىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز بوي، تەمبەل ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھەر قېتىم شەھىدۇللا ئىمام بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان چاغلاردا ئۆزىنى تولىمۇ راھەت، ئازادە ھېس قىلاتتى. كۆز قاپاقلىرى بىلىنەرلىك مىدىرلاپ، چىرايىغا كۆلكە ئالامەتلىرى تېپىپ چىقاتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم شەھىدۇللا ئىمامنىڭ شىرىن زۇۋانلىقىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن سانايتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يىگىرمە يىل ئىلگىرى جالالىدىن كۆلالچىنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن ئاھانەتنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئېسىدىن چىقارمىغىنىغا ئوخشاش، شەھىدۇللا ئىمامنىڭمۇ قىلغان بىر ياخشىلىقىنى زادىلا ئۇنتۇمايتتى.





# ئىككىنچى باب

## چېلىشىش مەيداندا

مىلادىيە 1670 ـ يىلى، نورۇز بايرىمى.

ئۇستۇنئاتۇشتا نورۇز بايرىمى چوڭ ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ بايرام يۇرتىمىزدىكى چېلىشچى پالۋانلارنىڭ، ئوغلاقچى ـ چەۋەندازلارنىڭ، ناخشىچى ـ غەزەلخانلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان مەيدانىغا ئايلىناتتى. ئۇستۇنئاتۇشتىلا ئەمەس، قەشقەر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى چېلىشىش مەيدانلىرىدا بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ، يېڭى يەرگە تېگىپ باقمىغان ئابدۇقۇددۇس بۇ يىل يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىغا ئەگىشىپ شەھەرمۇ شەھەر تىجارەت قىلىۋاتاتتى، ئۇ سەپەرلەردە بولسىمۇ نورۇز بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ قورغان كۆلبېشىنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىگە سوزۇلۇپ ياتقان تۆۋەن كوچىدىكى ئاستى تاختايلىق ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى. ياكى نورۇز بايرىمىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ سەپەرگە چىقمايتتى. ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئوغلىنىڭ بۇ تاللىشىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل توسۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئاساۋ، قارام كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. چېلىشىش مەيدانىغا ئىنتىلىشى كەلكۈن مەزگىلىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ نەرىلىك شاۋقۇنىدەك ئۆزىگە ھېچ بوي بەرمەي مەۋج ئۇراتتى. پالۋانلىق

ئىپتىخارى بىلەن يۇرت ئەھلى تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنغان يۈز - ئابرۇيى قوشۇلۇپ تەمكىنلىك چۇلغۇۋېلىنى تۇتۇپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدىن بالا چاغلىرىدا دىخاللىدا ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىشتا ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ يىگىتلەرنى يىقىتقانلىقىدىن باشلاپ، ئەندىجاندىكى تەگدىشى يوق دەپ قارالغان قارا پالۋاننى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ پىرقىرىتىپ يەرگە تاشلىغان چاغدىكى ھاياجانلىق دەقىقىلەر، قەشقەر چىنىباغدىكى مال بازىرىدا بولغان چېلىشىشتا يەكەن، خوتەن، يېڭىسارلىق ئالتە شىرمەت پالۋاننى ئارقا - ئارقىدىن يىقىتقان چاغدىكى تەنتەنىلىك كۆرۈنۈش ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ خىل شېرىن ئەسلىمىلەرگە يانداشقان تەلپۈنۈش بىلەن دەرۋازا ئالدىدىكى توقۇپ تەييار قىلىنغان چىلان تورۇقنى بوشىتىپ ئالدى - دە، ئۆزىگە نەچچە يىللاردىن بۇيان چەۋەندازلىق، ئوغلاق تارتىشىش مەيدانلىرىدا كاتتا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلغان بۇ جانۋارنىڭ بېشىدىكى ئاق قاشقىسىنى ۋە يايلىنى مېھرى بىلەن سىلىغۇەتكەندىن كېيىن، ئۇزەڭگىنى دەسسەپ، لىككىدە ئىرغىپ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى چىرايلىق بېزەكلەنگەن ئېگەرگە ئورۇنلاشتى.

ئابدۇقۇددۇس چاقماق دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى چېلىشىش سورۇنىغا كەلگەندە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كىشىلەر مەيدانغا يىغىلىشقا باشلىغان ئىدى. خالتا كوچا، ئاق كوچا، تۆۋەن كوچىلاردا قايراق، بەيساق، ئوچار، يولچىلا، ئېكساق، تاقۇت قاتارلىق يۇرتلاردىن ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كېلىۋاتقان تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئابدۇقۇددۇس قوم

تەكشى يېيىتىلغان چىلىشىش سورۇنىغا كىلىپ، ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىغىلىدىغانلار ئاساسەن جەم بولۇپ، چىلىشىش باشلاندى. ئادەتتە نورۇز بايرىمىغا ئوخشاش چوڭ پائالىيەتلەردە يۇرتلار ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ چىلىشىش قىلاتتى. ئالدى بىلەن باللار مەيدانغا چىقاتتى. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا پالۋانلارنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ۋە ياش پەرقى چوڭىيىپ باراتتى. ھەرقايسى يۇرتلاردىن بىر ياكى ئىككى ۋەكىل چىقىپ ئۆز پالۋانلىرىنى مەيدانغا چاقىراتتى. پالۋانلىرىغا مەدەت بېرىدىغان يۇرتداشلار مەيدان ئەتراپىدىكى ئېگىز قىرلاردا قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ ۋارقىرىشاتتى، ئىسقىرتىشاتتى. ئاش ۋاقتىدىن باشلانغان چىلىشىش پائالىيىتى كەچ پېشىنغىچە ئىزچىل داۋام قىلاتتى. چىلىشىشتا ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن، سىناقتىن ئۆتكەن پالۋانلار ئەڭ ئاخىرىدا مەيدانغا چىقاتتى. ئابدۇقۇددۇسقا ئوخشاش يۇرت ئەھلى بىلىدىغان پالۋانلارغا مانا مۇشۇنداق چاغلاردا نۆۋەت كېلەتتى. شۇ تاپتا ئابدۇقۇددۇسنىڭ قانلىرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىلىشىش خۇمارى تازا تۇتقانىدى. چىشلىرى غۇچۇرلاپ تاپانلىرى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ دىخاللىدىن چىلىشىشقا تەشكىللەيدىغان، دىقماق بەستىدىن ياش چاغلىرىدا تازا چىلىشچىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئابدۇباقى دېگەن كىشىگە «مەن چىلىشىمەن» دېگەن مەقسىتىنى ئىشارە قىلىپ بىلدۇردى. چىلىشىشنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى پالۋانلارغا نۆۋەت كەلگەنىدى. ئابدۇباقى ئابدۇقۇددۇسنى قولىدىن يېتىلەپ مەيدانغا كىرگەندە، ئابدۇقۇددۇس مەيداننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان،

ئۆرە تۇرغان كىشىلەرگە سۇس كۈلۈمسىرەپ، ئەمما «مەن بىلەن كىم چېلىشىپ باقىدۇ» دېگەندەك نەزەردە بىر قۇر تەكشى قاراپ چىقتى.

ئابدۇباقى:

— نورۇز ئەھلىدىن ئابدۇقۇددۇس پالۋان بىلەن كۈچ سىنىشىپ بېقىشنى خالايدىغانلار بولسا مەيدانغا چىققاي! — دەپ توۋلىغاندا بايىدىن بېرى تازا ۋارقىرىشىپ، مەيداننى باشلىرىغا كىيىۋېلىشقان تاماشا كۆرگۈچىلەر خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىممىدە بولۇپ قېلىشتى ۋە ئەتراپىغا «كىملەر چىقاركىن» دېگەندەك مەندە بويۇنداپ قاراشتى.

ئابدۇباقى ئابدۇقۇددۇسنى باشلاپ مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن ئۆز ئورنىدا چۆرگۈلەپ مەيدان ئەتراپىغا ئالدىرىماي، تەكشى نەزەر سالدى. ئۇ شۇ تاپتا مەيداندىكىلەردىن بىرەرسىنىڭمۇ ئابدۇقۇددۇس بىلەن كۈچ سىنىشىپ بېقىشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە توۋلىدى:

— مەيلى باشقا يۇرتلاردىن بولايلى، مەيلى دىخاللىدىن بولايلى، كىمدىكىم بولسۇن، ئابدۇقۇددۇس پالۋان بىلەن بەل تۇتۇشۇپ باقسا بولىدۇ!

ئابدۇباقى يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەنلەر ئۆز پالۋانلىرىنىڭ چىرايلىرىغا قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئىستىكىدە بويۇنلىرىنى تېخىمۇ سوزاتتى. ئارىدىن ئۇمىدلىنىش، تەلمۈرۈش، ئۆزلىرىنى دەڭسەپ بېقىش ئىلكىدە خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىرەر پالۋان

ئابدۇقۇددۇس بىلەن بەل تۇتۇشۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇباقى مەيداندىكىلەرگە يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، — ئۇستۇنئاتۇشنىڭ بۇ يىلقى تەڭداشسىز پالۋىنى يەنىلا ئابدۇقۇددۇس پالۋان!

ئابدۇباقىنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماستىن مەيداننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر يىگىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مەيدانغا كىردى. بۇ يىگىت دىخاللا ئاق كوچىلىق جالالىدىن ئىدى. جالالىدىن ئابدۇقۇددۇستىن ئون ياش كىچىك ئىدى. ئۇ ئابدۇباقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، قول ئۇزاتتى. ئابدۇقۇددۇس بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن:

— ئابدۇباقى ئاكا، مەن ئابدۇقۇددۇس ئاكام بىلەن بىر كۈچ سىنىشىپ باقاي، دەيمەن، — دېدى.

ئەتراپتىكىلەر مەيدانغا مىختەك قادىلىپ، بىزىۋان، جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئاندا ـ مۇندا كىشىلەر لەۋلىرىنى بوش چىشلەپ، باشلىرىنى چايقىشاتتى.

— سەن، سەن... — دېدى ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قالغان ئابدۇباقى، — ھەزىل قىلمايۋاتقانسەن؟!

— ياق، ھەزىل قىلمىدىم، — دېدى جالالىدىن، — چېلىشىشنىڭ يىلتىزى بولمايدۇ، يىقىلسام يەر كۆتۈرىدۇ. بۈگۈن چېلىشىش كۆرگىلى تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كىشىلەر كەپتۇ. تاماشا كۆرگۈچىلەرگە بىر ئويۇن كۆرسىتىپ بەرسەكمىكىن، دەپ ئويلىدىم.

ئابدۇقۇددۇس جالالىدىننىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك سەپسىلىپ قارىدى.

جالالىدىننى كىشىلەر جالالىدىن كۆلاللچى دېيىشەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاق كوچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بەش يەردە خۇمدىنى بار ئىدى. خۇمدانلىرىنىڭ ئىككىسىدە خىش پىشۇرۇپ، خىشكارلىق قىلاتتى. ئىككىسى ساپال قاچا ـ قۇچا خۇمدىنى، بىرى گەج ۋە هاك پىشۇرىدىغان خۇمدان ئىدى. خۇمدانچىلىق هۈنىرى جالالىدىنغا دادىسى بىلالىدىندىن قالغان بولۇپ، بۇ هۈنەر ئۇنىڭ دادىسىغىمۇ ئاتا مىراس هۈنەر ئىدى. ئۇنىڭ خۇمدانلىرىدا ياز بويى ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم ئىشلەيتتى. جالالىدىنمۇ يۇرتتا خېلى قول ئىلكىدە بارلاردىن سانالغاچقا، جامائەت ئۇنى ئوبدانلا هۆرمەت قىلاتتى.

ــ خوش پالۋىنىم، ئەمدى ئۆزلىرى بىر نەرسە دېسىلە.

ئابدۇباقى ئابدۇقۇددۇسقا قارىدى. ئابدۇقۇددۇس خىيالىدىن دەرھال ئېسىنى يىغدى ـ دە، جالالىدىنغا مەنىستىمەسلىك نەزىرىدە تىكىلدى. جالالىدىن ئاق سېرىق كەلگەن، ئوتتۇرا بوي، ئىككى يەلكىسى كەڭ، بېلى ئىنچىكىرەك يىگىت ئىدى.

ــ جالالىدىن شۇنداق دېگەن يەردە مەن نېمىمۇ دەيتتىم. ئەمىسە سىنىشىپ كۆرسەك كۆرەيلى.

ئىككىيلەننىڭ بېلىگە بەلباغ سېلىندى. بەلباغلارنىڭ رەڭگى ئادەتتە قارا، سېرىق ئىككى خىل بولاتتى. ئابدۇباقى قارا بەلباغنى ئابدۇقۇددۇسنىڭ بېلىگە، سېرىق بەلباغنى جالالىدىننىڭ بېلىگە سالدى. ئابدۇقۇددۇس بەل تۇتۇشقىچە جالالىدىنغا:

ــ بەللىرىگە هېيزى بولسىلا سۇنۇپ كەتمىسۇن يەنە، ــ دېدى ئاچچىق تەنە ئارىلاشقان تەلەپپۇزدا.

ــ بېلىم سۇنۇپ كەتكۈچە بەرداشلىق بېرىمەن،

ئابدۇقۇددۇس ئاكا، ــ دېدى جالالىدىنمۇ بوش كەلمەي.
ئىككىيلەن بەل تۇتۇشۇپ، رەسمىي چېلىشىش ھالىتىگە ئۆتكەندە، ئابدۇقۇددۇس قېچىۋاتقان كىچىك بالىنى تۇتۇۋېلىۋاتقان چوڭ ئادەمگە، ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئوڭ بىلىكىگە بارلىق ئېغىرلىقىنى چۈشۈرۈۋالغان جالالىدىن چوڭ ئادەمدىن قېچىپ يۇلقۇنۇۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئابدۇقۇددۇس بارلىق كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغدى. يوغان مۇشتۇملىرىنى جالالىدىنىنىڭ ئىككى بېقىنىغا پاتۇرۇپ، ئۇنى يىغىپ ئەكېلىپ، كۆتۈرۈپ يەرگە قاتتىق ئاتماقچى بولۇپ، جالالىدىننى كەينىگە تارتىپ، سۆرەپ ئەكېتىۋاتقان شۇ پەيتتە جالالىدىن ئۆزىنى ئابدۇقۇددۇسنىڭ قوچاق تەرىپىگە بۇراپ ئەكىردى ـ دە، «ياھ» دەپ ئوڭ يانپېشىغا مىندۇرۇپ، يەرگە ئۇرۇۋەتتى. يوغان گەۋدىلىك، تەمبەل ئابدۇقۇددۇس شىددەت بىلەن ئىلىنغان يانپاشنىڭ زەربىسى ۋە ئۆز ئېغىرلىقىنىڭ تورى بىلەن قوم ئۈستىگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى.
مەيداندا قىيقاس ـ چۇقان سادالىرى ياڭرىدى. ئابدۇقۇددۇسقا نەچچە يىلدىن بېرى تەڭ كېلەلمىگەنلەر، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلار ۋە باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەرنىڭ «باركاللا ئەزىمەت، ياشا! ئاتاڭغا رەھمەت!» دېگەن ئالقىشلىرى ئۆزىنىڭ قانداق يىقىلىپ كەتكىنىنى تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئابدۇقۇددۇسنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگكەن كۈچلۈك مۇشت زەربىسىدەك ئۇرۇلاتتى.
ئابدۇقۇددۇس ئۈچۈن جالالىدىندىن يېڭىلىش ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى. «كۆزگە ئىلمىغان

پۇتقا چوماق» دېگەندەك مەيلى بوي بەستى، مەيلى ئىغىرلىقى ئابدۇقۇددۇسنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدىغان، ھەتتا يېشىمۇ ئون ياش كىچىك بولغان جالالىدىننىڭ ئۇنى ئۆزىمۇ بىلمىگۇدەك دەرىجىدە تېز ھەم ئەپچىللىك بىلەن يەرگە تاشلىغانلىقى دەرۋەقە ھەقىقەت ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى تۇتۇشۇشنى ھېساب ئەمەس، قايتا تۇتۇشىمەن، دېيىشكىمۇ قىلچە باھانە تاپالماي قالغان ئىدى. ئەمما «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قايتا بىر چېلىشىپ جالالىدىننىڭ قوۋۇرغىلىرىنى غىرسىلىتىپ سۇندۇرۇۋەتكۈسى بار ئىدى. ئەپسۇس، بۇ يۇرتتا پالۋانلار بىر يىغىلىشتا ئاشۇنداق بىرلا قېتىم چېلىشاتتى. ئابدۇقۇددۇس ئارماندا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان چېلىشىش مەيدانلىرىدا تىكلىگەن ئىناۋىتىنى، پالۋانلىق جاسارىتىنى كىچىككىنە جالالىدىن ئاشۇ چىرايلىق يانپېشى بىلەن يەرگە ئۇرغان ئىدى. ئەركەكلىك ئىپتىخارىنى، نوچىلىق سالاپىتىنى توپىغا مىلىۋەتكەن ئىدى.

ئابدۇقۇددۇسنىڭ قۇلىقىغا ئابدۇباقىنىڭ ئۇستۇنئاتۇشنىڭ «بۇ يىللىق تەڭداشسىز پالۋىنى جالالىدىن، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىللىق نورۇزلۇق چېلىشىش ئاخىرلاشتى! ئەتە ئاراساي① دا ئوغلاق تارتىشىش بولىدۇ. يىراق – يېقىندىن كەلگەن يۇرتداشلار خەۋەردار بولۇش بىلەن بىرگە، چەۋەنداز، ئوغلاقچىلار كېلىپ قاتناشقاي، تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ كېلىپ، ئوغلاقچىلارنىڭ كارامىتىنى كۆرگەي!» دەۋاتقانلىرىمۇ كىرمەيتتى.

① ئاراساي ـــ ئۇستۇنئاتۇشتىكى يەر نامى.

چىلىشىش سورۇنىدىن قايتىۋاتقان تاماشا كۆرگۈچىلەر ئابدۇقۇددۇسقا ھەر قېتىم قارىغاندا ئۆزىنى باشقىلار زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، كەمسىتىۋاتقاندەك بىر ئاچچىق تۇيغۇ ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى قالايمىقان قىلىۋېتەتتى. ئابدۇباقى ئابدۇقۇددۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ، بوش ئاۋازدا دېدى:

— تەقسىر، يۇرسىلە ئەمدى قايتايلى.

ئابدۇقۇددۇس ئابدۇباقىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە زەردە بىلەن تىكىلدى ۋە :

— بولدى، سىلى كېتىۋەرسىلە، مېنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشىم بار، — دېدى.

ئابدۇقۇددۇس كەينىگە ئۆرۈلۈپلا چىلان تورۇقىنى باغلىغان يەرگە قاراپ تېز - تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى. «قارىغىنا، ماۋۇ ئابدۇباقى دېگەن ھارامتاماقنى، — دەيتتى ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە، — پالۋىنىم، پالۋىنىم دەپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئەمدى بىراقلا تەقسىر دەپ كەتكەنلىرىنى... »، ئۇ شۇ تاپتا ئىنتايىن جىلە ئىدى. ئۆزىدىنمۇ، ئابدۇباقىدىنمۇ، جالالىدىندىنمۇ قاتتىق رەنجىگەنىدى. يۇرت - يۇرتلاردا، شەھەر - شەھەرلەردە پالۋانلىقى بىلەن ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدىغان، پالۋانلىقىدىن ئۆزىمۇ شۇنچە پەخىرلىنىدىغان ئابدۇقۇددۇس ئەمدى ئۆزىنى يارىماس بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ پالۋانلىق شۆھرىتىنى، ئورنىنى جالالىدىن ئاسانلا تارتىۋالغانىدى. «ھەممىنى قىلغان جالالىدىن دېگەن كۇلالچى، خەپ سېنى!...».

ئابدۇقۇددۇس چىلان تورۇقنى دوڭغاق قېرى جىگدىدىن

بوشتىپ مىندى ـ دە، «چۇھ» دېگىنىچە ساغرىسىغا قامچا سالدى. قاتتىق تەگكەن قامچا زەربىسىدىن چۆچۈگەن چىلان تورۇق ئاۋۋال ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاچچىق كىشنىدى، ئاندىن بىر سىلكىنىپلا قايراق قورغانبېشىدىكى ھەزرىتىمولىلام ① تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى. ئاتنىڭ تۇياقلىرى تەگكەن تاش ـ شېغىللاردىن ئوت چاچراپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس نەگە بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى، ئىچ پۇشۇقىنى ئاتتىن چىقارماقچى بولغاندەك ئېگەرگە مەھكەم چاپلىشىۋالغان ئىدى. ئاتنىڭ قەدىمى سەللا ئاستىلىسا، ئۇنىڭ ساغرىسىغا يەنە زەرب بىلەن بىرنەچچە قامچا ئۇرۇۋېتەتتى. ئۇ ھەزرىتىمولىلام مازىرىغا كېلىپلا ئاتنىڭ تېزگىنىنى تارتتى. ھەزرىتىمولىلام مازىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يوللاردا كىشىلەر ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. قېرىشقاندەك بۇ كىشىلەرمۇ ئابدۇقۇددۇسقا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارىشاتتى. كىشىلەرنىڭ ھەربىر قاراشلىرىدىن ئابدۇقۇددۇس «خۇدۇكى بارنىڭ مۇنىكى بار» دېگەندەك خورلۇق ھېس قىلاتتى. ئۇ ئاتنى سايقورغان ② تەرەپكە قاراپ بۇرىدى. ئات شىددەت بىلەن ئالدىغا ئېتىلىپ، بار كۈچى بىلەن توختىماي چاپاتتى. ئۇ پېشىم نامىزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ساي قورغانغا كەلگەندە ئەسىر ۋاقتى بولغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن نامازنىڭ ۋاقتى پۈتۈنلەيلا

① ھەزرىتىمولىلام ـــ ئۈستۈنئاتۇش قايراق قورغانبېشىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق. يەرلىكلەر «ھەستىمولىلام» دەپ ئاتىشىدۇ.

② سايقورغان ـــ ئۈستۈنئاتۇشتىكى ھازىرقى ساي كەنتىنىڭ ئىلگىرىكى ئاۋات جايى. بۇ يەردە تاملىرى سېپىلدىن سوقۇلغان يوغان قورغان بولغاچقا «سايقورغان» دەپ ئاتالغان.

كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى يوق ئىدى. شۇڭا ئاتنى چاقماق دەريا ساھىلىدىكى قەدىمىي كارۋان يولىغا سالدى ـ دە، يەنە كۈچەپ قامچا ئۇردى. بايىدىن بېرى چېپىپ چارچىغان ئات ئىگىسىنىڭ بۇ رەھىمسىزلىكىدىن نارازى بولغاندەك بىر پۇشقۇرۇۋېتىپ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئابدۇقۇددۇس ئاتنى شۇ چاپتۇرغىنىچە تىترىگۇ① گە يېتىپ بارغاندىلا، ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئات چاپتۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلدى. ئۇ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ بىئارام قىلىۋاتقان، جالالىدىنغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە غەزىپىنى ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن چىقارماقچى بولغانىدى. ئابدۇقۇددۇس قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى تۆۋەن كوچىدىكى ئۆيى تەرەپكە توغرىلاپ ماڭغان چاغدىمۇ يەنىلا چاقماق دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى چېلىشىش مەيدانىنى، جالالىدىننى، ئۆزىنى زاڭلىق قىلغاندەك قاراپ كەتكەن كىشىلەرنى، ئابدۇباقىنىڭ «تەقسىر» دەپ كەتكەنلىرىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. جالالىدىندىن يېقىلىپ قالغانلىقىغا ھېچبىر ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈزبەرگەن، ئەمما يۈزبېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان بۇ ناتوغرا نەتىجە ئەقلىگە پەقەتلا سىغمايتتى.

ئابدۇقۇددۇس مەھەللە جامائىتى خۇپتەن نامىزىدىن يېنىپ ئەل ئايىغى بېسىقىپ، يۇرت قاتتىق ئۇيقۇغا

---

① تىترىگۇ ــ ئۇستۇنئاتۇشنىڭ قەشقەر ـ ئاتۇش پاسىلى، ئۇچمىرۋان بوت سۇۋۇقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆپىلىك.

كەتكەن چاغدا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاتلىرىغا قارايدىغان قادىر ئات باقار باغنىڭ كەينىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ياتاق ئۆيىدە غەرق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ قادىر مىراخورنىمۇ ئويغاتمىدى. ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ، نوختىسى بىلەنلا قوتانغا سولىۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كاڭنىڭ ئۈستىدىكى گىلەمگە تاشلىدى. خوتۇنى تىللاخېنىم تۈن كېچىدە قايتىپ كەلگەن ئېرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشتى. يۈز ۋە بويۇنلىرى كەھرىۋادەك سۇزۇك، ھەربىر ئېغىز سۆزىدە ھەم ھەرىكىتىدە بىر خۇلۇق ئويغىتالايدىغان بۇ چوكان ھەرقانداق چاغدا يۇمشاق ئالىقانلىرىنى ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئابدۇقۇددۇسنىڭ بوينىغا سالغاندا ئۇ شامدەك ئېرىپ كېتەتتى. پاكىزە، شەرەنداز خوتۇنىنى بىر قېتىم باغرىغا باسسىلا، نە خاپىلىقىنى، نە ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۆيدە يەنە قىزغىن، شېرىن سۆھبەتلەر باشلىنىپ كېتەتتى، سۆھبەت ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ پۇتلىرىغا پۇتلىرىنى ئارتىپ يۇمشاق ماملۇق يوتقان ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتكۈچە داۋاملىشاتتى. ئۇلار توي قىلغىلى ئون بىر يىل بولغان بولسىمۇ، تېخى بالا يۈزى كۆرمىگەن ئىدى. تىللاخېنىم ئابدۇقۇددۇسنىڭ قۇچىقىدا كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يەڭگىل سىلاپ، خالىي قالسىلا قۇچاقلاپ، سۆيۈپ، ئېرىنىڭ بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەكىللىنىدىغان ئىچ پۇشۇقىنى بىر دەمدىلا ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ جەگىلىرىگە گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن ۋاسا جۈپ تورۇسقا تىكىلگىنىچە، بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ياتقان ئېرىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇۋېدى، ئابدۇقۇددۇس:

ــ بولدى قىلىڭلا، ئادەمنى جىلە قىلماي، ــ دەپ ئۇنى ئىتتىردى.

ــ نېمە بولدى، غوجام؟ نېمىگە بۇنچىۋالا چېچىلىپ قالدىلا؟

«ئابدۇقۇددۇس ئاق كوچىلىق جالالىدىنىدىن يىقىلىپ قالدى». بۇ گەپ بىر دەمنىڭ ئىچىدە دىخاللىغا، ھەتتا پۈتۈن ئۇستۇنئاتۇشقا پۇر كەتكەندى. تىللا خېنىم بۇ ئىشنى ئائىلىسىنىڭ يىللىقچىسى قادىر مىراخوردىن ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئېرىنى ئوبدانلا چۈشىنەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئېرىنىڭ قانداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلالىغانىدى. «پالۋانلىقىنى ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى دەپ بىلىدىغان بۇ ئادەم قانچىلىك ئازابلانغاندۇ، يىقىلغان ئورنىدىن قانداق ئۆرە تۇرغاندۇ، مەيداندىن قانداق مېڭىپ، قانداق چىقىپ كەتكەندۇ؟ بۇ ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قاچانمۇ چىقىپ كېتەر ئەمدى؟» دەپ ئويلىغان، ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى قانداق ئۇنتۇلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بۇ شەرەنداز ئايال ئەمدى ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك، ئېرىدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنى ئىتتىرگىنىنى ئېغىر ئالمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، شامداندا كۆيۈپ تۇرغان ئىككى تال شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئېرىنىڭ پەرىشان چىرايىغا سەپسالدى ۋە بىلەكلىرىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئۆتكۈزدى. ئابدۇقۇددۇس ئەمدى ئۇنى ئىتتىرمىدى. ئەمما بېشىنى يانغا بۇراپ، خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ دېدى:

ــ نېمانچە كاجلىق قىلىدىغانسىلە، مۇشۇ تاپتا

ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدىم.
— ئاچچىقلىرىنىڭ ۋەجىنى ماڭىمۇ دېمەمدىلا؟ قانداقلا گەپ بولسا دېسىلە، ياردەم قىلالىمىسامىمۇ مەسلىھەت بېرەرمەن. ھېچبولمىغاندا ماڭا دېسىلە، قورساقلىرى بوشاپ قالار، — تىللا خېنىم ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تارتتى، — نېمىشقا بۇنچە ئىش پۇشۇقى تارتىۋاتقانلىرىنى بىر دېسىلە، بولمىسا مەنمۇ ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يەپ سالغاندەك ئىچ پۇشىقى تارتىپ، ئارامسىزلىنىپ كېتىدىكەنمەن.

تىللا خېنىمنىڭ ناز ۋە جاھىللىق بىلەن سوراپ تۇرۇۋېلىشى ھەم ئۇنىڭ بەدىنىدىن تاراپ تۇرغان ھەرەمنىڭ ئەترىنىڭ دىماقنى خۇش پۇراقلارغا تولدۇرۇپ، ئەركەكلەرنىڭ نەپسىنى غىدىقلىغۇچى ھىدى ئابدۇقۇددۇسنى ئايالىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، تىللا خېنىمنىڭ بەزى چاغلاردا بەرگەن مەسلىھەتى ئويلىمىغان يەردىن توغرا چىقىپ، ئۇنى ئاجايىپ خۇش قىلىۋېتەتتى.

— نېمىسىنى دەيسىلە، ھەممىسى ئاشۇ جالالىدىن دېگەن ھارامتاماقنىڭ ئىشى بولمامدۇ!

ئابدۇقۇددۇس بۈگۈن چېلىشىش مەيدانىدىكى ئىشلارنى قىسقىلا دەپ ئۆتتى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا خوتۇنىنىڭ بىردە كۆز چاناقلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلسا، بىردە چىرايلىق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ كېڭىيىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزى ئالىلىبۇرۇن خەۋەر تاپقان ئىشنى ئېرىگە قايتا سۆزلىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

ــ توۋا قىلدىم، خۇدايىم توۋا. ماۋۇ جالالىدىن دېگەن كۇلاچىنىڭ نامەردلىكىنى كۆرمەمدىغان! يا بەيساقلىق، يا قايىراقلىق، ياكى ئوچارلىق بىرەرى چىقسىغۇ مەيلى، بىزلەر بىر يۇرتتىكى ئىككى كوچىنىڭ ئادەملىرىغۇ؟! كوچىنى دېمىگەندىمۇ ھەممىمىز قورغان كۆلىبېشىدىن، بىر دىخاللىدىنغۇ؟! سىلىنىڭ پالۋان بولۇشلىرىغا ئەجەب چىدىماي قاپتۇ يا، ئۇ دەيۇز! مۇشتۇمدەك چاغلىرىدا سىلىنى ئاكام دەپ كەينىلىرىدە كۇچۇكتەك ئەركىلەپ، ئويناپ يۇرگىنىنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنما،ئۇ؟!

ــ ئۆزۇمدىن كەتتى، ــ دېدى ئابدۇقۇددۇس بېشىنى زەردە بىلەن چايقاپ، ــ كۆزگە ئىلماپتىمەن، بىخۇدلۇق قىلىپتىمەن. خەپ، خەپ...

ــ مۆرىتىنى كەلتۇرۇپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ قويمىسىلا، مەن ئابدۇقۇددۇس پالۋاننى يىقىتقان ئۇستۇنئاتۇشنىڭ تەڭداشسىز پالۋىنى دەپ مەيدىسىنى كېرىپ، تېرىسىگە سىغماي يۇرمىسۇن، يەنە.

تىللاخېنىم ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئابدۇقۇددۇسنىڭ كاللىسىغا ئەقىل، پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىرىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.

ــ ئەتە ئاراسايدا ئوغلاق تارتىش بولىدۇ، ئۇنىڭغا جالالىدىنمۇ قاتنىشىدۇ.

تىللاخېنىم ئېرىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، ھەم پەس ئاۋازدا، ھەم جىددىي تەلەپپۇزدا دېدى:

ــ مۆرىتى كەلدى دېگەن مانا مۇشۇ! ئەتە ئوغلاق تارتىش بولۇۋاتقاندا، جەينەكلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېقىنىغا ئۇرۇپ، قوۋۇرغىسىنى ئۇشتۇۋەتسىلە. ئوغلاق بىلەن قوشۇپ ئېتىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە ــ ئاتلارنىڭ

ئايىغىغا تاشلىۋەتسىلە! ئىككىنچى سىلىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالماس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ، بىزنىڭ ئاۋۇ چىلان تورۇقنىڭمۇ ھەيۋىسىنى بىلدۈرۈپ قويسىلا!...

ئابدۇقۇددۇسنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. خوتۇنىنىڭ گەپلىرى خۇددى ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتماقتا ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىدىن، بەرگەن مەسلىھەتىدىن شۇقەدەر مەمنۇن بولدىكى، جالالىدىنىدىن ئۆچىنى ئېلىپ دەردى چىققاندەك، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تىللا خېنىمنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈنۈش ۋە مېھىر بىلەن قارىدى ...



# ئۇچىنچى باب

## پەتىۋا

ئاراسايدىكى ئوغلاق تارتىش مەيدانىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى. مەيدانىنىڭ ئوچار تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە ئىكساقلىق ناغرا ـ سۇنايچىلار سۇنايلىرىنى توختىماي سايرىتىپ، ناغرىلىرىنى بىر خىل رىتىمدا ئۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس چىلان تورۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى قارا ئايغىرغا مىنىۋالغان جالالىدىنغا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قوياتتى. ئۇ ئاتنى قايسى تەرەپتىن جالالىدىنغا يېقىنلاشتۇرۇش، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۇنى بابلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈۋاتاتتى. ئوغلاق تارتىش قوزا چۈش مەزگىلى بىلەن باشلاندى. ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە ئاتلار قويۇندەك تېز چېپىپ، مەيداندىن چاڭ ـ توزان چىقىرىۋەتتى. ئابدۇقۇددۇس ئاتقا كۈچەپ قامچا ئۇردى. مۇشۇ مەيداندا نەچچە يىلنىڭياقى ئىزچىل ئىگىسىنىڭ قەلبىگە يېڭىش تۇيغۇسىنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ كەلگەن، شامالدەك تېز چاپىدىغان، كۈچلۈك ۋە چەبدەسلىكى بىلەن ئەلنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدىغان چىلان تورۇق، خۇددى ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، ئاتلار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ـــ جالالىدىننىڭ قارا ئايغىرىغا يېقىنلاپ چاپماقتا ئىدى.

مەيداندا بىر ـ بىرىدىن قىلىشماي چىپىۋاتقان ئاتلار پۈتۈن ئۇستۇنىئاتۇش بويىچە تاللانغان يارام ئاتلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چىپىشلىرىمۇ، ئاستىلىشىمۇ، يان ۋە ئارقىغا قايرىلىشىمۇ تېز ھەم چىرايلىق ئىدى. ئابدۇقۇددۇس مانا مۇشۇنداق سورۇنلار ئۈچۈنلا ئاستىدىكى چىلان تورۇقنى موخغۇل يايلاقلىرىدىن تاي ۋاقتىدىلا ئۆزى تاللاپ ئېلىپ كەلگەنىدى. قادىر ئات باقارنىڭ قولىدا تۇجۇپىلەپ بېقىلغان بۇ ئېسىل نەسىللىك ئاتمۇ ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىققانىدى. ئوغلاق دۈپۈرلەپ چىپىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئۇستىدىكى ئوغلاقچىلارنىڭ قولىدىن قولىغا ئۆتۈپ تۇراتتى. چىلان تورۇق جالالىدىننىڭ ئېتىنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىشقا ئازلا قالغان، ئابدۇقۇددۇس جالالىدىننىڭ قولىدىكى ئوغلاقنى قولىنى ئەمدىلا ئۇزىتىۋاتقان شۇ پەيتتە، چىلان تورۇقنىڭ قەدىمى خۇددى بىرى ئۇنىڭغا سىبھىر ـ ئەپسۇن قىلىپ قويغاندەك بىراقلا ئاستىلاپ قالدى. ئابدۇقۇددۇس ئاتقا رەھىمسىزلىك بىلەن بىرنەچچە قامچا سالغان بولسىمۇ، ئات چاپماق ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆزىنىڭ يورغىسىنىمۇ تاپالماي قالدى. ئاداۋەت ئازابى جىنىنى قىيناپ، سارالڭ قىلاي دېگەن ئابدۇقۇددۇس گاھ تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ئاتنى «چۇھ» دېسە، گاھ پۇتلىرىنى ئىككى يانغا كۆچەپ لىڭشىتىپ، ئۇنى چاپقۇزماقچى بولاتتى. گاھ ئاتقا قەھرى بىلەن قامچا ئۇرۇپ باقاتتى. لېكىن ئات يەنىلا ئالدىدا چىپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ چىقارغان چاڭ ـ توزانلىرى ئىچىدە ئۆزىنى ئوغلاق مەيدانىنىڭ سىرتىغا تارتىپ، بىر خىل رىتىمدا يېقىمسىز سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى. ئابدۇقۇددۇس شۇ تاپتا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئالدىدىكى ئوغلاقچىلارنىڭ ئاتلىرى

دىخالىلىنىڭ ئاراسايدىن قايىراقنىڭ قاراتاپان دېگەن يېرىگىچە بېرىپ، يەنە ئارقىغا يېنىپ، خۇددى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇت تۇپىدەك ئاسمان پەلەك توپا توزۇتۇپ قايتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاتلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقىنى يەنىلا جالالىدىنىنىڭ قارا ئايغىرى ئىدى. جالالىدىن قولىدىكى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇلغان ئوغلاقنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ، خۇددى جەڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان سەركەردە نۇسرەت تۇغىنى لەپىلدىتىۋاتقاندەك، پىرقىرىتىپ ئىلگىرىلەيتتى. بىر دەمدىلا ئاتلار توپى ئابدۇقۇددۇسنى توپا توزانلىرىغا كۆمۈپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇقۇددۇسقا جالالىدىنىنىڭ ئوغلاقنى باش ئۈستىدە پىرقىرىتىپ ئۆتۈپ كېتىشى قاتتىق هار كەلدى. بۇ هال ئۇنىڭغا: «كۆردۈڭمۇ، سەن مەن بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولالايسەن؟!» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. جالالىدىن ئوغلاق تارتىشىشنىڭمۇ غەلىبىسىنى قولغا ئالغانىدى.

ئابدۇقۇددۇس ئاستىدا سوكۇلداۋاتقان چىلان تورۇققا قارىدى. ئاتنىڭ ھەممە يېرىدىن سۇ قۇيۇلۇۋاتقاندەك تەرلەپ كەتكەنىدى. بىردە كېڭىيىپ، بىردە تارىيىۋاتقان بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن غەلىتە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاقاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاتنىڭ بۇ ھالىتى شۇ قەدەر كۆرۈمسىز، شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئات سوكۇلداپ كېتىۋېتىپ پۇتلىرىنىمۇ ئاياپ دەسسەيتتى. ئابدۇقۇددۇس غەزەپلەندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى مۇنۇ سوك ـ سوك، قارغىش تەككۈر بايتالنىڭ سويدۇكى ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ باش تەرىپىگە قارىتىپ «تۇفىي پەس، نەسلى قۇرىغۇر!» دەپ تۈكۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ئۆلۈمتۈك هايۋاننى تازا بىر

جازالىغۇسى كەلدى. گەرچە ئۇ ئاتنى جازالىماقچى بولغان بولسىمۇ، قانداق ئۇسۇلدا جازالاشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى قاتتىق قامچىلىماقچى بولدى. ئۇنداق قىلسا بايىدىن بېرى ئۆزىنىڭ دىل رايىغا باقماي قېرىشقاندەك يۈزىنى يەر قىلغان بۇ مەخلۇقتىن ئاچچىقى ھېچ چىقمىدىغاندەك ئەمەس. ھازىر بۇ ئات ئۇستىدىكى ئابدۇقۇددۇسنىمۇ كۆتۈرۈشكە ماجالى يوقتەك دىرىلدەپ تىترەپ تۇرمامدۇ؟! ئەڭ توغرىسى ئاتتىن چۈشمەي ئۇنى تازا ئازابلاش، قامچا بىلەن ساۋاپ ھارغۇزۇپ جېنىنى ئېلىش كېرەك. ئابدۇقۇددۇسنىڭ كاللىسىدا نە غەزەپ، نە ئەقىل، نە ئۆچمەنلىك دېگەندەك تۇيغۇلارنىڭ بىرەرىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەڭ ياخشىسى مۇنۇ يەم ـ خەشەك ئالدىدىن ئېشىپ، خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن، ئەتىۋارلىغانىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئۆلگۈرنى دەرھال جازالاش كېرەك. ئۇ قەھرى بىلەن ئاتقا قاراپ خىتاب قىلدى: «ۋەللاھى، ئەگەر ئۇستۇڭدىن چۈشۈپ كەتسەم، خوتۇنۇم تالاق!». ئۇ ئاغزىدىن بۇ قەسەمنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگەندەك، ئاشۇ ئېغىر قەسەمنى قىلىۋاتقاندا، تۇنۇگۈن پېشىمدىن تاكى تۈن تەڭگىچە قامچا يەپ، ھېرىپ ھالى قالمىغۇچە چاپقان چىلان تورۇقنىڭ تاڭشۇرۇلمىغانىنىڭ ئۇستىگە ئېغىلغا كىرىپلا، ياغاچ ئوقۇردىكى لىپمۇلىق سۇنى پاكپاكىزە ئىچىۋەتكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

ئابدۇقۇددۇس ئەمەلىيەتتە ئاتنى ئەمەس ئۆزىنى جازالىغان ئىدى. قەلبىگە كۆشەندىلىك ۋەسۋەسىسىنى، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالغان ئاساۋ تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق بىمەنە ئىشنى قىلغۇزغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەركەكلىك ھېسسىياتىنى

ئۇرغۇتىدىغان، كۆڭلىدىكىنى تېپىپ دېيەلەيدىغان ھەم بىلىپ قىلالايدىغان، جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان تىللاخېنىمدىن ئايرىلسا بولاتتى. ئايرىلمايمەن دېسە، بىر ئۆمۈر ئاتتىن چۈشمەسلىكى كېرەك ئىدى. نەدە شۇنداق ئىش بولسۇن؟! ئەمدى ئات جىممىدە تۇراتتى. بۈگۈنكىدەك يىغىلىشلاردىن باشقا چاغدا ئىنسى ـ جىنمۇ كەلمەيدىغان ئارا سايدىن ئوغلاقچىلارمۇ، تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ كېتىپ، ئابدۇقۇددۇس ئات ئۈستىدە تىكەندەكلا يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سوۇر باستى. مۇدھىش بىر قاباھەتلىك قارا قول گېلىنى بوغۇۋاتقاندەك ئارامسىزلاندى. كۆڭلىدە ئىككىلىنىش، قىلغان قەسىمىدىن تېنىۋېلىش خىيالى پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ قەسەم قىلغان چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەسىمىنى غەرەز ئۇقمايدىغان ئاتتىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ قىلغان قەسىمىدىن تېنىۋالسۇنمىكىن؟ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك، ئازاب، پۇشايمان ئېلىپ كەلگەن قەسەمنى قىلمىغان بولۇپ، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتسۇنمىكىن؟ ئۇ ئەگەر ئاشۇنداق قىلسا، بىر ئۆمۈر نىجاسەت يەپ سالغان ئادەمدەك كۆڭلى غەش ياشىمامدۇ؟ بۇ ھال ئۆزىنى بىر ئەركەك، ئەركەك بولغاندىمۇ ھەقىقىي نوچى بىر ئەركەك ھېسابلايدىغان ئابدۇقۇددۇس ئۈچۈن توغرا بولارمۇ؟! ئۇ قەسەم قىلغان چاغدا ھېچكىم ئاڭلىمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ ماۋۇ ئات ئاڭلىدى ئەمەسمۇ؟ ئات دېگەن بىر ئەقىللىك جانىۋار، ئۇنىڭ تىلى بولمىغان بىلەن ھېس قىلالايدۇ. ئات مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى بىلەن ئىگىسىنىڭ نامەردلىكىنى مەسخىرە قىلمامدۇ؟ ئاتنى بىر ئادەمتىكى ھايۋان دېگەندىمۇ، ئېغىزىدىن چىققان ئاشۇ ئېغىر

قەسىمىنى ئۈستىدە تۇرغان ئىگىسى بىلمەي قالامتى، ئىگىسىنىڭ ئالدىدا بۇ ئاسىي بەندە قانداق قىلىپ يۈزىنى كۆتۈرۈپ، مەن بىر مۇسۇلمان، ئوغۇل بالا، ھەقىقىي ئەركەك دەپ ياشىيالىسۇن؟! ئۇ شۇ تاپتا ئاتتىن چۈشۈپ، يۇرتنى تەرك ئېتىپ، مال ـ دۇنيالىرىنى، تاپقان ـ تەرگەن بايلىقلىرىنى پايانسىز ئېكىنزار ـ زېمىنلىرىنى تېرەك يايلاقلىرىدىن مايمۇنتاش ۋادىسىغىچە، چاقماق دەريا ساھىلىدىكى توقاشلىدىن تىترىگە سايلىرىغىچە ئوتلايدىغان، ئاق تاغنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇت تۈپىدەك كۆرۈنىدىغان ئۈيۈر ـ ئۈيۈر قوي ـ كالا پادىلىرىنى تاشلاپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن تۇرۇپلا بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇنداق قىلسا ئۇنى يۇرت ئەھلى «چىدىماس» دېمەمدۇ؟ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن بولغىنى بىلەن ئەقلى قىسقا. بىرنەچچە يىل ساقلاپ بېقىپ، ئانچە ـ مۇنچە دېرەكلەپ قويۇپ، ئېرىم ئۆلۈپتۇ دەپ، باشقا بىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ، مال ـ دۇنيالىرىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ توختا، ھەرنېمە بولسا ئۆيگە بېرىپ خوتۇنىغا ئەھۋالنى ئېنىق دېيىشى كېرەك. تىللاخېنىم يەنىلا ئەقىللىك خوتۇن. ئۇ بۇ ئويلىسا ئادەمنى سۇر باسىدىغان بۇ قاباھەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى قىلار...

ئات جاھىللىق بىلەن قوتۇر ئېشەكتىنمۇ ئاستا مېڭىپ، ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. پېشىن نامىزىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولغان تىللاخېنىم ئاتنىڭ ئېزىلەڭگۇ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ھويلىغا چىقتى.

ــ غوجام، تېخىچىلا ئاتتىن چۈشمەي ئولتۇرىلىغۇ،

جالالىدىن دېگەن ئەبگارنىڭ ئەدىپىنى تازا بىر بېرىپ قويغانلا ـ ھە؟!

ئابدۇقۇددۇسنىڭ بۇ گەپلەرنى ئېغىزىغا ئېلىشقا ھەپىسىلىسى يوق ئىدى.

ـ يامان بولدى، خوتۇن! بۇ سىلىنى ئاخىرقى قېتىم «خوتۇن» دەپ قېلىشىم بولۇپ قالماسلىقىنى ئاللاھدىن تىلەيمەن.

چۈشىنىكسىز بۇ گەپلەردىن گاڭگىرىغان تىللاخېنىم ئېرىگە قاراپ:

ـ نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانىلا، ئاۋۋال ئاتتىن چۈشسىلە، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، دېيىشىدىغان گەپ بولسا دېيىشەيلى، ـ دېدى.

ـ ياق، ئاتتىن چۈشەلمەيمەن، ئاتتىن چۈشۈشۈمگە يول قالمىدى.

ـ ئوھوش، نېمانداق قالايمىقان گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانىلا، يول نەگە كېتىپتىكەن؟ چۈشسىلە، كەلسىلە، مەن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈرۈشۈپ قوياي.

ـ ياق، ئۇنداق قىلماڭلا، ئاغزىمدىن گەپ چىقىپ كەتتى، ئەگەر شۇ تاپتا ئاتتىن چۈشسەم، سىلى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولسام بولىدۇ.

تىللاخېنىمنىڭ رەڭگى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بەزى ئىشلارنى چۈشەنگەندەك قىلىۋاتاتتى. ئۆزىدىكى بارلىق ئايالىق خۇلۇقلىرى، ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن «بالا تۇغمىدىڭ» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلدۇرمىغانىنىڭ ئۇستىگە، ئابدۇقۇددۇسنى ئۆزىگە ئېخىمۇ ئامراق قىلىپ، يېلىمدەك چاپلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم ياشاۋاتقان بۇ ئايال مۇشۇ دەقىقىلەردە چۈشىدە

هاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەم چۆچۈپ ئويغانغاندەك تېزدىن ھوشىنى يىغدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئەقىل كېلىۋېدى، قاراڭغۇلىشىۋاتقان كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە جىق تۇرۇۋەرمىسىلە، غوجام. ئەتتىك شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئالدىغا بارسىلا، بىرەر پەتىۋا بەرسە ئەجەب ئەمەس.

ئابدۇقۇددۇس خوتۇنىغا رازىمەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇ خوتۇنىنى بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن ماختىۋەتمەكچىمۇ بولدىيۇ، لېكىن ئالدىراقسانلىقىدىن، تەنتەكلىكىدىن قىلىپ سالغان قەسەمدىن شەكىللەنگەن ئېغىر بىر يۈك ئۆزىنى ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئالدىغا ئالدىراتتى.

— توۋا، ئەجەب بۇ ئادەمنى ئىزدەش خىيالى ماڭا كەلمەپتۇ دېسە.

ئۇ ئاتنى كەينىگە بۇراپ «چۇھ، جانىۋار» دېدى. ئات تىترەۋاتقان پۇتلىرىنى مىڭ تەسلىكتە يۆتكەپ، ھورۇنلۇق بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئۆيى خالتا كوچىدا ئىدى. ئابدۇقۇددۇس ئىمامنىڭ ھويلىسىغا ئات بىلەنلا كىرگەندە ئۇ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ پېشايۋاندا سايداپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىمامئاخۇنۇم! ئاۋۋال ئات بىلەنلا ھويلىغا كىرگەن ئەدەپسىزلىكىمنى ئەپۇ قىلارلا.

— ھېچقىسى يوق، ئەپۇ، ئەپۇ، — دېدى شەھىدۇللا ئىمام بىر تەرلەپ - تەپچىرەپ، پۇتلىرى ۋە پۈتۈن بەدىنى دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان ئاتقا، بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە

ئولتۇرغان، ئىچىدىكى بىئاراملىق ۋە جىددىيلىك قىزىل يۈزىگە تېپىپ تاتىرىپ كەتكەن ئابدۇقۇددۇسقا قاراپ، — ئەمدى چۈشىنىشلىمۇ بولۇۋېرىدىغۇ.

— چۈشەنمەيمەن، ئىمامئاخۇنۇم.

شەھىدۇللا ئىمام بولۇنغان ئەھۋالنى بىر قۇر ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈردى، ئىچىدە بىر ھازا سۈرە - ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئاندىن :

— كەرەملىك قادىر ئىگەم گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلار، — دېدى.

— ئىمامئاخۇنۇم، ئاللاھ ھەققىدە، ئۆتۈنۈپ قالاي، بىئەقىللىكىمدىن قىلىپ سالغان بۇ يارىماسلىقىم ئۈچۈن، پەتىۋا بېرىپ، مېنى تاشتىن ئېغىر بۇ ئازابدىن خالاس قىلغان بولسىلىرى.

شەھىدۇللا ئىمام پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا يەنە جايناماز سېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. خېلى ئۇزۇنغىچە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئابدۇقۇددۇسقا قارىدى.

— ئاللاتائالا سۇبھانىۋەتائاللاھنىڭ كەرىمى كەڭ، ئارغامچىسى ئۇزۇندۇر. ئاللاتائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ھىممەت قىلغۇچىدۇر، كەچۈرگۈچىدۇر. ئىنسانغا ئەقىل، زەبان ۋە ھالال لەۋز بەرگۈچىدۇر. ئەقىل، زەبان، لەۋزىنى ھەرقانداق بەندە ئاللاھ خالايدىغان گۈزەل ۋە ئەۋزەل ئىشلارغا ئىشلەتمىكى زۆرۈردۇر. لەۋزىدىن چىققان سۆز ئاتقان ئوقتۇر. لەۋزىدىن چىققان قەسەم ھەم قايتماستۇر. ئەمما شەرت بىلەن قىلغان قەسەمگە پەتىۋا ھەم يول باردۇر. زەبانلىرىدىن «ئەگەر ئۇستۇڭدىن چۈشۈپ كەتسەم»

دېگەن شەرت زاھىر بولۇپتۇ. ئەۋۋەلى مانا مۇشۇ شەرتنى قانائەتلەندۈرمەك لازىمدۇر، — ئابدۇقۇددۇس شەھىدۇللا ئىمامغا ئۈمىد، يېلىنىش نەزىرىدە تىكىلىپ ئات ئۈستىدە ئولتۇراتتى. شەھىدۇللا ئىمام شۇنچە تەمكىن، شۇنچە بەخىرامان ھالدا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ يەنە بىر قانچە سۆزنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دالان ئۆيگە كىرىپ، بىرغۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى قارا ئارغامچىنى ئېلىپ چىقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاچچىقنى ئاچچىق ئالۇر، گۇناھ قارا بولۇر، گۇناھلىرىنى قولۇمدىكى مۇشۇ قارا ئارغامچا ئالۇر.

شەھىدۇللا ئىمام قولىدىكى قارا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ھالقا شەكىللىك چىگىپ، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى سىرتماق ھالىتىگە كەلتۈردى. پۈتۈن بەدىنى ۋە پۇتلىرى تىترەپ ھالسىزلىنىۋاتقان چىلان تورۇق ئورنىدا پۇتلىرىنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ، دەسسەپ بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ۋە ھەرىكىتىگە پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى. شەھىدۇللا ئىمام يەنە داۋاملاشتۇردى.

— تۇتسىلا، بۇ قارا ئارغامچىنى سىرتماق ھالىتىدىن بۇزماي ئۆيلىرىگە بارغايلا، ئاندىن ھويلىلىرىدىكى ئاق ئۈجمە دەرىخىگە ئاتنىڭ ئۈستىدىنلا يامىشىپ، غول شاخنىڭ ئۆزلىرىنى كۆتۈرەلىگۈدەك يېرىگە چىققايلا. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ سىرتماقنى بويۇنلىرىغا سېلىپ، ئۈچىنى ھەم بويۇنلىرىنى سىققۇدەك، ھەم ئاۋازلىرى چىققۇدەك تارتىپ، ئۈچ قېتىم «توۋا قىلدىم، توۋا قىلدىم توۋا قىلدىم» دەپ توۋلىغايلا توۋا قىلىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇجمىدىن يەرگە چۈشۈپ تاھارەت ئېلىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدىكى قازا نامازلىرىنىڭ تامامىنى ھەم ئىككى رەكەت ئىستىغپار نامىزىنى ئوقۇغايلا، ــ شەھىدۇللا ئىمام ئاتقا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئابدۇقۇددۇسقا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ــ سىلىگە شەيتاننىڭ كىبىر ـ تەمەنناسىنى ھەمراھ قىلغان بۇ ئاتنى جانۇ ـ جانۋار، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا نەزىرە قىلىۋەتكەيلا، ئاۋۇ ئارغامچىنى ئۇلۇغ ئوتتا كۆيدۇرۇۋەتكەيلا، شۇنداق بولغاندا سىلى ئاتتىن چۈشمىگەن، ئاتتىن ئاق ئۇجمىگە يامىشىپ چىقىپ كەتكەن، ئاق ئۇجمىدىن يەرگە چۈشكەن بولىدىلا. ھەم ئىككىنچى مەرتەم بۇ ئاتتىن چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىلا، ــ دېدى.

ئابدۇقۇددۇسنىڭ كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىك بىر يولى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ«خۇش، شۇنداق قىلاي ئىمامئاخۇنۇم» دېگىنىچە شەھىدۇللا ئىمامغا رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆرە تۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغان ئاتنى يەنە «چۇھ » دېدى.

ھارغىن، ئېغىر قەدەملىرىنى مىڭ تەسلىكتە يۆتكەپ ھويلىدىكى ئاق ئۇجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغان چىلان تورۇق ئابدۇقۇددۇس ئىگەرنىڭ ئۈستىدىن ئەمدىلا ئاق ئۇجمىگە يامىشىپ چىققان ھامان، ئۆزىنى كونترول قىلالماي سەنتۈرۈلۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ كەڭ ھەم ئازادە ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇنىڭ يىقىلىشى بىلەن تەڭلا كەينىدىن تېزەككىمۇ ياكى يۇندىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە «پارت ـ پۇرت» قىلىپ ئېتىلىپ چىقتى.

# تۆتىنچى باب

## بالا ئىلىم ئالسۇن

كىچىك بىر قىز بالىنىڭ بىر تەرەپتىن قىرقىراپ يىغلاۋاتقان، بىر تەرەپتىن ئالىلىكىمىنىدۇر تىلىلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. جامە مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا پاراڭلىشىپ تۇرۇشقان شەھىدۇللا ئىمام، ئابدۇقۇددۇس هاجىم، جالالىدىن كۇلالچى ۋە باشقىلار دەرهال يىغا ئاۋازى چىققان تەرەپكە تەڭلا قاراشتى. قورغان كۆلبىشىنىڭ تەسكەي دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ، بېلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدىغان ئۇششاق ئۆرۈلگەن چېچى بىلەن زەر باسقان دوپپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوكان چاچ قىستۇرۇۋالغان، ئالتە ـ يەتتە ياشلاردىكى بىر قىز ئەتراپىدىكى ئون نەچچە ئوغۇل ـ قىز بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇپ يىغلاۋاتاتتى. ئېگىز ئۆسكەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان شەبنەم دانچىسىدەك سۈزۈك ياشلىرى يالتىرايتتى.

— مارجىنىمنى تۆلەپ بەرسىلە،... هى...هى،... مارجىنىمنى تېپىپ بەرسىلە،... بولمىسا دادامغا دەيمەن،... هى...هى...

ئابدۇقۇددۇس هاجىم يىغلاۋاتقان قىزنى دەرهال تونۇدى. قىزنىڭ يىغىسىدىن ئۇنىڭ يۈركى ئېچىشىپ

كەتتى. چۈنكى بۇ قىز ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى، كۆز گۆھىرى دوست خېنىم ئىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ نەزىرىدە دوست خېنىم ھەرگىز يىغلىماسلىقى، بىر ئۆمۈر كۈلۈپ ياشىشى كېرەك ئىدى. ئۆزىمۇ قىزىنىڭ ئۆمۈرلۈك خۇشاللىقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. ئۇ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن قىزى دوست خېنىمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاچچىق، تەئەججۈپ، تاقەتسىزلىك ئارىلاشقان مۈرەككەپ تۇيغۇ بىلەن كىيىملىرىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرى توپا بولۇپ كەتكەن دوست خېنىمنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ، باغرىغا باستى ۋە:

— قىزىم، نېمە بولدىلا، سىلىنى كىم بوزەك قىلدى؟ — دېدى.

— ئاۋۇ، — دەپ قولى بىلەن كۆرسەتتى دوست خېنىم، قورقىنىدىن كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان سەككىز ـ توققۇز ياشلار چامىسىدىكى بالىنى كۆرسىتىپ، — جامالىدىن سىلى ماڭا ھەرەمدىن ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن مارجىنىمنى كۆلگە تاشلىۋەتتى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزى دوست خېنىمدىن نېمە ئەھۋال بولغىنىنى سوراۋاتقاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شەھدۇللا ئىمام، جالالىدىن قاتارلىقلارمۇ يېتىپ كېلىشتى.

— ماۋۇ شۇمۇ، — دەپ جامالىدىننى بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ سورىدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنىڭ ياشتىن قىزارغان كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن، — سىلىنى بوزەك قىلغان مۇشۇمۇ؟

ــ ھەئە، ئاشۇ...
دوست خېنىم شۇنداق دېگىنىچە دادىسىنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ يەنە ئېسەدىدى. ئۇ بايىدىن بېرى جامالىدىن ئاكام دەپ بىللە ئوينىغان دوستىنى دادىسىغا يامانلاپ بېرىۋاتاتتى.

*　　　*　　　*

ــ مېنىڭ ئېتىم ھەممىدىن تېز يۈگۈرىدۇ.
ــ مېنىڭ ئېتىممۇ ھەممىدىن تېز يۈگۈرىدۇ.
ــ مېنىڭمۇ...
جامالىدىن قاتارلىق يەتتە ــ سەككىز بالا دادىلىرى جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى كىرىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ نامازدىن يېنىشىنى ساقلىغاچ، قورغان كۆلىبېشىدىكى كۆل بويىدا «توقۇپ»، «يۈگەنلەپ» قويغان تال چىۋىق «ئات» لىرىنى ماختاشماقتىدى.
ــ جامالىدىن ئاكامنىڭ ئېتى ھەممىدىن تېز يۈگۈرىدۇ، ــ دېدى قىزلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان دوست خېنىم تالىشىۋاتقان ئوغۇللارنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، ــ جامالىدىن ئاكام تېخى ئېتىنى چاپتۇرۇپ، ئاۋۇ قاپاق تېرەكنىڭ ئۈستىگىمۇ چىقالايدۇ.
ــ مېنىڭ ئېتىممۇ چىقالايدىغۇ، ــ دېدى جامالىدىنلار بىلەن مەنمەنلىك تالىشىۋاتقان، بېشىغا ئاق دوپپا كىيگەن، يۇمىلاق يۈزى قارامتۇل كەلگەن، ياڭاقلىق بالا.
ــ ئىلياس ئاكا، ــ دېدى دوست خېنىم قارامتۇل بالىغا، ــ سىلى يالغان گەپ قىلىۋاتىلا، ئەمىسە جالالىدىن ئاكام بىلەن چېپىشىپ باقسىلا، جامالىدىن ئاكامنىڭ

چېكىدا قالىلا.

— ئۇنداق بولسا ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇشۇپ باقامدۇق؟ — دېدى ئىلياسمۇ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ.

— مەنمۇ چاپتۇرۇشمەن!

— مەنمۇ چاپتۇرۇشمەن!

باشقا بالىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ «ئات»لىرى بىلەن «بەيگە»گە چۈشكىسى بارلىقىنى ئىپادىلەۋاتاتتى.

— ئەمىسە باشلامدۇق، — دېدى جامالىدىن بالىلارغا قاراپ، — قورغان كۆلىبېشىنىڭ ئىچىدىكى يولنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىمىز. كىم ئارقىسىدا قالسا، ئۇزۇپ چىققۇچىنى يۈدۈپ، كۆل بويىنى بىر قېتىم ئايلاندۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا پۈتۈشتۇق، — دېيىشتى بالىلار تەڭلا.

بالىلارنىڭ قوللىرىدا سۆگەتنىڭ تېلىدا قوۋزىقىنى تېنىسىدىن بوشىتىپ ياسىۋالغان «قامچا»لىرى بار ئىدى. «چەۋەندازلار» «ئات»لىرىغا مىنىشىپ، قاتار بولۇپ تۇرۇشتى. جامالىدىن «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ بۇيرۇق بېرىشىگە ئۇلار پەللىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. قىزلار خاھ پۈتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشۇپ، خاھ بۈدرۇق قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپ، يۈگۈرۈۋاتقانلارغا مەدەت بېرەتتى.

— جامالىدىن ئاكا، تېز يۈگۈرسىلە! — دەيتتى دوست خېنىم مەدەت بېرىپ، — ئىتتىك يۈگۈرسىلە، بولمىسا ئارقىلىرىدىكىلەر يېتىشىۋالىدۇ!

يۈگۈرۈۋاتقان بالىلار ئېغىزلىرىدا «تاقىراق، تاقىراق» دېيىشىپ، ئاتنىڭ چاپقان چاغدىكى تۇياق ئاۋازىغا تەقلىد

قىلىپ توۋلىشىپ، پۈت ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئاتنىڭ چاپقىنىغا ئوخشىتىپ ئىلگىرىلەشمەكتە ئىدى. ئۇلار قورغان كۆلبېشىنى ئۈچ ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ جامالىدىن، ئاندىن ئىلياس، قالغانلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى.

ـــ ھو، ھو... جامالىدىن ئاكام باشتا كەلدى مانا! ـــ دوست خېنىم گېپىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىن خۇش بولۇپ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن چۇرقىراپ، سەكرەپ كەتتى ۋە يېڭىلىپ قالغىنىدىن خىجىل بولۇپ پوكانىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىلياسقا قاراپ دېدى، ـــ ئىلياس ئاكا، قانداق گېپىم راستىمكەن، سىلى جامالىدىن ئاكامنى يېڭەلمەيلا دېگەنتىمغۇ؟!

ئىلياس دوست خېنىمنىڭ گېپىدىن پاڭگىدە يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ:

ـــ بالىچۇق ئوينىساق، جامالىدىننى يېڭىۋالىمەن! ـــ دېدى.

ـــ بالىچۇق ئوينايلى، بالىچۇق ئوينايلى، ـــ دېيىشتى باشقا بالىلارمۇ.

بالىلار قورغان كۆلبېشىنىڭ سىرتىدىكى، جامەنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا بالىچۇق ئوينىغىلى مېڭىۋاتقان چاغدا دوست خېنىم جامالىدىنغا دېدى:

ـــ جامالىدىن ئاكا، ئات چاپتۇرۇشتا ئارقىدا قالغان ئابدۇكېرىم سىلىنى يۇدۇپ كۆلنى ئايلاندۇرامدۇ؟

ـــ ياق، يۇدۇمەيدۇ، ـــ دېدى جامالىدىن، ـــ ئابدۇكېرىم مەندىن كىچىك، ئۇ مېنى يۇدۇپ ماڭالمايدۇ، ئۆزىدىن كىچىك بالىنى يۇدۇگىلى سالسا يامان بولىدۇ.

ــ ئەجەب ياخشى بولدى، جامالىدىن ئاكام مېنى يۇدۇگمىلى سالمايدىغان بولدى، ــ ئابدۇكېرىم يۇمران قوللىرى بىلەن چاۋاك چېلىپ، ئورنىدا سەكرەپ كەتتى.

ئۇلار قورغان كۆل بېشىنىڭ تەسكەي دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيدانغا چىققاندا دوست خېنىم جامالىدىنغا:

ــ جامالىدىن ئاكا، ماڭا بوستان چاچ ياساپ بەرسىلە، ــ دەپ تۇرۇۋالدى.

جالالىدىن ئېرىق بويىدىكى يوغان قارا سۆگەتنىڭ ئىككى تال چىۋىقىنى «قارس ـ قۇرس» قىلىپ سۇندۇردى ـ دە، قولى بىلەن تاللارنىڭ قوۋزىقىنى بوشىتىپ، تېنىسىدىن تالنىڭ ئۇچىغا كەلگۈچە سىيرىپ، ئىككى تال بوستان چاچنى دوست خېنىمنىڭ دوپپىسىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى.

ئوغۇللار قوش كۆل تەرەپكە بالىچۇق ئويۇنى ئوينىغىلى ماڭغاندا، قىزلار تاش تەرمەك ئويۇنى ئوينايمىز دەپ، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا قېلىشتى.

ئوغۇللار بالىچۇق ئويۇنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قىزلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار تېخىچىلا دوست خېنىمنىڭ سېرىق رەڭلىك يوغان ـ يوغان مارجانلىرىدا تاش تەرمەك ئويۇنى ئويناۋاتقان ئىدى. ئوغۇللار قىزلارنىڭ ئويۇنىغا بىردەم قاراپ تۇرۇشتى. قىزلار تاش تەرمەك ئويۇنىنى تازا بېرىلىپ ئويناۋاتقان چاغدا جامالىدىن ئۇلارنىڭ چىشىغا ئەتەي تېگىپ يەردىكى چېچىلىپ ياتقان ئون نەچچە تال مارجاننى تېرىۋالدى ۋە:

ــ بىزمۇ ئويناپ باقىمىز، ــ دېدى.

ــ بۇ مېنىڭ مارجىنىم، سىلەرگە بەرمەيمەن، ئەكېلىش مارجىنىمنى قايتۇرۇپ بېرىش، ــ دەپ غەلۋە

قىلدى دوست خېنىم.
جامالىدىن مارجانلارنى ئېلىپ قوش كۆل تەرەپكە قاچتى.
— بەرمەيمەن، بىزمۇ ئوينايمىز.
دوست خېنىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ۋە ئۇنىڭغا تىل سالدى.
— چوكان سامساق!
جامالىدىن قىچقىراتقۇچە كەينىگە قاراپ:
— تىللىمىسىلا، يەنە ئېغىزلىرىنى بۇزسىلا مارجانلىرىنى كۆلگە تاشلىۋېتىمەن، — دېدى.
— تىللايمەن، تىللايمەنغۇ تازا، — دېدى دوست خېنىم ئۇنى قوغلاۋېتىپ، — ئىت پوقى يېگەن سارالڭ!
جامالىدىن دېگىنىنى قىلىپ، مارجاندىن بىرتالنى كۆلگە تاشلىۋەتتى.



*　　　*　　　*

— بۇ شۇمتەك، — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم چوڭلارغا قاراپ، — قايسى ئىتنىڭ كۈچۈكى بولدى، ئەمدى؟
— ھاي ـ ھاي، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئاكا، ئاغزىلىرىنى چىرايلىق گەپكە ئۇپراتسىلا، بىھۇدە يامان گەپلەر بىلەن تىللىرىنى ئاچچىق قىلمىسىلا، — كىشىلەر توپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سۆزلەۋاتقان جالالىدىننىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، غەزەپلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ قالغانىدى، — بۇ بالا ئىتنىڭ كۈچۈكى ئەمەس، مەن جالالىدىننىڭ ئوغلى جامالىدىن بولىدۇ، تېخى

كىچىك ئەمەسمۇ؟!

بۇ چاغدا بازارلىق ئۇچۇن قورغان كۆلىمىشىغا كىرىپ كەتكەن بازارچىلارنىڭ ئالدى يېنىپ چىقىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارمۇ بۇ يەردە قىزىق بىر تاماشا بولۇۋاتقاندەك دۈپۈرلىشىپ يېتىپ كېلىشتى. كىچىك بالىلار دادىلىرىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىشىپ، بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشماقتىدى.

ــ بىز ھەممىيلەن ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانلاردۇرمىز، نارەسىدە بالىلارنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرسەك يامان بولىدۇ، ھەر ئىككىلىرى ئاچچىقلىرىنى بېسىۋېلىشقايلا، ــ دېدى شەھىدۇللا ئىمام ئارىغا كىرىپ.

شەھىدۇللا ئىمامنىڭ گەپلىرى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنى پەسكويغا چۈشۈرمەكتە يوق، ئۇنىڭغا ئىلھام بېغىشلىدى.

ــ ئىمامئاخۇنۇم، مۇشۇ كىچىك ئىشمۇ؟ بۇ ھاراملىقنىڭ مەن قىزىم ئۈچۈن ئاتايىن ھەرەمدىن ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن مارجىنىنى كۆلگە تاشلىۋەتكىنى كىچىك ئىشمۇ؟!

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئوغلىنى «ھاراملىق» دەپ ھاقارەتلىگىنى جالالىدىنغا قاتتىق ئېغىر كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. لېكىن ئۇ بىر دادا ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇنداق ئەھۋالدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئاكا، ــ دېدى ئۇ ئىچىدىكى ئاچچىقىنى مىڭ تەستە بېسىپ، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا، ــ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە رىزالىقى بىلەن مەن ۋە ھالال

جۇپتىمدىن تۆرەلگەن بەش پەرزەنتىمنىڭ بىرىنىمۇ بىراۋنىڭ «هاراملىق» دەپ هاقارەتلىشىگە هەرگىز يول قويمايمەن!

جاالالىدىن ئالدىغا چەبدەس ئىككى قەدەم ئېلىپ، ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاتىلىق مېهرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى، يۈز ـ كۆز، بويۇنلىرىنى سىلىدى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم بۇ چاغدا ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، جىددىيلەشتى. ئەگەر هازىر ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالسا، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ جاالالىدىنغا تېخىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى ئابدۇقۇددۇس هاجىم قىرىق سەككىز ياشقا كىرىپ قالغانىدى. جاالالىدىن بولسا ئوتتۇز سەككىز ياشلىق قىران ئەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جاالالىدىنىڭ ئوغلىنى هاقارەتلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يىگىرمە يىللىق ئاداۋەت بىلەن ئېسىلىپ تۇرغان قورسىقىنى ئازراق بولسىمۇ بوشىتىۋالغانلىقىدىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە خۇش ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى تۇتۇشۇشنىڭ جاالالىدىنىڭ گېپى بىلەن ئاخىرلىشىشىنى ئۆزىنىڭ يەنە يېڭىلگەنلىكى دەپ هېسابلايتتى.

ــ بۇ سىلىنىڭ باللىرىمىدى؟ ــ دېدى ئابدۇقۇددۇس هاجىم دىمىقىدا كۈلۈپ، ــ قارىسام توققۇز ـ ئون ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. تېخىچە ماۋۇ قورغان كۆلبېشى مەدرىسەگىمۇ كېلىپ باقمىغان ئوخشايدۇ. تۇرقىدىن هېچبىر ياخشىلىقنىڭ ئاالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. بىزدە «هوسۇل كۆكىدىن مەلۇم»، «مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام» دەيدىغان گەپ بارغۇ. پەرزەنت چوڭ بولۇپمۇ ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭ جاندارلاردىن نېمە

پەرقى بولسۇن؟!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، دوست خېنىمنى كۆتۈرۈپ، بايا شەھەمدۇللا ئىمامغا دېگەن يۇرتداشلارنى يوقلاش ھەققىدىكى لەۋزىنىمۇ ئۇنتۇپ، تۆۋەن كوچا تەرەپكە بۇرۇلىپلا مېڭىپ كەتتى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان جالالىدىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلمۇقچى بولۇپ، ئۆچۈن ئاغزىنى ئۆمەللۈبدى، شەھەمدۇللا ئىمام ئۇنىڭغا «بولدى قىلىسىلا» دېگەن مەنىدە ئىشارە قىلدى. جالالىدىن بوغۇزىغا كەلگەن ئاچچىق گەپلىرىنى زورلاپ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى .

بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن سوغۇق بىر ھېسسىياتتا خۇشلىشىپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى. جالالىدىن ئۆيىگە قايتقۇچە خىيال سۈرۈپ ماڭدى. «مەندىن زادى نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ ئابدۇقۇددۇس ئاكامنى كۆپنىڭ قاتارىدا، ھەتتا كۆپتىنمۇ ئاشۇرۇپ ھۆرمەت قىلدىم. چېلىشىشماقلىق بۇ يۇرتتا ئۇششاق ـ چوڭ ھەممە ئادەمنىڭ ئىشىغۇ. ئۇستۇنئاتۇشتا، بولۇپمۇ بىزنىڭ دىخاللىدا قاچانمۇ بايراملار چېلىشىشسىز ئۆتكەن؟ يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ئاشۇ ئىش بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن ئەجەب چىقىپ كەتمىدى. كىم پالۋان بولۇشنى خالىمايدۇ، كىمنىڭ يەڭگۈسى يوق، ئەجەبا مەن ئۇنىڭغا يىقىلىپ بەرسەم بولامتى؟! بۇ دۇنيادا كىم يىقىلمايدۇ؟ ئادەمنى ئادەم يىقىتمىغان تەقدىردىمۇ ئاخىرى كېسەل يىقىتىدىغۇ، ئەجەل يىقىتىدىغۇ؟! بىز ھەممىمىز ئىنسان، ئۆلۈمنىڭ بەندىسى. ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئىناق ئۆتكەن بولساق ئىشلىرىمىز تېخىمۇ روناق تاپاتتى ئەمەسمۇ؟! مەنغۇ

هۆرمىتىنى قىلدىم، يۇرتىمىزنىڭ چوڭى، ئەلگە پايدىسى تېگىدىغان ئادەم دەپ، ھەر قەدەمدە سالام بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. سالاملىرىمنى ئىلىك ئالمىسىمۇ، ياكى سوغۇق ئىلىك ئالسىمۇ مەيلى دېدىم، — ئۇ ئىچىدە تىلەك تىلىدى، — ئاللاھ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئاكامنىڭ دىلىغا ئىنساب، مېھرىبانلىق ئاتا قىلار، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەت مۇزلىرىنى ئىگەمنىڭ ئوتتەك رەھمىتى ئېرىتەر، ئىلاھىم...». ئۇ يېنىدا قولىغا ئېسىلىپ كېلىۋاتقان، چىرايىدىن بايىقى قورقۇش ئالامەتلىرى تارقاپ كەتكەن ئوغلى جامالىدىننى يېتىلەپ ھويلىغا كىرگەندە خىياللىرى ئۈزۈلدى.

— كەل ئوغلۇم، — دېدى ئۇ پېشايۋاننىڭ سۇپىسىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، — كەل، ئالدىمغا كەل!

جامالىدىن دادىسىنىڭ ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا كىردى. دادىسى ئوغلىنىڭ ئىككى مەڭزىنى ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئالدى.

— ئېيتقىن ئوغلۇم، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— سەككىز ياشقا كىردىم، دادا.

— ئىلىم ئالغۇڭ بارمۇ، ئوغلۇم؟

— ئىلىم ئالغۇم بار، دادا.

— يىراقلارغا بېرىپ، چوڭ ئىلىم ئېلىشنى خالامسەن، ئوغلۇم؟

— خالايمەن، دادا.

— يىراقلاردا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ ئىلىم ئالالامسەن، ئوغلۇم؟

— قانچىلىك ئۇزۇن تۇرىمەن، دادا؟

— گۈللەر ئون قېتىم ئېچىلغىچە، قارلار ئون قېتىم

ياغىقۇچە، ئۆرۈكلەر ئون قېتىم پىشقۇچە، دادا ئون قېتىم خامان ئالغۇچە.
ــ سىلىنى سېغىنىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟
ــ چىدايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن ھەرقانداق ئىشقا چىدىيالىسا، ئاندىن ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولالايدۇ.
ــ چىدايمەن، دادا.
ــ ھە، مانا ئەمدى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ!
جالالىدىن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. باغرىنى باغرىغا يېقىپ، بويۇنلىرىنى پۇرىدى. خۇددى ئوغلى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يىراق ـ يىراقلارغا كېتىدىغاندەك كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى، ئۇ كۆز ياشلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى باشقىلار كۆرۈپ قالىدىغاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ: «بۇ سىلىنىڭ بالىلىرىمىدى؟ قارىسام توققۇز ـ ئون ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. تېخىچە ماۋۇ قورغان كۆلبېشى مەدرىسىگىمۇ كېلىپ باقمىغان ئوخشايدۇ. تۇرقىدىن ھېچبىر ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. بىزدە ‹ھوسۇل كۆكىدىن مەلۇم›، ‹مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام›، دەيدىغان گەپ بارغۇ. پەرزەنت چوڭ بولۇپمۇ ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭ جاندارلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟!» دېگەن سۆزلىرى يەنە تەكرارلانغاندەك بولۇۋاتاتتى.
جالالىدىن تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. كېچىچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىبراھىم بۇخارا ۋە ئۇنىڭ بۇلتۇر دېگەن گەپلىرى كېلىۋالدى.
ئۇ ئىبراھىم بۇخارا بىلەن بۇندىن بەش يىل ئىلگىرى قورغان كۆلبېشىدىكى سارايدا تونۇشۇپ قالغانىدى.

ئىبراھىم بۇخارا توقۇزاقلىق چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ سودا ـ سېتىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان شەھىرى، كارۋان تارتىدىغان مەنزىلگاھى بۇخارا ئىدى. ئۇ ھەر يىلى باھار پەسلىدە بۇخاراغا يول ئالاتتى. كەچ كۈزگە يېقىن ساتىدىغىنىنى سېتىپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلەتتى. ئۇ توقۇزاقتا يانار سەپىرىدە قورغان كۆلبېشىدىكى سارايلارغا چۈشكۈن قىلىپ، كارۋانلىرىنى بىر كۈن ئارام ئالدۇرۇپ، ئەتىسى قايتاتتى. ئۇ دىخاللىنىڭ ئاق كوچا دېگەن يېرىدە جالالىدىن ئىسىملىك بىر خىشكار ـ كۇلالچى كىشىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ خىش، ساپال قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ، ھاك ۋە گەجلىرىنىڭ تولىمۇ سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى. بەش يىل ئىلگىرى ئۇ جالالىدىنىنىڭ خۇمدانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قورغان كۆلبېشىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگەچ، ئۆزىنىڭ كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ يېڭىدىن ئۆي بىنا قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى، بىنا قىلماقچى بولغان ئۆيىگە جالالىدىنىنىڭ خىش ـ كاھىشلىرىنى ئىشلىتىش خىيالىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى.

راست دېگەندەك، يىل ئۆرۈلۈپ ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئىبراھىم بۇخارانىڭ ئادەملىرى ئات ۋە ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن كېلىپ، جالالىدىنىنىڭ خۇمدىنىدىن خىش ـ كاھىشلارنى كەچ كۈزگىچە توشۇغانىدى. بۇ جەرياندا ئىبراھىم بۇخارا بىلەن جالالىدىن ئون نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن دوست ـ بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئىبراھىم بۇخارا جالالىدىنىنىڭ توغرىلىقىدىن، لەۋزىدە

تۇردىغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئەمدىلا پۇتكەن يېڭى ئۆيگە ئاپىرىپ، ئوبدان مېھمان قىلىپ رەھمىتىنى ئېيتقانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ باردى ـ كەلدىسى ئۈزۈلمىگەنىدى، ھەر يىلى ئىبراھىم بۇخارا قورغان كۆلبېشى سارىيىغا چۈشكەندە ئۇنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يوقلاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمايتتى. بۇلتۇر ئىبراھىم بۇخارا جالالىدىنىنىڭ ئوغلى جامالىدىنىنىڭ سۈننەت تويىنىڭ ئۈستىدە تۇرالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى توققۇزاققا ئائىلە بويىچە ھاردۇق سوراپ مېھماندارچىلىققا چاقىرغانىدى. ئىككى بۇرادەر تۈن كېچىگىچە مۇڭدىشىپ چىققانىدى.

ــ بۇخارادا سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى، ــ دېگەنىدى ئىبراھىم بۇخارا، ــ ئۇ يەردە نۇرغۇن چۆپقەتلىرىم، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىم بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مال ـ دۇنياسىنىڭ ھېسابى يوق بايلارمۇ، شەھەر كاتتىلىرىمۇ، قەلەمدار ـ ئەلەمدارلارمۇ، كاتتا مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىرىمۇ بار. ئوغلۇم ئىسھاقنى بۇخارادا، بۇرادىرىم ئابدۇللا مۇدەررىستە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇماتنى ئالدۇرۇپ، ئاندىن ئۇ زاتنىڭ ياردىمى بىلەن بۇخارا ئالىي مەدرىسەسىگە كىرگۈزۈپ ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ئىشتىياقى كۆڭلۈمگە ھەر ۋاقىت ئارام بەرمەيدۇ. كۆڭلۈڭلەردە گۇمان ياكى شەك بولماي بۇرادەرچىلىكىمىزگە چىنپۈتسىلە جامالىدىن ئىنىمىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئابدۇللا مۇدەررىسكە تاپشۇرۇپ بەرسەم، باللار تەڭ ئوقۇپ، قېرىنداشلاردەك

تەڭ چوڭ بولسا تولىمۇ خۇرسەندە بولار ئىدىم.
ــ ئۆزلىرى بىلەن بولغان بۇرادەرچىلىكىمگە ئاللاھ گۇۋاھ بولغاي، ئەمما باللار تېخى تولا كىچىك، ياقا يۇرتلاردىكى ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالۇرمىكىن، ــ دېگەندى جالالىدىن ئىبراھىم بۇخارانىڭ تەرەپبال دېگەن سۆزىگە جاۋابەن.
ــ بۇ دېگەنلىرىغۇ ئورۇنلۇق. ئۇ تەرەپلەردىكى ئىشلارنى قانداق قىلىش ھەقىدە كۆڭلۈمدە سان بار. ئەگەرچەندە كالىلىرىدىن ئۆتسە، مېنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتىشىمگە ئىشىنىپ، ئويلىنىپ باقارلا...
ــ مەن ياخشىراق ئويلىنىپ باقاي.
جالالىدىن ئىبراھىم بۇخاراغا شۇنداق دەپ مۇجمەل جاۋاب بەرگەنىدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئوغلىنى بۇخاراغا ئەۋەتكۇسى يوق ئىدى. ئۇ جامالىدىننى قورغان كۆلبېشىدا شەھىدۇللا ئىمامنىڭ قولىدا بىر قوللۇق تەربىيەلەشنى خالايتتى. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئوغلىدىن ئايرىلماي، كۆز ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇش مەقسىتىگە يېتەتتى. جامالىدىن باللارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى، ئىككى ئىنىسى بولسىمۇ، جالالىدىن جامالىدىنغا بەكرەك ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ تىنىم تاپماس ھەرىكەتلىرى، توختىماي سوراشلىرى دادىسىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى، سۆيۈندۈرەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئوغلىدىن نەچچە يىللاپ ئايرىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئەمما ئوغلى بولغان كىچىككىنە بالا «چىدايمەن، دادا» دەۋاتقان يەردە، ئاتا بولغۇچى چوپچوڭلا ئادەم چىداپ كېتىشى كېرەككۇ؟! بىر تەرەپتىن بۇرادىرى ئىبراھىم

بۇخارا ئىككى بالا قېرىنداشلاردەك تەڭ ئوقۇپ، تەڭ چوڭ بولسۇن دەۋاتسا، بىر تەرەپتىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئوغلىنى «ئوقۇماپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلى ئوقۇيمەن دەۋاتسا، دادا بولغۇچى بالىسىنى ئوقۇتمىسا، ئاز ـ تولا ئايرىلىش ئازابىغا چىدىمىسا بولامدۇ؟! بالا ئوقۇسۇن، كىچىككىنە قورغان كۆلبېشىدىن چىقىپ، جاھان كۆرسۇن، كۆزى ئېچىلسۇن، چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە ئىلىم ئېلىپ قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلسۇن!

ــ كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىلا، ــ دېدى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئايالى ئاغىچىخان جالالىدىننىغا پەس ئاۋازدا، ــ كۆڭۈللىرىنى بىر ئىش پاراكەندە قىلىۋاتقان چېغى دەپ ئويلاپ قالدىم.

ــ جامالىدىن ھەققىدە ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

ــ جامالىدىنغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ تۈنۈگۈنمۇ ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ ئىككىلىرىنىڭ ئۇزۇن بىر نېمىلەرنى دېيىشكىنىڭلارنى ئاڭلىدىم.

ــ ياق، بىرەر ئىش بولغىنى يوق، ئۇنى ئوقۇسۇنمىكىن دەيمەن.

ــ بەلەن ئويلاپتىلا، ئوقۇسۇن، دېمىسىمۇ قورغان كۆلبېشىدا كىممۇ بالىسىنى ئوقۇتمايدۇ، شەھىدۇللا ئىمامدا بىر ئوبدان ئوقۇپ ساۋاتى چىقىپ قالغان بالىنى خەتنىسىنى قىلىمىز دەپ ياندۇرۇپ كەلگەنچە ئەۋەتمىدۇق. ئەمدى ئاپىرىپ بەرسىلە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرسۇن.

ــ مېنىڭ دەۋاتقىنىم، قورغان كۆلبېشى مەدرىسەسىدە ئەمەس، ــ دېدى جالالىدىن ئايالىنىڭ

قولىدىن تاھارەتكە سۇ تەييارلانغان ئىۋرىقنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قەتئىيلىك بىلەن تىكىلىپ، ــ باشقا يەردە، بەكمۇ يىراقتا ئوقۇتۇش.

ــ قەيەردە ئوقۇتساق دەيلا؟ ــ دېدى ئاغىچەخان بىلىنەرلىك تىترەك ۋە جىددىيلىك ئارىلاشقان تەلەپپۇزدا.

ــ بۇرادىرىم ئىبراھىم بۇخارا دېگەن گەپلەرنى سەنمۇ ئاڭلىغان، تۈنۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن ھەم بۇگۈن كېچىچە ئويلاندىم، كاللامدىن ئۆتتى. بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇراي، ئوغلى ئىسھاق بىلەن بۇخاراغا بىللە ئېلىپ كەتسۇن!

ــ كىچىككىنە بالىنى يات ـ يىراق يەرلەرگە ئەۋەتىۋەتسەك، قانداقمۇ خاتىرجەم بولىمىز؟

ئاغىچەخان ئاخىرقى قارارنى ئېرىنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، يەنە ئانىلىق سېغىنىش تۇيغۇسى، قىيماسلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۆز پىكرىنى ئىپادىلىدى.

ــ بارسۇن، ئىلىم ئالسۇن، ــ دېدى جالالىدىن تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ــ بويى بىلەن تەڭ ئەقلىمۇ، ئىلمىمۇ ئۆسسۇن!

جالالىدىن بامدات نامىزىدىن يېنىپ خالتا كوچا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى شەھىدۇللا ئىمامنىڭ مەسلىھەتىدىن ئۆتكۈزۈپ قويماقچى ئىدى. شەھىدۇللا ئىمام ئائىلىسىغا قايماقلىق ھورنان تەييارلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار دورا ـ دەرمەكلەردە قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن ئاق ناندا ناشتا قىلىپ بولغۇچە، قايماقلىق ھورنانمۇ تەييار بولۇپ داستىخانغا قويۇلدى.

ئىككىيلەن خېمىرى شايىدەك نېپىز يېيىلىپ، ئۈستىگە ئارىلاشتۇرۇلغان قۇرۇق ئاشكۆكى بىلەن يېڭى قايماق تەكشى چېچىلغان قايماقلىق ھورناننى قېتىقتا مىلەپ ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. ئۇلار قورساقنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، جالالىدىن كېلىش سەۋەبىنى ئېيتتى ۋە جالالىدىننى بۇخارادا ئوقۇتماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىيالىنى بىر ـ بىرلەپ دېدى. شەھىدۇللا ئىمام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاچ ئارىلاپ بېشىنى تەستىق مەنىسىدە لىڭشىتىپ ئولتۇردى. كۈن چۈشكە يېقىن شەھىدۇللا ئىمام جالالىدىننى ئۈزىتىۋېتىپ:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» دىن سۈرە ئىقرەئ نى ئوقۇپ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ!» دېگەن. پەرزەنتلەرنىڭ دىلىغا ئىلىم سالماقتا يېتەكلىمەكنىڭ ساۋابى بىھېسابدۇر. ئىلىم قەيەردە بولسا، ئالماقلىق زۆرۈردۇر، دۇرۇس ئويلاپتىلا، بالىنى دۇئا بىلەن يولغا سالىلى، بىزنىڭ قورغان كۆلبېشىدىنمۇ كاتتا ئىلىم ئىگىلىرى چىقسا، يۇرتقا كۆپ پايدىسى تېگىدۇ، ئەلنى توغرا يولغا باشلايدۇ، — دېدى.

## بەشىنچى باب

# بىر قارارغا كېلىش

جالالىدىن شەھىدۇللا ئىمامىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىۋاتقان شۇ پەيتتە، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتا پەي ياستۇققا جەينىكىنى تىرەپ، ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىغا بېشىنى قويۇپ ياغاچ سالاسۇنلار بىلەن قورشالغان باغدا ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلەرگە تىكىلگەنىدى. دوست خېنىم ماغۇق كۆرپە ئۈستىدە دادىسىغا چاپلىشىپ ئۇخلاپ ياتاتتى.

بۇندىن توققۇز يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 1681 ـ يىلى.

ئابدۇقۇددۇس ئۈچ يىل ئىلگىرى دادىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتى بويىچە، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەشھەدلىك ئابدۇراھمان، ئىشتارچىلىق نىزامىدىن، قايراقلىق سالاھىددىن، بەيساقلىق ئابدۇقادىر، قەشقەر ھەزرەتلىك شەرىپىدىن كارۋان قاتارلىق بۇرادەر، چۆپقەتلىرى بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

ئابدۇقۇددۇس سەپەرگە چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئالدى بىلەن ئۆزىگە بۇيرۇلغان بۇ پەرھىزنى ئادا قىلىشقا

نىيەت قىلغانلىقىدىن خۇش بولسا، ئاندىن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. شۇڭا قوناق ـ چۈشكۈن قىلغان جايلاردا تاكى ھەمراھ ـ سەپەرداشلىرى ئۇخلاپ قالغۇچە ئۇلارغا گەپ بەرمەي، ئۆزىنىڭ قاچان، قانداق سودىنى ئېپىدە قىلغانلىقى، قايسى شەھەرنىڭ قانداق مېلىنىڭ قايسى شەھەردە ئوبدان سۇ بولىدىغانلىقى، قايسى يەرنىڭ قانداق مېلىنىڭ مەشھۇرلۇقى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. بەستىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت يامراپ تۇرىدىغان ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئاغزىدىن بىرەرى گەپ تارتىشقا پېتىنىپمۇ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇقۇددۇسنىڭ يۈك ئارتقان ئات ـ تۆگىلىرىنىڭ سانىمۇ باشقا سەپەرداشلىرىنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى. ھەج سەپىرى ئۇزۇن ھەم جاپالىق ئىدى. ئۇلار بەزىدە ھەممە نېمىسى تەل سارايلارغا چۈشسە، بەزىدە كۆز يەتكۈسىز سايلىقلاردا، چۆل ـ باياۋانلاردا كېچىنى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ سۆھبەت ـ پاراڭلىرىدا نېمە گەپلەر بولمايدۇ دەيسىز؟ ئۇلار تاغدىنمۇ، باغدىنمۇ، ئۆزلىرى، ئائىلىسى ھەققىدىمۇ، باشقىلار توغرۇلۇقمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرى، پەرزەنتلىرى ئۈستىدىمۇ پاراڭلارنى سىلىشاتتى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن، يۇرتىدىن، ئۆزىدىن شۇقەدەر پەخىرلىنىدىغان، بۇ تەرەپتىن گەپ ئېچىلسا قىزىشىپ سۆزلەپ كېتىدىغان ئابدۇقۇددۇس گەپنىڭ تېمىسى پەرزەنتكە يۆتكەلگەندە، ئېغىزى تۇۋاقلىنىپ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ، تامدەك تاتىرىپ بۇ سۆھبەتتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. قىرىشقاندەك باشقىلار يول ئۇزارغانسېرى ئۆزلىرىنىڭ قانچە خوتۇنىنىڭ، قانچە

بالىسىنىڭ بارلىقى، قايسى خوتۇننى ياخشى كۆرۈدىغانلىقى، قايسى بالىسىنىڭ ئەقىللىكلىكى ھەققىدە بەس ـ بەستە سۆزلىشەتتى، ماختىنىشاتتى، لاپ ئۇرۇشاتتى.

ــ ئۈچ خوتۇنۇم بار،ــ دەپ گەپ باشلىدى بىر كۈنى سۇتتەك ئايدىڭ كېچىسى مەشھەدلىك ئابدۇراھمان ئىسىملىك سودىگەر كەشمىر ۋادىسىدىكى بىر ئۆتەڭدە ئۇيقۇلىرىنى تېپىشتىن ئىلگىرى،ــ ئۇلاردىن ئون ئۈچ پەرزەنتىم بار. چوڭ خوتۇندىن ئىككى قىز بىر ئوغۇللۇق بولدۇم. ئەمما ئوتتۇرانچى خوتۇن تولىمۇ تۇغۇمچان ئايال چىقتى. ئۇنى ئالغىلى توققۇز يىل بوپتۇ، ئۇنىڭدىن يەتتە بالىلىق بولۇپتىمەن. كىچىك خوتۇن ئون ئالتە يېشىدا قولۇمغا چۈشكەن، ئۆزى چىغدەك ئورۇق بولغىنى بىلەن بەش يىلدا ئۈچ بالا تۇغۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ سەككىز ئوغۇل بەش قىزنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىم مانا.

ــ پەرزەنت دېگەن ئىگىسىنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان كاتتا ئىلتىپاتى،ــ دەپ گەپنى ئالدى ھەزرەتلىك شەرىپىدىن كارۋان،ــ پەرزەنتلىرىنىڭ بولغانلىقى سىلىنىڭ ئۆلمىگەنلىكلىرىگە باراۋەردۇر. سەۋەبكى، پەرزەنت سىلى ماڭغان يولنى ماڭىدۇ، ئىزلىرى ئۆچمەيدۇ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، جاھانلىرىنى قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرمايدۇ. مېنىڭمۇ ئىككى خوتۇنۇم، توققۇز پەرزەنتىم بار، ئىككىنچى ئوغۇل ئون يەتتىگە كىرىپ قالدى. سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلىپ پۇت ـ قولۇمنى خېلى سوۋۇتتى. ھەزرەتتىكى سارايلىرىمنى، ھېيتگاھتىكى دۇكانلىرىمنى ئۆزى بىر قوللۇق چۆرگۈلىتىپ كېتىپ بارىدۇ. ئاللا

ئىگەم ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن ئىنسابىغا بەرىكەت ئاتاقىلسا، ناۋادا قازايى ـ قەدەر يېتىپ ئاللاھنىڭ ئامانىتىنى بەرسەممۇ خاتىرجەم كۆز يۇممەن.

ــ گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق، ــ دېدى سالاھىدىن، ــ «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، بۇ گەپ ناھايىتى دۇرۇس ئېيتىلغانىكەن. كەچتە ھەممەيلەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيىمىزدە ئالامەت قىزغىن سۆھبەتلەر بولىدۇ، تالاش ـ تارتىش مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلىدۇ. قىسسە ـ داستانلار ئوقۇلىدۇ. تېخى ئۇلار مەندىن ھېكايەت ـ چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قەشقەر، تاشكەنت، سەمەرقەنتلەردىن كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئەكەلدىم. بۇ كىتابلارنى بالىلىرىم ئوقۇغاندىن تاشقىرى، قورغان كۆلىبىشى ھەسىتىمۇللام مەدرىسەدىكى خەلپەتلەر ئوقۇپ تالىپلارغا ساۋاق بېرىۋاتىدۇ. سەپەرلەردە بالىلىرىمنى سېغىنىمەن، ئۇلارنى تېزرەك كۆرۈشكە تاقەتسىزلىنىمەن. ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇغانسېرى گەپ ـ سۆز، قىلىقلىرى تېخىمۇ يېقىشلىق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ.

باشقىلار پەرزەنت ھەققىدە شۇنچە قىزغىن، شۇنچە بېرىلىپ سۆھبەتلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئابدۇقۇددۇس ئۇخلىغان بولۇپ جىمجىت يېتىۋالغان بولسىمۇ، سەپەرداشلىرىنىڭ بۇ تىمىدىكى پاراڭلىرىنىڭ بالدۇرراق ئاخىرلىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى تۈگىمىگەنسېرى ئىچىدە جىلە بولۇپ قاتتىق ئارامسىزلىناتتى. ئۇنىڭغا سەپەرداشلىرى ئۆزىنى كەمسىتىۋاتقاندەك، مازاق قىلىۋاتقاندەك، ھاقارەت

قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئەرلىك جاسارىتىدىن، ئەركەكلىك ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، ئابدۇقۇددۇس بۇ يىل ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىردى. شۇ ياشقىچە بالا يۈزى كۆرۈپ باقمىدى. ئۇ خوتۇنى تىللا خېنىمنى قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپلارغا داۋالاتتى. قەشقەر، يەركەندىكى ئوردا تېۋىپلىرىغىمۇ كۆرسەتتى. خوتەنگىمۇ ئۈچ قېتىم ئاپىرىپ ـ ئەكەلدى. ھىندىستاننىڭ ھەكىملىرى ياسىغان دورىلارنى يېگۈزدى، شەربەتلەرنى ئىچكۈزدى. ھېچقايسىسى خوتۇنىنىڭ تۇغماسلىقىغا داۋا بولالمىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى خوتۇنىدىن باللىق بولۇش ئۈچۈن سەۋەب ئىزدەشتە بولدىيۇ يەنە بىر خوتۇن ئېلىش خىيالى كاللىسىغا كىرمىدى. ئاۋۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككىدىن، ئۈچتىن خوتۇنى بارلىقىنى دەپ يۈرۈشمەمدۇ؟! ئۇنىڭمۇ خوتۇندىن ئۈچنى ئەمەس، بەشنى، ئوننى ئالغۇچىلىكى بارغۇ بولمىسا؟! ئابدۇقۇددۇسنىڭ تۇرۇپلا خوتۇنىغا ئۆچلۈكى تۇتتى. ئۆزىگە يەنە بىر خوتۇن ئېلىش پۇرسىتى بەرمىگەن تىللاخېنىم ھەققىدە كۆڭلىدە گۇمان قوزغالدى. «جىن ـ شاياتۇنلاردەك ئەركىلەپ، ناىناقلاپ يۈرۈپ ھېلىقى ئىستتقۇ ـ سوۋۇتقۇ دېگەن نەرسىلەرنى قىلىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە ئۇ خوتۇن...».

باشقىلارغا خۇشاللىق، شېرىن سۆھبەت، ئۆزگە نۇرغۇن بايلىق، ھاجىلىق مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلغان ھەج سەپىرى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا يەنە ئۆكۈنۈش، ھەسرەت، ئازاب ئاتا قىلدى. ئەگەر ئۇ بۇ قېتىم ئون توققۇز ئايلىق ھەج سەپىرىنى قىلمىسىغان، پامىر ئېگىزلىكىدە

تۇنۇۋالغان، سەپەرداشلىرى پەرزەنتلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن بولسا، ئۇ بۇندىن كېيىنمۇ خوتۇنىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، يەنە خوتۇن ئېلىش خىيالىغا كەلمىگەن بولۇرمىدى؟!

تىللا خېنىم ئېرىنى ئات ھارۋىسى بىلەن قەشقەرگىچە ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن كۆرۈشكەندە، بېشىنى يەردىن ئېگىز قىلماي، ھاياجانلانغان بولسىمۇ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۇردى. ئەمما ئۆيگە قايتىپ، ھاردۇق سوراپ كەلگەن جامائەت تارقاپ، ئۇلار ھۇجرىسىدا يالغۇز قالغاندا، ئۆزىنى ئېرىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى، ئاياغلىرىدىكى توپىنى ئېلىپ يۈز ـ كۆز، پېشانىلىرىگە سۈرتتى. ئېرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۇستىباشلىرىنى تەكرار ـ تەكرار پۇرىدى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن كۆزيېشى قىلدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن، كۆزياشلىرىدىن ئېرىنىڭ مۇقەددەس سەپەردىن ساق ـ سالامەت كەلگىنىدىن سۆيۈنۈشىمۇ، ئېرىگە بولغان چەكسىز سېغىنىشىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خوتۇنىغا يەنە ئامراقلىقى تۇتتى. ئۇ پۇتلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان تىللا خېنىمنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە تارتتى. ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان تەشنا ئىككى تەن يەنە كۈچلۈك تەقەززالىق بىلەن بىر ـ بىرىگە چىرماشتى.

ــ سىلىنى تولىمۇ سېغىندىم، ــ دېدى بىرھازادىن كېيىن تىللا خېنىم تېز ـ تېز ئېلىشۋاتقان نەپەسلىرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، تاتلىق شىۋىرلاپ، ــ مېنىڭ ئاللاھدىن قالسا سىلىدىن باشقا تايانچىم يوق. بىر ئۆمۈر

ئاياغلىرىدا خىزمەتلىرىنى قىلىپ ئۆتسەم، سىلىنىڭ دۇئالىرىنى ئالسام ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەن رازى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. سەپەر جەريانىدىكى خوتۇنىدىن ئاغرىنىشىنى ئۇنتۇدى. «بۇ خوتۇندا نېمە گۇناھ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

تىللا خېنىم تۆۋەن كوچا مەھەللە بېگىنىڭ ئەتىۋارلىق ئىككى قىزىنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى. ئۇ ئۇن تۆت ياشقا كىرىپ، بويىغا يەتكەندە مەھەللىدىكى يىگىتلەرنىڭلا ئەمەس پۈتۈن دىغاللىدىكى، ھەتتا ئۇستۇنئاتۇشنىڭ دىغاللىغا يېقىن يۇرتلىرىدىكى توي قىلىش يېشىغا يەتكەن يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىن قىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، لەۋلىرىنى تامشىتىشىغا سەۋەب بولغانىدى. تۈن تەڭگىچە ئۆيىگە كىرمەيدىغان يىگىتلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا، ناخشا ئاۋازلىرى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى. كۆزلىرى بۇلاقتەك تىنىق، مەڭىزلىرى ئالمىلىقنىڭ ئالمىسىدەك سۇزۇك، لەۋلىرى چالا پىشقان قوقان گىلىسىدەك قىزىل تىللا خېنىم يىگىتلەرنىڭ ئۆزىنى قوغلىشىپ ئۆيىنىڭ چۆرىسىدىن كېتەلمەيۋاتقىنىنى بىلەتتى. ئۇ يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىنى چۈمكىۋېلىپ خىيالىدىن ئۆزىنى قوغلىشىۋاتقان يىگىتلەرنى بىردىن ـ بىردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە لايىق تاللايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەڭ بالدۇر كېلىۋالىدىغىنى بىر مەھەللىلىك ئابدۇقۇددۇس ئىدى. ئۇ ئابدۇقۇددۇسنى قاۋۇل، كېلىشكەن يىگىت بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ يۇرت بويىچە داڭلىق باي ئائىلىلەردىن بولغانلىقى ئىدى. تىللا خېنىمنى پاناھ تارتىپ كېلىدىغان

يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ئابدۇقۇددۇسمۇ بار ئىدى. ئابدۇقۇددۇس باشقىلار تىللا خېنىمنىڭ گېپىنى قىلىشقاندا، بولۇپمۇ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئويىنى ئېغىزلىرىدىن چىقىرىشقاندا، قىزغىنىش، كۈنداشلىق ئوتىدا پۇچىلىناتتى. مەھەللىدىكى ھەممىلا يىگىت تىللا خېنىمنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، لەۋلىرىنى تامشىتىپ، تىللىرىنى چىقىرىشاتتى. «ئادەم بالىسىمۇ ئاشۇنداق چىرايلىق بولىدىكىنا» دېيىشىپ، تامىقىنى چاكىلدىتىشاتتى. بەزىلەر ئۇنى خوتۇن قىلىپ، قوچاقلاپ يېتىش، لەۋلىرىگە سۆيۈش توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، ئابدۇقۇددۇس ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى تۆۋەن كوچىلىق ئابدۇرېھىم ئىسىملىك بىر يىگىت:

— كاساپەت ئەجەب لەۋەن چوڭ بولدى، بىر قوشۇق سوغۇق سۇ بىلەن قوشۇپ ئوتلىۋەتكىدەك، — دېۋىدى، بايىدىن بېرى ئاچچىقىنى مىڭ تەستە بېسىپ ئولتۇرغان ئابدۇقۇددۇس:

— ئاغزىڭنى يۇم، قوڭالتاق! كىمنى دەۋاتىسەن؟ ئۇنىڭ ئىگىسى بار! — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئېغىزىغا بىر مۇشت سېلىپ ئىككى تال چىشىنى لىڭشىتىپ قويغانىدى. بۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشتىن باشقىلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىشقانىدى. ئۇلار ئابدۇرېھىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئابدۇقۇددۇسقا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىن دېيىشەلمىگەنىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ تالادا ئابدۇقۇددۇس تىللاخېنىمنى ئالىدىكەن، دەپ سۆز ـ چۆچەك تارقىلىپ كەتكەنىدى. بۇ گەپتىن تىللا خېنىمدىن بەكرەك ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى

خۇش بولۇپ كېتىشكەندى. تىللا خېنىمنى ئالىمىز دەپ ئېغىزلىرىنى تاتلىق قىلىپ يۈرۈشكەن يىگىتلەر ئىشق ئوتىدا ئارمان بىلەن پۇچىلىنىپ، ئابدۇقۇددۇسقا ئۆچ بولۇپ كېتىشكەندى. ھەتتا بىرنەچچىسى بىرلىشىپ ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ، ناكار قىلىپ تاشلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشقاندا، تاياقنى ئابدۇقۇددۇس ئەمەس، ئالدىنى توسۇشقان يىگىتلەر يەپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» بولغانىدى. ئابدۇقۇددۇس ئالدىنى توسقان تۆت ـ بەش يىگىتنى ئۇرۇپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويغانىدى. شۇ ۋەجىدىنمۇ ياكى تىللا خېنىمنىڭ چېھرى ـ لاتاپىتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئابدۇقۇددۇس خوتۇنىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۆزى خالىغان ئەرگە تېگىۋالغان تىللا خېنىم بولسا، ئېرىگە ئەركىلەپ، سۆۋۈنۈپ ئۇنىڭغا ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى شېرىن مىنۇتلارنى ھېس قىلدۇراتتى. ئۆزىنىڭ ئابدۇقۇددۇس ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇسقا يازنىڭ سالقىن كېچىلىرى شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلسا، قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىمۇ قىسقا بىلىنەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئابدۇقۇددۇس مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشقا باشلىدى. دادىسى بىلەن سودا ئىشلىرى ئۈچۈن سىرتلارغا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشكە ئالدىرايتتى. بەش يىل، ھەتتا ئون يىلمۇ شۇنداق ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ تىللا خېنىم تۇغمىدى. ئابدۇقۇددۇس خۇددى ئايال كىشى ئېرى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن بالا تۇغۇشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدىغاندەك بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپمۇ باقمىدى. ئۆزىنىڭ تۇغمايۋاتقانلىقى تىللا خېنىمنىڭ كۆڭلىگە

دائىم قورقۇنچىنىڭ سايىسىنى تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ ئىبرىنىڭ تۇغمىدىك دەپ، سۆزىنى بىرىشىدىن ياكى ئۇستىگە خوتۇن ئېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. سۆزىنى بەرسە، پادىشاھنىڭ مەلىكىسىدەك راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن مەھرۇم قالاتتى. ئىبرى يەنە خوتۇن ئالسا، ئۇ ئىبرىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىگە يېرىمى تېگىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق زېھىن ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىبرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۆزىگە ئامراق قىلىشقا، ئۇنىڭ پەرزەنت تۇغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتاتتى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس سەپەردىن كېلىشىگە ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ، ئۆزىگە ئەتىر ـ ئەنبەرلەرنى چېچىپ تۇراتتى. تىللا خېنىم بۇ ئۆيگە ياتلىق بولۇپ كەلگەندىن بۇيان تېخىمۇ ئۇزلىشىپ كەتكەنىدى. بىلەك، بارماق، بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەر، خوتەننىڭ ئەتلىسىدە قەشقەرنىڭ ئۇستىلىرى تىككەن ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەر، ئۇستىبېشىدىن گۇپۇلدەپ تاراپ تۇرغان ھەرەمنىڭ ئەتىرسى، ھىندىستاننىڭ ئەنبىرى بىلەن ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، كۆڭۈل تۇلپارىنىڭ يۈگىنىنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس ئۈچۈن ئايال دېگەن تىللا خېنىملا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىمىدە بىرەر ئايالنىڭ سايىسى پەيدا بولدى، دېسە، ئۇ تىللا خېنىمنىڭ سايىسى ئىدى. ئابدۇقۇددۇسقا دادىسى نەۋرىسى بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم پۇرىتىپ ئېيتقاندا، ئابدۇقۇددۇس دادىسىنىڭ گېپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن

خوتۇنىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۇرغۇن تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ، كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغاننى قىلىپ باقتى. مانا دادىسىمۇ ئامراق ئوغلىدىن بىرەر نەۋرىسىنىمۇ كۆرەلمەي كۆزى ئارقىسىدا كۆز يۇمدى. ئابدۇقۇددۇس بولغان ئادەم مۇشۇ كۈنلەرگىچە پەرزەنتلىك بولالمىدى. ئۇنىڭ ھەجنى بىللە قىلغان سەپەرداشلىرى، بارمەسلىھەت سودا ـ تىجارەت قىلىدىغان چۆپقەتلىرى ئۇنى ئىمزاغا قويدى. ئەگەر ئابدۇقۇددۇس خوتۇن ئالىمەن دىسە، ئالالماي قالاتتىمۇ؟ خوتۇنى ئىچىدە ئاززاق ئازابلانغان بىلەن تېشىدا غىڭ ـ پىڭ قىلالايتتىمۇ؟ شۇنداق ئىكەن خوتۇندا نىمە گۇناھ بولسۇن؟! ھەممە گۇناھ ئۆزىدە. دادىسىغا ئۆزىدىن بولغان نەۋرىسىنى كۆرۈش پۇرسىتىنى بەرمىگەنمۇ ئۆزى. قىرىق بىر ياشقا يېقىنلاپ قالغۇچە بالىلىق بولالماي باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزى قىزارغانمۇ ئۆزى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. بۇ ئەقىلگە تولىمۇ كېچىكىپ كەلگىنىدىن قاتتىق ئازابلاندى. خوتۇنىنىڭ ناز بىلەن ئەركىلەشلىرىنىڭ، توختىماي يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنىڭ ئەمدى خۇش ياقماس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. «بولمىدى، پات ئارىدا خوتۇننىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، بالىلىق بولماي بولمىدى...»

66

## ئالتىنچى باب

# ئۇۋغا چىققان كۈنى

كېچىچە قېلىن قار ياغدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تۈن تەڭدىن خېلى ئۆتكىچىمۇ ئۇخلىمىدى. ئۇ ئۇخلىيالمىغانىدى. ئۇ يەنە بىر خوتۇن ئېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ گەپنى تىللا خېنىمغا نەچچە كۈندىن بېرى زادىلا دېيەلمەيۋاتاتتى. باش توخۇ چىللاشقا ئاز قالغاندا، قارنى كېچىپ ئىشكەستىگە چىقىپ كىرىپ، ئۆزىمۇ بىلمەي ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى. پۈتكۈل كائىنات ئاپپاق قارغا چۆمكەلگەن. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئات بىلەن چاقماق دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. دەريا ساھىلىنىڭ قارشى تەرىپىدىن ئاق ئات مىنگەن بۇرۇتلىرى خەت تارتقان بىر يىگىت ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا يېنىدا يانمۇيان ئاتلىق تۇرغان دادىسى: «ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ، تېزرەك بېرىپ باغرىڭغا بېسىۋال!» دېگۈدەك. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئوغلى تەرەپكە يۈگۈرگۈدەك. ئاق ئاتلىق يىگىتمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ «دادا» دەپ توۋلىغىنىچە ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. ئاتا ـ بالا غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئەمدىلا قۇچاقلىشايلى دەپ تۇرغاندا، دەريانىڭ مۇزى غاراسلاپ يېرىلىپ، سەل چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. بالا سۇغا چۈشۈپ كەتكۈدەك. ئابدۇقۇددۇس

هاجىم بالىنىڭ قولىدىن ھەدەپ كۆچەپ تارتىۋاتقۇدەك... ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بەدىنى مۇزدەك تەرلەپ كەتكەنىدى. قۇچىقىدا تىللا خېنىم كىچىك بالىدەك غەمسىز، تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇردى. تىللا خېنىممۇ ئويغىنىپ، كىيىندى ۋە ئېرىنىڭ تاھارىتىگە سۇ تەييارلىدى. بامدات نامىزىغا مېڭىۋاتقان ئابدۇقۇددۇس هاجىم خوتۇنىغا:

— ئەتىگەنده ناشتىلىقنى بالدۇرراق تەييار قىلىڭلار، ناشتىدىن كېيىن ئوۋغا چىقىمەن، — دېدى.

— سەپەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنلىرىگە ئۇزۇن بولمىدى، ئوۋغا چىقىمەن، دېگەنلىرى نېمىسى؟ — تەئەججۈپ بىلەن سورىدى تىللا خېنىم، — يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوست - بۇرادەرلەر ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ قالارمىكىن.

— بۈگۈن ئوۋ قىلغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ. كوجنا① غا بىر چىقىپ كىرەي.

— كوجنىغا كېيىنرەك چىقسىلا بولارمىكىن، هازىرچە ئۆيدە بولغانلىرى ياخشى.

ئابدۇقۇددۇس هاجىم خوتۇنىغا بۇرۇلۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى. ئەزەلدىن ئېرىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ئاچچىق ۋە زەردە بىلەن تىكىلىپ قارىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان تىللا خېنىمنىڭ تېنى شۈركىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بولىدۇ غوجام، ئىختىيارلىرى، — دېيەلىدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن ئارانلا.

① كوجنا — ئۇستۇنئاتۇشنىڭ يولچىلا كەنتىگە تەۋە يەر نامى. كۆجۈم يەر دېگەن مەنىدە.

ھەممە يەرنى ئاپپاق قار قاپلىغان. ئات تېزىغىچە كېلىدىغان قارنى كېچىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۆستۈنىئاتۇشنىڭ ئەتراپىدىكى دارا تاغ، مازار تاغدىن تارتىپ بەيساق تەرەپتىكى تاغلار، چاقماق دەرياسىنى باغرىدا بەزلەپ سوزۇلۇپ ياتقان ئاق تاغقىچە ھەممە يەر ئاپپاق. ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بۇ يۇرت ئۆستىگە ئاق يېپىنچا يېپىنىپ جىمجىت ياتاتتى. يىراقتىن نەزەر تاشلىغاندا توپ ـ توپ دەرەخزارلىقلار، ئېگىز ـ پەس يارلىقلار ئارقىلىق پاسىل ـ چېگرالىرى ئايرىلىپ تۇرغان كۆجۈم مەھەللىلەر كۆزگە تاشلىنىدۇ. يالىڭاچ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن يۇلغۇن، ئۆرۈك، جىگدە، تېرەك، سۆگەت ئوتۇنلىرىدىن ھەم سۆزگەن، چاكاندىلاردىن چىققان، قاردىن كېيىنكى پاكىزە، سۈزۈك ھاۋاغا توختىماي ئۆرلەۋاتقان كۆكۈچ ئىسلاردىن بۇ يۇرتتا جىمجىتچىلىق ئىچىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھاياتلىق نىشانىنى كۆرۈۋېلىش تامامەن مۇمكىن. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كوجىنىغا بالدۇرلا يېتىپ كەلدى. ئۇ بەرساجان قەدىمىي قۇرۇل خارابىسىنىڭ ئىزلىرى بار تۆپىلىكتە توختىدى. قاچانلاردىدۇر سەلتەنەت يۈرگۈزۈلگەن، قوغدىغۇچى لەشكەرلەر قىلىچ بىسلىرىنى قۇياش نۇرىدا يالتىرىتىپ، جان تىكىپ قوغدىغان بۇ ھەيۋەتلىك شەھەر سېپىلىنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلۈكى شۇ قەدەر سۇرلۇك ھەم غېرىب ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. سېپىل خارابىسىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى بەش ـ ئالتە غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭ ۋە ھاڭدىن باشلانغان باش تەرىپى تار، ئاياغ تەرىپى بارا ـ بارا كېڭىيىپ، تىترىگە، قومال تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى ۋە

ئىشتارچىنىڭ باش قىسىملىرىغىچە تەكشى سوزۇلغان جىلغا ۋە كەڭلىك بويەرنىڭ ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىدە ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغانلىقىدىن ۋە خارابىلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيال بوشلۇقىدا ئات ئۈستىدە شەمشىرىنى ئوينىتىۋاتقان، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن ئوقيا ۋە ساداق ئاسقان، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ، جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىۋاتقان سەركەردە سەرۋازلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك مەنزىرە پەيدا بولدى. ئۇنى سۇر باسقاندەك بولۇپ، دەرھال ئېسىنى يىغدى. قاچانلاردىدۇر كەلكۈن تۈزلىۋەتكەن بۇ يەرگە تەبىئەت يەنە ھاياتلىق ئاتا قىلغانىدى. قارنى دۈمچەك ـ دۈمچەك كۆرسىتىپ يالىڭاچ تۇرغان قۇرۇق چاكاندا، شىۋاقلار، قارغا باشلىرىنى ئەگمەي مەغرۇر تۇرغان يۇلغۇنلار توپىنىڭ ئارىلىرىدا ئارىلاپ تاغ تېكىلىرى، كىيىك ، جەرەن، ياۋا توشقانلار، يارلىقلاردا ئولجا ياكى تاپ ماراۋاتقان ھىيلىگەر تۈلكىلەر ئۇچراپ قالاتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەزەلدىن ئوۋغا خۇمار ئادەم ئىدى. بۇگۈن ئۇ يالغۇز چىققىنى بىلەن، ئادەتتە بۇرادەرلىرىدىن ياكى ئۆي خىزمەتچىلىرىدىن بىرقانچىنى بىرگە ئېلىۋالاتتى. يىراقلاردىن قىش كۈنلىرى مېھمانلىرى كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارنى مېھماندارچىلىقنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە بىللە ئوۋ قىلىشقا تەكلىپ قىلاتتى.

«شىپىر ـ شىپىر» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئاستىدىكىلا يارغا قارىۋىدى، بىر تۈلكە تاش ـ داڭگاللار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا

تۈلكە ئۇۋۇلىغۇسى كەلدى. شۇ تاپتا تۈلكىگە ئۆچلۈكى قوزغالماقتا ئىدى. تۈلكىنىڭ جۈغى كىچىك بولغىنى بىلەن، ئۇمۇ يىرتقۇچ هايۋان ئىدى. تۈلكە بۆرىلەرگە ئوخشاش هۇجۇم قىلىپ، ئولجىغا ئېرىشمەستىن، هىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتەتتى. ئۇ ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرنى ئالدىيالايتتى. ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى بىرسى ئۆزىنى تۈلكىگە ئوخشاش ئالداپ كەلگەندەك هېس قىلدى. ئاچچىق بىر ئازاب ئۇنىڭ جېنىنى ئارامسىزلاندۇردى. ئۇ ئېگەرنىڭ قوشبېشىدىكى ئوقيانى ئالدى. ئوقنى كىرىچكە دەسسىتىپ، تۈلكىنى نىشانغا ئالدى. ئۇنىڭدا ئوقنى تۈلكىنىڭ مېڭىسىگە تەگكۈزۈۋالسا ئاچچىقى بېسىلىدىغاندەك، هاردۇقى چىقىدىغاندەك تۇيغۇ بار ئىدى. قېرىشقاندەك هېلىقى تۈلكە بىر كۆرۈنۈپ قويغان پېتى غايىب بولدى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم ئۇيان ـ بۇيانغا بويۇنداپ قارىدى. تۈلكىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ خارابىلىكنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پەس تەرەپكە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى خېلى ئۇستا ئىزچىلاردىن سانايتتى. ئەمما تۈلكە راستتىنلا هىيلىگەر بولۇپ، قارنى دەسسىمەي يارنىڭ قۇرۇق يەرلىرى بىلەن مېڭىپ يوقالغانىدى. ئۇ قاتتىق جىلە بولدى. تۈلكە قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىشى مۇمكىن؟ دېگەن ئوي بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. سەل نېرىدىكى بىر توپ يۇلغۇننىڭ يېنىدا بىر جەرەن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى تىكلەپ، بىر شەپىنى سەزگەندەك، ئۇيان ـ بۇيانغا جىددىي قاراپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم ئەمدى تۈلكىنى شۇنچە تېز هەم پۇتۇنلەي ئېسىدىن چىقاردى.

دىقىقىتى جەرەنگە مەركەزلەشتى. ئۇ جەرەننى
ئۈركىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ھەم سەۋرچانلىق، ھەم
ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىرىماي بېشىنى پەس قىلىپ،
ئۆمىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ، يەنە بىر توپ يۇلغۇننىڭ
ئارقىسىغا زوڭزايدى. ئارقىدىن ئوق پۇتىنى كەينىگە
قارىغا پاتۇرۇپ سوزۇپ، جەرەننى نىشانغا ئالدى. تولكە
ئاسانلا قۇتۇلغان بىلەن، جەرەننىڭ تەلىيى كاجلىق
قىلىۋاتاتتى. پەيمانى تولغان، ھاياتتىكى يەيدىغان رىزقى
تۈگىگەن بەختسىز جەرەن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ
ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئالدىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يېقىنلاپ
كېلىۋاتاتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئوقنى ئادەتتە ئوتتۇز ـ
قىرىق چامدام يەردىكى قوناق شېخىنىڭ كۆتىچىكىگە دەل
تەگكۈزەلەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھەر ئېھتىمالغا
قارشى ئوۋنىڭ تولۇق ئولجىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن
سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىماقتا ئىدى. لېكىن جەرەن
بىرەر ناتونۇش ھىدنى سەزگەندەك، ئورنىدا چىپپىدە
توختاپ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى تەرەپكە قارىدى.
بەلكىم ئۇ كەينىگە قايتماقچى بولغان بولسا كېرەك،
ئاستا ئارقىغا بۇرۇلدى. دەل شۇچاغدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم
كىرىچنى قويۇۋەتتى. شۇ ھامان جەرەن غەلىتە بىر ئاۋازدا
مەرقىرەپ قالايمىقان تۆت ـ بەشنى سەكرەپ قار ئۈستىگە
يىقىلدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم جەرەننىڭ يېنىغا
كەلگەندە، جەرەن يەردە پۇتلىرىنى سىلكىپ، جان
تالىشىۋاتاتتى. ئوق ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىنى تېشىپ
ئۆتۈپ مېڭىسىگە كىرىپ توختىغانىدى. ئابدۇقۇددۇس
ھاجىم يېنىدىن سۆڭەك ساپلىق ئۆتكۈر پىچىقىنى
ئېلىپ، «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، ئاللاھۇئەكبەر»

دەپ، جەرەننىڭ بوينىغا سوردى. جەرەن بىرنەچچىنى خارقىراپ، پۇتلىرىنى تېپىپ قارلارنى توزۇتۇپ جىمىپ قالدى.

— بۇگۇن ئوخشىتىپ نارىن قىلىمىغلا، — دېدى ئابدۇقۇددۇس هاجىم خوتۇنىغا ئېگەرگە غانجۇغىلاپ تېڭىلغان جەرەننىڭ گۆشىنى بوشىتىۋېتىپ.

ئابدۇقۇددۇس هاجىم چارچىغانىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا كاڭ ئوچاقنىڭ يېنىغا راسلانغان كۆرپىنىڭ ئۈستىگە قىيسايدى. ئادەتتە ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئوچاقنىڭ سۇپىدىكى مورىسىغا چاپلاپ قويۇلغان ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، قىرى مۇشۇكتەك بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتەتتى. لېكىن بۇگۇن ئۆزىنى قانچە زورلىسىمۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئەكسىچە كۆز ئالدىدا هەج سەپىرىدىكى چۆپقەتلىرى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ گەپلىرىنى هاياجان بىلەن سۆزلەپ سەت كۇلۇشلىرى؛ قۇلاق تۇۋىدە يەنە شۇلارنىڭ پەرزەنت هەققىدىكى دارىتما گەپلىرى، دادىسىنىڭ ئابدۇقۇددۇس ئارقىلىق نەۋرە كۆرەلمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىپ، پۇرىتىپ ئېيتقانلىرى؛ ئەس - يادىدا مۇشۇ ياشقىچە پەرزەنت كۆرۈش خىيالىنى قىلمىغانلىقىدەك ئەخمەقلىقى ئەگىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان، ئىچىگە ئاق رەخت چاپلانغان پەنجىرىگە قاراپ، خىيالچان ياتاتتى. ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ ئەتىگەندىن باشلاپ بىر قىسما بولۇپ قالغىنىدىن غەلىتىلىك هېس قىلغان تىللا خېنىم ئېرىگە ئاندا - مۇندا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، كەچلىك نارىننى تەييار قىلىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولغىنى بىلەن،

زېھنى ئېرىدە ئىدى. «بۇ ئادەم ھەجدىن باشقىچىلا بولۇپ كەپتۇ ـ يا، تۇرقىدىن تولىمۇ خاپىغان كۆرۈنىدۇ. كۆڭلۈم بىرەر شۇملۇقنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. يېقىنىنىڭياقى قاپىقىم تارتىپلا تۇراتتى، دېگەندەك بۇ ئادەم كېلىپلا ئۆينى سۇر بېسىپ كەتتى. خاپىلىقتىن ساقلىغىن، ئىلاھىم». تىللا خېنىم ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا خوتۇن بولۇۋاتقىنىغا يىگىرمە ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، ئېرىنى مۇشۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يەنە بىر خىل ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بالىلىق بولۇش ئىشتىياقىنى شۇ تاپتا ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمىسىمۇ، ئۇ خوتۇنىغا بۇ خىيالىنى — بولۇپمۇ يەنە بىر خوتۇن ئېلىش ئويىنى قانداق دېيىش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتاتتى. قانداقلا بولمىسۇن يىگىرمە ئۈچ يىللىق قەدىناس ئايال ـ دە. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ ئويىنى قوبۇل قىلالىشى كېرەك. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بۈگۈنلا ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى خوتۇنىغا مەسلىھەت يۈزىسىدىن دەپ قويۇش قارارىغا كەلدى.

بۈگۈنكى جەرەن گۆشىدە قىلىنغان كەچلىك تاماق، سوغۇق بىر كەيپىيات ئىچىدە جىمجىت يېيىلدى. تىللا خېنىم خۇپتەن نامىزىنى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئوقۇدى. كۆڭلى بىر ئىشتىن ئۈيگەندەك بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۈچۈن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئېرىنىڭ كۆڭلىگە يۇمشاقلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق تىلىدى. ھەر ۋاقىتلىق نامىزىدىكىدەك ئاللاھدىن كۆز يېشى قىلىپ پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بەلكى بۇ تىلىكىنى

باشقا چاغلاردىكىدىنمۇ ئۇزۇن تىلىدى. ئۇ جاينامازنى يىغىشتۇرۇپ كالىڭ ئوچاقنىڭ مورىسىغا يېقىن سېلىنغان يوتقانغا ــ ئېرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتماقچى بولۇۋىدى، ئېگىز قويۇلغان ياستۇققا يۆلىنىپ، تېخى يېتىپ بولمىغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئېغىز ئاچتى.

ــ خوتۇن، ــ دېدى ئۇ تىللا خېنىمغا يا قارىغانغا، يا قارىمىغانغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل غەلىتە ھالەتتە، ــ سىلىگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

تىللا خېنىم ئېرىگە شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تىكىلدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئادەتتە خوتۇنىغا بىرەر قۇتلۇق خەۋەرنى، تەييارلاپ قويغان سوۋغاتلىرىنىڭ گېپىنى مۇشۇنداق چاغلاردا دەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر خۇشاللىقنىڭ سايىسى چۆرگۈلەپ ئۆتۈپ كەتتى. «ھەرەمدىن ماڭا ئاتاپ ياخشىراق بىرنەرسە ئەكەلگەن بولسا، شۇنىڭ گېپىنى قىلارمۇ ياكى باشقا بىر خۇش قىلغۇدەك ئىش بارمىدۇ؟». تىللا خېنىم ئېرىنىڭ ئاۋازىنىڭ سوغۇق ھەم تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىدىن باشقىچە تۇيغۇغا كەلدى. «بۇگۇنكى كەيپىياتىدىن، چىرايىدىكى سۇردىن قارىغاندا بۇ ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ياخشى گەپلەر چىققۇدەك ئەمەس». نېمىلا دېمىسۇن ئاڭلاش كېرەك ــ دە.

ــ خوش غوجام، قۇلىقىم سىلىدە.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم گېلىنى كالتە يۆتەل بىلەن بوش قىرىۋېتىپ:

ــ ئويلاپ باقسام، بالا چاغلىرىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە دادامغا ئەگىشىپ، يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇ شەھەر سودا ــ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ

يۈرۈپتىمەن. بۇ تەرىپى خوتەندىن ئۇ تەرىپى ئىستانبۇل، باغداتلارغىچە نۇرغۇن شەھەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىپتىمەن، ساناقسىز كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، بۇرادەرچىلىك ئورنىتىپتىمەن. ئاللاتائالا يول بېرىپ مەككە مۇكەررەمگىمۇ ئايىغىم تېگىپ، ھەج ـ تاۋاپ قىلىپ كەپتىمەن. دادامنىڭ دۇرۇس نىيەتتە يول باشلىشى بىلەن، نۇرغۇن يەر ـ زېمىن، مال ـ چارۋا، پۇل ـ پېچەككە ئىگە بولۇپ قاپتۇق. مانا بۇ بىز ئولتۇرغان ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جاينى بىنا قىلدۇرۇپتۇق. ئىشلىرىم دەملەردىن ـ دەملەرگە يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ھالا بۈگۈنگىچە ئىگەم بىرەر پەرزەنتكە ئاتا بولۇشنى نېسىپ ئەتمەپتۇ، ـــ ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلدى، ـــ ئىككىمىزگە ھەممە تەل بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنتىمىز يوق. قېرىغان چاغلىرىمىزدا ھالىمىزدىن خەۋەر ئالىدىغان غەمگۈزارىمىز، تىجارىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىزىمىزنى ئۆچۈرمەيدىغان ۋارىسىمىز، دۇنيارىمىزغا ئىگە بولىدىغان مىراسخورىمىز يوق، ـــ دېدى.

تىللا خېنىمنىڭ چىرايى ئۆڭدى، يۈزى قىزاردى. ئارقىدىن بىراۋ يۈزىدىن تۆشۈك ئېچىپ، قېنىنى شورىۋالغاندەك تاتاردى. تاپىنىدىن كىرگەن بىر تىترەك مېڭىسىگە چىقىپ، ۋۇجۇدىنى چالغىتتى. ئېرى ئۆزىنى «تۇغماس» دەۋاتقاندەك، خىجالەت، ئىزا، ئاھانەت ھېس قىلدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ يوغان ئىككى قولى ئۇنىڭ كارنىيىنى سىقىش ئۈچۈن ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئادەتتە ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خوتۇنىغا پەرزەنت توغرىسىدا

ئاندا ـ مۇندا ئېغىز ئېچىپمۇ تۇراتتى. لېكىن ئۇ چاغلاردا بۇگۇنكىدەك قەتئىي، سۇرلۇك، تەمكىن بولۇپ باقمىغانىدى. ھەرقانداق ئاززۇسىنى تىللا خېنىمنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، باغرىغا بېسىپ لېۋىگە، مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيۈپ، قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ ئېيتاتتى. بۇنداق چاغلاردا تىللا خېنىم ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ، نازلىناتتى، ئەركىلەيتتى. «ئاللاھ بىزگىمۇ بالا بېرىدۇ، ھەركىمگە پەرزەنت ئاتا قىلغان، تاش ـ تۇپراققا جان بەرگەن ئىگەم قىلغان دۇئالىرىمىز، سەۋەبلىرىمىز، ئەقىدە ـ ئىخلاسىمىز ئۇچۇن بولسىمۇ پەرزەنت كۆرۈشىمىزنى نېسىپ قىلىدۇ. يېقىندىن بۇيان تولا تۆمۈر ئەسۋاب، توشقان، تاۋاق، يېڭى ئاي كۆرۈپ چۈشەپ چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇزۇنغا بارماي ئېغىر ئاياغ بولىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئېرىنى بەزلەيتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ خۇددى خوتۇنى ئەتە ـ ئۆگۈنلا قورساق كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە بالا تۇغۇپ بېرىدىغاندەك، ئۇنى ئايايتتى. ئارتۇق گەپ بىلەن دىلىغا ئازار بېرىپ قويماسلىققا تىرىشاتتى. مانا ئەمدى تىللا خېنىم ئېرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ھېچقاچانقىغا ئوخشىمايدىغان ئاھاڭ ۋە تەلەپپۇزدا قىلىۋاتقان، سىلىق بولسىمۇ ئاز ـ تولا زەردە ئارىلاشقان گەپلىرىدىن ھودۇقتى. بولۇپمۇ ئېرىنىڭ ئۆزىدىكى بۇ خىجالەتچىلىكنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، قىلچە ئىچ ئاغرىتماي گېپىنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل دەۋاتقانلىقى ئۇنى قاتتىق ئەندىكتۇردى.

ــ سىلى ھەرەمدىن ئەكەلگەن مەلھەمنى تۇنۇگۇندىن

تارتىپ يېپىشكە باشلىدىم، ــ تىللا خېنىم ئېرىگە يەنە جاھىللارچە باھانە كۆرسەتمەكتە ئىدى، ــ خۇدايىم بۇيرۇسا مۇشۇ مەلھەمنىڭ پايدىسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ــ سىلى مەلھەم يەۋاتىمەن دەپ يۈرۈپ، ئۆزۈڭلارنى ئاۋارە قىلىپ، مەن خوتۇنۇم مەلھەم يەۋاتىدۇ دەپ، ئۆزۈمنى ئالداپ، ئاللاھنىڭ بەرگۈسى كەلمىگەنگە، بىزنىڭ سەۋەبلىرىمىز كار قىلماي، «خۇدا ئۆزگىنى خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۆرۈپتۇ» دېگەندەك، ئاخىرىدا، يېشىمىز كېتىپ، پەرزەنت غېمىنى يېگۈدەكمۇ ھالىمىز قالمىغاندا، ئاچچىق يۈتۈپ قالساق، «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەندەك بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم نېمە دېمەكچى بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى، تىللا خېنىم ئېرىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك، گېپىنى يورغىلىتىۋاتاتتى.

ــ دادام رەھمىتى ھايات چېغىدا، ــ تىللا خېنىم قېيىنئاتىسىنى دەۋاتاتتى، ــ خالتا كوچىدىكى پاپا① مىنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىش تەكلىپىنى ئۆزلىرىگە بەرسەم، ئاڭلىمىغانغا سالدىلا، ھېلىمۇ ئۇ بالا ھازىر بەش ياشلارغا كىرىپ قالدى. بالا قىلىپ بېقىۋالساق، بالا بالىنى چىللاپ، ئۇنىڭ ئايىغى يارىشىپ، بىرنەچچە بالىلىق بولۇپ كېتەرمىدۇق، تېخى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ جەھلى قاتتى. ئۇ ئايالىنىڭ ھەدەپ گەپنى ئەپقېچىپ، ئۇستاتلىق قىلىشىدىن جاق تويغانىدى.

ــ بالا بېقىۋېلىشقا توغرا كەلسە، قورغان

① پاپا ــ يەرلىك شىۋە. ئاچا دېگەن مەنىدە.

كۆلبىبشىدىكى ھەممە بالىنى بىقىۋالغۇچىلىكىم بارلىقىنى بىلىسىلەر، ــ ئۇنىڭ گەپلىرى دانە ــ دانە، ئاۋازى چوڭ ــ چوڭ چىقىۋاتاتتى، ــ مېنىڭ خىيالىم بالا بېقىۋېلىشتا ئەمەس، بەلكى ئۆز پۇشتۇمدىن تامغان بالىغا دادا بولۇشتا! مېنىڭ ئۆز بالامنىڭ بولۇشىنى، ئۆز بالامنىڭ مېنى «دادا» دېيىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسىلە؟! ھېلىمۇ سىلىنى بوۋگۇن تۇغۇپ قالا، ئەتە تۇغۇپ قالا دەپ يىگىرمە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ساقلىدىم. ئەمدى بەس، يېتەر...

تىللا خېنىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئېرىگە قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھەج قىلىپ كەلسە، ئېغىر ــ بېسىق، بىر ئىشلارغا ئاسان چېچىلمايدىغان، تەمكىن ئادەم بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە، بۇ ئادەم ھەجدىن خاپىغان، تېرىككەك ئادەمگە ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەنىدى. تىللا خېنىمنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغانىدى، ئېرىنى قايىل قىلىدىغان بىرەر ئەقىل تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ بارلىق كۈچىنى تىلىغا يىغىپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

ــ ئەمىسە سىلىنىڭ بىرەر ياخشى ئامالىرى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بوش يۆتىلىپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، يېقىندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈككەن خىيالىنى ئاشكارىلىدى:

ــ بولسا بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن باللىق بولۇش ئويۇم بار.

ئۆي ئىچىنى گۆردەك جىمجىتلىق باستى. تىللا خېنىمنىڭ كۆز ئالدىنى قاپقارا بىر نەرسە توسۇۋالغاندەك، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. ئەمما ئىچكى تۇيغۇسى

ئېنىق ئىدى. ئۇ يۈرىكىنى كۆنداشلىق، ھەسەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈۋاتقاندەك قاتتىق ئازابلاندى. ئېرىنى بۇ خىيالىدىن ياندۇرغۇدەك تۇزۇك باھانىگە جۈرئىتى بولمىسىمۇ، ئىچىنى پۇشايمان، مۇدھىش ئاچچىق ئۆرتەۋاتاتتى. «خەپ، خەپ... بۇ ئادەم سىرتلاردا يىللاپ ـ يىللاپ تۇرغان چاغلاردا بىرەر تۇغقىنىمىنىڭ بالىسىنى، ياق، كىمنىڭكىلا بولسا بىرەرسىنىڭ بالىسىنى ‹ئۆزۈم تۇغدۇم› دەپ بېقىۋالغان بولسامچۇ!... ئەمدىمۇ كېچىكمەيمەن ‹ھەرەمدىن ئەكەلگەن مەلھەملىرى پايدا قىلدى› دېمەمدىم؟! ئەتىيازغىچە تاقەت قىلاي، بىر ئامال قىلىپ ئېغىز ئېچىۋاتقان توي ئىشىنى كېچىكتۈرەي... ئەتىيازدا ئىشىكتىن چىقىشىغىلا بالىنىڭ كويىغا چۈشەي...»

تىللا خېنىمنىڭ خىيالىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەستىن ئارىدىكى سۈكۈتنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بۇزدى:

— قىشىچە تەييارلىق قىلىڭلار، ئەتىيازدا ئالدى بىلەن توي ئىشىنى پۈتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلىلى.

— ئۇنداق قىلساق، بەكلا ئالدىراپ قالارمىز؟ — دېدى تىللا خېنىم سەۋەب كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، — ھېچ بولمىغاندا كۈزگە قىلساق...

— ئىتى ـ مېتى دەپ تىلىڭلىنى چاينىماڭلا! قوشۇلمىساڭلا ۋە ياكى باشقا ئويدا بولساڭلا، سۆزۈڭلىنى ئېلىڭلا!...

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خوتۇنىنىڭ دەيدىغانلىرى تۈگىمەستىنلا كۈچلۈك تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقان ئاخىرقى گېپى تىللا خېنىمغا يەنە بۆلەكچە سەۋەب كۆرسىتىشكە ئورۇن قالدۇرمىغانىدى.

## يەتتىنچى باب

# «ھاجىم» كىچىك خوتۇن ئالىدىكەن

تىللا خېنىم قايسى كۈنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنى «خوتۇن ئالىمەن» دەيدۇ دەپ، خالتا كوچىدىكى ئاچىسىغا مىشىلداپ يىغلاپ، ھال ئېيتىپ، دادلاپ بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ گەپ قورغان كۆلبېشىدىكى ئۆلۈغ ـ ئۇششاق ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. قىشچە بىكارچىلىقتا زېرىكىدىغان كىشىلەرنىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. قورغان كۆلبېشىدىكى دۇكانلارنىڭ ئىچىدە، ساتىراشخانىلاردا، كىشىلەر تامغا قاقلىنىپ ئاپتاپسىنغان يەرلەردە چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممەيلەن دېگۇدەك «ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆيلىنىدىكەن، كىچىك خوتۇن ئالىدىكەن» دېگەن گەپنى گاھىلار قۇۋۋەتلەپ، گاھىلار توغرا تاپمىغاندەك قىلىپ سۆزلەپ يۈرۈشتى.

— ھەربىرلىرى ئاڭلاشلىمىكىن، — دەپ گەپ باشلىدى تۆۋەن كوچىلىق ئايال كۈنگەيگە سېلىنغان تونۇر بېشىدا نانغا زۇۋۇلا تۇتقاچ بىللە نان يېقىشىۋاتقان ئالتە ـ يەتتە ھەمراھلىرىغا، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەتىيازغا چىقىپلا خوتۇن ئالىدىغان بولۇپتۇ. بۇ گەپنى تىللا خېنىمنىڭ پاپىسىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىدىم دېسىلە.

— باشتا تىللا خېنىم ھاجىمنىڭ ئۆيلىنىشىگە قوشۇلماپتىكەن، — دېدى يەنە بىر ئايال گەپنى زۇۋۇلا

تـوتوۋاتقان ئـايالنىـڭ ئىغـىـزىدىن تـارتـىپ، ــ ھاجـىـم قوشۇلمىساڭلار سۆزۈڭلىنى ئىلىڭلا، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تىللاخېنىم غىڭ ـ پىڭ قىلالماپتۇ.

ئىككى ئايالنىڭ گەپنى باشلىشى بىلەنلا، باشقىلارمۇ بەس ـ بەستە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خوتۇن ئېلىشى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى، ھەتتا ئاڭلىمىغانلىرىنىمۇ قوشۇپ، بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ سۆزلەپ كېتىشتى.

ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم شۇنچە باي تۇرۇپ، ھېلىمۇ بىر تىللا خېنىمغا قانائەت قىلىپ ئولتۇردى ئەمەسمۇ؟

ــ ئەگەر تىللا خېنىمدىن بالا يۈزى كۆرگەن بولسا، ئۆيلىنىشنىڭ گېپىنى قىلمايدىكەندۇق. ھاجىم خوتۇننىڭ گېپىنى قىلغاندا دەسلەپتە تىللا خېنىم جاھىللىق بىلەن قوشۇلماي، ئۆلىمەن، كۆرىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. كېيىن ھاجىم بوپتۇ، ئۆيلەنمىسەم ئۆيلەنمەي، ئەمما سىلى بالا تۇغۇپ بېرىڭلا، يا تۇخۇم تۇغماي، يا كاتەكنى بىكار قىلماي جاھىللىق قىلىۋەرسەڭلا ئۆمۈر بويى بالىلىق بولالمىغۇدەكمىز دەپتىكەن، تىللا خېنىمنىڭ ئىغىزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ.

ھەممە ئايال ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىشىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازى تۆۋەن كوچىنى بىر ئالدى. ئاياللار غەيۋەتنى يەنە داۋام قىلىشتى.

ــ ھوي خوتۇنلار، بوشراق كۈلۈشسىلە، ھېلى بىكار ئەرلىرىڭلار ئاڭلاپ قالسا، كۈلىدىغان يېرىڭلارنى چاپلىۋەتمىسۇن.

ــ ئوھوش، ئادەمگە قورقاق سالمىسىلا، خېنىم. سىلىمۇ تازا كۈلۈۋاتىلىغۇ!

ئۇلار بىرھازا كۈلۈشۈپ، ئەسلىي گەپكە كېلىشتى.

ــ بىر ئۆي دېگەندە بالا بولمىسىمۇ، بايلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى. ئەسلىي بۇ گەپنى تىللا خېنىم بالدۇرراق ئۆزى دېيىشى كېرەك ئىدى.

ــ تىللا خېنىم دېمەيدۇ. ئۇ ھاجىمنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ باشقا خوتۇندىن بولغان ئۆگەي بالىغا قېلىشىغا چىدىمايدۇ.

ــ تىللا خېنىم پاپىسىغا ئەسلىي مەن تۇغماس ئەمەس، ھاجىم ئۆزى تۇغماس دەپتىغۇ؟

ــ ئەگەر بۇ گەپنى ھاجىم ئاڭلاپ قالسا، تىللا خېنىمنى چانىۋېتەر.

ــ ھاجىم ئۆزى ئوبدان ئادەم. ئوبدان بولمىسا، خوتۇننى تۇغۇپ قالار دەپ يىگىرمە نەچچە يىل سەۋر قىلىپ ئۆتەمتى.

ــ راست ئېيتىىلا، ھاجىم تولا باغرى يۇمشاق ئادەم. يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. ئاغرىق ـ سىزلاقلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ. دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىدۇ. ئىشقىلىپ بۇ ئادەم يۇرتىمىزنىڭ يارىشىقى، مەھەللىمىزنىڭ سۆلىتى.

ــ ھوي خوتۇن، ھاجىم، ھاجىم دەپ تامشىپ كېتىپ بارىلا، قىز چاغلىرىدا ھاجىمدىن تەمەلىرى بولمىغان بولغىيتى؟ ئىسمائىلئاخۇن ئاڭلاپ قالمىسۇن جۇمۇ. ئەركىشىنىڭ كۆنچىلىكى خوتۇن كىشىنىڭ بوينىغا دار.

ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشتى.

ــ قالايمىقان گەپ قىلمىسىلا، خېنىم! پېشانىمىزگە ئىسمائىلئاخۇن پۈتۈلۈپتىكەن، تاھارىتىگە سۇ بېرىپ، پېشىدا ناماز ئوقۇپ، دۇئاسىنى ئېلىپ بىر ئوبدان كۈن ئېلىپ كېتىپ بارىمىز.

ـــ ئەمىسە ھاجىمنى ئەجەب ماختاپلا كەتتىلىغۇ؟
ـــ ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلغاندىن ياخشى گېپىنى قىلغان تۈزۈكمىش، ساۋاب بولىدۇ، دەيدۇ.
ـــ ھوي خوتۇنلار، ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق، بۇ يىل ئەتىياز بولغاندا قايسى قىزنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قونار؟
ـــ شۇنى دەيمەن، ھاجىمنىڭ قولىدىن ئۇچقان بەخت قۇشى كىمنىڭ ھويلىسىنى ئەگىۋاتقاندۇر؟
ـــ بۇ تەلەي كىمگە نېسىپ بولسا، شۇ كۈندىن تارتىپ خېنىم بولىدۇ. راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتىدۇ، بىر نەچچە خىزمەتكار ئالدىدا پايپېتەك بولىدۇ.
ـــ ئۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتمەيدۇ. تىللا خېنىم بوش خوتۇن ئەمەس، ئۇ شورى قۇرىغان بىچارە يېڭى كېلىنىنى ئۆزىگە دېدەك قىلىۋالمىسىلا مەيلىغۇ.
ـــ بۇ ئىشنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ، خوتۇنلار.
ـــ كىمدىكىم بولسۇن ياخشى كۈن كۆرسۇن.
ـــ ئاللاھ ھەركىمنىڭ دىلىغا ئىنساب، ديانەت، ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن!

قىشچە قىزلىرى رەسىدە بولغان ئاياللار قىزلىرىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە يۆيۈپ ـ تاراپ ياساندۇردى. ئۇلار ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ نەزىرى چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىن قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەچچە ئۆتۈشتى. بىر ئىشلارغا باھانىداپ ئۇنىڭ ئۆيىگىچە بېرىشتى. قىشچە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھال ئېيتىدىغانلارنىڭ، ئۇنى ـ بۇنى سورايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى دېسىمۇ بولىدۇ. ئانىلارنىڭ كۆڭلىنى يامان

دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇلارمۇ قىزلىرىنى باياشات ياشىسۇن، ياخشىراق كۈن كۆرسۇن دەپ ئويلايتتى. يۈرەك پارىلىرىنىڭ يوقسۇزلۇق، نامراتلىق، ئاچ - زېرىنلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەتىياز كېلىشى بىلەن تەڭ قورغان كۆلبېشىدا «ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆزىنىڭ ئاق تاغدىكى قوتىنىغا يېقىن يەردە تۇرىدىغان مالچىسى ئىگەمبەردىنىڭ قىزى مۇنەۋۋەرنى ئالىدىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. لېكىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن مۇنەۋۋەرنىڭ تويى بولغىچە قورغان كۆلبېشىدا ئېغىزنى قۇلاققا يېقىپ دېيىلىدىغان ئانچە - مۇنچە سۆز - چۆچەكلەرمۇ بولۇپ تۇردى.

— ھاجىم ئەجەبا ئۆزىگە خىل كەلگۈدەك يەرگە ئەلچى ئەۋەتمەي، مالچىسىنىڭ قىزىنى ئالىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دېسە؟

— مەنمۇ ھەيران، يۇرتىمىزدا تىرناقتا توختىغۇدەك نى - نى قىزلار بار بولمىسا، ھاجىمنىڭ باشقا ئويلىغىنى باردۇ بەلكىم.

— ھەرقانچە ئويلىغىنى بولسىمۇ...، مېنىڭ ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ياكى ھاجىم ئۇ قىز بىلەن بۇرەر ناشايان ئىشنى...

— ئېغىزلىرىنى يۇمسىلا، تۆۋە دېسىلە!

— ھاجىم يەنە باللىق بولالماي قالسا، سەۋەب كۆرستىشكە ئاسان دەپ ئويلىدىمۇ - يا؟

— بىر نېمە دەپ بولمايدۇ...

— ...

# سەككىزىنچى باب

## كۆنداشلار

گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلغان، دەل ـ دەرەخلەر يېشىل تون كىيگەن، ئېرىقلارغا سۈلار تولۇپ ئاققان، ئۈستۈنئاتۇش خۇش پۇراقلارغا تولغان مىلادىيە 1683 ـ يىلى ئەتىيازدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كاتتا توي بېرىپ، ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن مۇنەۋۋەرنى ئەمرىگە ئالدى. كىشىلەر قىشتىن ئەتىيازغا ئۆلىشىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان يەنە بىر يېڭى يىلغا ئاتلانغان بولسىمۇ، بەزىلەرنىڭ كاتلىرىنىڭ قۇرۇقدۇلۇپ قالغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. توي باھانىسىدا ئۇلارمۇ تويغۇدەك يەپ ـ ئىچىشتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ يۇرت ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەچكە، تويدا ئالىقىنىنى خېلى چوڭلا ئېچىۋەتتى. پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە بىر كۈن بولسىمۇ مەمۇرچىلىق ئېلىپ كەلگەن بۇ توي ھەممىنى خۇشال قىلغىنى بىلەن تىللا خېنىمنى كۆچلۈك ئازاب ئوتىغا تاشلىغانىدى. ئۇ تويدا قېلىن سېلىنغان تەتىللا كۆرپىدە چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئولتۇرۇپ، باشقىلارغا ئۇنى قىلىڭلار، بۇنى قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئىچىدىكى ئازابىنى ئۆزى بىلىۋاتاتتى. دەرۋازا بېشىدا مۇقام ئاھاڭىغا چېلىنىۋاتقان سۇناي، ئۇرۇلۇۋاتقان ناغرا ئۇنىڭغا توي

تەنتەنىسى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئازابىغا شادىيانە قىلىۋاتقاندەك ئاچچىق تۇيغۇ ئاتا قىلىۋاتاتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ يوغان قەدەملىرى بىلەن يەرنى گۈس – گۈس دەسسەپ، خۇش ھالدا مېھمانلارنى كۈتۈشلىرى ۋە ئۇزىتىشلىرى ئۇنىڭغا ئېرى ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى. تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنەۋۋەر پەيدا بولاتتى. ئاق تاغ باغرىدا، چاقماق دەرياسىنىڭ ساھىلىدا، قوتاننىڭ يېنىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئەسكى ئۆيدە تۇغۇلۇپ، مال ـ چارۋا ئارىسىدا بۇرنىنى شىرت ـ شىرت تارتىپ، پۇتلىسىنى قولىنىڭ دۈمبىسىدە ئېرىتىپ چوڭ بولغان بۇ قىز ئەمدىلىكتە ئۆزىگە كۈنداش بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنى مۇنەۋۋەر خېنىم دەپ ئاتاشنى ھار ئېلىۋاتاتتى، تىلى كۆيمىگەندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. تۇرۇپ يەنە ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مەرتىۋىلىك بىر ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلمىغانلىقىدىن مەمنۇنمۇ ئىدى. ئەگەر مۇنەۋۋەر ھۆرمەتكە نائىل بىرەر ئائىلىنىڭ قىزى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالايتتى. بىرنى دېسە ئىككىنى دەيتتى. چىرايىنى، يېشىنى پەش قىلىپ زاكۇنلىشاتتى. ھەرنېمە بولسا مۇنەۋۋەر بۇ ئائىلىنىڭ چاكىرىنىڭ قىزى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ. گېزى كەلسە تاھارەتكە سۇ تەييارلاپ، پۇتلىرىنى يۇيۇپ قويىدۇ. ئالدىدا بويۇن تولغاشقا، دېگىنىنى قىلماسلىققا ئامالى يوق. بىرنى تۇغۇپ بەرسە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تۈگەيدۇ، دېگەن گەپ. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يامانلاپ يۈرۈپ، كەشىنى توغرىلىسىمۇ توغرىلىيالايدۇ.

تۇن كىچە. ئەتىگەندىن بېرى بۇ ھەشەمەتلىك قورۇنى ئاۋات قىلغان كىشىلەر ئاللىبۇرۇن تارقاپ كېتىشكەن، يەڭگە بولغانلارمۇ، خىزمەتكارلارمۇ شېرىن ئۇيقۇدا. تىللا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئازادە قورۇ گۆردەك تىنىچ قاراڭغۇ ھەم سۈرلۈك. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ياتار مەھەلدىلا تىللا خېنىم تۇرۇۋاتقان مۇشۇ قورۇغا ئۇچمۇ ئوخشاش قىلىپ ياسالغان ھەم ئايرىم دەرۋازىسى، ھەم باغ تەرەپتىن مۇشۇ قورۇغا چىققىلى بولىدىغان دەرۋازىسى بار يەنە بىر ھويلىغا ـــ مۇنەۋۋەرنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەن. ئۆزىگە يىگىرمە تۆت يىل ھارارەت ئاتا قىلغان تەن ئەمدى باشقا بىر ئايالنىڭ باغرىدا. لەۋلىرىگە تاقەتسىزلىك بىلەن سۈركىلىپ، شېرىن گەپلەر بىلەن تېنىنى ئېرىتىدىغان تومـ ـ تومـ لەۋلەر ئەمدى باشقا بىرسىنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئۈستىدە. تېنىنى يىگىرمە تۆت يىل قۇشلىغان مەزمۇت بىلەكلەر ئەمدى باشقا بىر ئايالنىڭ بەللىرىدە، بويىنىدا...

ئۇنىڭ يىگىرمە تۆت يىللىق ئەقىدىسى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ھەرەمدىن كېلىشى بىلەن ۋەيران بولدى، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خوتۇن ئېلىش خىيالىنى توسۇپ تۇرغان مۇستەھكەم بىر تام گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. ھاجىمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلگەن ئاياللىق نازاكىتىگە يامانلارنىڭ كۆزى تەگدى. مانا ھاجىم بىراقلا كەينىگە بۇرىلدى ـ دە، تىللا خېنىم ناھايىتى تەستە قوبۇل قىلىدىغان بۇ قارارنى چىقاردى. ئۆزىدىن ھەردەم كۆزىنى ئۈزەلمەيدىغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بۈگۈن كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماي، يان تەرەپتىكى يەنە بىر ھويلىغا ـــ مۇنەۋۋەرنىڭ يېنىغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئاھ، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟! تىللا خېنىم يۈرىكىنى مەھكەم قامال‌لىدى. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاغا چۈشتى. پەنجىرىدىن سىرتقا قارىدى. سىرت قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ قانچە دىققەت بىلەن قارىغان بولسىمۇ، يەنە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرەلمىگىنى بىلەن كۆڭلى ھەممىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىدى. ئۇ پەنجىرە ئالدىدا تىزلىنىپ قالدى. قۇلاق تۈۋىدە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ھاسىراشلىرى، مۇنەۋۋەرنىڭ نازلىق شىۋىرلىشى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئىڭراشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. تىللا خېنىمنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن كەلگەن ئازابلىق نىدا ئۇنىڭ بوغۇزىغا پاتمىدى. «ئاھ، خۇدا! ئايال قىلىپ ياراتتىڭ، ھۆسن ـ جامال، چېھىر ـ لاتاپەت، ئەقىل ـ پاراسەت ئىلتىپات قىلدىڭ! نېمىشقىمۇ ئاشۇ ئىت ـ مۈشۈكلەرگە بەرگەن ئانا بولۇش شەرىپىنى مەندىن ئاياپ قالغان بولغىيتتىڭ؟!». تىللا خېنىم ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، مىدىرلىيالمىدى. كۆنداشلىق، ھەسەت ئوتىنىڭ جاننى قاقشىتىدىغان ئازابى ئۇنىڭ ماجالىنى قويمىغانىدى. ئۇ زەئىپ ئاۋازدا توۋلىدى:

ـــ قايسىڭ بار؟!

ـــ مانا ھازىر.

يان ئۆيدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرگەن بىر چوكان ئۇنى يۆلىدى...

ئەتىگەندە ناشتىلىق تولىمۇ مول تەييارلانغانىدى. داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خون ئاق نان قويۇلغان بولۇپ، ناننى مەركەز قىلىپ ئەتراپىغا قىشچە گەمىدە ھازىر ئۈزگەندەك ساقلانغان قارىكۆسەي قوغۇن، تاۋۇز

سۈيى، كۆك ئاموت؛ ھەر خىل قورۇق مېۋە ـ چىۋىلەر؛ سېرىق ماي، قېتىق، قايماق؛ بېھى، قارا ئۆرۈك، ئالما مۇرابباللىرى؛ ئانار شەربىتى... قاتارلىقلار تىزىلغانىدى. بىر ئايال جانان چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، يەنە بىر ئايال ئەكىرىپ تۇرۇۋاتقان گۆش بېسىلغان پولۇ، ئوچاقتا ياققان پېتىر، پاقلان گۆشى، شورپىغا سېلىنغان، قىلدەك كېسىلگەن ئۈگرە قاتارلىق تائاملارنى داستىخانغا ئەدەپ بىلەن تىزاتتى. توروس ۋە تاملىرى ياغاچ، گەج ئويما قىلىپ زىننەتلەنگەن ساراي ئۆيدىكى خوتەننىڭ ئوتقاشتەك پەتنۇس نۇسخىلىق گىلەمنىڭ ئۈستىگە ھازىرلانغان داستىخاننى چۆرىدەپ سېلىنغان تەتىللا كۆرپىدە تۆردىن باشلاپ تىللا خېنىم، مۇنەۋۋەر ۋە تىللا خېنىمنىڭ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرى، يۇرتتىكى ئۆلىما، بەگلەرنىڭ ئاياللىرى قاتارلىقلار ئولتۇرۇشقانىدى. مۇنەۋۋەرنىڭ بىرقانچە دوستلىرى پەگا تەرەپتە ئولتۇراتتى. ئادەتتە ھەرقانداق بىر يىغىلىشتا تۆرنى قولدىن بەرمەيدىغان تىللا خېنىم ئۆز ئۆيىدىمۇ تۆردە مۇنەۋۋەرگە بىلىنەرلىك كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ كەيپى ناچار، كۆزلىرى قىزارغان، خالتىلىشىشقا باشلىغان قاپاقلىرى بۆرتۈپ چىققان، چىرايى تاتىراڭغۇ ئىدى.

تىللا خېنىم مېھمانلارغا «ئېلىشىلا ـ بېقىشىلا» دېگەن تەكەللۇپنى قىلىش باھانىسىدا مۇنەۋۋەرگە مۇنداقلا نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇ كۆزىنى ئۇنىڭغا قانداق تېز ئاغدۇرغان بولسا، شۇنداق تېز قاچۇردى. ئەمما ئىچىدە دەقىقە ئارىلىقىدا قوزغالغان ھەيرانلىق ئۇنى مۇنەۋۋەرگە يەنە بىر قېتىم زېھنى بىلەن قاراشقا مەجبۇر

قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى مال ـ چارۋىلار ئارىسىدا چوڭ بولغان توڭگىرلىق، ھېلىقى ئىگەمبەردىنىڭ بۇرنىدىن پوتلىسى ئىقىپ تۇرىدىغان شۇمى ئەمەس، ھېلىلا جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەر دۇنياسىدىن كەلگەندەك گۈزەل، لاتاپەتلىك بىرى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارقاپ تۇرغان ئەنبەرنىڭ كۈچلۈك ھىدى مانا ئەمدى تىللا خېنىمنىڭ دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزى ئويلىغاندەك مال ـ چارۋا چۈپچۈرىنىڭ ھىدى ئەمەس ئىدى. شايى ـ ئەتلەسلەرگە چۈمكىلىپ، يۈزىنىلا ئوچۇق قويغان مۇنەۋۋەرنىڭ كۈن نۇرىغا تويۇنۇپ پىشقان توغاچتەك ئىككى مەڭزى، ئۇيات يۈزىسىدىن تال ـ تال ئۆزۈن كىرپىكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ھەدەپ مېھمانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان ئاھۇنىڭكىدەك مەسۇم، غەرەزسىز بىر جۈپ كۆزى، چىڭراق نەپەس ئېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىۋاتقان تاشقونچاقنىڭكىدەك چىرايلىق بۇرنى، پەردازسىز، ئەمما گىلاستەك قىزىل يۇمران لەۋلىرى تىللا خېنىمنىڭ ھەسەت دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىنى شالاقلىتىپ، ئۆچمەنلىك ئوتۇنىغا ئوت يېقىۋەتكەنىدى. تىللا خېنىمنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئوت پۈتۈن تېنىنى شۈركەندۈرۈپ، مېڭىسىدە توختاپ قىزىتىشقا باشلىدى. «تۆۋە قىلدىم خۇدايىم، تۆۋە. بۇ جىن ـ شاياتۇنمۇ ياكى ئاشۇ مەن بىلىدىغان، كۈندە كۆرمىسەممۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر كۆرۈپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر شۇمۇ؟ نېمانچە چىرايلىق پاسكىنا بۇ! ‹ئادەم سەت ئەمەس، كىيىم سەت، دېگىنى مۇشۇ ئىكەندە. بىزنىڭ ئاۋۇ ئادەمنى ئالجىدىمىكىن دەپ يۈرۈپتىمەن تېخى. ئۇنىڭ بۇ

جۇۋاينىمەككە كانىدەك چاپلاشقىنىنىڭ ۋەجى شۇ ئىكەن
ئەمەسمۇ؟!». ئۇنىڭ ئېغىزى چاشقانىنىڭ تۆشۈكىدەك
ئېچىلىپلا قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئىشكاپتىكى تاش ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى مۇنەۋۋەر بىلەن
سېلىشتۇرۇپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، مېھمانلاردىن
نومۇس قىلدى. ئۇ كۈندە بىر ئەينەككە قاراش ئادىتىنى
تاشلىمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىرايىغا تازا ئوبدان
قارىمىغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.
«بەلكىم قېرىپ كەتكەندىمەن، قىز چاغلىرىمدىكى
ئابدۇقۇددۇس ھاجىم باشلىق يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلغان
رۇخسارىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغاندۇ. كۆزلىرىمنىڭ گۈنى
ئۆچكەندۇ، پېشانە، كۆز جىيەكلىرىمگە قورۇقلار
قونغاندۇ.» تىللا خېنىمنىڭ كۆز ئالدىغا چىرايى
مۇردىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق، لەۋلىرى ئۆمۈچۈك تورى
شەكلىدە يېرىلغان، شالاڭ، سېرىق چىشلىرىنى
ھىڭگايتىپ، ئارىنىڭ تىلىلىرىدەك ئورۇق، ئۇزۇن،
تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بارماقلىرىنى تەڭلىگىنىچە
بىر ئايال تۇرغاندەك بىلىندى. يەنە كېلىپ ئۇ ئايال
ئۆزىدەك تېنى شۈركىنىپ كەتتى. تىللا خېنىم كېچىچە
كۆزىنى ئېلىپ باقمىغانىدى. ئۇ «ۋايجان!» دېگىنىچە
ئورنىدىن تۇرۇپ سۇپىدىن پەگاغا سەكرىدى ۋە
ئولتۇرغانلارغا قاراپ: «ئالۋاستى، ئالۋاستى... ئاۋۇ
ئالۋاستىنى پىچاق، سۇپۇرگە بىلەن ھەيدەڭلار!» دەپ
توۋلىدى. ئاندىن مۇنەۋۋەرگە قولىنى چىنەپ تۇرۇپ: «ھۇ
ئالۋاستى، سەن ئۆيىمىزگە ئالۋاستىنى باشلىدىڭ!...» دەپ
تىل سالغىنىچە ھوشىدىن كەتتى.
ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن

كېيىن ساراي ئۆيگە يۈگۈرگىنىچە كىردى. تىللا خېنىمنى باشقىلار بىلەن يۆلەشتۇرۇپ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە هازىرلانغان كۆرپىگە ياتقۇزۇپ، دەرھال قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپقا ئادەم ماڭغۇزدى. تېۋىپ هايالشمايلا يېتىپ كېلىپ، تىللا خېنىمنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چېچىپ هوشىغا كەلتۈردى. تىللا خېنىم كۆزلىرىنى يوغان بىر ئاچتى ـ دە، يەنە يۇمۇۋالدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. تىللا خېنىم ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە ئۇخلىدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا بىر هازا قاراپ تۇردى. ئۇ تىللا خېنىمنىڭ ئۇخلىغان چاغدىكى هالىتىنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

ــ بىرەر چوڭ ئىش يوقتۇ؟ ــ ئابدۇقۇددۇس هاجىم جىددىيلىشىپ قالغانىدى، ــ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەن بولسىلىرى، تەقسىر.

تېۋىپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ: «بۇ خوتۇن هاجىمنىڭ مۇنەۋۋەرگە ئۆيلەنگىنىنى قوبۇل قىلالماپتۇ ـ دە، بەكلا ئاچچىق يۇتۇپ كېتىپ قاپتۇ.» دەپ ئويلاۋاتقاندا تىللا خېنىم ئويغاندى. تېۋىپ باشقىلارنى چىقىپ كېتىشكە كۆز ئىشارىسى قىلدى. ھەممىيلەن يۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، تېۋىپ ئۇلارغا قاراپ دېدى:

ــ خېنىم يېقىندىن بېرى توي ئىشلىرى بىلەن هېرىپ قاپتۇ، باشقا چوڭ ئىش يوق، هەربىرلىرى خاتىرجەم بولۇشقايلا. بۇنى خېنىمنىڭ ئائىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تولا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئىسىل ئايال ئىكەنلىكىدىن دەپ چۈشەنگۈلۈك.

تېۋىپ گەرچە چىقىپ كەتكەنلەرگە شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن، تىللا خېنىمنىڭ ئىچىدىكى ئازابىنى ئالللىبۇرۇن بىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ــ خېنىمنى يۆلەپ، ئۆرە قىلايلى.
تېۋىپنىڭ شۇ گەپنى قىلىشىغا تىللا خېنىمنىڭ پۈتمنى تۇتۇپ «بۇ ئۆيگە ئالدىم ياراشمىدىمۇ نېمە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىپ ئولتۇرغان مۇنەۋۋەر ۋە خوتۇنىنىڭ بېشىدا جىددىيلىشىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىملار دەرھال ئۇنى ئۆرە قىلىپ بېلىگە ياستۇق يۆلىدى.
تىللا خېنىم ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، تېۋىپقا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، مۇنەۋۋەرگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى. تېۋىپ تىللا خېنىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە زېھىن قويۇپ تىكىلىپ، ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىگە ئاساس تۇرغۇزاتتى. مۇنەۋۋەر تىللا خېنىمنىڭ قەھرىلىك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھۇپپىدە قىزارغىنىچە يەرگە باقتى. لېكىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئەس ــ يادى تېۋىپنىڭ نېمە دېيىشىدە ئىدى. تېۋىپ تىللا خېنىمنىڭ تومۇرىنى بىر ئۇزۇن تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا قاراپ:
ــ خېنىمغا ھېچ ئىش بولماپتۇ، چارچىغانلىقتىن نېرۋىسى جىددىيلىشىپ قاپتۇ، بىرنەچچە كۈن ئوبدان ئارام ئالسا، باشقا ھەرقانداق ئىشنى خىيالىغا يولاتمىسا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، ــ دېدى.
تېۋىپنىڭ سۆزىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقان بولسىمۇ، تىللا خېنىمنىڭ تازا رازى بولغىنى كەلمىدى. ئۇ بايا راستتىنلا قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنى ئاغرىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېرىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئېتىبارىغا ئېرىشىش ئويىدا بولۇۋاتاتتى.

ــ ئوبدانراق كۆرۈپ باققان بولسىلىرى، ــ تىللا خېنىم تېۋىپقا تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى، ــ شۇ تاپتا تازا سۆلۈم يوق. ھېچبولمىغاندا بىرەر ياخشى دورىلىرى بولسا بەرسىلە.

تېۋىپ تىللا خېنىمغا بىردەم جاۋابەن تىكىلدى ۋە تىللا خېنىمنىڭ قاراپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئۆكتەملىكىگە ئاچچىقى كەلدى. بىردەمدىن كېيىن ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ:

ــ سىلىنىڭ دەردلىرىنىڭ داۋاسى ئۆزلىرىدە. سىلى پېقىرلىقنىڭ يىلتىزى بىلەن كەمتەرلىكنىڭ يىلتىزىنى قوشۇپ، توۋىنىڭ ھېلىلىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، رىزالىقنىڭ ھاۋانچىسىدا سوقۇپ، ئۇنى تەقۋالىقنىڭ قازىنىغا سېلىپ، ھايانىڭ سۈيىدە، مۇھەببەتنىڭ ئوتى بىلەن قايناتسىلا. ئاندىن شۈكرىنىڭ قاچىسىغا قۇيۇپ، ئۈمىدنىڭ يەلپۈگۈچىدە بىرئاز سوۋۇتۇپ، ھەمدۇسانانىڭ قوشۇقى بىلەن ئىچىپ بەرسىلە، دەردلىرىگە داۋا، تەنلىرىگە شىپا بولىدۇ، ــ دېدى.

تېۋىپ «خۇش مەن ماڭاي، ئاللاھ ئاسانچىلىقنى بەرگەي!» دەپ ئۇزاۋاتقاندا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم، تىللا خېنىم، مۇنەۋۋەرلەر بىر ـ بىرىگە خېلىغىچە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قېلىشتى. تىللا خېنىم تېۋىپنىڭ نېمە دېگىنىنىڭ تېگىگە يەتتى بولغاي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تېۋىپ چىقىپ كەتكەن ئىشىككە غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى.

تىللا خېنىم شۇ تۇرۇپ كەتكەنچە ئاغرىپمۇ قالمىدى. ئەمما يۈرىكىنى سىقىپ، ئىچىنى ئاچچىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر تۇيغۇنى ئۆزىدىن زادىلا نېرى قىلالمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ بىر ھەپتىنىڭياقى مۇنەۋۋەر بىلەنلا بولۇپ، خۇددى تىللا خېنىم بۇ ئۆيدە يوقتەك، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قارايمۇ قويمىدى. ئاۋۋال ئاخشام بولغىچە ئاران تاقەت قىلىدۇ ـ دە، غىپپىدە ياندىكى قورۇغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تىللا خېنىم بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبكارى مۇنەۋۋەر دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىق تىلىدىن تېمىپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن سەھەرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنەۋۋەرنىڭ قورۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ قورۇسىغا ئۆتىدىغان دەرۋازا ئالدىدا مۇنەۋۋەرنى ساقلىدى. ئەتىگەندە ھېچنېمىدىن بىخەۋەر بۇ ھويلىغا ئۆتۈۋاتقان مۇنەۋۋەر تىللا خېنىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قورۇنۇپ، ھودۇقۇپ تۇرۇپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالام خېنىم، سالامەت تۇرۇپسىزمۇ؟

تىللا خېنىم مۇنەۋۋەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماقتا يوق، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ، قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ھېلى ياغىدە يىغلاپ تاشلايدىغاندەك تۇرغان مۇنەۋۋەرنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا سىلكىشلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى بېقىنىغا ئىككى قولىنى تىرەپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ قائىدە بىلگۈدەك بولۇپ قاپسەن ـ ھە؟! ئەتىگەندە ئوغامنى قايىنتىپ قىلىپ كەتكەن سالاملىرىڭدىن ئۆرگىلەي! ھوي، دېگىنە قېنى، ئادەممۇ سەن نېمە؟ قوي ـ كالىلار بىلەن بىرگە تۇرۇپ، ئەقلىڭ شۇلارنى تارتىپ كەتكەنمۇ ـ يا؟! سەن مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟

بىلەمسەن، سەن دېگەن كىچىك خوتۇن! بىر ھەپتىنىڭياقى گەپ قىلمىسام، ھاجىمنى كاتىكىڭدىن چىقارمايسىنا! بىلىپ قوي جۇۋاينىمەك، بىر يەرلىرىنى دېمەيدىغان بولسام ھازىرلا قوتانغا ھەيدەيتتىم.

— ھاي - ھاي، ئەتىگەندە نېمە بولدۇڭلا، — تىللا خېنىمنىڭ مۇنەۋۋەرنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭغىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ، بىرەر ئىشنى پەرەز قىلغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆيگە كىرگەندى، — نېمىگە ئاچچىقلىنىپ، نېمىگە شۇنچە چېچىلىسىلە.

— ماۋۇنىڭغا ئازراق قائىدە بىلدۈرۈپ قويۇۋاتىمەن، — تىللا خېنىم ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، ئېرىگە بۇرۇلدى، — ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى دەپ بېرىۋاتىمەن.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تىللا خېنىمنىڭ مۇنەۋۋەرنى ھاقارەتلەپ دەۋاتقان سۆزلىرىنى دەرھال چۈشەندى ۋە تىللا خېنىم ئۆزىنىمۇ قوشۇپ ھاقارەت قىلىۋاتقاندەك غەزەپلەندى. لېكىن ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن ئاز كۆرۈلىدىغان بىر سالماقلىق بىلەن ئاچچىقىنى بېسىۋالدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇمۇ بىر ئايال كىشى دېگەننىڭ ئىچى ئاشۇنداق تار بولىدۇ. چىدىماس بولىدۇ. كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلى ھەممىنى يوققا چىقىرالايدۇ. ئۆزىنىڭ ياخشى كۈنلىرىنى، ئىلگىرىكى ياخشى گەپلەرنى ۋە باشقا بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇيدۇ. بەلكىم ئۇمۇ چىدىماسلىق قىلىۋاتقاندۇ. ئەڭ ياخشىسى بىرىنى كۆتۈرۈپ، بىرىگە ئۇۋال قىلىپ قويمىغان تۈزۈك. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىردىنلا سىپايىلىشىپ قالدى.

— قاق سەھەردە چېچىلماي، ئۆزەڭلىنى بېسىۋېلىڭلار، ئاچچىقتىن ھېچ ياخشىلىق بولمايدۇ.

سىلى مېنىڭ قەدىناس خوتۇنۇم، سىلى دېگەن ئۆيىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئادىمى. ئەمدى ئاللاھنىڭ رىزالىقى بىلەن مۇنەۋۋەرنىمۇ ئەمرىمگە ئالغانىكەنمەن ئۇمۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، ئۆيىمىزنىڭ بىر ئادىمى. ئۇ بۇرۇن كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هازىر مېنىڭ خوتۇنۇم بولدى. ئۇنىمۇ مۇنەۋۋەر خېنىم دەپ ئىززەتلەڭلا. ئۇنى سەنلەپ دۆشكەللەپ، غەرەز بىلمەس كىچىك بالىغا تەنبىھ بەرگەندەك قىلىپ يۇرسەڭلىمۇ بولماس. ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارنى هۆرمەت قىلىشساڭلار ياخشى ئەمەسمۇ، جېدەلدە پايدا يوق، ئەكسىچە خاپىلىق بەرىكەتنى يىراق هەيدەيدۇ.

تىللا خېنىم مۇنەۋۋەرگە دۇشمىنىگە قارىغاندەك نەزەردە قارىدى. مۇنەۋۋەر كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ مىشىلداپ ئولتۇراتتى.

ــ ئۇنداق بولسا هەممە ئىش يولىدا بولسۇن!

تىللا خېنىم شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم مۇنەۋۋەرگە بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا تەسەللى بېرىپ قويماقچىمۇ بولدى ـ يۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، سىرتقا ماڭدى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇنەۋۋەر ئۆي ئىچىگە قورقۇمسىراپ قارىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۇگۇرگەن پېتى يان هويلىغا ئۆتۈپ، هۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى سۇپىنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى. ئۇ يۈزىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن توسۇپ گىلەمدە دۈم ياتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى شۇقەدەر غېرىب، شۇقەدەر يالغۇز هېس قىلاتتى. مۇنەۋۋەر ئابدۇقۇددۇس هاجىمغا ياتلىق

بولىدىكەن دېگەن گەپ تارقىلىشى بىلەنلا ئۇنى ئىلگىرى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدىغان، يوللاردا ئۇچراشسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان خوتۇنلار تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلىغانىدى. «تەلەيلىرى چىقتى، خېنىم بولىدىغان بولدىلا، تۆرىمىزدە ئولتۇرىدىغان ھۆرمەتلىك ئادەم بولىدىلا، راھەت كۆرۈپ ئۆتىدىغان بولدىلا» دېيىشىپ كېتىشكەنىدى، ئۇلار. قېنى مۇنەۋۋەرنىڭ ھۆرمەتلىك بولغىنى. بىر ھەپتىدىن بۇيان بۇ يوغان قورۇدا يەرنىمۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ، بىرەرسىگە ئۆرە قارىيالماي ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۆزىگە ئەر بولغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ بىرەردەم ئۆزىگە تارتىپ يېقىنچىلىق قىلىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېچىلەپ - كېچىلەپ قائىدە سۆزلەيدۇ. بىردەم «بايلار، خېنىملار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ، گەپ قىلغاندا ئۇنداق قىلىدۇ، ماڭغاندا مۇنداق قىلىدۇ» دەپ چىقىدۇ. خېنىم بولماقمۇ ئەجەب تەس ئىشكەنغۇ؟! يا بىرەرنى چىڭ يۆتەلگىنى بولمىسا. يا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ گەپ قىلغىلى بولمىسا. يەنىلا چاقماق دەرياسىنىڭ بويلىرى ياخشىكەن. تاغدىن ئەكس سادا قايتقىچە ۋارقىرىسىمۇ، ھېچكىمنىڭ كارى يوق. كەلكۈن پەسەيگەندە قىرغاقلاردىن تەرمەچ يىغىشتىنىمۇ، قۇلۇلە ئىزدەشتىنىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك. ياسىداق ئايۋان - سارايلاردا قورۇنۇپ، تەمتىرەپ يېگەن ئېسىل نازۇنېمەتلەردىن، ئانىسى كۆلگە كۆمۈپ بەرگەن يالپۇز كۆمىچىنى ئازادە، راھەت ئولتۇرۇپ يېگەن مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟! ئۇ ئۆزىنى خېنىملاردەك تۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ، زورىقىپ باقسىمۇ يىللاردىن بۇيان ھۆرمەتلەپ كەلگەن، ئۆرە بېقىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمىغان

تىللا خېنىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يەنىلا چاكاردەك ھېس قىلىشتىن قۇتۇلالمىدى. تىللا خېنىم ھە دېسە يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا يەۋىتىدىغاندەك ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. گەپنى دارىتمىلاپ، قوتان، قوي ـ كالىلار ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدۇ. مۇنەۋۋەر بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ دېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۈگۈن ئۇ ئۇستىگە رەسمىي بۆرە تېرىسىنى كىيدى. ئىچىدىكىنى ئاشكارىلىدى. ئۆزىگە ئەر بولغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ ئۇ خوتۇنغا ئىككى ئېغىز نەسىھەتنى جايىدا قىلىپ قويۇشقىمۇ يارىمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇنەۋۋەرنىڭ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا خوتۇن بولۇشقا رايى يوق ئىدى. باشقىلار ئېغىزلىرىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، بۇ توينى چوڭ بىلىشىپ ئۆزىگە خۇشامەت گەپلىرىنى ياغدۇرۇشىمۇ، تازا قىزىقىپ كەتمىگەن، كۆڭلىدە خۇپىيانە ياخشى كۆرىدىغان، كۆزلىرى ئارقىلىق مەقسىتىنى بىلدۈرۈشۈپ، تېخىچە ئېغىزلىرى بىلەن بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشمىغان بولسىمۇ، ھەممىسى يۈرەكلىرىدە ئايان قۇتلۇقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ توي تۈپەيلى بىرىگە كۆڭلىدىكىنى تىنالماي، ئىچىدە ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قۇتلۇق بىلەن توي قىلسا ئۆزىنى بەختلىك بولغان ھېسابلايتتى. لېكىن باشقىلار ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن توي قىلغىنىنى بەختلىك بولغىنى دېيىشىۋاتىدۇ. ئادەم ياخشى يېسە، ئىچسە، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيسىلا بەختلىك بولغان بولامدۇ؟ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى، ئازادىلىكى ھەقىقىي بەخت ئەمەسمۇ؟! مۇنەۋۋەر خېنىم بولغىنى بىلەن

تالادىكىلەرنىڭ، ئۆزى بىلەن ھېچقانچە، توغرىسىنى دېگەندە قىلچە مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خېنىم. ئۇلار مۇنەۋۋەرنىڭ تېخى تويى بولماستىنلا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئۇققان كۈندىن باشلاپلا «مۇنەۋۋەر خېنىم، مۇنەۋۋەر خېنىم» دېيىشىپ ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ كېتىشكەن بىلەن، ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ، تىللا خېنىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ خوتۇن ئۆزىگە ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلمىدى. گەپنى ئۇدۇل كەلتۈرۈۋالسىلا مۇنەۋۋەرگە زەھىرىنى تىقىشنى، ئۇنى كەمسىتىپ، ھاقارەت قىلىشنى قولدىن بەرمىدى. مۇنەۋۋەرمۇ ئۆزىنىڭ تىللا خېنىمغا ئوخشاش ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا، سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى خىيال قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ مۇنەۋۋەرگە: «تىللا خېنىمنى ھۆرمەت قىلغىلا، ئۇ چوڭ بولغاندىكىن، ئاۋۋال سىلى سالام قىلغىلار، چوڭ ئىشلاردا ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراڭلار، مەن تىللا خېنىمغا مۇنەۋۋەر خېنىمنى ئىززەت قىلىپ، ئۆزۈڭلىگە ئوخشاش كۆرۈڭلار دەيمەن»، دېگىنى بىلەن تېخىچە بۇ گەپ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دېگەن بۇ ئادەممۇ باشقىلار دېگەندەك، راستتىنلا تىللا خېنىمدىن قورقىدىكەن.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەرنى چۈشلۈك تاماققا چاقىرتتى. تاماقتا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم، تىللا خېنىم، مۇنەۋۋەر ئۈچەيلەن بىر داستىخاندا ئولتۇردى. تىللا خېنىم، مۇنەۋۋەر ھەر ئىككىسىنىڭ تاماققا ئانچە

ئىشتىھاسى يوق بولۇپ، ئانچە ـ مۇنچە ئىغىز تەگكۈزۈپ قويۇپ ئولتۇرۇشتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم گۆش بىسىلغان پولۇنى چىكىسىدىن تەر چىققۇچە يېدى. ئۇ يېنىدىكى قەلەمتىرىشنى چىقىرىپ، يوغان ئۇستىخاننى پاكپاكىزە غاجىۋەتكەندىن كېيىن خۇددى مۇنەۋۋەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئىككى خوتۇنىغا ئايرىم ـ ئايرىم قارىۋېتىپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئىككىلىرىگە بىرنەچچە ئىغىز گەپ قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئىككى خوتۇنلۇق ياكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئۆتكەنلەردىن قالغان ئادەت. ئاللاھنىڭ ئەمرىسىز قىلمۇ تەۋرىمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەر ئىككىلىرى ماڭا خوتۇن بولۇشتىلا. ھازىردىن باشلاپ بىرىڭلار ئوڭ كۆزۈم بولساڭلار، بىرىڭلار چەپ كۆزۈمسىلەر. كونىلار: «ئوڭ كۆز چەپ كۆزگە دۈشمەن»، «ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا ئىككى كۆز بىر ـ بىرىنى يەۋېتىدۇ» دەپتىكەن. ئەلپازىڭلاردىن قارىغاندا، ــ ئۇنىڭ بىردە تىللا خېنىمغا، بىردە مۇنەۋۋەرگە نۆۋەتلىشىپ قاراۋاتقان كۆزلىرى تىللا خېنىمغا كېلىپ توختىدى، ــ بىر ـ بىرىڭلارنى يەۋەتكۇدەك يامان. ئىچىڭلارنى كەڭ تۇتۇپ، پېشانەڭلەرگە پۈتۈلگەنگە شۈكرى قىلماقلىقىڭلار لازىمدۇ. ئەگەرچەندە بۇ تەقدىرىڭلارغا شۈكرى ـ قانائەت قىلماي بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈدەك بولساڭلار مېنىڭ ئىككى كۆزۈمنىڭ بىرى ئاغرىيدۇ. كۆزۈمنىڭ ئاغرىقىنى جېنىمنىڭ ئاغرىقىنى بىلەن باراۋەردۇر. دېمەككى، مېنىڭ جېنىمنىڭ ئاغرىقىغا سەۋەبكار بولمىقىڭلار ماڭا قارشى بولغانلىقىڭلاردۇر. ئۆز ئېرىگە قارشى بولغان خوتۇنغا ئول ئەرنىڭ نان بېرىشكە

رىزا بولمىقى قىيىندۇر. خوتۇن ئالماق ياكى ئۇنى تالاق قىلماق ئەرنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. جاھاننىڭ ئۆيىمىزدىكى مەئىشەتلىرىدىن بىزار بولغان بولساڭلار ۋە ياكى مېنىڭ بۇ تاللىشىمغا نارىزا بولساڭلار گەپ ـ سۆزۈڭلار ئاشكارا بولسۇن، ماڭا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئېيتساڭلارمۇ خاپا بولماسمەن. ئەمما بىر ئىش ئېنىقكى، ئىككىلىرى ئىناق، باراۋەر كۆرۈشۈپ ئۆتۈشسەڭلار، بۇ ئىشىڭلار ئۆيىمىزگە بەرىكەت باشلايدۇ. مۇشۇ ئەجرىڭلار ئۈچۈن بولسىمۇ، ھەربىرلىرىگە بېغىشلايدىغان مۇھەببىتىمنىڭ پايانى يوقتۇر، كۆڭلۈمدىكى ئورنۇڭلار ئېگىزدىدۇر. شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، قاچان، كىم بىلەن تۇرۇشنى، قانچىلىك تۇرۇشنى مەن بەلگىلەيمەن. بۇ ئىش سەۋەبلىك بىر ـ بىرىڭلارنى گۇناھكار قىلىشقا ئاجىزدۇرسىلەر.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى تىللا خېنىم پۈتۈنلەيلا ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقان گەپلەر دەپ چۈشەندى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بۇ گەپلەرنى تىللا خېنىمغا تەنبىھ يۈزىسىدىن دەۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىزى تىللا خېنىمنى يەرگە پاتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇلغان بازغاندەك چوقىقىسىغا زەرب بىلەن تېگەتتى. «ئەجەب دەپ كەتتىيا ماۋۇ ئادەم؟! ‹يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق›، بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ بۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرى ئاۋۇ قىغ يەپ چوڭ بولغان قەلەندەرنى كۆتۈرۈپ ئاسماندا ئۇچۇرغىنى، مېنى بولسا يەرگە ئۇرغىنى بولماي نېمە؟!» ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزدەك بىر سېزىم تىترىتىپ ئۆتتى. قەلبىنى رەشكىنىڭ ئاچچىق قولى مۇجۇپ چالغىتتى.

## توققۇزىنچى باب

# ئاتىلىق ئىپتىخار

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئاشۇ كۈنى قىلغان گېپى ئۇنۇمىنى كۆرسەتكەنىدى. تىللا خېنىم تەقدىرگە تەن بەردىمۇ ياكى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ غەزىپىگە كېتىشتىن قورقتىمۇ ۋەياكى ئىچىدە بىر شۇملۇقلارنى ئويلاپ پۇرسەت كۈتۈۋاتامدۇ، ئەيتاۋۇر شۇ كۈندىن باشلاپ بۆلەكچە ياۋاشلىشىپ قالدى. مۇنەۋۋەرنىڭ: «ئەسسالام، خېنىم!» دېگەن سالاملىرىنى: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇنەۋۋەر خېنىم، ئوبدان تۇرۇۋېلىمۇ؟» دەپ ئىلىك ئالىدىغان، تاماق ۋاقتى بولغاندا «مۇنەۋۋەر خېنىمنى چاقىرىڭلار» دەپ ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزىدىغان بولدى. مۇنەۋۋەرمۇ ئۆزىنى خېلى ئازادە ھېس قىلىدىغان، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ «تىللا خېنىمنى يالغۇز قويمىسىلا بولاتتى»، دەيدىغان بولۇپ قالدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلدى.

— ھۆ...ھۆ، — مۇنەۋۋەر خېنىمنى قۇرۇق ھۆ تۇتۇپ، سالاسۇنىنىڭ ئارقىسىدا ھەدەپ قەي قىلىۋاتاتتى. پېشايۋاندا ئولتۇرغان تىللا خېنىم قولىدىكى تەسۋىينى يانغا قويۇپ، ئالمان ـ تالمان باغ تەرەپكە يۈگۈرۈپ مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىراپ

سورىدى.

— نېمە بولۇۋاتىدىلا، مۇنەۋۋەر خېنىم؟

— بىلمىدىم، كۆڭلۈم ئېلىشىپلا تۇرىدۇ.

— قاچاندىن بېرى؟

— بۇگۈن ئىككى كۈن بولۇپ قالدى، غىزاغا زادىلا رايىم يوق، ياندۇرغۇملا كېلىدۇ، ياندۇراي دېسەم بىر نەرسە چىقمايدۇ.

— كۆڭۈللىرى بىرنەرسە تارتامدۇ؟

— قورغان كۆلبېشىدىكى ۋاھىت ئۇستامنىڭ ئاچچىقسۇسىنى خالاپلا تۇرىمەن.

تىللا خېنىم مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنىڭ قېنى قاچقاندەك، چىھرى سۇلغۇن ئىدى. مۇنەۋۋەر خېنىم يەنە بىر قېتىم «ھۆ» دېۋىدى، تىللا خېنىم شۇ ھامانلا ئوڭ قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ باغدىن چىقىۋېتىپ ئۆزىمۇ ئاڭلىمىغۇدەك بوش، ئەمما ئاچچىق شىۋىرلىدى: «ئۇھ، بويىدا قاپتۇ، جۇۋاينىمەكنىڭ!»

ئەتىسى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپنى چاقىرتتى. تېۋىپ مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ تومۇرىنى بىر ئۇزۇن تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قۇلىقىغا بوشقىنا پىچىرلىدى:

— مۇبارەك بولغاي، ھاجىم، ئاتا بولغىدەكلا!

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇچۇن بۇ ھاياتىدىكى ئەڭ كاتتا خۇش خەۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىللىق سېزىم تاراپ كەتتى. ئاتا بولۇش ئىستىكى ۋە سالاھىيىتىدىن شەكىللەنگەن ئىپتىخارلىق تۇيغۇ تومۇرلىرىدىكى قانلارنى كۆۋەجەتتى.

قەلبىدىكى ھاياجان، شادىمانلىق، خۇشاللىق، كۆلكىگە ئايلىنىپ، چىرايىدا قېتىپ قالدى. ئۇ بىردە تېپۇپقا رازىمەنلىك بىلەن قارىسا، بىردە مۇنەۋۋەر خېنىمغا جان كۆيەرلىك، مەمنۇنىيەت، ئامراقلىق بىلەن تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ قويىندىن ھەميانىنى چىقىرىپ، شۇ پېتى تېپۇپنىڭ خۇش خەۋەرلىكى ئۈچۈن ئۇزىتىۋاتقاندا، تىللا خېنىمنىڭ تاتارغان چىرايى، ئۇمىدسىز كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ، ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتكىنىنى ئەسلا ھېس قىلمىدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خۇشاللىقىنى شۇ تاپتا بىر ئۆزى ھېس قىلاتتى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئۇ تولا كەڭ قول، مەرد ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەيلى قەرز ھېسابىدا بولسۇن، مەيلى ياردەم قىلغىنى بولسۇن، بۇغداي پىششىقا ئاز قالغان بۇ كۈنلەردە ئاشلىق تارقىتىپ، ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇقدىلىپ قالدى. ۋاھىت ئۇستامنىڭ ئاچچىقسۇسى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن ئاشمىدى. ئۇ ئىككى يوغان ھويلىغا، ئاشخانا ئۆيلەرگە، مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا ئاچچىقسۇنى ئىدىش ـ ئىدىشلاپ تىزىپ، تۆۋەن مەھەللىنى ئاچچىقسۇنىڭ ھىدى بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. مۇنەۋۋەرگە سايىدەك ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىن كېچە ـ كۈندۈز زادىلا نېرى بولمىدى. بۇ ھال تىللا خېنىمنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن قاتتىق نارازى بولۇۋاتاتتى. ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ يۈزلىرىگە كاچاتلاپ كېتەتتى. مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ قورسىقىنىڭ يوغىناپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئازابىنىڭ، ھەسرىتىنىڭ ۋەزنىمۇ ئېغىرلاپ باراتتى. باشقا ھەرقانداق ئادەمنى

هەۋەسلەندۈرىدىغان، كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك قورۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ بىر ئوتتا، دەھشەتلىك رەشك ئوتىدا، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ كۆيمەكتە ئىدى. ئۆزى شۇقەدەر جاپالارنى چېكىپ، ئېرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بېرىشكە قادىر بولالمىغان نەرسىنى ئاۋۇ نەسلى پەس قەلەندەرنىڭ قىزىنىڭ شۇنچە تېز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر خېنىمنى بوغۇپ، قورسىقىدىكى ئاۋۇ بالايىئاپەت بىلەن قوشۇپ بىر يولىلا قۇتۇلغۇسى بار ئىدى. ئەمما ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇنىڭ ئايىغىدىن نېرى كەتمەيدۇ. تىللا خېنىمنىڭ ئازابىدىن ئۆپكىسى ئۆرلىپ تىنالماي قېلىۋاتاتتى. ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، چىدىماسلىق ئىنسان ئۈچۈن شەكسىزكى ئاپەت. بۇنداق ئىللەتلەرگە مۇپتىلا بولغان ئادەملەرنىڭ جازاسى ھامان ئۆزى بىلەن بىللە. بۇ ئىللەتلەر ئىنساننىڭ قەلبىدە ئاپىرىدە بولغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغۇچى تۇگىشىشكە باشلايدۇ، ئازابلىنىدۇ، ئاچچىق يۇتىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ. بۇ ئىللەتلەر خۇددى كىگىزگە چۈشكەن كۈيىدەك ئادەمنىڭ ئىچىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئادەم ئىچ – ئىچىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشنى بىلمەيدۇ. ئىچىلىپ – يېيىلىپ تەن قويۇپ يۈرەلمەيدۇ. يىڭنە يەپ سالغان ئىتتەك تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، جېنى قىينىلىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ، سۆرىلىپ ئەجىلىدىن بالدۇر جان تەسلىم قىلىمىقى شەكسىز. ئۆلمىدى دېگەندىمۇ كۆڭلىرى ئۆلگەندىن بەتتەر ئازابلىق بولىدۇ. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا، ئائىلىگە، بۇ

ئائىلىسىنىڭ يېقىنلىرىغا خۇشاللىق ئاتا قىلغان ئاشۇ قورساقتىكى بىگۇناھ هامىلە هازىر تىللا خېنىمنىڭ دۈشمىنى. ئۇ قايسى كۈنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈردى، شۇ كۈندىن تارتىپ تىللا خېنىمنى غېرىبلىق، يالغۇزلۇق باستى. ئابدۇقۇددۇس هاجىمنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىكى گېپى گەپ، سۆزى سۆز بولىدىغان ئابرۇيىنى تارتىۋالدى. مانا ئەمدى مەھەلىسىز ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، يۇزىگە قورۇقلار چۈشكەن، خۇددى بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك روهسىز، چۈشكۈن. يېگىنى يېگەن بولۇپ چىرايىغا چىقمىغاندەك، كىيگىنى كىيگەن بولۇپ ئۇچىسىغا ياراشمىغاندەك هېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قېرىشقاندەك ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ ئەس ـ يادى مۇنەۋۋەر خېنىمدىلا ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى تىللا خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئۆي خىزمەتكارلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بەلگىلىگەندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭغا قارانچۇق بولىدىغان، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيىدىغان، مەپە ـ پەيتۇنلىرىنى هەيدەيدىغان بىرنەچچە خىزمەتكارنى يېڭىدىن بەلگىلىدى. ئۆزىمۇ ئۆيدىن سىرتلارغا كەمدىن كەم چىقىدىغان بولۇپ قالدى. شەھەر ئاتلاپ قىلىدىغان سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق توختاتتى. تىللا خېنىم بىلەنمۇ تاماق ۋاقتىدىلا بىر داستىخاندا ئۇچرىشاتتى. بۇ هال تىللا خېنىمنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان رەزىل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن زادىلا پۇرسەت بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىچىدە قۇتراۋاتقان بۇ شۇم غەرەزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەسۋەسىسىدىن قەتئىي يانمىدى. «ئاۋۇ ئۆزىنىڭ

نىسىۋىسىگە شىرىك بولغان نەسلى پەس جۇۋاينىمەكىنىڭ قورسىقىدىكى ئۇندۇرمىنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. بولمىسا ئۇ ھامان بىر كۈنى تىللا خېنىمنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەشەمەتلىك قورۇنى دوزاختا ئايلاندۇرۇپ، دەۋران سۈرىدۇ. قورسىقىدىكى ئاپەت يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىمۇ، ھەممە ئىش تۈگەشتى دېگەن گەپ! خىزمەتكارلار ھاجىمنىڭ ئۇ لەنەت تەگكۈرنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلاپ ياتقىنىنى دەپ يۈرىدۇ. ھاجىم تېخى ئۇ كۈچۈكلىمەستىنلا تىللا خېنىمنىڭ كۆزىچىلا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ ـ قوپۇرۇپ «ھېزى بولۇڭلا، ئاۋايلاڭلار» دەپ، پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. تىللا خېنىم كىم، مۇنەۋۋەر كىم؟ تىللا خېنىم دېگەن چوڭ خېنىم، بۇ ئائىلىنىڭ ئىگىسى. يىگىرمە تۆت يىلدىن بۇيان بۇ قورۇغا قان ـ تەرىنى، ئەقىل ـ زېھنىنى سەرپ قىلغان، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي، ئۇ بار چاغدىكىدىنمۇ ياخشى باشقۇرغان جان كۆيەر ئايال. ھاجىمنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ بۇ قورۇنىڭ روناق تېپىشىغا سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تۆھپە قوشقان پىداكار خوتۇن. ئۇ بۇ ئۆينىڭ ھەربىر تال خىش ـ كېسەكلىرىدىن تارتىپ ياغاچ ـ تاشلىرىنىڭ قويۇلۇشىغىچە ئېرى بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلغان. ئۆي بىساتلىرىنى ــ فار ـ فۇر قاچا ـ قۇچىلار، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىلچا ـ گىلەملەر، ماھۇق يوتقان ـ كۆرپىلەردىن تارتىپ ھەربىر تال يىپ ـ يۇرۇچلىرىغىچە ئۆزى بىر قوللۇق لايىھەلىگەن. گۆلدەك

چاغلىرىنى مۇشۇ قورۇنىڭ خاتىرجەملىكى، ھاجىمنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. گۈزەل ياشلىق باھارىنى، ناز - كەرەشمىلىرىنى، ھەقىقىي ئاياللىق خۇلقىنى ھاجىم ئۈچۈن بېغىشلىغان. بۇ قورۇدا خىزمەتكارلار ساماندەك تۈرسىمۇ، ھاجىمنىڭ تامىقىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ، ئالدىغا داستىخانىنى ئۆز قولى بىلەن راسلىغان. بەش ۋاخ نامىزىغا ئالدىغان تاھارىتىگە تەييارلايدىغان سۇنىڭ بىر قېتىمىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن بەرمەي قالغىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۇ ھاجىم ئۈچۈن ياشىدى، ھاجىم ئۈچۈن كۈلدى، يىغلىدى. ھاجىم سەپەرلەردىكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئامانلىقى، بىخەتەرلىكى ئۈچۈن توختىماي دۇئا قىلدى. ئۇنى بالدۇرراق كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززا بولدى. سېغىنىپ ياش تۆكتى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەن چاغلىرىدا ياسىداق، يوغان دەرۋازىنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ، قارشى ئالدى، پەشلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن سۆيدى. مەسە - كالاچلىرىنى سالدۇرۇپ، پايتىمىسىنى يۇرىدى. ئۇنىڭ ھاجىمغا بولغان ئەقىدىسى، سۆيگۈ - مۇھەببىتى چاقماق دەرياسىنىڭ ياز مەزگىلىدىكى سۈيىدەك سۈزۈك، تازا، ئويناق ھەم ئۆزۈلمەس! ھاجىم ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ئەجرىگە، مېھنىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. بالا تۇغمىغانلىقى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس. ئاللاتائالا پەرزەنت بەرمىدى. ئىگىسى بەرمىگەنگە بەندىسىنىڭ نېمە چارىسى بولسۇن! ئاللا بېرىمەن دېسە، ھېچكىم ئۇنى توسۇۋېلىشقا قادىر ئەمەس. ئەنە مۇنەۋۋەرگە بەخت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نېسىپ بولدىغۇ؟! ئۇنىڭغا خۇدايىم بەردى. بىر كېچىدىلا بىر خەس - پاخالنىڭ

ئورنىدىكى، ھېچكىمنىڭ نەزىرىدە يوق قەلەندەر، مەدىكارنىڭ قىزى خېنىم بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىللا خېنىم ئۆمۈر بويى تەلەپ قىلغانىنى ئىگەم يەنە بىر كېچىدىلا ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. مانا ئەمدى ئۇ ئەزىزلەنمەكتە، ئەتىۋارلانماقتا. ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنى يۇقىرىلىغانسېرى تىللا خېنىم خۇددى بۇ يەردە يوقتەك ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ھاجىم ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك مۇنەۋۋەر بىلەنلا ھەلەك. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، تىللا خېنىمغا بۇ قورۇدا ئورۇنمۇ قالمىغۇدەك! شۇڭا ئالدى بىلەن ئاۋۇ قورساقتىكىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، تىللا خېنىم ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىمىسە بولمىغىدەك...»





# ئونىنچى باب

## قەست

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خېنىم! ئوبدان تۇرۇپلىمۇ؟
ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ بىمەھەل كېلىپ، قىلغان سالىمىدىن پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغان تىللا خېنىمنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى. ئەمرۇللا غوجىدار ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ يەر ـ زېمىن، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بۇ كۆك كۆز، كەكە ساقال، بېشىدىن ئىل رەڭ سەللىسىنى بىر كۈنمۇ چۈشۈرمەيدىغان ئادەم ئاتمىش ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، باشقۇرۇشقا ماھىرلىقى، ئايىغىنىڭ چاققانلىقى، قولىقىنىڭ يۇمشاقلىقى، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمايدىغانلىقى، بولۇپمۇ تىللا خېنىمنىڭ ئېغىزىدىن چىققاننى ئۆزىنىڭ ئىش دائىرىسىدە بولغان ـ بولمىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ھاياللىشمايلا بەجا كەلتۈرىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئەتىۋارلىناتتى ۋە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىنمۇ، تىللا خېنىمدىنمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ تۇراتتى. تىللا خېنىم ئىلمان كۈلۈمسىرەپ، غوجىدارنى قارشى تەرەپتىكى سۇپىنىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىپ، سالامغا جاۋاب قايتۇردى.
ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى تۇرۇپتىمەن. ئۆزلىرىچۇ؟

— ئىنشائاللا ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن تولىمۇ بەلەن كېتىپ بارىمىز، — دېدى ئەمرۇللا غوجىدار خۇشامەتكويلۇق بىلەن كۈلۈپ، — ھاجىم يېقىندىن بېرى بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىدى، شۇڭا ئېتىزلىقنىڭ ئىشلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەچ كۆرسەتمە ئالاي دەپ كېلىشىم ئىدى.

غوجىدارنى كۆرۈپ تىللا خېنىمنىڭ كۆڭلىدىن بىر خۇشلۇقنىڭ سايىسى لىپپىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن خېنىم ئۇنى غوجىدارغا بىلىندۇرمىدى.

— ھاجىم ھازىر ئالدىراش، — تىللا خېنىم ئاچچىق تەنە ئارىلاشقان تەلەپپۇزدا خۇددى ئەمرۇللا غوجىدارغا ھال ئېيتىپ، ئىچىدىكى دەردىنى تۆكمەكچى بولۇۋاتقاندەك ياندىكى قورۇنى بېشى بىلەن ئىما قىلدى، — ئاۋۇ قورۇدىن چىققۇدەكمۇ ۋاقتى يوق، تاماق ۋاقتىدىلا كۆرىمەن، ئىچىدە پاقا بار يېڭى كوزىنى قۇچاقلاپ چىقىپ، يەيدىغىنىنى يەپ بولۇشۇپ، يەنە ئالمان - تالمان چىقىپ كېتىشىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويىدىغان بىرنەچچە ئېغىز گېپىدىن باشقا دەيدىغىنى قالمىدى. ئاۋۇ جىنىمغا جازا، بېشىمغا بالادىن ھېچ كۆزىنى ئۈزەلمەيدۇ، پەيلەپ ھالى قالمايدۇ. سىلى دەپ باقسىلا غوجىدار، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرىمۇ؟!

ئەمرۇللا غوجىدار قىسقىغىنا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— ئەمەلىيەتتە ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمدىن بەكرەك قورساقتىكى بالىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئازراق تەخىر قىلسىلىرى بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە سىلىنىڭ يانلىرىدا

بولارمىكىن...

تىللا خېنىم ئەمرۇللا غوجىداردىن بۇ جاۋابنى كۈتمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ غوجىدارنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، چىرايى چۆگۈندەك قارىداپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن زەھىرىنى تىقتى.

ــ غوجىدار، نەچچە يىلدىن بېرى ھاجىمغا بىلدۈرمەي قىلغان ياخشىلىقلىرىم مەيدىلىرىگە مەددە قىلىۋاتامدۇ نىمە؟! ئۇ يىېقىدىن بۇ يېقىغا كۆز يەتمەيدىغان ئېكىنزارلىقنى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ ساندۇقلىرى تولغان ئوخشىمامدۇ؟! نىمىلا دېگەنبىلەن ھاجىم يەنىلا مېنىڭ ئېرىم. بىرەر غوجىدارنىڭ كەشىنى توغرىلاش تەكلىپىمنى ئاڭلىمايدۇ دەپ قارامدىلا؟!

ــ ياق، ياق... مەن ئۇنداق دېمەكچىمۇ ئەمەس ئىدىم...

ئەمرۇللا غوجىدار كېكەچلىدى. ئۇ تىللا خېنىمنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلەتتى. تىللا خېنىم جاھىل، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئايال ئىدى. ئەگەر غوجىدار خېنىمنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويسا، ئۇ تۆۋەن كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىپايان زېمىننى باشقۇرۇش سالاھىيىتىدىن، ھەر يىلى ھوسۇل يىغقان چاغدىكى ئالدى بىلەن كېچىلەپ ئوچاردىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە توشۇپ، ئاندىن قەشقەرگە يۆتكەپ پۇل قىلىدىغان ئاشلىقتىن قۇرۇق قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىللا خېنىم ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى بىلەتتى. بىرنەچچە قېتىم: «ئاۋۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزلىرى بىلىلا، ئۇقۇپ قالسا سىلىگە ياخشى كۈن يوق، بۇندىن كېيىن ھەزەر ئەيلەلا» دەپ تەربىيە قىلىپ ئىشنى تۈگەتكەنىدى.

— ئەمىسە دېسىلە، ئۇنداق بولسا نېمە دېمەكچىدىلە؟ — ئەمرۇللا غوجىدار دەرھال ئېسىنى يىغىپ بۇ خوتۇننىڭ دېيىشىغا پۇت – قولىنى كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدى.

— ھەممە ئىش سىلى دېگەندەك بولسۇن... ئەگەر مەن قىلىدىغان ئىشلار بولسا تەييارمەن...

— مەن دېگەننى قىلسىلا، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالىدۇ. ياق دېسىلە ئۆزلىرى بىلسىلە! شۇ تاپتا جېنىمدىن تويۇپ تۇرىمەن...

— خوش، خوش... قىلاي، قىلاي...

— ئەر كىشى دېگەن ئەر كىشىدەك بولىمقى، گېپىدە تۇرمىقى، سىر ساقلاشنى بىلمىكى لازىمدۇر.

— شۇنداق، شۇنداق.

تىللا خېنىم ھويلىغا سىنچىلاپ تەكشى قاراپ چىقتى. بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى، غەيرىي ئاۋازنىڭ يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن بوش ئاۋازدا:

— قەشقەر خان بازىرىنى بىلىدىغانلا؟ بىلىلا، سىلى خۇپىيانە ئاشلىق ساتىدىغان بازار شۇ. ئاشلىق بازىرىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ئۇستا تېۋىپ بار. ئۇنىڭ دورىخانىسىمۇ چوڭ، دورىلىرىمۇ سەرخىل، ماڭا يېقىن كەلسىلە، — تىللا خېنىم ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئاندىن ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ، — بۇ گەپنى ئىنسى – جىنغا بىلدۈرمەسلىككە قەسەم قىلالامىلا؟ — دېدى

— قەسەم قىلىمەن، خېنىم.

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا جۆنىسىلە، ئۇنى ئەتە كەچكىچە قولۇمغا تەگكۈزسىلە.

ئەمرۇللا غوجىدار «ماقۇل، ماقۇل، شۇنداق قىلاي»

دىگىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغىچە كەينىچە مېڭىپ، چىقىپ كەتتى. تىللا خېنىمنىڭ چېھرىدە ئاچچىقىمۇ، مەمنۇنىيەتكىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر غەلىتە كۈلكە غىل ـ پال ئەكس ئەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم، مۇنەۋۋەر خېنىملار ناشتىلىققا چوڭ قورۇغا كىرىپ تىللا خېنىمنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا پېشايۋان سۇپىسىغا ئوز قولى بىلەن داستىخان ھازىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈشتى.

ــ ئەتىگەندە ئۆزۈڭلا جۇۋاپ يۇرگىچە، باشقىلارنى بۇيرۇساڭلار بولماسمىدى؟! ــ دېدى ھاجىم تىللاخېنىمغا رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ.

ــ سىلىگە خوتۇن بولغاندىن بۇيان غىزالىرىنى ئۆزۈم تەييارلاپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، خىزمەتكارلارغا قويۇپ بەرسەم ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمايدۇ، ئىشقىلىپ بىر يەرلىرى بىر قانداق. ھازىر مۇنەۋۋەر خېنىم ئېغىر بوي. ئۆزلىرى ئۈچۈن، مۇنەۋۋەر خېنىم ئۈچۈن، قورساقتىكى بالىمىز ئۈچۈن بۇندىن كېيىن قۇۋۋەتلىك غىزالارنى ئۈچ ۋاق ئۆزۈم تەييارلاپ خىزمەت قىلايمىكىن دەيمىنا.

تىللا خېنىمنىڭ سۆزلىرىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە تىللا خېنىم غىزاغا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆيدىلا بولسا تىللا خېنىمنىڭ قولى تەگمىگەن غىزانى يېمەيتتى. مۇنەۋۋەرگە ئۆيلەنگەندىن بۇيان تىللا خېنىم ھاجىمنىڭ يەيدىغان غىزاسىنىمۇ خىزمەتكارلارنىڭ تەييارلىشىغا قويۇپ بەرگەنىدى. مانا بۈگۈن تىللا خېنىم باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تەقدىرىگە تەن بەرگەن،

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن، ئېرىنىڭ ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغىنىنى، چوڭ بىلىدىغىنىنى، مەرتىۋە جەھەتتە تىللا خېنىمنىڭ ئورنىغا ھېچكىمنى دەسسەتمەيدىغىنىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تىللا خېنىمنىڭ باتىناشلىرىغا، مۇنەۋۋەر خېنىمغا ھەدەپ زەھىرىنى تىقىشلىرىغا، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق كۈنلەپ ـ كۈنلەپ دۈم يېتىۋېلىشلىرىغا قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ، ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى، تىللا خېنىم بىلەن بولغان قەدىناسلىقنىڭ يۈزى بىلەن ئۇنىڭغا چىش يېرىپ گەپ قىلمىغان، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تۈزۈلۈپ قالار دەپ ئاچچىقىغا زورمۇزور ھاي بېرىپ ساقلىغانىدى. دېگەندەك ئۇ يەنە يەڭگىل كۈلۈمسىرەشلىرى بىلەن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، شېرىن سۆزلىرى بىلەن يۈرەككە ئوت تاشلايدىغان تىللا خېنىمنى يەنە كۆردى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم چىرايىغا تېپىپ چىققان شادىمانلىق كۈلكىسىنى مەيلىگە قويۇۋەتكىنىچە تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى:

ــ بارىكاللا خوتۇن! ئۆزۈممۇ سىلى ئەتكەن ئۇگرە، نارىن، پولۇ، قايماقلىق ھورنانلارنى قەۋەتلا سېغىنغان ـ دېدى.

مۇنەۋۋەر خېنىم تاڭ شەپىقىدەك قىزارغىنىچە ھاجىمنىڭ يېنىدىن تىللا خېنىمغا ئورۇن قالدۇرۇپ، يۇمشاق كۆرپىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇردى. تىللا خېنىم مۇنەۋۋەر خېنىمغا قۇياشلىق كۈندۈزدەك ئوچۇق چىرايدا قارىدى.

ــ مۇنەۋۋەر خېنىم، ــ دېدى ئۇ ئاۋازىغا ئامالىنىڭ

بارىچە يېقىملىق تۇس بېرىپ، ــ قورساقلىرى بىلىنەرلىك كۆتۈرۈلۈپ قالدى، سوغۇقى يىلىنىڭ نورۇز ئېيىدا يەڭگىلا، سىلىنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى، ھاجىمنىڭ بۇ بالىمىز ئۈچۈن قانچىلىك بىتاقەت بولىۋاتقىنىنى، قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىۋاتقىنىنى ئوبدان بىلىلا، شۇڭا قۇۋۋەتلىك يەپ، بەلەن كۈتۈنۈپ ئۆزلىرىنى كۆپ ئاسرىسىلا. ماۋۇ قورۇغىمۇ بىمالال چىقىپ ـ كىرىپ تۇرسىلا. مەن سىلىدىن خېلىلا چوڭ، مېنى پاپىلىرىدەك، ھەتتا ئانىلىرىدەك كۆرسىلىمۇ بولىدۇ.

مۇنەۋۋەر خېنىم تىللا خېنىمنىڭ باشقىچە مۇلايىملىشىپ قالغىنىغا، ئۇنىڭ شۇقەدەر كەڭ قورساق بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بولغان مەمنۇنىيىتىنى شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ ئىپادىلەپ ئولتۇردى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىردە چوڭ خوتۇنىغا، بىردە كىچىك خوتۇنىغا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى.

بۈگۈنكى ناشتىلىق مۇنەۋۋەر بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ خۇشال كەيپىياتتا قىلىنغان ناشتىلىق بولدى.

ــ چۈشتە قانداق غىزاغا كۆڭۈللىرى تارتىدىكىن؟ ــ سورىدى تىللا خېنىم داستىخانغا دۇئا قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمغا قارىدى. مۇنەۋۋەر خېنىم ئۆزلىرى بىرنېمە دېسىلە دېگەندەك مەنىدە ھاجىمنىڭ كۆزىگە بىر قارىۋېتىپ يەنە كۆزىنى

ئېلىپ قاچتى. ھاجىم تىللا خېنىمغا بۇرۇلۇپ، خۇشاللىق بىلەن:

— خېمىرنى قەغەزدەك نېپىز يېيىپ، ئۇششاق كېسىپ، تازا ئوخشىتىپ نارىن قىلىڭلار ئەمىسە، — دېدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن مۇنەۋۋەر خېنىم يان ھويلىغا يانمۇ يان مېڭىپ چىقىپ كېتىۋاتقىچە تىللا خېنىم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەسرەت بىلەن قاراپ قالدى ۋە « خەپ مۇنەۋۋەر دېگەن ئالۋاستى، ھاجىمغا ئوقۇغان سۇرە ـ ئەپسۇنلىرىڭنىڭ كۈچىنى ئەمدى بىر كۆرەي » دەپ غۇدۇرىدى.

— خېنىم بۈگۈن بۆلەكچىلا ئېسىل بولۇپ قاپتىغۇ؟ — دېدى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئېگىز قويۇلغان ياستۇقتا ھاجىم بىلەن يانمۇيان يۆلىنىپ ئولتۇرغان مۇنەۋۋەر خېنىم ئېرىگە.

— خېنىم، — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمغا بۇرۇلۇپ، — ئەسلىدىنلا ئېسىل ئايال. ئەمما خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ئىچى تارراق بولىدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇمۇ خوتۇن كىشى بولغاندىكىن، سىلىنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىپ ماڭا خوتۇن بولغانلىرىغا چىدىماي تەتۈرلۈك قىلغان بولسا، مانا ئەمدى ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىپ، بىر ئوبدان بولۇپ قاپتۇ.

— شۇنى دەيمەن، ئاجايىپ يېقىشلىق. شۇنچە خۇش بولۇپ كەتتىم.

— ئەمدى يىغلىمايدىغانسىلە؟!

— يىغلىمايمەن، ئەمما خېنىمنىڭ يەنە خويلىرى تۇتۇپ قالسا، دىلىمغا ئازار بېرەمدىكىن دەپ قورقىمەن.

— مەن تۇرسام نېمىدىن قورقىسىلە؟
— ئىككىڭلار خاپا بولۇشۇپ قالساڭلار مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولۇۋاتقاندەك خىجىل بولۇپ كېتىمەن.
— خىجىل بولماڭلا، چۈنكى سىلە ئانا بولۇش ئالدىدا، يەنە سىلە مېنى دادا قىلالىدىڭلا. خۇش بولساڭلا، ئۆزۈڭلىدىن ئىپتىخارلانساڭلا بولىدۇ.
— ئايالللارنىڭ ھەممىسى ئانا بولىدىغۇ؟
— سىلە ھېچكىمگە ئوخشىمايسىلە، چۈنكى ئاياللارنىڭ ئانا بولالايدىغانلىقىغا مېنى پەقەت باشتا ئانام رەھمىتى ئىشەندۈرگەن بولسا، مانا ئەمدى سىلى ئىشەندۈردۈڭلا.
— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇنداق گەپلەرنى قىلسىلا، ماڭا سىلى تىللا خېنىمنى ھاقارەتلەۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال، ئۇنىڭمۇ تۇغقىسى يوقمۇ؟!
— ئۇنى ھاقارەت قىلمايمەن، ئۇمۇ مېنىڭ ياخشى خوتۇنۇم، سىلى تېخىمۇ ياخشى خوتۇنۇم.
— تىللىرى بەك تاتلىق جۇمۇ؟
— ماڭا خوتۇن بولغىنىڭلىغا خۇشمۇ سىلە؟
— بەكمۇ خۇش. بۈگۈن بۇنى تېخىمۇ بىلىپ يېتىۋاتىمەن.
— قورسىقىڭلىدىكى ئوغلۇممۇ، قىزىممۇ؟
— ئوغۇل تۇغسام خۇش بولامدىلا، قىزمۇ؟
— نېملا بولسا خۇدانىڭ بەرگىنى، ئىشقىلىپ پەرزەنتىمنى باغرىمغا باسقىلى ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.
— ئالالاھ نېسىپ قىلسا ئۇمۇ بولىدۇ.
ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمنى ئاۋايلاپ ئۆزىگە قاراتتى. خۇددى كىچىك بالىنى پەپىلەۋاتقاندەك ئېگەكلىرىنى، يۈز - كۆزلىرىنى، باش - بويۇنلىرىنى

سىلىدى. مەڭزىگە مېھرى بىلەن سۆيدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تالڭ سەھەردە ئېچىلغان چوغلۇق گۈلى خۇش ھىدىنى تارقاتماقتا ئىدى. بۇ گۈل ئۇنىڭ ھاياتىغا مەنا بەرگەن، پالۋانلىق تۇيغۇسىغا سەلتەنەت ئاتا قىلغان، ئەرلىك دۇنياسىغا كامالەت ھەدىيە قىلغان، ئاتىلىق چاڭقاقلىقىغا بەرگىدىن سۇ بەرگەن ئاجايىپ سېھىرلىك گۈل ئىدى. بۇ گۈلنى ئۇ مېھىر زەمزىمىدە سۇغارماقلىقى، ئىلھام ئاچىسىدا يۇلىمەكلىكى، سۆيگۈ قۇياشىنىڭ ھارارىتىدە ئىللىتماقلىقى، تەسەللى يەلپۈگۈچىدە سەگىدمەكلىكى كېرەك ئىدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىم ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرۈۋاتقاندا، مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭمۇ خىيال كەپتىرى قانات قېقىشقا باشلىغانىدى. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن، ئۇنى ھاجىم بىلەن نىكاھلىق بولىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ ئۇ قۇتلۇق بىلەن توي قىلىپ قالارمەنمىكىن دەيتتى. كېچىلەردە ئۇنىڭ بىلەن تويى بولۇپ چۈشەپ چىقاتتى. ئۇنى كۆرسە، يۈزلىرى قىزىرىپ، تىلى كالۋالىشىپ، دەيدىغان گەپلىرىنى تاپالماي قالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن دەريا ساھىلىدا، قوتانلاردا ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنى تۈزەشتۈرەتتى. قۇتلۇقنىڭمۇ يۈزى تۆۋەن يىگىت ئىدى. مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا يېقىن كەلسە ئۆزىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، يىراقلاردىن كۆز ئۈزمەي قارايدىغىنىنى بىلىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ شېرىن ھەم ئىللىق بىر سېزىم تارايتتى. نىكاھ غايىب دېگەن شۇ بولسا كېرەك، مۇنەۋۋەر

كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىنى كۆرۈشتىن ئەمەس، ئىسمىنى ئاڭلاشتىن قورقىدىغان، كىچىكىدە خەقىشلىك قىلسا، دادىسى « ئەنە ئابدۇقۇددۇس باي كېلىۋاتىدۇ، يەنە غەلۋە قىلساڭلا يېنىدىكى يوغان پىچىقىدا قۇلاقلىرىنى كېسىۋېتىدىكەن » دەپ قورقىتىدىغان ئادەمگە خوتۇن بولۇپ قالدى. ھاجىمۇ ئانچە ئەسكى ئادەم ئەمەسكەن. كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىكەن، مېھرى بار، شەپقەتلى بار ئادەم ئىكەن. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇنى دەپ تىللا خېنىمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويغان يەرلىرىمۇ بولدى. دادىسى ئىگەمبەردىنىمۇ چارۋىلىرىنى باقىدىغانلارغا غوجىدار قىلىپ بەلگىلىدى. «قانداقلا بولمىسۇن قېيىنئاتام بولدى، قېيىنئاتىمۇ ئاتىغا ئوخشاش ئۇلۇغ، ھۆرمىتىنى قىلمىسام بولمايدۇ» دەيدۇ، تېخى. ھەر قېتىم دادىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، قول باغلاپ ئەھۋال سوراپ كېتىشلىرى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ. مۇنەۋۋەر خېنىم باشتا قورققان، مانا ئەمدى بۇ ئادەمنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىمۇ ياخشى - يامانني ئايرىيدىغان تۇيغۇنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭمۇ ھېس - تۇيغۇلارغا تولغانلىقىنى بىلدى. بۈگۈن ئۆزى تېخىمۇ بەكرەك قورقىدىغان تىللا خېنىمنىڭ چىرايلىق پوزىتسىيەسى ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ تارتقان يەڭگىل خورىكى مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزدى. ھاجىم پەي ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. مۇنەۋۋەر خېنىم ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىك قەدەملەر بىلەن پەنجىرە ئالدىغا كەلدى. ئۇ

پەنجىرە ئاراشلىرىدىن ھويلىغا، باغ تەرەپتىكى رىشاتكىلارغا، رىشاتكىلارنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا قارىدى. ئوغۇز ئېيىنىڭ باشلىرى بولۇپ مېۋىلىك دەرەخلەردىكى مېۋىلەر ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولغان، بىرنەچچە ئەر ـ ئايال خىزمەتكارلار پۈتلىرىغا ئۇستەل قويۇپ، باغدىكى ئەڭ ئاخىرىدا پىشىدىغان كۆك ئامۇتلارنى بىر تال ـ بىر تالدىن ئاۋايلاپ ئۈزۈشۈۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ تۇرۇپلا باغقا چىقىپ، ئامۇت پۈتىغۇسى، ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا جۆر بولغۇسى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى قورسىقىنىڭ خېلىلا تومپىيىپ قالغىنىغا قارىماي، قۇشتەك يەڭگىل ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ باغقا چىقالمايتتى. ئەگەر چىققۇدەك بولسا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۇنى قورسىقىدىكى بالىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئېغىر ـ يېنىك ئىش قىلماسلىقىنى، ئارتۇقچە يول مېڭىپ يۈرمەسلىكىنى تەكىتلەپ ھېلىلا چاقىرىپ كىرىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقىمۇ مالال قىلسۇن؟!

ئۆينىڭ تۆشۈك ئىشلىرىغا مەسئۇل خىزمەتكار ئايالنىڭ ئاۋۋال شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئاندىن پەنجىرىدىن ئۇنىڭ قورۇ ئايۋىنىنىڭ نەقىشلىك، قوش قاناتلىق ئىشىكى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان گەۋدىسى كۆرۈندى. ئارقىدىن ئىشىكنىڭ چەمبەر شەكىللىك ھالقىسى بوش ئەمما رىتىملىق ئۇرۇلۇپ، ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئويغاندى.

ـــ كىم؟ ـــ دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئىشىك تەرەپكە قاراپ.

— مەن، — دېدى خىزمەتكار بىر خىل سىلىق ئاۋازدا ئەدەپ بىلەن، — چۈشلۈك غىزا تەييار بولغان ئىدى، خېنىم ئىككىلىرىنى چىقامدىكىن دەيدۇ.

— بولىدۇ، هازىرلا چىقايلى.

ئابدۇقۇددۇس هاجىم خىزمەتكارغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، پەنجىرە ئالدىدا ئۆرە تۇرغان مۇنەۋۋەر خېنىمغا مېھرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى هەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا ماڭايلى دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى.

ئۇلار چوڭ قورۇغا كىرگەندە ئايۋانغا داستىخاننى هازىرلاپ بولغان تىللا خېنىم ئاشخانا ئۆيدە نارىننىڭ قىيمىسىنى تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم ئوچاقتىكى ئۆرۈك ئوتۇنىدىن يانغان ئىس ۋە شورپىنىڭ هورى ئىچىدە ئىلگىرىكىدەكلا زېھنى بىلەن غىزا تەييارلاشقا بېرىلىپ كەتكەن چوڭ خوتۇنىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ مۇنەۋۋەر خېنىم بىلەن ئايۋان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تىللا خېنىم ئۇلارنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىنى هېس قىلغانىدى. «بۈگۈن غىزا تەييارلاشقا هېچقايسىڭلار ئارىلاشماي، سىرتتا تۇرۇڭلار، هاجىم بىلەن مۇنەۋۋەر خېنىمغا غىزانى ئۆزۈم بىر قوللۇق قىلىمەن»، دەپ باشقىلارنى قازان بېشىغا، ئاشخانا ئۆيگە يولاتمىغان تىللا خېنىم قاتتىق تەرلەپ كېتىۋاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىك تاۋاقتا ئەمرۇللا غوجىدار قەشقەر خان بازىرىدىكى تېۋىپنىڭ دورىخانىسىدىن تەييارلىتىپ كەلگەن، ئۆزى باياتىن بىرى قايىنتىپ قويغان سانا، خىيارشەنبەر، سەبرى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ئۆتكۈر قەي

قىلغۇزغۇچى ۋە ئىچ سۇرگۈ دورىسىنىڭ قايناتمىسى بار ئىدى. ئۇ ھېلىلا دورا سۇيىنى مۇنەۋۋەرنىڭ قاچىسىغا قۇيۇپ ئۇستىگە ئازراق قارىمۇچ، زىرە چېچىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دورىلارنىڭ تەمى تازا تەڭشىلىپ، غىزا ئاجايىپ مەززىلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى مۇنەۋۋەر يېگەندىن كېيىن تىللا خېنىم مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا ـ قازا مەزگىلىدىن بۇرۇن بارار جايىغا كېتىدۇ. تىللا خېنىمنىڭ قوللىرى تىترىمەكتە، ئىچىدىكى قورقۇنچ ئۇنى پەيلىدىن يېنىشقا دالالەت قىلىپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە ئورناپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىك، ھەسەت، كۇنداشلىق ئوتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى غالىب كېلىپ، دورىنى قاچىغا تۆكۈشكە مەجبۇرلاپ تۇراتتى. ئاخىرى قېنىق دەملەنگەن چاينىڭ رەڭگىدىكى سۇيۇقلۇق چۆپنىڭ ئۇستىگە قۇيۇلۇپ، نارىن قىيمىسى تەكشى سىڭىندى. تىللا خېنىم پەتنۇسقا ئىككى قاچا نارىننى ئېلىپ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم قويدى.

— سىلىمۇ غىزايىڭلانى ئەكىرىڭلار بىللە ئولتۇرىمىز، — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم نارىننى قويۇپ سىرتقا ماڭغان تىللا خېنىمغا.

— سىلەر غىزالىنىۋېرىڭلار، مەن تېخى قازانغا چۆپ سالىمەن.

تىللا خېنىم شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا ئالدىراپ ماڭدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمغا بۇرىلدى.

— ئۆزى رازى بولغاندىكىن بىز يەۋېرىلى، قېنى تائامغا كېلىڭلا.

— ماڭا چۆپنى جىق سىلىۋېتىپتۇ، — دېدى مۇنەۋۋەر خېنىم بىر ئۆزىنىڭ قاچىسىغا، بىر ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ قاچىسىغا قاراپ.

ئابدۇقۇددۇس هاجىممۇ ئىككى قاچىغا ئايرىم - ئايرىم قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئىككىلىسى ئوخشاشلىغۇ، يەۋېرىڭلا، بۇنچىلىك تائامنى يېمىسەڭلەر قانداق بولىدۇ؟

— كۆزۈمگە سىلىنىڭ مېنىڭكىدىن ئاز كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ئەمىسە سىلى بۇنى يەڭلا، مەن سىلىنىڭ ئالدىڭلىدىكىنى يەي.

— هە ماقۇل.

مۇنەۋۋەر خېنىم ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ قولىدىكى قاچىغا كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ تۇرۇپ قول ئۇزاتتى. ئۇ قاچىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى قاچىنى ئېرىنىڭ ئالدىغا سۈردى.

مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ قورسىقىدىكى ئاشۇ بىگۇناھ تۆرەلمىنىڭ بەختى ئۈچۈنمۇ ياكى بەختسىزلىكى ئۈچۈنمۇ ئىككى قاچىدىكى نارىنىنىڭ ئىگىسى ئالمىشىپ كەتتى. ئىللا خېنىم داستىخانغا كىرىشكە پېتىنالماي، ئاشخانا ئۆيدە تىت - تىت بولۇپ تۇرغان شۇ دەقىقىلەردە ئابدۇقۇددۇس هاجىم بىلەن كىچىك خوتۇنى مۇنەۋۋەر خېنىم ئىشتىها بىلەن غىزالانماقتا ئىدى.

— بىر خىل قېرىق تۇرامدۇ بۇ نارىن؟ — سورىدى ئابدۇقۇددۇس هاجىم كىچىك خوتۇنىدىن يەپ يېرىملاشقان تائامنى قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ.

— ئۇنداق ئەمەسقۇ، ماڭا شۇنداق مەززىلىك بىلىندى.

باياتىن بىرى ئۇخلىغان ئىدىلە، ئىغىزلىرى بەتتەم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

— بۇ خوتۇن،— ئۇ سىرتتى بىشى بىلەن ئىما قىلدى،— ئاشۇنداق بىر كۈنى پىيازلىق، بىر كۈنى پىيازسىز قىلىپ بىقىۋاتقان، بىر كۈنى زەنجىۋىلنى كۆپرەك سالسا، بىر كۈنى قارىمۇچ، زىرىسىنى كۆپ سىلىپ بىقىۋاتقان، ئىشقىلىپ بىر خىل غىزانىڭ بىر كۈندىكى تەمى بىلەن يەنە بىر كۈندىكى تەمى ئوخشىمايدۇ.

— دىمىسىمۇ خىنىم هازىر شۇنچە ئوبدان بولۇپ كەتتى. سىلىمۇ خىنىمنى بەكلا تاشلىۋەتتىلە.

— مەن سىلىگە هىزى بولمىسام كىچىك بالىدەك يۇگۈرۈپ ئويناپ، قورسىقىڭلاردىكى پەرزەنتىمگە مالامەت يەتكۈزۈپ قويامسىلىكىن؟!

— بۇ تۇرقۇمدا قانداقمۇ يۇگۈرەلەي؟ بىرنەچچە كۈن سىلى مۇشۇ يەردە تۇرسىلا، ماڭا خىزمەتكار قىزلار هەمراھ بولسۇن.

ئابدۇقۇددۇس هاجىم بىردەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاندى. ئاندىن مۇنەۋۋەر خىنىمنىڭ قۇلىقىغا يىقىن كىلىپ:

— سىلىگە قانداق چىدايمەن؟— دىدى.

مۇنەۋۋەر خىنىم بوش ئەمما قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ دىدى:

— چىدىغانغا چىقارغان، چىدىسىلا. شۇنداق بولسا مەن تىخىمۇ خۇش بولىمەن.

— ئەمىسە كەپسىزلىك قىلماڭلا جۇمۇ؟!

— بولىدۇ، هەرگىز كەپسىزلىك قىلمايمەن. ئوھۇش ئەمدى كەپسىزلىكمۇ ماڭا ياراشماس.

ئۇلار ئاشۇنداق قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن قاچىنى قۇرۇقداپ بولغىچىمۇ تىللا خېنىم كىرىپ باقمىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تىللا خېنىمنى ئۆيدە تۇرۇپلا چاقىردى:

ــ خوتۇن!

تىللا خېنىم ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپلا:

ــ ھۇۋ...، ــ دېدى سۇس ئاۋازدا.

ــ ماۋۇ ئۆيگە كىرىڭلار!

ــ مانا ھازىر.

تىللا خېنىم كىردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىددىيلىك چېھرىگە تېپىپ تۇرسىمۇ، ئۇ بار كۈچى بىلەن ئۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن مۇنەۋۋەر ئۇنى ھېس قىلالمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە چوڭ خېنىمغا بولغان ئىشەنچ، رازىمەنلىك بار ئىدى.

ــ بىسمىللە غىززالىسنايىلى دېسەك، ئاشخانىدىن بوشىنالمىدىڭلا، ئەمدى بىر دۇئا قىلىلى.

ــ خۇش ئەمىسە، ــ دېدى تىللا خېنىم بىلىنەرلىك تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ــ ئۆزلىرىدىن كەلسۇن.

ئۇلار دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تىللا خېنىمغا قاراپ:

ــ ئۆزەڭلىمۇ بىلىسىلە، يېشىم قىرىق ئىككىگە يەتكەندە، ئاللاتائالا ئائىلىمىزگە بىر پەرزەنتتىن خەۋەر بەردى. مېنىڭ ئۆي ــ پىكرىم مۇشۇ پەرزەنتىمىزنىڭ بۇ دۇنياغا ئامان ــ ئېسەن كۆز ئېچىشىدا. شۇڭا كۆپ ۋاقتىم مۇنەۋۋەر بىلەن بولۇپ كېتىپ بارىدۇ، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم سۆزلەۋاتقاندا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇگۈنكى ئىشىنى ئېرى بىلىپ قالغاندەك بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ

كېتىۋاتاتتى، ــ لېكىن مۇنەۋۋەر سىلى خېنىمنى يالغۇز قويمىسىلا دەپ، جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى مەن بىر نەچچە كۈن مۇشۇ قورۇدا تۇراي، مۇنەۋۋەر خىزمەتچى قىزلار بىلەن تۇرسۇن، ــ دېدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھاجىمنى مۇنەۋۋەر كاتىكىدىن چىقارمايۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەن تىللا خېنىمنىڭ ئېرىنىڭ گېپىدىن مېڭىسى قىيىپ، تىلى كېكەچلىدى:

ــ ياق، ياق... مۇنەۋۋەر خېنىم ئىككى قات بولغاندىكىن سىلى ئۇنى يالغۇز قويماي...

ــ بولدى، ئارتۇق گەپ قىلماڭلا، يادىڭلىدا بولسا، مەن كىم بىلەن، قاچان تۇرۇشنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن دېگەنغۇ دەيمەن!

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزى تۇۋاقلاندى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مۇنەۋۋەر خېنىمغا بۇرىلىپ:

ــ سىلى قىزلار بىلەن چىقىپ كېتىڭلار، ــ دېۋىدى، ئۇمۇ ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى.

مۇنەۋۋەر خېنىملار يان قورۇغا چىقىپ كېتىپ بىر چاي قاينىغىچىلىك ۋاقىت ئۆتۈۋىدى، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەمدىلا ئاشخانا ئۆيدىن كىرگەن تىللا خېنىمغا:

ــ نېمە بولدۇمكى، قورسىقىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئايىنىپلا تۇرىدۇ، ــ دېدى.

ــ سىلىگە نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ ــ تىللا خېنىم چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدىن بىر تەشۋىشلىك خىيالنىڭ سايىسى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. «دورىنى ھەرقانچە بولسىمۇ ئىككىسىنىڭ قاچىسىغا ئالماشتۇرۇپ سېلىپ قويمىغاندىمەن يەنە؟»

ــ مەن بولالىمىدىم خوتۇن، قورسىقىم غولدۇرلاپ، قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ياندۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ. ھۆ، ھۆ، ھۆ...، ۋايجان، ئەجەب ئاغرىپ كەتتا...

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھەر قېتىم «ھۆ» دېگەندە بايا يېگەن، تېخى ھەزىم بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن نارىن تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ، كۆكۈچ سۈيۈقلۇق بىلەن قوشۇلۇپ يېنىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىنمۇ تەڭلا سۇدەكلا بىر نەرسە كوركىراپ ئېتىلىپ چىقاتتى.

ھاجىمنىڭ ئالدىغا ھەم ئالدىراپ، ھەم ھودۇقۇپ جاۋۇرنى قويۇۋاتقان تىللا خېنىمنىڭ قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ قورسىقىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم قامالاپ، ۋايجاندىن ۋايجانغا سېلىپ تولغىنىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قارىغىنىدا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ تاماقنى ئالماشتۇرۇپ يېگىنىدىن بىخەۋەر ئۆز ـ ئۆزىگە ئىچىدە: «شورۇم قۇرۇسۇن، جىددىيچىلىكتە دورىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەيتتى ھەم بۇ پېشكەلچىلىكتىن قانداق قۇتۇلۇش ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ، سەۋەب ئىزدەيتتى. يەنە ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

ــ ۋاي خۇدايىم، ھاجىم، قورساقلىرىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەردىمۇ؟

ــ تېخىمۇ بەك تولغاپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى؟!

ئىككى چېكىسىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلۇپ، بىردە ھۆ قىلىپ، بىردە ۋايجانلاۋاتقان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، خوتۇنىغا قاراپ:

— تېۋىسىپ، قورغان كۆلىبىشىغا ئادەم ماڭغۇزۇپ تېۋىپنى چاقىرتىڭلا! — دېدى

شۇ چاغدىلا تىللا خېنىم ئەمرۇللا غوجىدار ئارقىلىق تېۋىپنى توقاشلىدىكى بىر تونۇشىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش باھانىسىدا ماڭغۇزۇۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇ چاندۇرماي:

— ھە ماقۇل، مانا ھازىرلا، — دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

تىللا خېنىم سىرتتىن كىرگەندە، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئايۋان ئۆينىڭ تۆرىگە سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە يېنىچە ياتقان بولۇپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. قۇسۇق ۋە ئىچ سۈرۈكتىن چىققان نەرسىلەردىن تارقىغان بەدبۇي ھىد ئۆينى بىر ئالغانىدى.

— تېۋىپقا ئادەم ماڭدۇردۇڭلىمۇ؟ — دېدى ھاجىم تېز - تېز نەپەسلىنىپ تۇرۇپ.

— ھەئە، قادىر ئات باقار بىلەن مېڭىپ كەتتى. ھازىر قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا؟

قورقۇنچلۇق غايىب بىر قولنىڭ گېلىنى بوغۇشىدىن، نەپىسى قىينىلىشىۋاتقان تىللا خېنىم ئالدىراپ جاۋاب بەردى ۋە ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ئالدىرىدى.

— ھازىر سەل قويۇپ بەردى، ئەمما پۇت - قولۇم ئۈرۈپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتىدۇ.

— بىر دەمگىچە تېۋىپمۇ كېلىپ قالار.

تىللا خېنىمنىڭ ئېغىزىدىكى گەپ تۈگىشىگىلا قادىر ئات باقار بوسۇغىدا پەيدا بولدى ۋە:

— تېۋىپ توقاشلىغا كېسەل كۆرگىنى كېتىپتۇ، —

دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.
ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئورنىدىن مىدىرلاپ قوزغالماقچى بولۇۋىدى، قادىر ئات باقار يۈگۈرۈپ كېلىپ ياردەملەشمەكچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالدا تۇرغانلىقىنى ھار ئالدى بولغاي، قادىر ئات باقارغا قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن چىقىپ كەت دېگەندەك ئىشارەتنى قىلدى. تىللا خېنىممۇ ئۇنى بېشى بىلەن چىقىپ كېتىشكە ئىما قىلدى. قادىر ئات باقار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ باش ئايىغىغا ئالدىرىماي سەپسېلىپ چىقىپ «ئۇھ» دېدى. «توۋا قىلدىم خۇدايىم، توۋا، بۇ نېمە ئالامەت، نېمە كارامەت بولدى ئەمدى؟ ئادەمگە قېرىلىق يېتىۋاتامدۇ نېمە؟ بىر قاچا تاماق سىڭمەي مۇشۇنچىلا بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ ئادەم ئاخىر ئۆزىنىڭ پوق - سۈيدۈكىگە چىلىشىپ تۈگەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ قېنى ئۇ پالۋانلىق، قېنى ئۇ نوچىلىق؟!».
شام مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەرگەن چېغى، تىللا خېنىمغا قاراپ:
— كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي، — دېدى.
خېلىدىن بېرى پۇشايمان، تەشۋىش، دېلىغۇللۇقتا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىۋاتقان تىللا خېنىم زىمىستان قىشتا بىرى ئۈستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئېسىگە كەلدى، ۋە:
— مانا مەن ھازىرلا ئېلىپ چىقاي، — دېگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
پاكىزە يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم:

ــ يائاللا بايىدىن بىرى قىينالغىنىمغا خوتۇن كىشى بولغان بولسا نەچچىنى تۇغۇۋېتەتتى، ــ دېۋىدى، تىللا خېنىمنىڭ يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ باشتا « خەپ، دەل جايىدا ئىش بولماقچىكەن » دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. كېيىن شۇ خىيالىدىن قاتتىق قورقتى. ھەم «ئىلاھىم، بۇ ئىشلار مەڭگۈ سىر پېتى قالسىكەن» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ تۈزۈلۈپ قالدى. كۈنلەر خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆتۈۋەردى. ئەڭ مۇھىمى تىللا خېنىمنىڭ زەھەرلىك قولى مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ قورسىقىدىكى ئاشۇ بىگۇناھ بالىغا تېگەلمىدى. پېشانىسىگە نە بەخت، نە بەختسىزلىك يېزىلغانلىقىنى بىلىش ئىنسانىنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدىغان بىر جان ئامان قالدى. لېكىن تىللا خېنىم مۇنەۋۋەر خېنىمغا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىللىمان مۇئامىلىدە بولدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھەر ئىككى ئايالىغا ئوخشاش كۆزدە قاراۋاتقاندەك قىلسىمۇ، كۈندىن كۈنگە قورسىقى چوڭىيىپ بېرىۋاتقان مۇنەۋۋەر خېنىمنى ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ، ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى. بىردەم كۆرمىسە، سېغىنىپ، يۈرىكى تەلپۈنەتتى. يېنىدا بولسا، كۆزلىرى تەلمۈرەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

## دوست خېنىم

مىلادىيە 1684 ـ يىلى نورۇز بايرىمىغا ئۈچ كۈن قالغانىدى. تاڭ سەھەردىلا مۇنەۋۋەر خېنىمنى تولغاق تۇتتى. ئاچچىق تولغاق ئازابى تېخى ئون يەتتە ياشقا تولمىغان بۇ ناتىۋان قىزنى تاكى ئەل ياتار مەھەلگىچە ئازابلىدى. مۇنەۋۋەر خېنىم تۇغۇت ئانىسىنىڭ «چىدىسىلا خېنىم، بىر كۈچىۋەتسىلە» دېگەن دالالىتى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئىنجىقلىۋىدى، بوۋاقنىڭ ھاياتلىق نىشانى، ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى تۇنجى يىغا ئاۋازى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قورۇسىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ياق، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ پەرزەنت تەشنالىقىدا چاڭقىغان كۆڭۈل ۋادىسىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بىرەر كىچىك بالىنىڭ ۋىلىقىدە كۈلگىنى، پاڭگىدە يىغلىغىنى، بىغەرەزلىكتە قىلغان خەقىشى ئاڭلىنىپ باقمىغان بۇ ھەشەمەتلىك قورۇغا يىپيېڭى تۈس ئاتا قىلدى. بوۋاقنىڭ ھېچقانداق مەنىلەردىن مۇستەسنا يىغا ئاۋازى ھويلىدا چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۇ ياندىن بۇ يانغا توختىماي مېڭىپ يۈرگەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن بولسا، ياندىكى ئۆيدە ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېگىكىنى تىرەپ ئولتۇرغان تىللا خېنىمنى ھەسرەت، ھەسەت ئوچىقىغا

ئوتۇن قىلىۋاتاتتى. دەل شۇ دەقىقىلەردە بالىسىنىڭ يىغا ئاۋازىدىن ئالەمچە سۆيۈنگەن، ئانىلىق تۇيغۇسى يۈرىكىنى قۇچقان مۇنەۋۋەر خېنىم چېھرىدە ئىپادىلەنگەن مەمنۇنىيەت، تەبەسسۇم بىلەن يۈرەك پارىسىنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باسالماستىن، ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيەلمەستىن ھوشىدىن كەتتى.

— خېنىمدىن خۇن كۆپ چىقىپ كەتتى، — دېدى تۇغۇت ئانىسى ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا ئۆرە قارىيالماستىن.

— قانداق قىلارمىز ئەمدى؟ — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم جىددىيلىشىپ كەتكەندى.

— دەرھال تېۋىپنى چاقىرتساقمىكىن.

تۇن تەڭ بولغان بولسىمۇ ھايالشىمايلا يېتىپ كەلگەن تېۋىپ ھوشسىز ياتقان مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ تومۇرىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تۇتۇپ كۆردى. تۇغۇت ئانىسىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى ئۆرۈپ ئاستىغا قارىدى.

— تومۇرىنىڭ سوقۇشى بەكلا ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرمۇ توختىماي قان چىقىۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى ئۈمىد يوق دېگەندەك بوش چايقاپ.

— قاننى توختىتىشنىڭ ئامالىنى تېزرەك قىلىسىلا، ئەمىسە!

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قاتتىق بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بالىسى ھەم ئۆزى ئۈچۈن مۇنەۋۋەر خېنىم بولمىسا بولمايتتى.

— خوش، بولىدۇ، ئەمما، — دېدى تېۋىپ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، — سەۋەب بەندىنىڭ، جان خۇدانىڭ.

تېۋىپنىڭ كۆرسەتكەن ئىككى كۈنلۈك

تىرىشچانلىقىدىنمۇ، ياكى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي قىلغان دۇئاسىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ مۇنەۋۋەر خېنىم كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىگە تاقەتسىزلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ ئىچىدىن ئېرىنىڭ كۆزىنى تونۇۋالدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن ئوڭ قولىنى مىڭ تەستە سوزۇپ، ھاجىمنىڭ ساقاللىق يۈزىنى سىلىدى.

ـــ بالام، بالامنى بېرىڭلار، ـــ دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا.

ـــ مانا بالىلىرى، ـــ تۇغۇت ئانىسى بالىنى مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ھەم ئۆزىمۇ قولىنى بالىدىن ئاجراتمىدى. خېنىم تاۋار كۆڭلىكىدىن ئەمچىكىنى چىقاردى. بالا ئەمچەككە چاپلىشىپ، ئانىسىنىڭ كۆكسىنى شوراشقا باشلىدى. بالا ئۆزىنى قانماي ئىمۋاتقان چاغدا، پۈتۈن بەدىنىنى ئاجايىپ شېرىن سېزىم قۇچقان مۇنەۋۋەر خېنىم قولىنى ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى تىللا خېنىمغا ئۇزاتتى. تىللا خېنىممۇ قولىنى مۇنەۋۋەر خېنىمغا بەردى. مۇنەۋۋەر خېنىم تىللا خېنىمنىڭ قولىنى بالىنىڭ پېشانىسىگە ئەكەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. ئەمما چېھرىدە بىلىنەرلىك تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە مەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بەردىم دەپمۇ ياكى بالىنى تىللا خېنىمغا تاپشۇردۇم دەپمۇ خۇشالدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى بوشىشىپ كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئۇنىڭ كۆزى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغانىدى. ئۇنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم لەۋلىرىدە قېتىپ قالغانىدى.

نورۇز بايرىمى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن خالتا

كوچا، تۆۋەن كوچا، ئاق كوچا جامائەتلىرى، ئۇستۇنئاتۇشنىڭ باشقا يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر تەرىپىدىن ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ يىغىسى، ھەممىدىن بەكرەكى ئىگەمبەردىنىڭ «باغرىم قىزىم، جىگىرىم قىزىم» دەپ بوزلاشلىرى بىلەن مۇنەۋۋەر خېنىم قورغان كۆلبېشىدىكى كۆك گۇمبەزگە يەرلىكىگە قويۇلدى.

— قازاغا سەبرە لازىمدۇر، قارىغاندا مۇنەۋۋەر خېنىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يارىغان چېغى، ئەمدى ئۆزىمىزنى قانچە ئۇپراتساقمۇ خېنىم قايتىپ كەلمەيدۇ، — پېشىن نامىزىدىن كېيىن شەھىدۇللا ئىمام پېشايۋان سۇپىسىدا مۇسىبەت سۇكىناتىدا ئولتۇرغانلارغا قاراپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — مۇنەۋۋەر خېنىم باقىيغا كەتكەن بولسىمۇ، بىزگە بىر قىزنى قالدۇرۇپ كەتتى. بالىنىڭ تۇغۇلغىنىغىمۇ ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. ئەمدى ئىسىم قويۇۋەتمىسەك بولماس.

شەھىدۇللا ئىمام ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا بۇرىلىپ قارىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى يەردىن ئىمامغا يۆتكىدى.

— ئىسمىنى ھەمراھ خېنىم دەپ قويايلى. ئانىسىنىڭ روھىغا ھەم جېنىمغا ھەمراھ بولسۇن! — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم شۇنداق دېدى - دە، يەنە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاپ كەتتى، — روھىنىڭ ھەمراھىنى قويۇپ كەتكەن مۇنەۋۋەر، جېنىمنىڭ ھەمراھىنى قويۇپ كەتكەن مۇنەۋۋەر، ئىككى دۇنيالىق ئامانىتىنى قويۇپ كەتكەن مۇنەۋۋەر!...

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھازا ئىچىۋاتقاندا، ئۇستىبېشىغا

ئاپپاق قارىلىق كىيىمى كىيىۋالغان تىللا خېنىم قوشتەك يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىرىپ بوۋاقنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قەدەملىرىنىڭ چاقچاقلىقىدىن، كۆز جىيەكلىرىدىكى كۈلكە ئىزىدىن، شۇنچە زورۇقسىمۇ يۇمۇلماي قىلىۋاتقان نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىكى ساپسېرىق ئالتۇن چىشلىرىنىڭ ۋالىلداپ تۇرۇشلىرىدىن پۈتۈن ئائىلىگە ھەتتا پۈتۈن يۇرتقا مۇسىبەت ئازابى ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۆلۈمدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ قالالمايۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ قازا قىلىشى ئۇنى تولىمۇ خۇش قىلىۋەتكەنىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ كۈنىسى، ئېرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغاننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى بۇ ئۆيدە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئالدىدىكى بىر دەخمىزە، ئۆزىنى تۇغماس توخۇ دەپ جار سالغۇچى بىر ئاپەت يوقالغانىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئاپەت يوقالغاننىڭ ئۈستىگە ئېرى تەشنا بولغان بالىنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئوڭچە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. «ھېلىقى كۈنى دورىنى خاتا سېلىپمۇ ئوبدان قىلىپتىكەنمەن، ئەگەر ئىشلار دەل جايىدا بولغان بولسا، قولۇمدىكى بۇ تەييار گۆھەر يوق بولغاننىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ ئانىسى دېگەن قانجۇقمۇ ھايات يۈرەتتى تېخى. ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىپ بارىمەن، ھەممىنى بىلگۈچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى بىر ئۆزەڭسەن، بەرگەن كۈنلىرىڭگە، ئىلتىپاتىڭغا مىڭ رەھمەت!»

شەھىدۇللا ئىمام بالىنى تىللا خېنىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ، يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىغا ئەكىلىپ قۇچاقلاپ، كەلىمە شاھادەت سۈرىسىنى ئوقىدى، تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن

ئۇنى جايىنامازنىڭ ئۈستىدە ئۈچ قېتىم يۆملىتىپ، «مۇبارەك ئىسمىلىرى ھەمراھ خېنىم بولسۇن!» دېدى. پېشايىۋاندىكى ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلىشتى ۋە تەڭلا « مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشتى.

مۇنەۋۋەر خېنىم دادىسى ئىگەمبەردى، ئىبرى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم، ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىنى ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدۇرۇپ باقىي ئالەمگە كەتتى. ئۇ خۇددى بۇ دۇنياغا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم، تىللا خېنىملار ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بېرىشكە كەلگەندەكلا، باغرىدىن چۈشكەن يۈرەك پارىسىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇشقىمۇ قادىر بولالماي كېتىپ قالدى. ئۆزىنى ئاران بىرلا قېتىم ئېمىش – پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەمراھ خېنىم ئۈچۈن ھۆسنى – جامالىنى، مېھرى ـ ۋاپايىنى مەڭگۈلۈك سىر، تېپىشماققا ئايلاندۇرۇپ كەتتى. مۇنەۋۋەر خېنىمنى ھەر قېتىم خىيال قىلسا، ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، مۆللىدە يىغلاپ سىلىشقا تەييار تۇرۇدىغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەمدى ھەمراھ خېنىمنى ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ روھىنى خۇشال ھەم ئەمىن قىلماقچى بولدى. «ھەمراھ خېنىم ئوبدان كۈتۈنۈشى ، ئانا مېھرىگە قانمىسىمۇ ئانا سۈتىنى ئىمىشى، ئۆزىگە ئانىسىدەك كۆيۈنىدىغان ئادەمنىڭ پەرۋىشىدە بولۇشى كېرەك». ئۇنىڭ يادىغا ئىگەمبەردىنىڭ چوڭ قىزى، مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ ئاچىسى، خالتا كوچىدىكى مۇكەررەم كەلدى. «راست، مۇكەررەم تۇغۇتلۇق ئەمەسمۇ، مەن ئۇلارنى ياندۇرۇپ كېلەي، مۇكەررەم ئىككى قىزنى ئېمىتىپ بىللە قاتارغا قوشسۇن، ئىبرى

ئابدۇلېتىپنى ئۆي ئىشلىرىنىڭ غوجىدارى قىلىپ بەلگىلەي...»

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ھاجىم، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قارارىنى ئاڭلىغان تىللا خېنىم خۇددى تىكەننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئادەمدەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ھەمراھ خېنىمنى ئۆزۈم بىر قوللۇق باقىمەن، ئۇنى ھېچكىمگە تۇتقۇزمايمەن، — ئۇ ئەزەلدىن ئېرىگە بۇنداق يۈزمۇ يۈز تىكىلىپ تۇرۇپ گەپ ياندۇرمىغانىدى، — مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ جان ئۈزەر چېغىدا قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەمراھ خېنىمنى ماڭا تاپشۇرغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، ھەمراھ خېنىمنى تېخى مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماستىن ئۆزۈم باقالمىغاندەك باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويسام، ئانىسىنىڭ روھى ئازابلانمامدۇ؟!

— بالا سۈت ئىممەي چوڭ بولمىسا بولمايدۇ، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خوتۇنىغا چۈشەندۈردى.

— مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن، — تىللا خېنىم ئېرىنىڭ يادىغا بىر نەرسىنى سېلىۋاتقاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلىمەكتە ئىدى، — دەريا بويىدىكى يىل بويى سۈت - قايماقلىرى تۆكمە بولۇپ تۇرۇدىغان قورۇ - قورۇ كالا، قوي - ئۆچكىلىرىمىزنىڭ بارلىقى يادىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ؟!

تىللا خېنىمنىڭ بالىسىغا ھايۋاننىڭ سۈتىنى بېرىش خىيالىدا بولۇۋاتقىنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا بىر خىل ھاقارەتتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ بۇ خىيالىدىن قاتتىق ئاغرىنغان بولسا، يەنە ئۆزى بىلەن گەپ يورغىلىتىپ زاكۇنلىشىۋاتقىنىدىن غەزەپلەنگەنىدى.

ــ سىلى بالا تۇغۇپ باقمىغانلىقىڭلا ئۈچۈن، بالىغا ئانا سۈتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىلە، ھەمراھ خېنىم ئانا سۈتىگە تويۇپ چوڭ بولۇشى كېرەك، مۆكەررەم مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ بىر قورساق پاپىسى، دۇنيادىكى ئۆز ئانىسىغا ئەڭ يېقىن ئادەم. قىزىم ئۆزىنىڭ ھامىمىسىنى ئىمىپ چوڭ بولسا، ھامىمىسىمۇ مىننەت قىلمايدۇ، ھەمراھ خېنىممۇ چوڭ بولغاندا كىمنىڭ سۈتىنى ئەمگەنلىكىنى بىلسە، بىزنىڭ بۇ قىلغىنىمىزدىن رازى بولىدۇ.

تىللا خېنىم مىشىلداپ، كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىنى ئېرىنىڭ «سىلى بالا تۇغۇپ باقمىغاچقا...» دېگەن گەپلىرى ئاچچىق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئېغىر خورلۇق ئىچىدە ئېرىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى چىداپ تۇرۇپ ئاڭلاپ ئولتۇردى. لېكىن ئىچىدىكى ئاچچىق تىلىغا چىقمايمۇ قالمىدى:

ــ توغرا دەيلا، مەن تۇغماس بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئالدىلىرىدا يۈزۈم قالمىدى. ئۆزۈمنىڭ شۇنداقلىقىنى بىلىپ پاپامنىڭ بالىسىنى بېقىۋالايلى دەپ نەچچە ئېيتساممۇ، قۇلاق سالمىغانتىلە، مانا ئەمدى سىلىگە بالا تۇغۇپ بەرگەن مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ پاپىسىنىڭ ئېرىنى، ئۆزىنى، بالىسىنىمۇ ئۆيگە ئەكېلىپ باقماقچى بولۇۋاتىلا...

خوتۇنىنىڭ بۇ گەپلىرى، بولۇپمۇ ئەمدىلا ئۆلۈپ كەتكەن مۇنەۋۋەر خېنىمنى چىشلەپ تارتىشى جان ــ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئاچچىقتىن مۇشتۇمى تۈگۈلدى. ئەگەر ئۇ قارىلىق بولمىغان بولسا، خوتۇنىنى تونجى قېتىم پۇخادىن

چىققۇچە دۇمبالىغان بولاتتى. ئۇ چىشنى چىشىغا بىسىپ، ئارىدىكى سۈكۈت ئارقىلىق ئاچچىقىغا ھاي بەردى. لېكىن خوتۇنى تىللا خېنىم ئۇنىڭغا شۇنچە بىشەم، شۇنچە شەخسىيەتچى بىلىنىپ كەتتى. «بۇ خوتۇننى بالىنىڭ يېنىغا يولاتمىسام بولغۇدەك». ئۇ ھېلىقى ئىچى سۈرۈپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، قورسىقى ئاغرىپ كەتكەن كۈندىكى مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ ئۆزىگە ئەركىلەپ تۇرۇپ قاچىدىكى تاماقنى ئالماشتۇرۇپ يېگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۆشۈك ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان بۇ خوتۇننىڭ بىردىنىلا خۇشخۇيلىشىپ، تاماقخانىدىن چىقالماي قالغىنىنى ئەسلەپ قالدى. «ئاشۇ كۈندىكى تاماقتا بىرەر ئويۇن بولۇپ يۈرگەن بولمىغىيتى، تەمى بىر خىل قىرتاق تۇراتتى...» دېگەننىمۇ يادىدىن ئۆتكۈزدى. ئارقىدىن «ئىلاھىم مەندىن كۆپۈرلۈق ئۆتۈۋاتقان بولسا، ئۆزۈڭ كەچۈرەرسەن»، دەپ ئاللاھقا تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتتى. ئۇ ساراي ئۆيدىكى كاڭ ئوچاقنىڭ يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ھەمراھ خېنىمغا كۆزلىرىنى ئۇزمەي تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرغان خوتۇنىغا قاراپ ئېغىر ـ ئېغىر ئاۋازدا ئېيتتى:

ـ سىلىنىڭ مەن بىلەن زاكۇنلاشمىشىغلارنىڭ پەقەتلا ئورنى يوق. ئۇ چىدىماسلىق، بىشەملىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاخىرقى قارارنى مېنىڭ چىقىرىدىغانلىقىمنى قايتا ئويلىغىنىڭلاردا، ماڭا گەپ ياندۇرۇشنىڭ خوتۇنۇم بولغان سىلى ئۈچۈن خاتا، ئاۋارىچىلىك، ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىپ قالىسىلەر. يەنە ئارتۇقچە ئويدا بولساڭلا مەن مۇنەۋۋەر خېنىمغا ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى

سىلىگە دېگەن گەپ ھېلىمۇ ھېساب!...

«سۆزۈڭلىنى ئالساڭلا بولىدۇ!». ئېرىنىڭ شۇ چاغدىكى بۇ گېپى تىللا خېنىمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ، تىترەپ كەتتى. «بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا سۆزۈڭلىنى ئېلىڭلا دەيدىغانلا بولۇۋالدى دېسە؟!» تىللا خېنىمنىڭ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن، بولۇپمۇ بۇ توققۇزى تەل ئائىلىدىن مەڭگۈ ئايرىلغۇسى يوق. ئۇنىڭ بۇ ئائىلە ئۈچۈن تۆككەن تەرىدىن باشقا، ئويلىغىنىنى ۋە دېگىنىنى قىلىپ دەۋران سۈرگەن ۋاقىتلىرى بولغان. ئائىلىنىڭ مۇھىم قارارلىرىنى ئۆزى چىقارغان. مانا ئەمدى ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۆتمەس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھاجىممۇ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ قويمايدىغان بولۇۋالدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ قارشى تەرىپىدىن قارار چىقىرىپ، تەتۈر قىيناۋاتىدۇ. «ھەممىسى ئاشۇ مەندىن يىگىرمە ئۈچ ياش كىچىك، ئۆچكە تىلىدەك بەترەڭ، خۇنى يوق ئايدەك سوغۇق مۇنەۋۋەردىن قالغان ئاسارەت ئىككەنلىكى تۇرغانلا گەپ. ئەمدى ئۇ يوق. ھازىرچە ھاجىمنىڭ گېپىگە كۆنمەكلىكىم، ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرمىكىم زۆرۈر ئوخشايدۇ. ئۆتكەن كۈن ئۆتتى، كەتتى. ئەمدى ئالدىمغا قاراپ، دېگەن يېرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ رايىنى رام قىلىۋالسام... بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلىدۇ».

تىللا خېنىم شۇنداق خىيال قىلىۋاتقاندا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭمۇ خىيال قۇشلىرى پەرلىرىنى يايغانىدى:

«مۇنەۋۋەر خېنىم كەتتى. ئۇ ئەمدىلا ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىدەك غۇبارسىز، نوتىدەك ئەۋرىشىم، يېڭى چىققان ئايدەك جەزبىدار قىز ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بىر يىللىق يەتمىگەن كۈنلىرىمنى، ئۇنىڭ ياخشى مىزاج - خۇلقىنى زىنھار ئۇنتۇيالمايمەن. ئىسمىنى زىكرى قىلىپ، قەبرىسىگە دۇئا ئوقۇپ، ھەمراھ خېنىمنى بەلەن تەربىيەلەپ، روھىنى خۇش قىلىمەن. تىللا خېنىمنىڭمۇ خۇي - پەيلى تۈزۈلۈپ ئىزىغا چۈشۈپ كېتەر، ئىلاھىم...»

ئەتىسىدىن باشلاپ تىللا خېنىم خۇي قىلمايدىغان، رايىش، تەشەببۇسكار ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ مۇكەررەملەرنى ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇردى. مۇكەررەم بىر ئائىلە كىشىلەرگە ئارقا ھويلىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى بىر يورۇش ئۆي بىكار قىلىپ بېرىلدى.

— ھەمراھ خېنىمنى تىمەن چوڭ قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە ھاجەتمەن بولۇپ قالدۇق، — دېدى تىللا خېنىم، مۇكەررەم ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ ئەمدى «ئۇھ» دېيىشىگە، — ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىمىتىپ تۇرالا.

— بولىدۇ خېنىم، — مۇكەررەم كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۆزىگە يات بىر ئادەمنىڭ ھەمراھ خېنىم ئۈچۈن غەم يەپ بۇيرۇقۋازلىق قىلغىنى قاتتىق ھار كەلدى، — ھەمراھ خېنىم بولسا، بالدۇر توزىغان غۇنچە سىڭلىم، بۇ دۇنيادىكى يەيدىغان رىزقى ئاز قېرىندىشىم، جانجىگىرىم، غەمگۇزارىمنىڭ تەۋەررۇكى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كۆلكىسى ماڭا ئالەمچە خۇشلۇق بېغىشلىسا، يىغا - خەقىشلىرى جېنىمنى تىكەن سانجىغاندەك ئاغرىتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە

خېنىم ئۇچۇن مەندىنمۇ، مۇۋاپىق ئادەم بولمىسا كېرەك.
مۇكەررەم هازىر جاۋاب، سۆزمەن، كۆڭلىدىكىنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان چوكان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تىللا خېنىمنىڭ زەردىسىنى خېلىلا قايناتقان بولسىمۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن يېنىدىكى ئابدۇقۇددۇس هاجىمدىن ئەيمىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تۇنۇگۇنلا ئۆزىگە قويغان تەلەپكە ئەمەل قىلىپ باشقىچە ئىپادىدە بولمىدى.
هەمراھ خېنىم قىرىق كۈنلۈك بولغۇچە مۇكەررەمنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئابدۇقۇددۇس هاجىم، تىللا خېنىم، هەر ئازنا ئاخشىمى بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇردى. ئىگەمبەردىلەر مۇكەررەمنىڭ قېشىغا كىرىپ هەمراھ خېنىمنى كۆرۈپ تۇردى. مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ قىرىقى نەزىرىسىدىن كېيىن، ئابدۇقۇددۇس هاجىم هەمراھ خېنىمنى خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق ئاچىقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ هۇجرىسىدا كۆرۈپ تۇردى. تىللا خېنىمنىڭمۇ ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشىگە، ئەركىلىتىشىگە يول قويدى. بۇ ئەھۋال تاكى ياز ئۆتۈپ، كۈز كەلگىچە داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا هەمراھ خېنىمنىڭ چىرايىغا بارا ـ بارا تۇس كىرىپ، دادىسىنى كۆرسە ئۇنى تونۇغاندەك ئېغىزىنى ئۇمچەيتىپ، پۇرۇشتۇرۇپ، كۈلۈپ، ئاللىقانداقتۇر بىر تاۋۇشلارنى چىقىرىپ، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ساقاللىرىنى تۇتقاندەك هەرىكەتلەرنى چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن ئابدۇقۇددۇس هاجىم، ئەمدىلىكتە بولسا، هەمراھ خېنىمنى ئىمىدىغان چاغدا مۇكەررەمنىڭ قېشىغا چىقىرىدىغان، باشقا چاغلاردا ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى. تىللا خېنىممۇ هەمراھ خېنىمنىڭ يىغىسىنى بەزلەيدىغان، چوڭ ـ

كىچىك تەرىتىنى ئادالاپ، ئاستىنى قۇرۇقدايدىغان، ئۇنىڭغا بىرنەرسە يېگۈزىدىغان ئىشلارنى باشقىلارنى يېقىن كەلتۈرمەي ئۆزى بىر قوللۇق قىلدى.

ــ بالىنىڭ كۆزى، بۇرنى، ئېڭەكلىرى بارغانچە سىلىنىڭكىگە ئوخشاپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ،ــ دەيتتى تىللا خېنىم ھەمراھ خېنىمغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ ئېرىنگە.

بۇنداق چاغلاردا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ياتقان بولسا ئورنىدىن ياش يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇپ:

ــ ئەكېلىڭلا مەن بىر كۆرۈپ باقاي،ــ دېگىنىچە خوتۇنىنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېنىش ـ يېنىش، مېھرى بىلەن قانماي باقاتتى. دادىسى ئۆزىگە ھەرقېتىم قارىغان چاغدا ھەمراھ خېنىم خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن قاراۋاتقىنىنى بىلگەندەك، پۇت ـ قوللىرىنى سىلكىپ، قىلىقلىنىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنىڭ يۇمران مەڭزىگە ساقاللىق يۈزىنى بوش ياقاتتى. شۇ ھامان ئېرىگە يېقىن تۇرغان تىللا خېنىم:

ــ قارىسىلا، بالا سىلىنى تونۇۋاتىدۇ، دادام دەپ ئەركىلەۋاتىدۇ. سىلىگە گەپ قىلىپ بېرىۋاتىدۇ،ــ دەيتتى ـ دە، ھەمراھ خېنىمنى ئېرىنىڭ قولىدىن ئېلىپ،ــ دادىلىرىغا گەپ قىلىپ بېرىۋاتامىلا قوزام؟ مۇنداق ـ مۇنداق قىلغانلىرى نېمە دېگەنلىرى؟ تىللىرى قانچە تاتلىق چىقار سىلىنىڭ؟ــ دەپ ئەركىلەتكىنىچە ئۇنىڭ پېشانە، مەڭزىلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيۈپ كېتەتتى. ھەمراھ خېنىم باشلىرىنى ئۇيان ـ بۇيانغا بۇراپ تېپچەكلىسە،ــ دادىلىرىنى ئىزدەۋاتامىلا خېنىم؟ مانا

146

دادىلىرى، ــ دېگىنىچە ئۇنى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بوُنداق مەنزىرىنىڭ مەڭگۇ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما تىللا خېنىم دەرھال كۆرۈنۈش ئۆزگەرتىپ، ھەمراھ خېنىم ئارقىلىق ئىرىنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ گۈزەل دۇنياغا باشلايتتى. گاھ ھەمراھ خېنىمنى ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلدۈرسە، گاھ ئۇنى شېرىن خىياللار بىلەن ياتقان ئىرىنىڭ قورسىقىغا ياتقۇزۇپ قويايتتى. بۇنداق دەقىقىلەردە ئۇ قىزىنى پەقەت تىللا خېنىملا بەلەن باقالايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ «مۇنەۋۋەر خېنىمغا ئۆيلەنگەندىن تارتىپ سىرتلارغا چىقىپ باقمايتىمەن، ئەمدى ھەمراھ خېنىم ئۈچ ياشقا كىرگىچە ھېچ يەرگە بارماي، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، تىلى ۋە ئايىغىنى ئۆزۈم چىقىرىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلماي، ئۆز ئانىسىنىڭ مېھرىدىن مەھرۇم قالغان قىزىمغا ئاتا مېھرىنى تولۇق ھېس قىلدۇرىمەن» دەپ نىيەت قىلغانىدى.

راست دېگەندەك ئۇ سودا ـ تىجارەت ئۈچۈن يىراقلارغا كارۋان تارتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى قورغان كۆلبېشى جامەسىگە، يۇرتتىكى ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان يەرلەرگە بارغاندىن باشقا، يېقىن ئەتراپتىكى بارسىمۇ بولىدىغان، بارمىسىمۇ بولىدىغان يەرلەرگىمۇ بارمىدى. جۈمە نامىزىدىن قايتقاندا ئۆيگە قايتىشقا، ھەمراھ خېنىمنى تېزرەك كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

ھەمراھ خېنىم ئون ئايلىق بولۇپلا «دەد دە»، «داد دا» دېگەندەك تاۋۇشلارنى چىقىرىۋېدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ تېنى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. يۈرىكى

شۇررىدە ئېرىگەندەك بولدى. كۆز چاناقلىرى ئىپتىخارلىق ياشلىرىغا تولدى. قىزىنىڭ غەرەزسىز چىقارغان ئاۋۇشلىرى ئۇنى دادىلىق ھېس ـ تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. ھەج سەپىرىدىكى سەپەرداشلىرىنىڭ «ھەقىقىي بايلىق پەرزەنتتۇر» دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئەمدى باي بولغاندەك ھېس قىلدى.

ــ ھاجىم، ھەمراھ خېنىم «دادا» دەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تىلى «دادا» دەپ چىقىپتۇ. تازا زېھىن قويۇپ ئاڭلىسىلا، ئۇ يەنە «دادا، دادا» دەۋاتىدۇ.

تىللا خېنىمنىڭ قولىدىكى تىكمۇۋاتقان كەشتىسىنى جايىغا قويۇپ، قىزىنىڭ قېشىغا يۈگۈرگەندەك كېلىۋېتىپ دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. نەپەسلىرىگە ئاتا ـ بالىلىق مۇھەببىتىنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتىنى ھەدىيە قىلدى.

ــ مەنمۇ ئاڭلاۋاتىمەن، ھەمراھ خېنىم بايىدىن بېرى توختىماي «دادا» دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تىلى چىقىۋېتىپتۇ، «دادا» دەپ چىقىۋېتىپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ «دادا» دېگەن ئالتۇن تىلىنى يامان كۆزدىن ساقلىغايسەن. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئارچا ياغىچى، ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىۋېتىڭلا!

ــ «دادا» دەۋاتامىلا قىزىم، تىللىرى چىقىۋاتامدۇ ئالتۇنۇم؟ ــ تىللا خېنىم ھەمراھ خېنىمنى قۇچىقىغا ئالدى، ــ تىللىرىنىڭ چىققىنىغا كۆز مۇنچاق ئېسىپ قوياي. كۆزى يامانلارنى بوسۇغىغا يېقىن يولاتماي. قېنى ئاشۇ ناۋاتتەك شېرىن تىللىرى بىلەن مېنىمۇ بىر «ئانا» دەۋەتسىلە، سىلىنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىدىغىنىمنىڭ جاۋابى ئۈچۈن بولسىمۇ، پوق ـ سۈيدۈكلىرىنى

تازىلىغىنىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ «ئانا» دەپ قويسىلا، خېنىم.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تىللا خېنىمنىڭ ھەمراھ خېنىمنى ئەركىلىتىشلىرىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. «ئەگەر ھەمراھ خېنىم ئۇنىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن ئۆز بالىسى بولغان بولسا، پوق ـ سۈيدۈكلىرىنى تازىلىغىنىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، دېگەن گەپنى قىلىۇرمىدى؟ قىزىم بۇ قورۇدا ھەممىگە ئېرىشىسىمۇ، بىرنەرسىگە ــ ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ مىننەتسىز مېھرىگە زىنھار ئېرىشەلمىگىدەك. باللىرى بار خوتۇنلارغا ھەسەت قىلىپ ياشايدىغان مۇنۇ خوتۇننىڭمۇ قىزىمغا كۆيۈنۈپ كېتىشىنىڭ ۋەجى ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ماڭا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىكەن. مەن قىزىمنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ھەردەم ئاگاھ بولۇپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن.» ئۇ ھەمراھ خېنىمنى تىللا خېنىمنىڭ قولىدىن ئالغاندا، كۆز ئالدىغا مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ خۇشپىچىم سىيماسى كەلدى ۋە ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئاققان ئىككى تامچە يېشى ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ قويغان، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. تىللا خېنىم ئېرىنىڭ بۇ خىل ھالىتىدىن «يادىغا يەنە مۇنەۋۋەر كېلىۋالدى، تايىنلىق» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىلمەسكە سېلىپ سورىدى:

ــ نېمە بولدىلا، ھېلىلا بىر ئوبدان تۇراتتىلە، بىر دەمدىلا باشقىچە بولۇپ قالدىلىغۇ؟

ــ ھېچنېمە بولمىدىم، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم

خوتۇنىغا قارىماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — بەكلا خۇش بولۇپ كەتتىممۇ نىمە...

كۇنلەر كۇنلەرنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. ھەمراھ خېنىم ئانىسى تۇغەپ كەتكەنگە بىر يىل بولغان نورۇز بايرىمىدا، ئانىسىنىڭ يىل نەزىرىسى بولغان كۇنلەردە ئايىغى چىقىپ بولغان بولۇپ، پېشايۋاندا، ئۆينىڭ ئىچىدە تايتاڭلاپ مېڭىپ يۈردى. كېيىنچە ئۇ مۇكەررەمنىڭ ئۆزىدىن بىر ئايلىق چوڭ قىزى ھەنپە بىلەن پېشايۋاندا ياكى ئارقا ھويلىدا ئويناۋاتقان يېرىدىن چوڭلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئېرىق بويلىرىغا، چوڭ يولغا يۈگۈرۈپ چىقىۋالىدىغان بولۇۋالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنى بىر نەچچە ئادەم تەڭلا ئىزدەيتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھامان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن تىللا خېنىم بار بولاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم باشقىلارغا ئانچە - مۇنچە كايىپ قوياتتى.

— باللارغا ئوبدان قاراڭلار دېسەم، ھېچ تىڭشىمايسىلەر، باللار كىچىك، ئېرىقتا سۇ تۇرسا، ئەنسىرەشنىمۇ بىلمەيسىلەر، بۇندىن كېيىن ھېزى بولۇڭلار...

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم باشقىلارغا كايىپ قويغىنى بىلەن، «ئۆزۈمنىمۇ غەپلەت بېسىپ قاپتۇ»، دەپ ئويلايتتى ھەم ھەمراھ خېنىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. ھەمراھ خېنىم بىردەم تالاغا چىقىمەن دەپ قەغىشلىك قىلىپ قوياتتى - دە، يەنە ئۇنتۇپ، دادىسى بىلەن بىللە ئويناپتتى. دادىسى قىزىنىڭ بىر قېتىم ۋىلىقلاپ كۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گاھ تۆگىسى بولۇپ بەرسە، گاھ ئېتى بولۇپ بېرەتتى. گاھ كالىسى بولۇپ مۆرەپ بەرسە، گاھ

قوي ـ ئۆچكىسى بولۇپ مەرەپ بېرەتتى. گاھىدا ئىتى بولۇپ قاۋايتتى، مۈشۈكى بولۇپ مياڭلايتتى، توخۇسى بولۇپ چىللايتتى. ئۇلار ئويناپ چارچىغاندا، پەي ياستۇققا باشلىرىنى قويۇپ تەڭلا ئۇخلاپ قېلىشاتتى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆنلىرى قىزى بىلەن بىللە ئويناپ، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئۆتەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ھەمراھ خېنىم ئىككى يېرىم ياشتىن ئۆتۈپ، ئۈچ ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئەڭ خالايدىغان ئىشى ئۆزىنىڭ دىلكىشى، سۆھبەتدىشى، كۆڭۈل خۇشى قىزى بىلەن پاراڭلىشىش، قىسقا ـ قىسقا دىيالوگلارنى قىلىش ئىدى.

— قىزىم، مەن سىلىنىڭ نېمىلىرى؟

— ھاجىم دادام.

— مېنى دادام دېسىلىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— ئانام دادىلىرىنى ھاجىم دادا دېشىلە، دېدى.

— دادا دەۋەرسىلىمۇ بولىدۇ.

— ھە...

— مەن يەنە نېمىلىرى؟

— بىلمەيمەن، شىلى دەپبەيشىلە.

— مەن سىلىنىڭ بىللە ئويناپدىغان دوستلىرى ئەمەسمۇ؟

— شىلى مېنىڭ دوشتۇم. ھەنىپە دوشتۇم ئەمەشمۇ؟

— مەنمۇ دوستلىرى، ھەنىپەمۇ دوستلىرى.

— ئەمدى مەن شىلىنى دوشتۇم دەيمەن.

— مەنمۇ سىلىنى دوستۇم دەي ئەمىسە.

— ماقۇل، دوشتۇم. شىلىمۇ دوشتۇم دىشىلە.

— دوستۇم.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزنى ھەمراھ خېنىم دەپ ئاتىسا، تولۇق بولمايۋاتقاندەك، بىر يەرلىرى كەم بولۇپ قېلىۋاتقاندەك ئويلاپ يۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ قىزنى «دوستۇم خېنىم» دەپ ئاتاشقا ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى. ھەمراھ خېنىم يېنىدىن بىردەم نېرى كەتتىمۇ ئۇنى «دوستۇم خېنىم» دەپ چاقىراتتى. ھەمراھ خېنىم ئۈچ ياشقا تولغىچە، ئۇنى «دوست خېنىم» دەپلا ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ كۆپ بىللە ياشايدىغان، ئەڭ كۆپ پاراڭلىشىدىغان ئادىمى، يېقىن دوستى قىزى ئىدى. ئىشىك ئالدىلىرىدا، باغلاردا، ھويلا ۋە ئارقا ھويلىلاردا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ «دوست خېنىم» دەپ قىزىنى ئۈنلۈك تووۋلىغان ئاۋازلىرى پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بارا ـ بارا ئالدى بىلەن قورۇدىكىلەر، ئاندىن يۇرتتىكىلەر ھەمراھ خېنىمنى «دوست خېنىم» دېيىشكە ئۆگىنىپ كېتىشتى. كېيىنچە يۇرتتىكىلەر ئۇنىڭ ھەمراھ خېنىم دېگەن ئىسمىنىڭ بارلىقى پۈتۈنلەيلا ئۇنتۇلۇپ كېتىشتى. كۆرگەنلا ئادەمدىن قىلچە ھېيىقماي، ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ تۇرۇۋالىدىغان دوست خېنىم چېچەن، ئەقىللىك چوڭ بولۇشقا باشلىدى. قورغان كۆلىبېشىنى مەركەز قىلغان يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك كىشىلەر ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ھۆرمىتىنى دەپمۇ ياكى دوست خېنىمنىڭ يېقىشلىق بالا بولغانلىقىدىنمۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بويى نوتىدەك تېز ئۆسۈۋاتقان، چېھرىگە كۈندىن ـ كۈنگە سىياق كىرىپ بىر چىرايلىق

بولۇپ كېتىۋاتقان دوست خېنىمغا شۇقەدەر ھېرىسمەن ئىدى. بولۇپمۇ قىزىنىڭ ئۆزىنى ھەر قېتىم «دادا» دېيىشلىرىنى ئاڭلىغاندا، كۆڭلى يايراپ، ئاتىلىق ئىپتىخارى ئۇرغۇپ كېتەتتى. سەپەردىكى چاغلىرىدا ئۇنى سېغىناتتى، كۆرگۈسى كېلىپ، ئۆيىگە تېزرەك قايتىشقا تاقەتسىزلىنەتتى. بۈگۈنكىدەك قىزىنى بىرەرى بوزەك قىلسا ياكى كۆزىدىن بىرەر تامچە ياش چىقارسا، چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايتتى.

دادىسىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدا راھەت ئۇيقۇسىنى قېنىپ ئۇخلىغان دوست خېنىم كېرىلىپ، تولغىنىپ ئويغانغاندا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بايىدىن بېرى سۈرگەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىياللىرى ئۈزۈلدى.





# ئون ئىككىنچى باب

## دىدار

مىلادىيە 1699 ـ يىلى چايان ئېيى،

جامالىدىن تۇنۇگۇن ئايرىلغىنىغا توققۇز يىل بولغان ئانا يۇرتىغا بۇخارادىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئەمدى جالالىدىنىنىڭ كۆز ئالدىدا توققۇز يىل بۇرۇنقى سەككىز ياشلىق، سەبىي، بالا جامالىدىن ئەمەس، بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، تەقىي ـ تۇرقى، قەددى ـ قامىتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغانلىقى ئايان بولۇپ تۇرىدىغان چوپچوڭ بىر يىگىت تۇراتتى. سېغىنىش، ئەنسىرەش، كۈتۈش بىلەن توققۇز يىلنى مىڭ تەستە ئۆتكۈزگەن جالالىدىن بىلەن، ئوغلى ئۇچۇن سان ـ ساناقسىز كېچىلەرنى دۇئا، ھەمدۇسانا، تەشۋىش بىلەن تاڭلارغا ئۇلىغان ئانا ئاغىچىخان ئوغلىنى قىزىلئۇيگىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئىبراھىم بۇخارانىڭ تۆگە كارۋىنىنى يىراقتىن كۆرۈنگەن چاغدا «ئاشۇ كارۋاندا مېنىڭ بالام بار» دەپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قېلىشقانىدى. كارۋان يېقىنلىشىپ، كىشىلەرنىڭ چىرايى ئېنىق كۆرۈنگەندە كېلىۋاتقانلاردىن ئالدى بىلەن ئىبراھىم بۇخارانىڭ چىرايىنى تونۇدى. ئەمما قايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىشەلمەي، تېڭىرقاپ قېلىشتى.

ــ دادىسى، ــ دېدى ئاغىچىخان كارۋانغا بوينىنى

سوزۇپ، ــ جامالىددىننى تونۇيالىدىلىمۇ؟
ــ ھېچبىر پەرق ئېتەلمىدىمغۇ، سىلىمۇ بىلەلمەيۋاتامسىلە؟ ــ جالالىددىنمۇ كېلىۋاتقانلارغا تەقەززالىق بىلەن بويىنىنى سوزماقتا ئىدى.
ــ ئىبراھىم بۇخارانىڭ قېشىدا كېلىۋاتقان يىگىت ئوغلىمىز بولمىسۇن يەنە.
ئاغىچىخانىنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ ئىبراھىم بۇخارانىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان يىگىت تۆگىدىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى ـ دە، «دادا، ئانا» دېگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. جالالىددىندىن خېلىلا بەستلىك بۇ يىگىتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە دەسلەپتە ئەر ــ ئايال ئىككىيلەن دەرمەھەل بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاغىچىخان كېلىۋاتقان بۇ يىگىتنى تونۇدى. يىگىت گەرچە چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئانىنىڭ باغرى ئۇنىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىگە ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ سىنچى كۆزىمۇ جامالىددىننىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى بۇغدايچىلىك ئىككى تال مەڭ ئانىغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقان يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ ئۈلگۈردى. ئانا ئوغلىغا قاراپ، «ئوغلۇم» دەپ يۈگۈرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تارىغان توققۇز يىللىق ئاچچىق ھىجران، توققۇز يىللىق زارىقىپ تەلپۈنۈش، توققۇز يىللىق ئانىلىق سېغىنىشىدىن ھاسىل بولغان بىر سادا قىزىلئوي تاغلىرىدىن بىر ئۆزۈن ئەكس سادا قايتۇردى. جالالىددىنمۇ ئاغىچىخانىنىڭ ئارقىسىدىن چوڭ ـ چوڭ، ئەمما سالماقلىقىنى بۇزمىغان قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئانا

«جېنىم بالام، ئوغلۇم، ساق ـ سالامەت كەلدىڭمۇ، سېنى بەكمۇ كۆردىغان كۈن بولدىكەن» دېگىنىچە ئوغلىغا ئېتىلدى. جامالىدىن ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئانىسىنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزۇۋالدى. ئانا ئوغلىنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سالدى. ئانىسىنىڭ تېنى ئىرىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇتلىرى كونتروللۇقىنى يوقاتقاندى. بىردەمدىلا ئانىنىڭ ئىسسىق كۆزيېشى جامالىدىنىڭ مۈرىسىنى نەمدىدى. جالالىدىن ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىگە قېنىشىۋالسۇن دېگەندەك ئۇلارغا ھاياجان ئىلكىدە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭمۇ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە، قوللىرىغا سۆيگۈسى، بويۇنلىرىنى پۇرىغۇسى، گەۋدىسىنى باغرىغا باسقۇسى بار ئىدى. ئەمما ئۇ يىشىنىڭ چوڭىيىشىغا، ھاياتلىق، تۇرمۇش ھەقىقىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەرلەر كۆزىدىن ئاسان ياش چىقارماسلىقى كېرەك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغاندى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن بالىسىنى باغرىغا چىڭ بىرلا بېسىپ، چېكىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن مەزمۇت قەددىگە يېلىمدەك چاپلىشىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ گەۋدىسىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىياندەك يامراپ كەلگەن مېھرى بىلەن تىكىلىپ، ئىسسىق ئەمما مەزمۇت ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئوغلىنىڭ يوغان قولىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا» دەپ بەرگەن سالىمىغا جاۋابەن:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كېلىپسەن ئوغلۇم! — دەپ سالام قايتۇردى.

جالالىدىن «ئەر كىشى دېگەن ئەر كىشىدەك بولمىقى لازىمدۇر. تولا ھاياجان، ھە دېگەندىلا كۆز ىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىش خوتۇن كىشىنىڭ ئىشىدۇر. كەم سۆزلۈك، ھەرقانداق خۇشلۇق ۋەياكى خاپىلىق ئالدىدا مەزمۇت دەسسەپ تۇرماقلىق ئەركەكلەرنىڭ تېنىدە بولمىسا، ئەركەكلەرنىڭ ئەرلىك توقۇقۇزى زىنھار تولمايدۇ»، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئىچ - ئىچىنى تىترىتىپ، كۆز چاناقلىرىغا كەلكۈندەك دەۋرەپ كەلگەن يېشىنى ئەرلىك غۇرۇر دەريخىنىڭ غول ۋە شاخلىرىدا ياسىغان توسما، ئارىماچلار بىلەن توسۇپ، پىنھانغا ئالدى. ھەتتا ئوغلىغا ھەقىقىي ئەركەكلىك توغرىسىدا بىر قېتىملىق ساۋاقنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بەردى.

جالالىدىن گەرچە ئۇرغۇپ تۇرغان ئىچكى ھاياجىنىنى باسالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىزىلئۈيدىن ئۈستۈنئاتۇشقىچە بولغان بىر كۈنلۈك يولدا ئۆزىگە ھېچ بويسۇنماي ئوغلىنىلا ئىزدەۋاتقان كۆزىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. پۈتۈن دىققىتى ئاتلىق يانمۇيان كېتىۋاتقان ئانا - بالىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمىدەك ئۈزۈن سۆھبەتلىرىگە مەركەزلەشكەنىدى.

— ھەرنېمە بولسا، ساق - سالامەت كۆرۈشۈۋالدۇق، — دېدى جامالىدىن دەپ يۈرىكى كاۋاپ بولغان ئاغىچخان ئوغلىغا تويماي قاراپ، — بۇ كۈنلەرنى دەسلەپتە بارماقلىرىم بىلەن ساناپ يۈرۈپتىمەن، ئۈزۈنغا بارماي ئېزىپ كەتتىم. ئاۋادا بۇ كۈنلەرنى چېچىم بىلەن سانىسامۇ، چېچىم يەتمىگۈدەك ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندۇ، ئەتىمالىم...

— مەن سىلەردىن ئايرىلغانغا تۈپتوغرا توققۇز يىل

بولدى، — جامالىددىن خۇددى بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى بىلىنەرلىك تۈردى ۋە داۋام قىلدى، — يادىمدا ھازىرقىدەك تۇرۇپتۇكى، دادام مېنى ئەينى چاغدا بۇخاراغا يولغا سېلىشنىڭ ئالدىدا، ئون يىل ئوقۇيدىغانلىقىمنى دېگەن، لېكىن مەن توققۇز يىلدا قايتىپتىمەن. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئوقۇشۇم ئون ئىككى يىلدا تۈگەيدىكەن.

— توققۇز يىل، ئون يىل بەرىبىر ئوخشاشلىغۇ ئوغلۇم، توققۇز يىل ئوقۇدى نېمە بولدى، ئون يىل ئوقۇدى نېمە بولدى، بىر يىل بولسىمۇ بالدۇر كۆرۈشتۇق مانا، ھەممىدىن دىدار غەنىمەت. سىلىگە يەنە بىر يىل ئوقۇش ئاسان بولغىنىنى بىلەن بىزگە بىر يىل ساقلاش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئوقۇش - پوقۇش دېگەن گەپنى قويسىلا، بۇخارادا ئوقۇماقنى مېنىڭ ئوغلۇمغىلا بۇيرۇمىغاندىكىن...

— ئانا، بۇخارادا ئوقۇماق ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇ يەردە مەن جاھاندىكى ناھايىتى مەشھۇر مەدرىسەلەرنىڭ بىرىگە كىرگەنىدىم. بۇ مەدرىسەگە يەتتە يىل مەكتەپلەردە ساۋاق ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەمساۋاقلىرىم بىلەن ئىمتىھان بېرىپ بىر يۈز ئەللىك تالىپنىڭ ئارىسىدا ئالدىنقى ئوننىڭ ئىچىگە كىرىپ قوبۇل قىلىنغانىدىم. ئۇ يەردە تېخى ئاران ئىككى يىل ئوقۇدۇم، يەنە ئۈچ يىل ئوقۇۋەتسەم، ئاندىن ئەڭ چوڭ ئىلىمنى تەھسىل قىلغانلار قاتارىدا بولاتتىم.

— شەھىدۇللا ئىمامىڭمۇ ئىلمى زىيادىغۇ، بالام؟ ئۇ كىشىمۇ بۇخارادا ئوقۇپ باقمىغان، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغانىكەن. خانلىق مەدرىسەمۇ بۇخارادىكى

مەدرىسەلەردىن قىلىشمايدىكەنغۇ؟ خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم ئالغان شەھىدۇللا ئىمامىمۇ مانا ھازىر پۈتۈن قورغان كۆلىبىشىنى ئۆزى بىر قولۇق چۆرۈپ، جامە بىلەن مەدرىسەنىڭ ئىشلىرىنى بىر ئۆبدان ئېلىپ كېتىپ بارمامدۇ؟

ـــ ھە راست، ئانا، شەھىدۇللا ئىمام ئوبدان تۇردىمۇ؟ ئۇ كىشىنىڭ مەن بۇخاراغا ماڭغان چاغدا پېشانەمگە سۆيۈپ دۇئا بەرگىنى، «ئىخلاس بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغايلا، باشقا ھەرقانداق غەيرىي خىيالدا بولمىغايلا، ئەزىز دىيارىمىزنىڭ بەرىكىتى ئۈچۈن پۈتۈن ئادەم بولغايلا» دېگەن سۆزلىرى ھازىر دېگەندەكلا يادىمدا تۇرۇپتۇ.

ـــ شەھىدۇللا ئىمام ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. يۇرتتا يۈز ـ ئابرۇيى بار. ئەل ـ جامائەتنىڭ ئىشلىرىنى دۇرۇس بىجىرىپ، رازى قىلىدۇ. ئالدىدىن قورغان كۆلىبىشىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسى توغرا ئۆتمەيدۇ. ئۇستۇنئاتۇش، ئالتىنئاتۇش، قەشقەردىكى موللا ـ ئۆلىمالار ئۇنى چوڭ كۆرىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ كىشى ئارىلاپ بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈپ سىلىنى سوراپ تۇرىدۇ، يۇرتىمىزدىن ئەھلى ئىلىم ساھىبى چىقىدىغان بولدى دەپ خۇرسەن بولۇپ كېتىدۇ.

ـــ شەھىدۇللا ئىمام ئۆزىمۇ كۆپ ئىلىم ئالغان ئادەم بولغاچقا، ئىلىم ئالماقنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، خاسىيىتىنى چۈشىنىدۇ. مېنىڭ بۇخارا ئالىي مەدرىسەنى تولۇق تاماملىماي قايتقىنىمنى ئاڭلىسا، ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدىغان بولدى ـ دە.

ئوغلىنىڭ ھە دېگەندىلا ئوقۇش، بىلىم ئېلىش توغرىسىدا سۆزلەشلىرى، ئوقۇشنى يېرىم يولدا

توختىتىپ قايتقانلىقى ئۇچۇن ئۆكۈنۈشى، ئىلىمگە بولغان تەلپۈنۈشلىرى قانچىلىك قىزغىن بولغانسېرى جالالىدىن شۇنچىلىك بىئارام بولاتتى، ئوڭايسىزلىناتتى. خۇددى ئوغلى ئۇنىڭغا «دادا، ئوقۇشۇمنى توگەتمەي قايتىشىمغا سىلى سەۋەبكار بولدىلا» دەۋاتقاندەك، ئىككى مەڭزىدىن باشلانغان قىزىللىق بىردەمدىلا بويۇنلىرىغىچە تاراپ كېتەتتى. تۇرۇپ ئۇ ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىسا، يەنە تۇرۇپ «بىر ئاتا تۇرۇپ شۇنداق قىلمىسام، قانداقمۇ ئاتىلىق نامىمغا يۈز كېلىمەن، قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنايدۇ؟ مەن ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئوغلۇم، ئاندىن ئۇنىڭ ئىلمى، ئابرۇيى، ھۆرمىتى لازىم. ئوغلۇم بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. ئاغىچىخان بىلەن جامالىدىن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل سۆھبەتلىرىگە بەند بولۇۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا، جالالىدىنىنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئوغلىنى بۇخارادىن مەجبۇرىي قايتۇرۇپ كېلىشكە سەۋەب بولغان ئىشلار ئايان بولماقتا ئىدى.

جامالىدىن بۇخاراغا كەتكەن دەسلەپكى يىللاردا جالالىدىن ئىبراھىم بۇخارا ئارقىلىق، ئوغلى بىلەن خەت ـ خەۋەرلىشىپ تۇرغانىدى. بۇ چاغلاردا ئۇ جامالىدىنىنى سېغىنىسىمۇ، ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقىنى، ئوقۇشقا بىر ئوبدان كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئىدى. بارا ـ بارا جامالىدىن ئۆزىمۇ خەت يېزىپ، ئىبراھىم بۇخارا ئارقىلىق ماڭدۇرۇپ تۇردى. پەرزەنتىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن يازغان قىسقا ئەمما، مەزمۇنلىرى ئېنىق خەتلىرى ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننى شۇنچە ھاياجانغا

سىلىپ تۇراتتى. جامالىدىن خېتىدە ئاساسەن ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىغا سالام يوللاپ، ئۇلارنى، ئەزىز يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ كۆپلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن، سېغىنىشنىڭ ئوتلىرىغا بەرداشلىق بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇخارادا ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مۇدەررىسلىرىنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىدىن خاتىرجەم بولسا بولىدىغانلىقىنى يازاتتى. يۇرتداشلار جالالىدىن بىلەن قورغان كۆلبېشىدا، كوچىلاردا ئۇچراشقاندا، جامالىدىندىن ئەھۋال سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ ئۇلارغا ئوغلىنىڭ خېتىدە يازغانلىرىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى.

قورغان كۆلبېشى كىچىككىنە بىر يەر بولغىنى بىلەن، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان لىنىيەسى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەچكە ۋە بۇ يەرلىكلەر قورغان كۆلبېشىغا چۈشكۈن قىلىدىغان كارۋانلار، سودا ـ تىجارەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە پاراڭلار بولۇپ تۇراتتى. شۇ قاتاردا بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كىچىككىنە جامالىدىن توغرىسىدىمۇ پاراڭلار بولاتتى.

ـــ جامالىدىن ئاجايىپ چېچەن بالا بولغاندى، ـــ دەيتتى ئۇلار، ـــ بۇخاراغا چىققاندىن بۇيان ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردىن كەلگەن تالىپلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مۇدەررىسلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ـــ جامالىدىن مۇدەررىسلىرىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تەس سوئاللارنى سوراپ، ئۇلارنى تەمتىرىتىپمۇ قويىدىكەن.

ـــ بالىنىڭ ئەقىللىكلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن

مۇدەررىسلىرى ئۇنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ساۋاق بېرىدىكەن.

— بىر قېتىم مۇدەررىس بىر قىيىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتىكەن، جامالىدىننىڭ ھەمساۋاقلىرىدىن بىرىمۇ جاۋاب بېرەلمەپتۇ دەڭلار، شۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇدەررىسكە سالام بەجا كەلتۈرۈۋېتىپ، سوئالغا جاۋاب بېرىپتىكەن، خۇش بولۇپ كەتكەن مۇدەررىس ئۇنى بىر كۈمۈش قاچا بىلەن تارتۇقلاپتۇ. ئاندىن «بارىكاللا ئوغلۇم، ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن. سىز قەيەردىن بولىسىز؟» دەپ سوراپتىكەن، جامالىدىن «مەن دىخاللىدىكى قورغان كۆلىبېشىدىن بولىمەن» دەپتۇ. مۇدەررىس: «دىخاللا دېگەن قەيەردە؟» دەپ سورىسا، بىزنىڭ جامالىدىن، يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان قەغەزدىن «دىخاللا دېگەن مانا مۇشۇ يەردە، ماۋۇ چاقماق دەرياسىنىڭ بويىدا» دەپ كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

— سىلىمۇ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، يەتتە ئىقلىم ئۇ كىچىككىنە قەغەزدە نېمە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق پاتىدۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي، مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغىنىمنى دەۋاتىمەن شۇ.

— پاتىدىكەن، — دېدى بىر يىگىت گەپ قىستۇرۇپ، — مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا شەھىدۇللا ئىمامدىن ئاڭلىغان. خەرىتە دەيدىغان بىر نەرسە بارىكەن، شۇنىڭغا يەتتە ئىقلىمنى كىچىكلىتىپ سىزىدىكەن.

— يا پىر ماۋۇ كارامەتنى.

— شەھىدۇللا ئىمام دېگەن بولسا راست جۇمۇ، ئۇ كىشىنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق.

162

ــ بىزنىڭ باللار ئاشۇنداق ئەقىللىك چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار چاقماق دەرياسىنىڭ ئەركەك سۈيىنى ئىچىپ، قۇملارغا كۆمۈلۈپ، تاشلارنى دەسسەپ، شامىلدا سەگىدەپ، ھاۋاسىدا نەپەسلىنىپ، دەريا بويىدا كۈنگە قاقلىنىپ چاقماقتەك چوڭ بولىدىغان تۇرسا.

ــ ھەي باللار، ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق، بۇخارا دېگەن يەردىكى جامالىدىن ئوقۇۋاتقان مەدرىسەنى بەك چوڭ دېيىشىدۇ، قانداقلا بولسا بىزنىڭ قورغان كۆلبېشىدىن ئىلمى چوڭ ئادەم چىقىدىغان بولدى، جۇمۇ؟!

ــ بۇرۇنمۇ ئىلمى چوڭ كاتتا ئۆلىمالار ئۆتۈپتىكەن، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ چىقسا، ھەممىمىزگە پايدىسى تېگەتتى. ھەممىمىز باللىرىمىزنى بۇخارا، قەشقەرلەردە ئوقۇتۇپ بولالمىغاندىكىن، ئۇلار كېلىپ بىزنىڭ باللارغا ساۋاق ئۆگەتسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟!

شۇنداق، ئۇلارنىڭ جامالىدىن توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىدە، ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش، يۇرتىدىن، يۇرت كىشىلىرىدىن ئىپتىخارلىنىشمۇ بار ئىدى.

يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بېرى ئىبراھىم بۇخارا سەپەردە ئاتتىن يىقىلىپ، پۇتى سۇنغان باھانە بىلەن ئورۇن تۇتۇپ قالغانىدى. ئاتا ــ بالىنىڭ ئىبراھىم بۇخارا ئارقىلىق قىلىدىغان خەت ــ خالتىلىرى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، جالالىدىن ئوغلى بىلەن ئالاقە قىلالماي كۆپ بىئارام بولدى. شۇڭا ئۇ قورغان كۆلبېشىغا كەلگەن سودىگەرلەردىن بۇخاراغا بارىدىغانلارنى ئىزدەيتتى. بىر كۈنى ئۇ قورغان كۆلبېشىدىكى چايخانىنىڭ ئالدىدا

بۇخاراغا بارىدىغان خوتەنلىك بىر سودىگەرگە ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىۋېتىپ، كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چۈشكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ كۆزيېشى قىلمايمەن دېسىمۇ، پەرزەنت سېغىنچى ئۇنىڭ تەمكىنلىكىنى، قەتئىيلىكىنى بويسۇندۇرۇۋەتتى. ئادەملەر قىزىق بولىدۇ. بەزىلەر تولا ھاللاردا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ يۈرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بەزى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ چالغان سەنىمگە بىلىپ ـ بىلمەي دەسسەپ سالىدۇ. ئازابلانغىنىنى ياكى ھەسرەتلەنگىنىنى باشقىلارغا ئاسان بىلدۈرمەيدىغان جالالىدىنىنىڭ كۆزىدىن چىققان ئاشۇ ئىككى تامچە ياش بەزى كىشىلەرنىڭ بىر مۇنچە سۆز ـ چۆچەك تارقىتىشىغا سەۋەب بولماي قالمىدى. بەزىلەر:

ــ بۇخارادا قاتتىق چوڭ ئۇرۇش بوپتىكەن، ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كېتىپتۇ. شۇڭا لەشكەرلەر يېتىشمەي، تالىپلارنىمۇ لەشكەرلىككە ئاپتۇ. جالالىدىنىنىڭ ئوغلى جامالىدىنمۇ لەشكەر بولۇپ، ئۇرۇشقا چىقىپتىكەن، ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ. مەن دادىسى جالالىدىنىنىڭ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ــ دېسە، يەنە بەزىلەر:

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەسكەن. ھەممىلىرى بىلىشىدىلا، جامالىدىن ئەسلىدىنلا ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان، يۈگۈرۈپ چىچار بالا ئىدى. ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، ئۇ بالا قورغان كۆلبېشىدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى دوست خېنىمنى بوزەك قىلغان چاغدا ھاجىم قاتتىق خاپا بولۇپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ بۇخارادىمۇ بۇ بالا جىم تۇرمىغان

164

گەپ. ئۇ ئۆزىگە ساۋاق بېرىدىغان مۇدەررىسنىڭ قىزىنىمۇ بوزەك ئېتىپتىكەن، مۇدەررىس بۇ بالىنى بىر نەچچە كۈن باغلاپ قويۇپ تاماقىمۇ بەرمەپتۇ، — دەيتتى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، يەنە بىرى گەپنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك داۋاملاشتۇراتتى:

— بۇ بالا نادانلىق قىلىپ، شۇنچە ئېغىر جازاغىمۇ پەرۋا قىلماي، مۇدەررىسنىڭ تاماق يەيدىغان ئالتۇن تاۋىقىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنىڭ ساندۇقىغا يوشۇرۇۋاپتۇ. مۇدەررىس بۇ بالىنىڭ پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى ساندۇقىنى ئاختۇرۇپ تاۋاقنى ئاسانلا تېپىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىغا پايلىمىغان مۇدەررىس جامالىددىننى تالپىلارغا راسا ئۇرغۇزۇپ، پۇت - قولىنى چېقىپ تالاغا تاشلاتقۇزۇۋېتىپتۇ، — دەيتتى. بەزىلەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپ، ھېسداشلىق قىلغاندەك:

— جالالىددىنمۇ باشتا ئوبدان ئويلاشمىغان گەپ. نېمىمۇ قىلار بولغىيتتى كىچىككىنە بىر بالىنى يىراق ياقا يۇرتلارغا ئەۋەتىۋېتىپ. بىزنىڭ بالىلارمۇ قورغان كۆلبېشىدىكى مەدرىسەدە شەھىدۇللا ئىمامدىن ساۋاق ئېلىپ، بىر ئوبدان كېتىپ بارىدىغۇ؟! مانا ئەمدى جامالىدىن بىچارە چېقىلغان پۇتلىرىنى سۆرەپ بۇخارا كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ، — دەيتتى.

— ئاپلا چاتاق بوپتۇ، — دەيتتى يەنە بەزىلەر، — بىزنىڭ بۇ يۇرتتىن زامان - زامانلاردىن ئوغرى - يالغان بىلەن تىلەمچى چىقىپ باقمىغان. ئەمدى بۇ بالا ئوغرىمۇ بوپتۇ، تىلەمچىمۇ بوپتۇ. ھەي ئەجەب ناباب ئىش بوپتۇ دېسە. يۈزىمىز تۆكۈلۈپ خەلقئالەم ئالدىدا شەرمىسار

بولامدۇق نېمە؟!

ــ جالالىدىن باشتا ئالدىراقسانلىق قىلغان، ــ دەيتتى گەپ قىلىش، ھېكايە توقۇش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغانلاردىن يەنە بىرى، ــ جالالىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ «ئوغۇللىرى ھازىرغىچە مەدرىسەگە بارماپتۇ» دېگەن بىر ئېغىز گېپىگە قىيداپ، بۇ بالىنى كېرەكتىن چىقىرىپتۇ مانا!

ھەممىلا ئادەم گەپ شاخلىتىپ، يالغاننى توقۇپ ئولتۇرمايتتى. كىشىلەر ئارىسىدا كەم سۆز بولغىنى بىلەن راست سۆزلەيدىغان، پىتنە ـ پاسات، ئۆسەكلەرگە ئىشىنىپمۇ ئولتۇرمايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە:

ــ قېرىنداشلار، بۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرنى قىلىشىپ يۈرمەڭلار! قېنى قايسىلىرى بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەن؟! دەۋاتقان بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلاشقانلىرىنى دەپ بېرىشەملا؟! بۇنداق قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەت قىلىشساق گۇناھ بولمامدۇ؟ جالالىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر؟! بولدى قىلىشسىلا، ــ دەيدىغانلارمۇ چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپلەرنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلەتتى. لېكىن «راست گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە يالغان گەپ داۋان ئېشىپتۇ» دېگەندەك، بۇ يالغان ـ ياۋىداقچىلار تارقاپ بولغىچە بولۇنغان غەيۋەت ـ شىكايەتلەر جالالىدىننىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى. ئاتا بولغۇچى بۇنداق گەپلەرگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟! ئۇنىڭ يۈرىكى تىلىناتتى. ئوغلىنى بىلىم تەھسىل قىلسۇن دەپ، ئاتىسى كۆرمىگەن، ئانىسى كۆرمىگەن يەرگە ئەۋەتىپ سالغىنىغا قاتتىق پۇشايمان

قىلاتتى، ئۆكۈنەتتى. ئۆزىگە خوتۇن بولۇپ، ئۆرە بېقىپ قاراپ باقمىغان ئاغىچىخانىنىڭ تاپا - تەنىسى، يىغا - زارىسىغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. نە خوتۇنىغا تەسەللى بېرىشنى، نە ئۆز ئازابىنى قانداق يەڭگىللىتىشنى بىلمەيتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاخىرقى ئىككى يىلنى قانداق ئۆتكۈزگىنىنى ئۆزلىرىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. پۈتۈن ئەس - يادى ئوغلىنى كۆرۈش ئىستىكىدە پۇچۇلانغان جالالىدىن توققۇزاقتا ھەپتىدە بىر دېگۈدەك بېرىپ، ئىبراھىم بۇخاراغا ھال ئېيتاتتى. ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا يالۋۇراتتى. ئىبراھىم بۇخارانىڭ «جامالىدىن ساق - سالامەت، ھەممىسى ئۆسەك گەپ، بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە، «ئوتتۇزى تۈگەپ توققۇزى قالدى» بالا ئوقۇشىنى خاتىرجەم تۈگىتىۋالسۇن» دېگەن گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. جالالىدىنغا شۇنچە نەسىھەتنىڭ كار قىلمىغىنىدىن بىئىلاج قالغان ئىبراھىم بۇخارا بۇ كۈنلەردە پۈتى خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇرادىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ جامالىدىننى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئاخىرى بۇخاراغا يۈرۈپ كەتتى.

جالالىدىن خىيالدىن ئېسىنى يىغقاندا ئانا - بالا ئىككىيلەن يەنىلا قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن بىر خىلدا كېتىپ بارماقتا ئىدى.

ئەتىسى جالالىدىن ئوغلىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ خۇشلۇقى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن قورغان كۆلىبىشىدىكى ئۈچ كوچا جامائىتىگە، باشقا يۇرتلاردىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يۇرۇق، دوست - بۇرادەرلىرىگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇش مەقسىتىدە داستىخان

ھازىرلىندى. ئايۋان ـ سارايلارغا، پېشايۋانىنىڭ سۇپىلىرىغا سېلىنغان داستىخانلارغا ئاق نان، قوغۇن ـ تاۋۇز، ھۆل، قۇرۇق مېۋە ـ چېۋىلەردىن تارتىپ قېتىق ـ قايماقلارغىچە تىزىلدى. بامداتقا بېرىلگەن بۇ چايغا يىراق ـ يېقىندىكى مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئازادە ھويلىنىڭ باغ تەرەپتىكى رېشاتكىسىنىڭ ئالدىدا جالالىدىن، ئۇنىڭ يېنىدا بېشىغا تۇجۇپىلەپ تىكىلگەن چىمەن دوپپا كىيگەن، بېلىگە يېشىل چۇچىلىق گۈل رەڭ بەلباغ باغلاپ، ئۇستىگە زەر باسقان جىگەر رەڭ يوللۇق چەكمەن كىيگەن، ئات يۈزىگە ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتى خۇيمۇ زىننەت قوشقان، سۇزۇك، ئاق سېرىق چىرايى ۋە زەڭگەر كۆزلىرىدىن كۆلكە يامراپ تۇرىدىغان ئېگىز بوي ئەمما ئورۇق بىر يىگىت تۇراتتى. بۇ يىگىت جامالىدىن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە مەھەللە ـ كويدىكىلىرى قاتارلىشىپ تۇراتتى. مېھمانلار دەرۋازىدىن كىرىپ ئالدى بىلەن ئىچكى تۇيغۇسى چىرايىدا بىلىنەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇرغان جالالىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، جامالىدىن بىلەن كۆرۈشەتتى. مېھمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باساتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ، «خۇش كېلىپلا، ھارمىغايلا» دەپ ئەھۋال سورايتتى. جالالىدىن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئوغلىغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. بويى ئۆزىدىن خېلىلا ئېگىز جامالىدىنىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنەتتى. ئاتلىق ئېپتىخارى ئۇرغۇپ، كۆڭۈل بوستانى ياشناپ كېتەتتى. جالالىدىن ئوغلى بىلەن ساق ـ سالامەت

كۆرۈشكىنىدىن ئالەمچە خۇش. مانا ئۇنىڭ ئوغلى يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايغىنى قورغان كۆلبىشىغا، ئاق كوچىغا يېتىۋىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارقالغان ئۆسەك سۆزلەر ئوت ـ بوران سوققان توزغاق تۇزۇندىلىرىدەك غايىب بولدى. ئۆسەك تارقاتقان ئىغىزلار ئەمدى جامالىدىن ئۇچۇن ئىھتىرام بىلدۈرۈشمەكتە، تەكەللۇپلارنى ياغدۇرۇشماقتا. ئەنە قارىغىنا، جامالىدىنىنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا، مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى سالاپىتىگە، قائىدە ـ يوسۇنلۇقىغا. دادىنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولدى. شۇتاپتا ئوغلىنىڭ ھەممە يېرىدىن نۇر تۆكۈلۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. قورغان كۆلبېشىدا كىمنىڭ مۇشۇنداق سالاپەتلىك ئوغلى بار؟ ئاۋۇ داستىخان سېلىپ، مېھمانلارنى باشلاپ، قولىغا سۇ بېرىۋاتقان بالىلارمۇ ئۆز تەكتۇشى جامالىدىنغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يېقىنچىلىق قىلىپ، ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىۋاتامدۇ؟!

دادا ـ بالا تونۇگۇن خۇپتەندىن بۇگۇن ناماز بامداتقىچە قانماي مۇڭداشتى. ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى ئىبراھىم بۇخارا ئېيتقان بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش تۇرمامدۇ؟ ئوغلى بۇخارادا بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كۆپلىگەن ساۋاقلارنى ئاپتۇ. تالىپلار ئارىسىدا ئەڭ ئەقىللىك، چېچەن سانىلىدىغان ئوغلىنى مۇدەررىسلەر شۇنچە ئەتىۋارلاپتۇ. مۇدەررىسلەر ئوغلى قايتىدىغان چاغدا، «ئوغلۇم، دادىڭىزغا بىزدىن سالام ئېيتىڭ، ئوقۇشنى تاماملاپ بىر يولى قايتىشىڭىز كېرەك ئىدى، ئۆيدىكىلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە كەلسىڭىز سىز ئۇچۇن مەدرىسەمىزنىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت ئوچۇق»

دېيىشىپتۇ، تېخى ئۆزىگىمۇ ئالاھىدە سالام يوللاپتۇ. پەرىشتىدەك مۇدەررىسلەرمۇ سالامەت بولسۇن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا سۆز ـ ھەرىكىتى قائىدىلىك، ئېغىر ـ بېسىق، ئىللىق چىراي، چوپچوڭلا بىر يىگىت تۇرۇپتۇ. دادا بولغان ئادەم بۇنىڭدىن قانداقمۇ سۆيۈنمىسۇن، خۇشال بولمىسۇن، پەخىرلەنمىسۇن؟!

مېھمانلار داستىخاننى چۆرىدەپ ىىققىدە ئولتۇرۇشتى. ئۇستىۇنئاتۇشنىڭ بېھىسى، بەشكېرەمنىڭ يىمىشلىرى بىلەن ئوخشىغان پولۇ ئەترايقا مەززىلىك پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى. پولۇ تارتىلىشتىن ئىلگىرى شەھىدۇللا ئىمام جامالىدىننى چاقىرتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، پاقلان گۆشى ئوخشاش پارچىلىنىپ، ھەربىر مېھمانغا بىر پارچىدىن كەلتۈرۈلدى. ئاخىرىدا شورپىغا سېلىنغان ئۈگرە كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن خەتمە قۇرئان قىلىنىدىغان ئىش بار ئىدى. ھەممەيلەن خەتمە قۇرئاننى شەھىدۇللا ئىمام قىلىدۇ دەپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراۋاتقاندا، شەھىدۇللا ئىمام:

ــ خۇش داموللام، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، ــ دەپ جامالىدىنغا قارىدى.

جامالىدىن قىرائەتنى ئىخلاس بىلەن، بېرىلىپ، شۇقەدەر چىرايلىق ئوقۇدىكى، ئايۋان ـساراي، پېشايۋاندا ئولتۇرغانلار دەسلەپتە ھەيرانلىقتىن ئېغىزلىرىنى ئېچىپلا قالدى. بارا ـ بارا تەلەپپۇزى تولىمۇ ئېنىق، ئاھاڭى تولىمۇ ئۆلچەملىك قىلىنىۋاتقان قىرائەتنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئەسىر بولۇپ مۈگلىنىپ كەتتى. ياڭراق ئاۋازدا قىلىنىۋاتقان قىرائەتنى ئاڭلىغان ئاشخانا ئۆيدىكى

ئاغىچىخان ۋە قوشنا ئاياللار قولىدىكى ئىشنى دەرھال قويۇشتى. ئوغلىنىڭ ئاۋازى ۋە ئۇنىڭ قىرائىتىدىن ئانىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. ئاتىنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترىدى، سىلكىندى. دۇئادىن كېيىن شەھىدۇللا ئىمام ياش يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدىلا ئۆرە بولغان جامالىدىنىنىڭ پېشانىسىگە، قوللىرىغا تەكرار سۆيۈپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ دېدى:

ــ بارىكاللا ئوغلۇم، ئىلمى تەجۋىدنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ يادقا ئاپتىلا!





## ئون ئۈچىنچى باب

# بىر قىزغا مىڭ كۆز

ــ دادا، سىلىنىڭ جاالىدىن ئاكاملارنىڭ ئۆيىدە بەرگەن چايغا بارمىغانلىرىنى يۇرتتىكىلەر تازا ياخشى بولمىدى، ئابدۇقۇددۇس هاجىم يۇرتنىڭ ئاتا يولۇلۇق ئادىمى بولغاندىكىن ئۇ چايغا بىرىپ قويغان بولسا ياخشى بولاتتى، دەپ يۇرۇشكەن ئوخشايدۇ.

بۇ يىل ئون بەش ياشقا تولغان، ئون بەش يىشىدا ئون بەش كۇنلۇك تولۇن ئاينىڭ جەزبىدارلىقىنى چىھرى ـ جامالىدا ئايان ئەتكەن، كىشىگە بۇلاقتەك تىنىق، قاپقارا بىر جۈپ كۆزىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بىرىدىغان، هەم شۇ نۇردا ئۆزىنىڭ باشقا قىزلاردا ئەسلا كۆرۈنمەيدىغان مەغرۇرلۇقىنى نامايان ئەتكەن، سۆزلىگەندە گۇل بەرگىدەك ئىغىزىدىكى ئۇنچە ـ مەرۋايىت بىلەن ماهىر چىشچى ئۇستا مەخسۇس لايىھەلىگەندەك چىشلىرى ۋە چالا پىشقان قوقان گىلىسىدەك قىزىل، يۇمران لەۋلىرى ئارىسىدىن يامراپ تۇرىدىغان چاقماق سۇرئىتىدە تىز، چىمەن قىرغاقنى سۆيۈپ ئاقىدىغان ئىقىن سۇدەك ئويناق، كارۋان كولدۇرمىسىنىڭكىدەك ياڭراق ئاۋازى دىلنى رام قىلىپ، كۆڭۈل ۋادىسىدىكى پاكىز تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدىغان ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرى ئەتلەس

كۆڭلەكلىك يەلكىسىگە تەكشى تارالغان، غۇنچە بوي، نازاكەتلىك قىز دوست خېنىم پېشايۋاندا دادىسىغا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، سىرتتا قولىقىغا تەرەپپال چۇشۇپ قالغان گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بۇنداق گەپلەرنىڭ بولۇشىغا ئېرەنسىز مۇئامىلە قىلىسىمۇ، ئۇنى جانجىگەر قىزى دوست خېنىم ئارقىلىق ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، قاشلىرىنى بىلىنەرلىك يىمىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— قىزىم، بۇ گەپلەرنى سىلى نەدىن ئاڭلىدىلا؟

— يۇرتتىكى ھەممە ئادەم شۇ گەپنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. ماڭىمۇ ھەممىلا ئادەم شۇنداق دېيىشىۋاتقاندەك، مېنى كۆرۈپلا ئۇ گەپنى توختىتىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىپ بارغاندەك بىلىنىدۇ.

— بوپتۇ، — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يۇرتداشلاردىن رەنجىگەندەك سوغۇق تەلەپپۇزدا، — ئۇلار بۇ ئىشتا نېمە دېيىشسە دېيىشىۋەرسۇن! مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— دادا، سىلى جالالىدىن ئاكاملارنىڭكىگە نېمىشقا بارمىدىلا؟ — دوست خېنىم ھەممىلا ئادەم بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بىمالال كىرىپ - چىقىپ، باردى - كەلدى قىلىپ ئۆتىدىغان قورغان كۆلىبېشىدا دادىسىنىڭ ئۇ جايغا بارمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈندا سورىدى، — سىلىمۇ يۇرت جامائىتى بىلەن بېرىپ كەلگەن بولسىلىرى بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— قىزىم، سىلى تېخى كىچىك، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دوست خېنىمنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە مېھرلىك تىكىلدى، — بۇ ئىشلارنىڭ ئىرى - بېرىسىنى كېيىنچە بىلىپ قالىلا.

— دوست خېنىم، شېرىن قىزىم، — تىللا خېنىم دوست خېنىمنى شۇنداق ئاتايتتى، ئۇ باياتىن بېرى بىر ئىشلارغا مەشغۇل بولۇۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، دىققىتى ئاتا ـ بالىنىڭ سۆھبىتىدە ئىدى، — چوڭلاردىن بەزى ئىشلارنى كوچىلاپ سورىمىغان تۈزۈك. بۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ كارىلىرى بولمىسۇن.

— بولىدۇ، ئانا.

— ئەقىللىك قىزىم، شېرىن قىزىم، — تىللا خېنىم مەمنۇنىيەت بىلەن مىيىقىدا كۈلدى، — شۇڭا، مەن مۇشۇنداق غەرەز ئۇقىدىغانلىقلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتىمەن ئەمەسمۇ؟!

خوتۇنىنىڭ بۇ گەپنى مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن تېزلا يۇغۇشتۇرغىنىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خۇشال بولدى. چۈنكى، ئۇ جالالىدىننى قانچىلىك يامان كۆرسىمۇ، ئىچىدىكى ئاداۋەتنى قىزىنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

— قىزىم، چوڭ دادىلىرىنىڭ قېشىغا بىر بېرىپ يوقلىغاچ، ئەتە قەشقەردىن كېلىدىغان مېھمانلارغا سويىدىغان قوينى ئۆيدىكى قوتانغا ئەكەلدۈرۈۋېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ كېلەملا، — دېدى تىللا خېنىم دادىسىغا يۆلىنىپ دېگۈدەك يېقىن ئولتۇرغان دوست خېنىمغا، — بۈگۈن ئەكەلدۈرۈۋالمىساق، ئەتە ئۇلگۈرمەي قالمىسۇن دەيمىنا.

— ماقۇل ئانا.

دوست خېنىم شۇنداق دەپ ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى «ئولتۇرسىلا» دېگەندەك بوشقىنا تارتىپ قويدى ۋە تىللا خېنىمغا قاراپ:

— دوست خېنىمنى ئىشقا بۇيرۇپ يۈرمىسەڭلەرمۇ، ئۆيدە باشقا خىزمەتكارلار بارغۇ؟! — دېدى.

— ئۇلارغۇ بار، — تىللا خېنىم ئاغزىدىكى لىققىدە ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى، — ئەمما، قىزىمىزنىڭ چوڭ دادىسىنى كۆرمىگىنىگە بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۆزىمۇ تېخى ئاخشاملا «چوڭ دادامنى ھەنىپە بىلەن بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلىمىكىن» دېگەنىدى. شۇڭا، ئىگەمبەردى ئاكامغا بىر قۇر يەكتەك تەييارلاپ قويغانىدىم، ئاپىرىپ بەرگەچ ئۇنى يوقلاپ كەلسۇن، شۇ باھانىدا، بۇ گەپنى دەپ قويارمىكىن دەيمىنا.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئايالىنىڭ گەپلىرىدىن مەمنۇن بولدى. مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ دادىسى، ئۆزىنىڭ قېيىنئاتىسى، قىزىنىڭ چوڭ دادىسى ئىگەمبەردىگە تىللا خېنىمنىڭ شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى. خوتۇنى شۇ تاپتا كۆزىگە تولىمۇ مېھرىبان، كەڭ قورساق، ئىش بىلىدىغان ئايال بولۇپ كۆرۈندى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ھاممىنى بارىدىغان بولغاندىكىن دەپ قويسۇن، — دېدى.

دادىسىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئۇزۇلۇشىگىلا دوست خېنىم ئورنىدىن لىككىدە تۇردى — دە:

— ئانا، ئەمىسە مەن ماڭاي، چوڭ دادامنىڭ يەكتىكىنى ئېلىپ بېرەملا، — دېدى.

— مانا ھازىرلا ئاچىقىپ بېرەي.

تىللا خېنىم ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دوست خېنىمغا ئامراقلىق بىلەن تىكىلدى.

— قىزىم، — دادا قىزىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى، ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىنى

ئالدى، ــ سىڭىلچە، ئانىلىرى قانداقراق؟

ــ ئانام جاھاندىكى ئەڭ ياخشى ئانا.

چىرايلىق قاتلانغان يەكتەكنى ئېلىپ ئايۋان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن چىقىۋاتقان تىللا خېنىم دوست خېنىمنىڭ ئۆزىنى «جاھاندىكى ئەڭ ياخشى ئانا» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى دوست خېنىمنىڭ پەرزەنتلىك سۆيگۈسى سىيپاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆگەي قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنىڭغا قولىدىكى يەكتەكنى ئۇزىتىۋېتىپ:

ــ قىزىم، ئۇدۇل بېرىپ، ئۇدۇل كېلىڭلار ئەمىسە. بالدۇرراق كەلمىسەڭلار دادىلىرى ئىككىمىز ئەنسىرەپ قالىمىز، ــ دېدى.

ــ بولىدۇ ئانا، مەن ھەنىپەنى چاقىراي.

دوست خېنىم قولىغا ئەمدىلا ئالغان يەكتەكنى پېشايۋان سۇپىسىنىڭ قىرىغىلا قويۇپ، يۈگۈرگەن پېتى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنىڭ ئوغلاقتەك سەكرەپ يۈگۈرۈشلىرىگە زوقلىنىۋاتقاندا، سۆيۈنۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچكى خۇشاللىقى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى چېھرىدە نامايان بولۇۋاتقاندا، تىللا خېنىمنىڭ ئويلاۋاتقانلىرى ئېرىنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. «قوتانغا بارماي پادىشاھنىڭ چاھار بېغىغا بارامتى. ئانىسى تۇغۇلغان، چوڭ بولغان يەر شۇ. ئۆزىمۇ قىغ ھىدىغا تازا خۇشتار، قوتاننىڭ گېپى چىقىپ بولغۇچە قانات چىقىرىپ ئۇچقۇدەك بولۇپ كېتىدۇ. بارسۇن، قوي كاللارنىڭ چىلىسىگە قېنىپ كەلسۇن. چىلە ھىدى بەدەن ـ بەدىنىگە سىڭىپ كەتسۇن. ئانىسىنىڭ ئەرۋاھى خۇش بولىدۇ. كىچىكىدىن بېقىپ، قاتارغا قوشۇپ قويسام، چوڭ

بولۇۋېلىپ قوتاننى ئۆيىمىزدىن ئەلا بىلىدۇ. ئاۋۇ چۇپۇرلۇق، توخرىدار چوڭ دادىسىنى ھەممىمىزدىن ياخشى كۆرىدۇ. بارسۇن، ئۇستىباشلىرىغا ئۇلاغلارنىڭ توزۇتقان توپا - چاڭلىرى قونسۇن، چىرايى ساينىڭ ئاپتىپىدا كۆيسۇن!»

ئادەتتە، تىللا خېنىم دوست خېنىمغا ئاجايىپ كۆيۈنۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆيدە بولۇپلا قالسا، دوست خېنىمغا پايپېتەك بولۇشلىرى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كېتەتتى. لېكىن، دوست خېنىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نېسىۋىسىگە شېرىك بولغان كۈندىشى مۇنەۋۋەرنىڭ قىزى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭا، بۇگۈنمۇ دوست خېنىمنىڭ «ئانام جاھاندىكى ئەڭ ياخشى ئانا» دېگەن گېپىگە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا «دوست خېنىم، شېرىن قىزىم» دەپ تىلىدا ئامراقلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇرغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئۇنى ئۆگەيلەيتتى. دوست خېنىم چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ بوي - بەستى، چېھىر - جامالىدا قىزلىق نازاكىتى، گۈزەللىك ئالامەتلىرى نامايان بولغانسېرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. «جۇۋاينىمەك، مېنىڭ ياش چاغلىرىمدىنمۇ چىرايلىق قىز بولدى. ‹ساردىن نار چىقىدۇ› دەپ، ئاشۇ مۇنەۋۋەر دېگەن قەلەندەرنىڭ قىزىنىڭ قورسىقىدىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بالىنىڭ ئۇنگىنىگە ئەقلىم ھەيران. قورغان كۆلىبېشىدىكىلەرمۇ ئالجىغاندەك، ‹دوست خېنىم قورغان كۆلىبېشىنىڭ يارىشىقى، جەننەتتىكى پەرىشتىلەرنىڭ يۈرتىمىزدىكى سۈرىتى، بۇ دۇنياغا

ئىلگىرىمۇ بۇنداق چىرايلىق قىز تۇغۇلۇپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇغۇلۇشى ناتايىن» دەپ يۇرۇشىدۇ، مەنمۇ قىز چاغلىرىمدا تازا چىرايلىق ئىدىم، مېنىمۇ نى - نى يىگىتلەر ئەگىپ، ئايلىنىپ يۇرۇشكەن. «بىر قوشۇق سۇ بىلەن قوشۇپ ئوتلىۋەتكۇدەك قىز بولدى» دېيىشىپ، بىر - بىرى بىلەن مېنى تالىشىپ مۇشتلىشىپ كېتىشكەن. بۇگۇنكى كۇندە «بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق چىرايلىق قىز تۆرەلمىگەن» دەپ كېتىشكەنلىرى نېمە گەپ؟ شۇ چاغلاردا مېنى دەپ سوقۇشقانلارنىڭمۇ كۆزلىرى كور بولۇپ، ئەقلى گەدەنلىرىگە ئۆتۇپ كەتمىگەن بولغىيتتى؟ شۇڭا، بەدىنىمدىن چىلە يۇراپ، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۇپ كەتسۇن دەيمەن ئەمەسمۇ، جۇۋاينىمەكنى؟!»

ئاچچىق تولغاقنىڭ ئازابىنى، باغرىدىن چۇشۇپ، دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان پەرزەنتىنىڭ ھاياتلىق ئۇچۇن سالغان چۇقانىنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرۇپ باقمىغان تىللا خېنىم بۇ دۇنيادىن ئاللىبۇرۇن كەتكەن مۇنەۋۋەرنى يامان كۆرگەنىنىڭ ئۇستىگە، دوست خېنىمنى ئۆتۇپ كەتكىنىگە نەچچە زامان بولغان ياشلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئازابلىناتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يوق چاغلاردا ئۇنى «دوست خېنىم، شېرىن قىزىم، چوڭ دادىلىرىنى يوقلاپ كېلەملا؛ دوست خېنىم، شېرىن قىزىم، بۇغدايلىققا بېرىپ كېلەملا، دادىلىرىنىڭ يوق چاغلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئورمىچىلار بۇغدايلارنى چالا ئورۇپ قويمىسۇن؛ شېرىن قىزىم، ئېتىزلىق، ئورمانلارنى بىر چۆرگۇلەپ كېلەملا، دادىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ خەق زىرائەتلەرگە مال قويۇپ بېرىپ، ئورمانلارنى

ئۇسسۇز قويمىسۇن!» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۇنى يۇگۇر - يېتىم، قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. دوست خېنىم ئانىسىنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق ئىشلارغا بۇيرۇپ تۇرۇشىدىن تولىمۇ خۇش بولاتتى. مۇشۇ باھانىدە ئۇ ھەنىپە بىلەن بىرگە قورغان كۆلبېشىنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتى. ئاغرىغانلاردىن ھال سورىسا، دەردى بارلارنىڭ دەردىگە يېتەتتى. دادىسىغا ئۇلار ئۇچۇن يىغلاپ، ياردىمىنى ئايىماسلىقنى ئۆتۈنەتتى. سىڭىنغان دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ، ئۇلار بىلەن ھال - مۇڭ بولۇپ كېلەتتى. بەزىدە ئۇلار بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ ئوت ئېلىشاتتى. سۇ كېچىپ يۇگۇرۇپ، قوغلىشىپ، ئاۋازلىرىنىڭ بارىچە، ئاق تاغدىن ئەكس سادا يانغۇچە، چوڭ دادىسى ئىگەمبەردى ئۇلارنىڭ تاماشىسىغا قانغۇچە ھەم ئۇ «قىزىم، كەچمۇ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، دادىلىرى - ئانىلىرى ئەنسىرەپ قالمىسۇن، ئەمدى ئويۇنۇڭلارنى بولدى قىلىپ ئۆيگە قايتىڭلار» دېگۈچە، «ئانىلىرى» دېگەندە قىزى مۇنەۋۋەر يادىغا يېتىپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغۇچە ئوينىۋالاتتى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزى دوست خېنىمنى ۋە ھەنىپەنى ئالتە يېشىدىن توققۇز يېشىغىچە ئۇچ يىل، ھەپتىدە ئىككى كۈن ئېكىساقتىكى كىشىلەر كۆك گۇمبەز دەپمۇ ئاتايدىغان ھەبىب ھەجەم مازىرىغا يانداش بىنا قىلىنغان چوڭ مەدرىسەنىڭ خەلپىتى ھەبىبۇللانىڭ سىڭلىسى ئىمانەم ئىسىملىك بۇۋىم ئايالدىن، ئەدەبىيات، تارىخ، شېئىر، ئىلمى ھېسابتىدىن ساۋاق ئالدۇرغانىدى. كىچىكىدىن ئارزۇلۇق، شوخ، ھېچ نەرسىدىن قىسىلماي چوڭ بولغان دوست خېنىم گەرچە ئادەم بولۇش، كىشىلىك

مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە نۇرغۇن ساۋاقلارنى ئالغان بولسىمۇ، باللىقنى تېخى يوقاتمىغانىدى. ئۇ يۇرتتىكى ئۇچرىغانلا كىشى بىلەن تولىمۇ قىزغىن سالاملىشاتتى. بارغانلا يېرىدە قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىنسان ئىدى. باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايتتى. چوڭلارغىمۇ، كىچىكلەرگىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ھەرقانداق ئادەم بىلەن خۇددى چوڭ ئادەملەردەك مۇڭدىشاتتى. ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلايتتى، ھالىغا يېتەتتى. دوست خېنىم يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى مەھەللىدىكى تەڭ دېمەتلىك باللار بىلەن بىللە ئوينايدىغان ئادىتىنى تاشلىغىنى بىلەن، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىدا ئوخشاشلا بۇرۇنقىدەك قىزغىن پاراڭلىشاتتى، قورغان كۆلبېشىنى چاڭ چىقىرىپ كۈلەتتى.



دوست خېنىم دەريا بويىدىكى قوتانغا، چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن تۆۋەن كوچىدىن ئاۋۋال قورغان كۆلبېشىغا كېلىپ، ئاندىن سولغا — ئاق كوچىغا قايرىلىپ ماڭاتتى. بۈگۈن ئۇ قورغان كۆلبېشىدىكى چوڭ مەيداندىن ئۆتكۈچە ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى ئۆزىدىن ئازراق چوڭ يىگىتلەرنىڭ كۆچ ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىر ـ ئىككى يىل بۇرۇن بولغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە ماڭغىنىنى ئۇنتۇپ، باللارغا قېتىلىپ ئويناپ كەتكەن بولاتتى. ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدەك كىچىك بالا ئەمەس. بويىغا يەتكەن بىر قىز. ئون بەش ياشقا كىرگەن بىر قىز ئوغۇللار بىلەن بىللە ئويۇن ئويناپ يۇرسە قانداق بولىدۇ؟ باشقىلار ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى دوست خېنىم ئەركەكزەدەك قىز بوپتۇ دېمەمدۇ؟ ئۇ باللارنىڭ يېنىدىن

ئۇلارغا سالام قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىدى. ئەمما، ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە، بالىلار ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ، ئۇلارغا تىكىلىشىپ، بولۇپمۇ دوست خېنىمغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھىجىيىپ قارىشىپ ئېغىز ئېچىشتى.

— دوست خېنىم، تىنچ تۇرۇپىلىمۇ؟

— ئاللا خالىسا تىنچلىق.

— دوست خېنىم، قەيەرگە ماڭدىلا؟

— چوڭ دادامنىڭ قېشىغا.

— دوست خېنىم، ئىككىلىرىمۇ كېلىشمەملا بىللە ئوينايمىز...

— رەھمەت، ئەمدى بىز قىزلار سىلەر بىلەن ئويۇن ئوينىساق بولمايدۇ، نامەھرەم بولىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلەر ئويناڭلار.



— دوست خېنىم، چوڭ بولغان ئوخشىمامىلا؟

— شۇنداق ئىلياس ئاكا، چوڭ بولدۇم. خوش، بىز مېڭىۋېرىلى، سىلەر ئويۇنۇڭلارنى ئويناۋېرىڭلار.

ئىلياسنىڭ يادىدىن بەش - ئالتە يىل بۇرۇنقى بىر ئىش كەچتى.

— دوست خېنىم، ماڭا تېگەملا؟

— ھازىر تەگمەيمەن، چوڭ بولغاندا تېگىمەن.

دوست خېنىم شۇنداق دەپ قاقاھلاپ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەندىن بېرى ئىلياس: «مەن دوست خېنىم چوڭ بولغاندا ئۇنى ئالىمەن» دېگەن تەمەدە ئىدى. شۇڭا، ئۇ باشقىلاردىن دوست خېنىمنى قىزغىناتتى. باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك ھە دېسە دوست خېنىمنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى، ئۇنى خوتۇن قىلىش خىيالىنى

ئاشكارا ـ يوشۇرۇن دەپ يۈرۈۋېرىشەتتى. بىرى: «مېەن تۆۋەن كوچىدا دوست خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانتىم، ئىككىمىز خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق، ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. مەنمۇ چاندۇرماي گەپ ئارىسىدا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈردۈم» دېسە، يەنە بىرى: «مەن دەريا بويىغا مال باققىلى بارسام، دوست خېنىممۇ ئىگەمبەردىكامنى يوقلاپ بېرىپتىكەن، ئىنس ـ جىن يوق يەردە ئىككىمىز ناھايىتى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. دوست خېنىم خۇددى مەن بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىنىغا خۇش بولۇۋاتقاندەك، توختىماي كۈلۈپ تۇردى، پات ـ پات كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويدى» دەپ ماختىناتتى. يەنە بىرى بولسا: «سەنمۇ گەپ قىلدىم دەپ ئاشۇرۇۋېتىدىكەنسەن، قورغان كۆلىبېشىدا دوست خېنىم كىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدۇ؟ پەقەت ئاشۇ بىر دوست خېنىملا ھەرقانداق مانا مەن دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىنى تىكىلىپ قاراپ قاچۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ياراتمايدۇ. ئۇ دېگەن ئاۋۇ شەمۇ شەدە داڭقى بار ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى. ھەرقايسىلىرى دوست خېنىمغا ئىچ ـ پەش تارتىپ ھاماقەت بولۇپ قاپسىلەر. مېنىڭچە، دوست خېنىمنىڭ ئىگىسى بىزنىڭ قورغان كۆلبېشىدا ئەمەس. ئۇنى ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردىن كېلىدىغان كاتتا مەنسەپدار، بايلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرەرى كۆڭلىگە پۈكتى ياكى ئۇلاردىن بىرى ئەلچى بولۇپ داستىخان تاشلاپ قويدى. ئاغزىڭلارنى ئارتۇقچە تاتلىق قىلىپ يۈرۈشمەڭلار» دەيتتى. يەنە بىرلىرى قوپۇپ: «ھەي ئاداش بىزمۇ ئوغۇل بالىغۇ، خەقتىن نەرىمىز كەمكەن؟

كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇنداق بىر گۈزەل قىزنى ئالالماي، ئۇنى ياقا يۇرتلۇق بىرەرىگە بېرىپ، كۆزلىرىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرامدۇق. بىرەرىمىزدە ئۇنى مەھەللىدىن چىقىرىپ قويماسلىقتا كارغا كەلگۈدەك پەم ـ پاراسەت ياكى كۈچ ـ جاسارەت يوقمۇ؟» دەپ يىگىتلەرنىڭ قېنىنى قىزدۇراتتى.

بۇنداق چاغلاردا ئىلياس قاتتىق ئازابلىناتتى. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدەك مەرتىۋىلىك باي بولۇپ ئۆتمىگىنىدىن ئېچىناتتى. دوست خېنىمنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىگە خوتۇن قىلىشنىڭ چارە ـ ئاماللىرى ئۈستىدە ئويلىناتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئازابلىق، ئەمما شېرىن ئىچكى تۈيغۇسىنى ئائىلىنىڭ بارچە باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشاتتى. بىر يىگىت ئاغزىدىن چىققان گەپكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ «دوست خېنىمنى ئالىمەن دەپ ئاغزىدىن چىقىرىپ قويغىنى بىلەن كېيىن ئالالماي ھەسرەتتە قالسا، يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىسە بولىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆيۈك ئازابى تېخىمۇ ئاچچىق، تېخىمۇ دەھشەت ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى ئۇششاق ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرىنى مەيىن شامالدا يەلپۈتۈپ ئاق كوچا بىلەن كېتىۋاتقان دوست خېنىمغا قاراۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، پۈتۈن ئوي ـ خىيالى ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئەمرىگە ئېلىشنىڭ شېرىن غېمىدە ئىدى.

ـ قاراڭلار باللار، بۇ ئىككىيلەن ئوپمۇئوخشاش كىيىنىپ، چاچلىرىنى ئوپمۇئوخشاش ئۆرۈۋاپتۇ ـ ھە؟ كەينىدىن قارىسا، قايسىسىنىڭ دوست خېنىم، قايسىسىنىڭ ھەنىپە ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلىمۇ بولمىغىدەك.

بىرىنىڭ ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قارىغاچ ئېيتقان بۇ گەپلىرى ئەلياسنى خىيالدىن ئېسىگە قايتۇردى. ھەممەيلەن ئۆلارنىڭ كەينىدىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. مۇشۇ دەمدە ئىككى قىز، ياق، ئىككى پارچە ئوت پاك - پاكىز تازىلىنىپ، سۇ چېچىلغان، ئىككى قاسىنىقى سايە تاشلاپ تۇرغان رەت - رەت سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن تولغان ئاق كوچىغا ھارارەت چېچىپ، گىياھسىز، ئەمما مېھىرلىك ئاق تاغقا، سۆيىنىڭ ئۆلغىيىشى ياكى پەسىيىشى پەسىللەرگە قاراپ بولىدىغان ئانا دەرياغا، ياپيېشىل ئورمانىنىڭ يىلتىزلىرى مەرمەر توقىلىق يېشىل كەمەردەك تاش - شېغىللىق ساي بىلەن مۇنبەت تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان، سۈپسۈزۈك زەڭگەر ئاسمان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۆجىزە - كارامەتلىرى گىرەلەشكەن سېھىرلىك ماكانغا قاراپ سىڭىپ كېتىۋاتاتتى ئىدى.



— بۇگۈن كېچە دوست خېنىم بىلەن تويۇم بولۇپ چۈشەپ قاپتىكەنمەن، — دېدى يىگىتلەردىن بىرى تىلىنى تامشىپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، — ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىكەنمىز - دە!

— چۈش دېگەن تەتۈر كېلەرمىش، — يەنە بىر يىگىت گەپ قاتتى، — دوست خېنىم بىلەن ئوڭ چېغىڭدا تويى قىلالمىغۇدەكسەن، ئەمدى چۈشۈڭدە قىلغان شۇ تويغا رازى بولۇپ، ئىگەمگە ھەمدۇسانا ئوقۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا سارالڭ - سەۋدا بولۇۋاتقانلاردىن بىرىنىڭ سانىنى ئازلىتىپ، شەيتاننىڭ يولىدىن رەھماننىڭ يولىغا باشلاپ ساۋاب تاپايلى.

ــ دوست خېنىمنىڭ دەردىدە ئەقلىدىن ئازغانلارنى قانداق قىلىمىز؟ ــ دېدى يەنە بىر يىگىت بىر ئاڭلىماققا راستتەك، بىر ئاڭلىماققا چاقچاقتەك تەلەپپۇزدا، ــ ئاڭلىسام قايراق، بەيساق، ئوچار، يولچىلادىكى موللا ـ ئۆلىما، بەگ ـ تۆرە، باي غوجاملارنىڭ باللىرى دىخاللىدىكى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى دوست خېنىمنى ئەپ بېرىسەن دەپ دادىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقانغا خېلى بولغانمىش. بۇنى قانداق قىلىمىز؟

ــ ئەقلىدىن ئازغانلارنى بۆك ئانامنىڭ مازىرى بىلەن قىزىل ئاغىچىنىڭ مازىرىدا خوجا ئەلا سۇبىگە ئوقۇتىمىز، ــ پاكار، قارامتۇل، كۆزلىرىدىن شوخ ھەم ھەزىلكەشلىكى چىقىپ تۇرىدىغان يەنە بىر يىگىت گەپكە ئارىلاشتى، ــ باشقا يەردىكىلەر ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ. ئۇلارغا چۇشۇپ قالغان دوست خېنىم يوق، دىخاللىدىكى بىرەرىمىز ئۇنى ئالالايمىز. باشقا يۇرتتىكىلەر دىخاللىدا مەيدىسىدە تۈكى بار يىگىت قالمىغاندا بۇ گەپتىن ئېغىز ئاچسا ئەلھۆكمىللىلا، بولمىسا بۇنى كۆردۇڭلارمۇ؟ ــ ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ھەمراھلىرىغا كۆرسەتتى، ــ ھەممىمىز بىرلىكتە مۇشۇنىڭ تەمىنى ئۇلارغا تېتىتىپ قويساق، دادىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتمايدىغان بولىدۇ.

ھەممەيلەن قارامتۇل يىگىتنىڭ گېپىگە ھەم قانائەتلىنىپ، ھەم ھۇزۇرلىنىپ بىرھازا كۈلۈشكەندىن كېيىن دېيىشتى:

ــ دۇرۇس گەپ بولدى.

ــ توغرا گەپ بولدى.

— دوست خېنىم ئاۋۋال بىزنىڭ، بىزدىن ئاشسا خەقنىڭ.

— باشقىلار بېشى ئون بولسا، دوست خېنىمنىڭ غەلۋىسىنى قىلىشسۇن، بولمىسا كۆتىنى غىت قىسىپ سىڭگەن نېنىنى قانائەت قىلىپ يېيىشسۇن! — بايىدىن بىرى چىشىنى چىشىغا بېسىپ بولۇۋاتقان گەپلەرنى تاشتەك ئېغىر چىدام بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئىلياسنىڭمۇ ئاخىر سەۋر قاچىسى تولدى، — تۆۋەن كوچىدىمۇ دوست خېنىمنى ئالغۇچىلىكى بار يىگىت چىقىدۇ. باشقا يۇرتتىكىلەرلا ئەمەس، باشقا كوچىدىكىلەرمۇ رىسالىدە يۇرۇشسۇن. ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە خۇش قىلىپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن! — دېدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تۆۋەن كوچا تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

ئىلياسنىڭ تەرەپبال قىلغان بۇ گېپىنى باشقىلار ھەم چۈشەنمىگەندەك، ھەم ھەيران بولغاندەك بىر - بىرىگە قاراشتى.





## ئون تۆتىنچى باب

# ئوغۇلغا بەرگۈسىز قىز

— دوست خېنىم، شېرىن قىزىم، — تىللا خېنىم پېشايۋاندا تۇرۇپلا ھۇجرىسىدىكى دوست خېنىمنى چاقىردى.

— مانا مەن چىقتىم، ئانا، — دوست خېنىم يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پېشايۋانغا چىقتى.

— دادىلىرى خوتەنگە كەتكىلى بۈگۈن... — ئۇ كۆنلەرنىڭ سانىنى بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ بولغۇچە، دوست خېنىم:

— بۈگۈن 22 كۈن بولدى، ئانا، — دېدى.

— ھە 22 كۈن بولدى، يەنە بىر ھەپتىدە، كېلەر ھەپتىنىڭ مۇشۇ كۈنلىرى قايتىپ كېلىدۇ. ھەنىپە ئىككىلىرى ئەمرۇللا غوجىدار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشىسىلە. ئاڭلىسام، ئۇنىڭ ئېتىزلىققا چىقمىغىنىغا ئىككى ھەپتە بوپتۇ. ئۇ غوجىدارنىڭمۇ قېرىپ ھالى قالمىدى. ئېتىزلىقنىڭ ئىشلىرىغا چامى يەتمەس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ كەشىنى توغرىلايدىغان چاغ كەلگەن. دادىلىرى كەلگەندە بۇ گەپنىمۇ دەمەن، ئاندىن ئورمىچىلارنى بىر قۇر كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ كېلىڭلار. ئىشلار دادىلىرىنىڭ دىتىدىكىدەك بولمىسا، خاپا بولۇپ كېتىدىغىنىنى ئوبدان بىلىلا. ھە راست، غوجىدار بىلەن

كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن قورغان كۆلبېشىدىكى ئامبارنى يوقلىۋېتىڭلار. تونۇگۇن ئامبارچىلارغا كونا ئاشلىقنى بىر تەرەپكە يۆتكەپ، يېڭى ئاشلىقنى تۆكىدىغان يەرنى پاكىز تازىلىۋېتىشنى ئېيتقانىدىم. ئۆزىمىز كۆرمىسەك، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىلىشمايدۇ.

ــ ماقۇل ئانا، بىز هازىرلا ماڭىلى، ــ دوست خېنىم شۇنداق دېدى ـ دە، ھەنىپەنىڭ قېشىغا يۈگۈردى.

ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئورما مەزگىلى كېچىكىپ كېلىدۇ. بۇغداي پىشقان چاغلاردىمۇ ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ۋە كەچلىرى كۇنپېتىشتىن ئەسكەن مەيىن تاغ شامىلى كىشىگە ئاجايىپ راھەت تۇيغۇلارنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىر كۇنلۇك جاپالىق، ئېغىر ئەمگەكتىن چارچىغان ياشلار ئۆيلىرىدە ئانىلىرى ئاشكۆكى سېلىپ ئەتكەن ئۇگرىنى راھەتلىنىپ تەرلەپ ئىچىشكەندىن كېيىن، كوچىلارغا، خامانلارغا چىقىشىپ، كوچا ۋە ئېتىز ـ دالالارنى چاڭ كەلتۇرۇپ ناخشا ئوقۇشۇپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرىشىدۇ. ئاۋۋال ئاخشامدىن باشلانغان ناخشا سادالىرى تاكى تۈن تەڭگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۆيدىكى چوڭلار، ياشانغان بوۋاي ـ مومايلار سىرتتىكى ناخشىلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ، ئۆز ئوغۇل ـ نەۋرىلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى بىلىشكە ئالدىرايدۇ. باللارنىڭ ناخشىلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق، ئۆزىنى باللىقىغا، ياشلىقىغا قايتقاندەك ھېس قىلىپ راھەتلىنىدۇ. بۇ يۇرتلۇقلار يەرگە، ئېتىزلىقلارغا ئاجايىپ ئەقىدە قىلىدۇ. بىر چامدام يەرنىمۇ بىكار قويماي جىرىم تىكىدۇ، زىرائەت تېرىيدۇ، يەرنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىدۇ. تۇپراقنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ كاتتا رىزىق ـ نېسىۋە، تېپىلماس بايلىق دەپ بىلىشىدۇ. ھەربىر

پەسلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ھەرقانداق ئادەم باش توخۇ بىلەن تورۇشقا، نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپلا ھاۋانىڭ تازا سالقىن ۋاقتىدا ئېتىزلىققا كەتمەن، ئارا، ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ يەردە ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى سالقىن بولغىنى بىلەن ئاش ۋاقتىدىن كەچ پېشىنگىچە بولىدىغان، يالقۇن چېچىپ تەننى كۆيدۈرىدىغان ئىسسىققا چىدىماق تەس. سۈپسۈزۈك ئاسماندا كۈمۈش رەڭ ھالەتتىكى قۇياش بۇ يۇرتقا نۇر ۋە ھارارىتىنى تىلەك يۈنىلىشتە چېچىپ، ئېتىز ـ دالا، باغ ـ ۋارانلارنى تونۇردەك قىزدۇرىدۇ. دېھقانلار يىغىشقا ئالدىرىمىسا، ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان بۇغداي باشاقلىرىنى بىر ـ ئىككى كۈندىلا قۇرۇپ، دانلارنى چاناقلىرىدىن ئايرىپ تۆكۈۋېتىدۇ ـ دە، ھوسۇلغا زىيان يېتىدۇ. شۇڭا، بۇ يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللار تازا چىڭقىچۈشتىكى ئىسسىققا چىداش مۇمكىن بولمايدىغان ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن باشقا پۈتۈن كۈن ئورما ئورىدۇ. ئۇلار پايانسىز ئېتىزلىقتىكى ئورمىنىڭ جاپاسىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئوتلۇق ناخشىلىرى ئارقىلىق ئۇنتۇشىدۇ.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھېرىشمىغايلا، ـــ دوست خېنىم، ھەنىپەلەر ئېتىز بېشىغا كېلىپ، ناخشا سادالىرى ئىچىدە تازا ئالدىراش ئورما ئورۇۋاتقانلارغا سالام قىلدى. ئورمىچىلار ئورغاقلىرىنى قويۇپ، ئۆرە بولۇپ بەللىرىنى تۈزلەشتى ۋە دوست خېنىملارنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىشتى:

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كېلىپلا، دوست

خېنىم.

— دوست خېنىم، ساق تۇرۇپلىمۇ، ئاللا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

— دوست خېنىم، ئالتۇن تەنلىرى ساق، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن.

— دوست خېنىم قىزىم، ئاللا ئىگەم ئۆزلىرىنى يامانلارنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلسۇن.

چوڭلارنىڭ قاتارىدا يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋېلىشقا ئالدىرىدى:

— دوست خېنىم، ئىسسىقنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئاپتاپتا گۈزەل ھۆسنلىرىنى كۆيدۈرۈۋالمىسىلا يەنە.

— ئاياغلىرىنىڭ بۇ يەرگە يەتكىنىدىن خۇش بولساقمۇ، مۇبارەك تەنلىرىگە خوخا - تىكەنلەرنىڭ زەخمەت يەكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيمىز.

— شۇنداق، ئېگىزلىق - چاتقاللىقلاردىن ئۆتكەندە ئېھتىيات قىلارلا.

دوست خېنىم ئورمىچىلارنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. بالا چاغلىرى بولغان بولسا، ئۇ ئورمىچىلارنىڭ گەپلىرىگە تاق - تاق جاۋاب بەرگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئورغاقلارنى ئېلىپ ئورما ئورۇپ باققان بولاتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنى چوڭ بولۇپ قالغاندەك، گەپ - سۆزلەردە ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تېزلا ئەقلىنى يىغدى.

— رەھمەت، قېرىنداشلار! ماڭا بىلدۈرگەن ئېھتىراملىرىڭلارغا، كۆڭۈل ئىزھارىڭلارغا تەشەككۇر، — ئۇ قولىدىكى بىر گەز ماتا داستىخان بىلەن يۆگىۋالغان بىر كومۇ مۇزدەك دوغاپنى ئېگىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپلا

يەشتى،ــ كېلىشىشلە، ئاددىي بولسىمۇ تۇنۇگۇن دەريادىن ئەكەلدۇرۇپ، كېچىچە كۆپتە مۇزلاتقان سۇدا ئەتكەن دوغدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچىۋېلىشسىلا.

دوست خېنىم دوغاپنى ياغاچ ئاياقتا قويۇپ، ئورمىچىلارغا بىردىن ـ بىردىن قويۇپ بېرىۋاتاتتى.

ــ ۋاھ،ــ دېدى بىر يىگىت پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرلىرىنى ۋە ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە قالغان دوغاپ قالدۇقىنى بۇغداي چېكىدا كىرلەشكەن ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتكەچ،ــ دوست خېنىمنىڭ بۇ دوغىنى ئىچىپ، ئوتتۇن ئېلىپ كەلگۈچە چاڭقىغاندا، قارغۇلدىكى قازانبۇلاقنىڭ سۈيىنى قېنىپ ئىچكەندەك بولدۇم.

يىگىتنىڭ بۇ گېپىدىن دوست خېنىم ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ ھەنىپەگە بۇرىلىپ قاراپ تۇرۇۋالدى. ھەنىپە دوست خېنىمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك، دەرھاللا گەپنى ئالدى.

ــ تۇغقانلار، سىلەرمۇ ئورماڭلارنى ئورۇۋېرىڭلار، بىزمۇ سىلەرگە دەخلى قىلماي، تۆۋەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېلەيلى.

ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە ئېتىزلارنى سۇغىرىدىغان كىچىك ئېرىقنىڭ بويىدىكى يول بىلەن تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شېرىن تۇيغۇلاردا قاراپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئارمان، شادلىق، سېغىنىش، ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن ئۇن ـ تىنسىز ئورمىغا كىرىشىپ كەتتى. چوڭلار بولسا بېلىنى بايا تۈزلىگەن پېتى ئىشقا كىرىشەلمەي پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

ــ دوست خېنىم ئەجەبمۇ چىرايلىق، ئەقىللىك،

قائىدىلىك قىز بولدى.

ــ ئانىسى مۆنەۋۋەر خېنىم بولغان بولسا قانچىلىك خۇش بولاردى ـ ھە؟

ــ راست، تولىمۇ خۇش بولاتتى. لېكىن، مەزلۇمىنىڭ ئۆمرى كۆتە بولۇپ قالدى ـ دە.

ــ ھاجىممۇ يېشى بىر يەرگە بارغاندا بالا يۈزى كۆرگەچكە دوست خېنىمنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ.

ــ ئادەم نەۋرىگە ئامراق بولىدۇ ئەمەسمۇ، ھاجىممۇ نەۋرە كۆرگۈدەك ياشتا بولغاچقا، بۇ قىزغا نەۋرىگە ئامراق بولغاندەكلا ئامراق ئىكەن.

ــ ھاجىم دوست خېنىمنىڭ ئەقىللىكلىكىدىن، چىرايلىقلىقىدىن، تاتلىق گەپ ـ سۆزلىرىدىن شۇنچە ئىپتىخارلىنىدىكەن.

ــ پۈتۈن قورغان كۆلبېشىدىكىلەر بۇ قىزدىن سۆيۈنىدىغان تۇرسا، ئۆزىنىڭ دادىسى بولغان ئادەم ئەلۋەتتە ئىپتىخارلىنىدۇ ـ دە!

ــ ئىشقىلىپ، دوست خېنىم ئوغۇل بالىدىن قېلىشقۇسىز بالا بولدى.

ــ بەزى ئېزىلەڭگۈ، ھۇرۇن، بەڭباش، لايغەزەل، ياغاچ پىچاق، لاتا غىلاپ ئوغۇللاردىن چەندان تۈزۈك.

ــ كىشىنىڭ كۆڭلىنى بەك ئايايدۇ، ئادەمنىڭ ئويلىغىنىنى تاپالايدۇ.

ــ بۇ قىزنىڭ قورغان كۆلبېشىدا بار بولغىنى بىر بەرىكەتتىن بېشارەت بولدى، دېسە خاتا كەتمەيدۇ.

ــ راست دەيدىلا، دوست خېنىمنىڭ تۇغۇلغىنىغا مانا ئون بەش يىل بوپتۇ، ھاجىمنىڭ يۇرتقا داستىخىنى چوڭايدى. قولى كەڭ ئېچىلدى. ئاغرىقنىڭ، بىتاپلىقنىڭ

ئازابىنى تارتىدىغانلارنىڭ دەردى يېنىكلىدى. شۇندىن بېرى دىخاللىدا بىرەر ئادەم ئاچ ـ زېرىنلىقنىڭ دەردىنى تارتمىدى، قىشتا توڭلىمىدى.

ــ دوست خېنىم چوڭ بولغان مۇشۇ يېقىندىن بۇيان، دادىسىغا دەپ يۈرۈپ، خەير ـ ئېھسان ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قىلدۇردى.

ــ ھاجىممۇ قىزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەردى.

ــ قىز بالا دېگەن مۇشۇنداق ھۆسن ـ جامالدىمۇ، شەرم ـ ھايادىمۇ، ئەقىل ـ پاراسەتتىمۇ تەڭ يېتىشكەن بولسا، كىشى ئوغلۇم يوق دەپ كۆڭلىنى يېرىم قىلمىسىمۇ بولىدۇ جۇمۇ؟!

ــ ئىشقىلىپ، دوست خېنىم قورغان كۆلبېشىنىڭ يارىشىقى، زىننىتى، كۆركى.

ــ كىشىنىڭ مۇشۇنداق بىر قىزى بولسا ـ ھە؟

ــ بولمىسا غاچچىدە ھاجىمنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كېلىن قىلىۋالامدىلا ـ يا؟!

ــ بىز دېگەن ھاجىمنىڭ خىلى ئەمەستە، ئۇنداق بولمىغاندا، دوست خېنىم قولدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان بالا ئەمەس ئىدى.

قورغان كۆلبېشىدا ھەممە ئادەم دوست خېنىمنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى، ئۇنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى كۆرگەندە، ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىدەك، غەمگۇزار، دىلكەشىدەك كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتقۇسى كېلەتتى.

دوست خېنىم، ھەنىپەلەر ئورمىچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئورمىنىڭ ئورۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش جەريانىدا، ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ ئىككى ھەپتىدىن بېرى

ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئىتتىزلىقتا چىققالمايۋاتقانلىقىنى ئۇقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن غوجىدارنى تېزرەك يوقلاپ ئۆتۇش خىيالى كەچتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئانىسى خوجىدار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى تاپىلىغانىدى.

— ھەنىپە، ئىككىمىز ئامبارغا بېرىشتىن بۇرۇن ئەمرۇللا خوجىدارنى يوقلاپ ئۆتسەكمىكىن. ئۇ كىشى ئېغىر ئاغرىمىغان بولسا، ئىتتىزلىققا ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ چىقىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلەيلى.

— گەپلىرىگە ماقۇل دېمىسەم بەربىر ئۇنىمايلا، شۇنداق بولغاندىكىن، ماقۇل دېمەي نېمە چارە؟

دوست خېنىم لەۋلىرىنى ئۇچلاپ كۈلدى. ئۇ ھەنىپەنىڭ گېپىدىن «سىلى جاھىل» دېگەن مەنىنى ھېس قىلغانىدى.

— مېنىڭ مىجەزىم ئوسالمۇ؟ — سورىدى دوست خېنىم.

— بۇ سوئاللىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، دەۋېرەي ـ ھە؟

— كۆڭلۈمگە زىنھار ئالمايمەن، قېنى دېسىلە.

— سىلى دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان، نەدە ياخشى ئىش بولسا ئىزدەپ قىلىدىغان، ياماندىن يانمايدىغان، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان جاھىل. بولمىسا، بىرەرى ئاغرىپ قاپتۇ ياكى بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ دەپ بولغۇچە ئۇ يەرگە بېرىشقا ئالدىراپ كېتەمتىلە؟ مانا ھازىرمۇ ئەمرۇللا غوجىدارنى ئاغرىپ قالدى دەپ بولغۇچە، بارىمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىلا.

— ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ بىزنىڭ يەر - زېمىنلىرىمىزنى باشقۇرۇۋاتقىنىغا ئوتتۇز يىل بوپتۇ،— دوست خېنىمنىڭ ھەنىپەگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە پىشقان ئايالىلاردىمۇ كەم كۆرۈلىدىغان مېھرىبانلىقنىڭ نۇرى چاقنىدى. چېھرىدە سەممىيلىك، سالماقلىقنىڭ ئىپادىسى ئەكس ئەتتى،— ئۇ ئادەم ئوتتۇز يىل ئائىلىمىز ئۈچۈن تەر ئاققۇزدى دېگەن گەپ. دادام بولغان بولسا، ئۇنى يوقلاپ بارغان بولاتتى. ھازىر ئۆيدە دادام بولمىغاندىكىن، مەن بولسامۇ ئىزدەپ قويسام، ئۇ كىشى خۇش بولىدۇ، ئائىلىمىز ئۈچۈن سىڭدۇرگەن ئەجرىگە رىزا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا، ئىشقىلىپ مەن سىلىگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن. يورسىلە ئەمىسە، بارساق بېرىپ يوقلاپ كېلەيلى. مەنمۇ سىلى بىلەن يۈرۈپ، نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلىرىغا شېرىك بولۇۋالىدىغان بولدۇم.

ئۇلار ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، غوجىدارنىڭ ھويلىدا تال باراڭنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئاق كىرلىكنىڭ ئۈستىدە، ئۈچىسىغا ئاپپاق كىيىم كىيىپ، ئاق يېپىنچىنى يېرىم يېپىنىپ، ئاقلىقتا چۆمكىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بۇغدىيىكىنى بېسىپ تۇرغان ساقاللىرىمۇ ئۈچتەك ئاقارغان بولۇپ، قاشلىرىمۇ ئاق ئىدى. چىرايىنىڭمۇ قېنى قېچىپ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. دوست خېنىم ئەمرۇللا غوجىدارنى ھېكايەتلەردىكى كىمدۇر بىرىگە ئوخشىتىپ سۈر باسقاندەك بولدى. غوجىدار ئۆيگە بىرەر مېھماننىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيغاندەك كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى - دە، يەنە يۇمۇۋالدى. ئايالى مېھمانلارغا

ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بوش ئاۋازدا: «ئۆيگە مېھمانلار كەلدى، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى دوست خېنىم بىلەن ھەنىپە كەلدى» دېدى. غوجىدار دوست خېنىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ، قورۇق ئۇچۇن مىدىرلاشقا تەمشەلدى. دوست خېنىم ئۇنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مىدىرلىمىسىلا غوجىدار، بىز رازى، — دېدى.

— دوست... خېنىم ... ئەجەب ئوبدان كەپلا... سىلىنى ھەربىر كۆرسەم... ئۆزۈمگە... ئۆچ... بولۇپ كېتىمەن... ئۆھۆ... ئۆھۆ... ئۆھۆ، — ئۇ بوش، ئەمما خىرىلداپ، قىينىلىپ بىرھازا يۆتەلدى. يۆتىلى توختىغاندىن كېيىنمۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما، تولىمۇ تەستە سۆزلەيتتى، — مەن... ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ... مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ ئالدىدىمۇ... سىلىنىڭ... يەنە ئابدۇقۇددۇس... ھاجىمنىڭ... ئالدىدىمۇ گۇناھكار... — ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقاتتى، قىلىۋاتقان گەپلىرىنىمۇ ئاران ـ ئاران پەرق قىلغىلى بولاتتى، — مەن سىلىگە... زىيانكەشلىك... قىلماقچى... بولغان. ئەمما، مەن... ئىلاجسىز ئىدىم. مېنى... كەچۈردۇم... دەۋەتسىلە. ئاللا ھەققىدە... مېنىڭ ئانا ـ بالا... ئىككىمىزلاردا... نېمە ئاداۋىتىم... بولسۇن؟! بۇ ئىشتا... ماڭا... تىللىلا... خېنىم...

ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ سۆزلىگىدەك ماجالى قالمىدى. ئۇ كانىيىغا يىغىلىپ قالغان بەلغەمنى بىر يۆتىلىپ چىقىرىۋېتىشكىمۇ ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى. «بىگىز قاپتا ياتمايدۇ» دېگەندەك، ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا بولسىمۇ،

ئۆزىنىڭ دوست خېنىمغا تىللا خېنىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بەرگىنىنى ئېقرار قىلماقچى بولغانىدى. باقىيدىكى كەچۈرۈم ئۈچۈن پانىيدا دەسمايە ئېلىپ كېتىشنى ئويلىغانىدى. ۋادەرىخ، ئۇ پۈت ـ قولىدا ماغدۇر بار چاغدا گۇناھ ئۆتكۈزەلىگەن بىلەن، ماغدۇرىدىن، كۈچىدىن قالغاندا، بەندىچىلىك سەپىرى ئۈچۈن ئاتقا مىنىشنىڭ ئالدىدا، توۋا قىلىشقىمۇ ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. ئۇ دوست خېنىم ئۈچۈن كۆڭۈلسىز، مۇجمەل بولغان بىر سوئالنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي كۆزىنى ئەبەدىيلىككە يۇمدى. ئۇ غوجىدارنىڭ ئايالىنىڭ دەسلەپتە «مۇرەببىم كۆزلىرىنى ئاچسىلا، مۇرەببىم كۆزلىرىنى ئاچسىلا» دەپ چاقىرغىنىدىن، ئاندىن «ۋاي مۇرەببىم، ۋاي مۇرەببىم» دەپ ئاچچىق نالىلىك ئاچقان ھازىسىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈم ئەلچىسىگە جان ئامانىتىنى تاپشۇرغىنىنى بىلىپ، قورقۇنچتىن ئەندىكىپ كەتتى. ئەمرۇللا غوجىدار ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىشلىق ئادەم كۆرۈنەتتى. ئەمدى دوست خېنىمنىڭ تەسەۋۋۇر ئالەمىدە ئىلگىرىكى يېقىشلىق ئادەم، بۇگۈنكى ئاقىلىقا چۈمكىلىپ ياتقان ئادەم كۆكرىكىنىڭ ئىچىدىكى قاپقارا يۈرىكىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويغاندەك بىلىنىدى. بىراق ئۇ يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. « بۇ ئادەم ماڭا قانداق زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان بولغىيتتى؟ دادامنىڭ، ئانامنىڭ ئالدىدا قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتى؟ مەن نېمىشقا، نېمىنى كەچۈردۈم دەيدىغان بولغىيتتىم؟ ‹بۇ ئىشتا... ماڭا... تىللا... خېنىم...› دېگىنى نېمە گەپ ئەمدى؟»

دوست خېنىمنىڭ جىددىيلىك ۋە قورقۇنچ باسقان كاللىسىدا يەنە ئەمرۇللا غوجىدارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسىغا ۋە باشقا غوجىدارلارغا يەتكۈزۈۋېتىش خىيالى كەلدى. ئۇ ھەنىپەنىڭ پېشىنى يەڭگىل تارتتى ۋە بېشى بىلەن چىقايلى دېگەن ئىشارىنى قىلدى. ئۇلار ئۆيگە قايتقۇچە دوست خېنىم ناھايىتى غەمكىن، جىمىغۇر ماڭدى. يۈرىكىنى قورقۇنچلۇق، يىرگىنىچلىك يوغان بىر قارا قول مۇجۇۋاتقاندەك ئارامسىزلىناتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەنىپەگىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا رايى بارمىدى.





## ئون بەشىنچى باب

# كۆڭۈلدىكىدەك سۆھبەت

شەھىدۇللا ئىمام جالالىدىنىنىڭ ئۆيىدە بەرگەن چايدا جامالىدىن قىلغان قىرائەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق خۇش بولۇپ، ھاياجىنىنى خېلى كۆنلەرگىچە باسالمىدى. ئۇ تۇنجى بالىسى تۇغۇلغاندا ئاشۇنداق خۇشال بولغانىدى. ئەمدى يۇرت ئۇچۇن بىر يارام ئوغۇلنىڭ يېتىلگەنلىكىدىن خۇش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئەتە بامدات نامىزىدىن يېنىپلا، جالالىدىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى، جامالىدىن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

شەھىدۇللا ئىمام نامازدىن يېنىپ جالالىدىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ ناشتىغا ئەمدىلا ئولتۇرۇشقانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرىكاتىھۇ.

يۇرتىنىڭ ئاتىسى، يۇرت ئەھلىنىڭ يولباشچىسى بولغان بۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ ئەتىگەندىلا كىرىپ كېلىشى، ناشتىلىققا ئولتۇرغان بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئاجايىپ خۇش قىلىۋەتتى ھەم ھودۇقتۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتىللاھى ۋەبەرىكاتىھۇ، — دېيىشتى ئۇلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەڭلا.

ــ كېلىشلىرىنى بىلگەن بولساق، ئالدىلىرىغا چىقالتتۇق ئەمەسمۇ؟ سەت ئىش بوپتۇ، ــ دېدى جالالىدىن پەگاھقا چۈشۈپ چورۇقىنى پۇتىغا ساپقاچ، ــ قېنى ئىمامئاخۇنۇم، تۆرگە ئۆتسىلە.

ــ يوقىرىغا ئۆتكەيلا ھەزرىتىم، ــ دادىسىدىن بالدۇرلا پەسكە چۈشۈپ بولغان جامالىدىنمۇ شەھىدۇللا ئىمامنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

ــ ئەتىگەندىلا كېلىپ سىلەرگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويدۇم، ــ شەھىدۇللا ئىمام تۆرگە چىقمۇيتىپ جامالىدىنغا قاراپ تەكەللۇپ قىلدى. پاتىھەدىن كېيىن، ــ ئوغۇل قايتىپ كەلدى، ــ ئۇ جالالىدىنغا بۇرىلىپ قارىدى، ــ ئەتىگەندىلا كۆڭلۈم تارتتى، شۇڭا ھاردۇق سوراپ كېلىشىم.

ــ كۆپ رەھمەت، ئاۋارە بوپتىلا ئىمامئاخۇنۇم، ــ دېدى جالالىدىن خۇشاللىقىنى باسالماي، ــ بۇ ئىلتىپاتلىرى ھەم كۆڭۈل سانىغانلىرى ئۈچۈن بىز بىر ئۆيلۈك كىشىلەر تولا مىننەتدارمىز.

ئەرلەر سالاملىشىۋاتقاندا ئاغىچىخان بېشىدىكى تور رومىلىنىڭ ئۇچىدا قولى بىلەن يۈزىنى يېرىم توسۇپ، شەھىدۇللا ئىمامغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۆيدە شەھىدۇللا ئىمام، جالالىدىن، جامالىدىن ۋە جامالىدىننىڭ ئىنىسى ئىمامىدىنلار قالدى.

ــ ھاردۇقلىرى چىقىپ قاپتىمۇ، ئوغلۇم؟

شەھىدۇللا ئىمامنىڭ جامالىدىننى «ئوغلۇم» دەپ ئاتاپ، ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئارىدىكى قورۇنۇشنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىمالال سۆھبەت قۇرغۇسى بار ئىدى.

— ئاللا خالىسا، — دېدى جامالىدىن شەھەدۇللا ئىمامغا ئۇدۇل يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئورنىدا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ بىلىنەرلىك ئېگىلىپ، — يۇرتىنىڭ توپىسىغا دەسسەپ، هاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، هەربىرلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن دىدارلىشىپ، بۆلەكچىلا يېنىكلەپ قالدىم، — جامالىدىن كىچىك چاغلىرىدىمۇ بوز ئېشەككە مىنىپ يۈرىدىغان، چار ساقىلىنى ئۆزگە ياراشتۇرۇپ قويۇۋالىدىغان، لەۋلىرى ۋە كۆزلىرىدىن كۈلكە نۇرى كەتمەيدىغان، چوڭ - كىچىك دېمەي «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمۇتۇللاهى ۋەبەرىكاتىهۇ» دەپ سالام بېرىپ ئۆتىدىغان شەھەدۇللا ئىمامنى هەممىنى بىلىدىغان پىر ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم دەپ بىلەتتى. بۇخارادا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، بۇ زات ئۇستىدە قىلغان تەسەۋۋۇرىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى چىن كۆڭلىدىن تەستىقلايتتى. مانا بۈگۈن خىزىر سۈپەت، ئايىغىدىن بەرىكەت ۋە پاكىزلىق تۆكۈلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن هاردۇق سوراپ كەلگىنىدىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز هاياجانلاندى. ئۇنىڭ ئۆزىنى يېقىن كۆرۈپ «ئوغلۇم» دېگىنىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترىدى. يۈرىكى شۇرۇرىدە ئېرىگەندەك بولدى. بۇخارادا ئۇستازىنىڭ «ياخشى سالام - سەھەت، ئۆزئارا بىر - بىرىنى يوقلاش، بىر - بىرىنى ئەزىزلەش، دىللارنى يېقىن قىلۇر، ئىنسانغا بەرىكەتتىن بىشارەت كەلتۇرۇر» دېگەنلىرىنى يادىدىن كەچكۈزدى، — ئۆزلىرىدەك تەۋەررۇك زاتنىڭ مەندەك بىر ئادەتتىكى تالىپنى ئادەم ئېتىپ هاردۇق سوراشلىرى ئەقلىم هەم تېنىمگە كۈچ ئاتا قىلدى. بېشىمنى كۆككە يەتكۈزدى.

شەھەدۇللا ئىمام جامالىدىنىنىڭ شېرىن زۇۋان

تەكەللۇپىدىن، دانە ـ دانە ئورۇنلۇق سۆزلىرىدىن قانائەتلەندى. ئۇنىڭ ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى. شەھىدۇللا ئىمام ئارىلاپ قەشقەردىكى ئىلىم سورۇنلىرىدا مۇنازىرىلەرگە داخىل بولۇپ تۇراتتى. ئۇستۇنئاتۇشتىكى ئىلىم ساھىبلىرى بىلەن مۇھاكىمىلەرنى قىلىشاتتى. ھەر قېتىملىق مۇتائىلەلەردىن كېيىن، ئۆزىنى شۇنچە خۇشال ھېس قىلاتتى. ئەمما، قورغان كۆلىبىشىدا ئۆزى بىلەن ئوخشاش بىر تېمىدا سۆھبەت قۇرىدىغان بىرەر كىشىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇچۇن كۆڭلى يېرىم ئىدى. مانا بۈگۈن كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان جامالىدىن بىر ـ ئىككى ئېغىز گېپى بىلەنلا ئۆزىگە سۆھبەتداش بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئىمامدىن ئانىسى تەييار قىلغان نېمەتلەرنى داستىخانغا ئېلىپ كىردى. شەھىدۇللا ئىمام داستىخانغا ئانچە ـ مۇنچە قول ئۇزاتقاچ، جامالىدىننى سۆھبەتكە يېتەكلىدى.

ــ بۇخارادا ئىلىم ئالماق ئادەملەرگە كەمدىن كەم نېسىپ بولىدىغان كاتتا ئىش. پېقىرغا ئوخشاش شۇ يەرلەردە ئوقۇماقنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خانلىق مەدرىسەدىكى قىسقا ۋاقىت ئۆگەنگەنلىرى بىلەن قانائەت قىلىپ قالغان، چوڭراق ئىلىم ئېلىش ئۇچۇن ئارمىنى بولۇپ، دەرمىنى بولمىغان ئادەمنىڭ ئۆزلىرىدەك شۇ بەختكە نائىل بولغان ئادەمنىڭ ئۇ تەرەپلەردىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانلىرىنى تولىمۇ بىلگۈسى كېلىدىكەن.

ــ ۋەتەندىن ئايرىلىپ بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ،

ئەقلىمگە كەلگەن چېغىم، ــ جامالىدىن ئورنىدا ئازراق مىدىرلاپ قويۇپ داۋام قىلدى، ــ بىر خىل سىغىنىش ئوتى كۆڭۈل ئارامىمغا مالامەتلەر يەتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئالدى بىلەن قورغان كۆلبېشىنى، ئاندىن قېرىنداشلارنى سېغىنىدىغان بولدۇم. ئىلمى نۇجۇم ئۆگەنگەندە يۇلتۇزلاردىن يۇرتۇمغا سالام يوللىغۇم كېلىدىغان، ئالەمگە نۇر ـ هارارەت چېچىپ تۇرغان كۈندىن، كېچىلىرى زېمىننى يورۇتۇپ تۇرغان ئايدىن يۇرتىنىڭ مېهرىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئاشۇ بىرلا قۇياشتىن ئادەمزاتتىن تارتىپ قۇرت ـ قوڭغۇز، جانۇجانىۋار، دەل ـ دەرەخلەرگىچە هەممىمىز ئورتاق بەھرىمەن بولاتتۇق. ۋەتەنداشلىرىم، قېرىنداشلىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم، بىللە ئوينىغان دوستلىرىم شۇ دەقىقىلەردە مەن بىلەن ئوخشاش بىر كۈندىن، بىر ئايدىن، بىر يۇلتۇزدىن بەھرىلىنىۋاتقان بولاتتى. شۇندىلا ئۇستازلىرىمنىڭ «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەنلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولاتتىم. ئىلمى هېسابدىن ساۋاق ئالغاندا، بۇخارا بىلەن قورغان كۆلبېشىنىڭ ئارىلىقىدىكى يول مۇساپىسىنى هېسابلايتتىم، قورغان كۆلبېشىغا ئۇچۇپ بارغۇم كېلەتتى، قايتىشقا تەقەززا بولاتتىم. شېئىر دەرسلىرىدە چامىمنىڭ يېتىشىچە يۇرتۇم هەققىدە نەزمىلەرنى توقۇپ هەربىرلىرىنى ئەسلەيتتىم. جۇغراپىيە ئۆگەنگەندە خەرىتىدىن ئۇستۇنئاتۇشنى، قورغان كۆلبېشىنىڭ ئورنىنى ئىزدەيتتىم. ۋەتەندىن ئايرىلىپ، مۇساپىرلىقتا ئىلىم ئېلىشقا ئاتلانغانىكەنمەن، يۇرتتىكىلەر مېنى ئادەم بولسۇن، كۆپ نەرسىلەرنى

ئۆگەنسۇن دېگەن ئۈمىدىنى يۈرىكىمگە تېگىپ مېنى بۇخاراغا ئەۋەتكەنىكەن، شۇڭا ھەممىدىن «ئىلىمنى چوڭ بىل» دەيدىغان ئىرادە مېنى مۇشەققەتلەرگە چىداشقا، تېخىمۇ بېرىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا دالالەت قىلاتتى. لېكىن دادامنىڭ پەرزەنت سېغىنىشى، بالىسىغا بولغان ھارارەتلىك مۇھەببىتى مېنى ئاخىرقى پەيتلەردە يۇرتقا چاقىردى. بۇمۇ پېشانەمىزگە يېزىلغان بىر بۇيرۇق بولغانىكەن.

ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقان جالالىدىن ئاخىرقى جۈملىلەرنى ئاڭلاۋېتىپ، پوكاندەك قىزاردى. ئۇنىڭغا ئوغلى «دادام مېنى يېرىم يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

شەھىدۇللا ئىمامىمۇ جالالىدىنغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— بىر يۇرتنىڭ بىنا بولمىقى ئاسان ئەمەس. مىسالەن قورغان كۆلبېشىنى ئېيتساق، قەدىم زامانلاردىن باشلاپ، نەچچە - نەچچە ئەۋلاد ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىر كەتمەن - بىر كەتمەندىن يەر ئېچىپ، بىر تالدىن - بىر تالدىن جىرىم قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پاراستى، ئەقىدىسى، سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، چېكىسىدىن ئاققان تەرى، تومۇرىدىن چىققان قېنى بىلەن مۇشۇنداق گۈزەل ماكانىنى بىنا قىلىپ بىزگە تاپشۇرغان. بۇ بىر ئامانەتتۇر. لېكىن، بۇ ئامانەتنىڭ ئۆمرى ئۇنى قولىغا ئالغان ئىنسانىنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇندۇر. ئىنسان ئۇنى ھامان بىر كۈنى كېيىنكىلەرگە ئامانەت قىلىپ تاپشۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ئامانەتنى پاكىز ساقلىمىقى، ئۇنى تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ گۈزەل قىلمىقى، ئۇنىڭدا كېيىنكىلەرنىڭ نېسىۋىسىنىڭ بارلىقىنى بىلمىكى، جان - تېنى بىلەن قوغدىمىقى لازىمدۇر، — دېدى.

جامالىددىن شەھىدۇللا ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ تەستىقلاپ ئولتۇردى. نۆۋىتىدە ئۇ گەپ ئېلىپ دېدى:

— «ئۆز ئۆيۇمنىڭ خۇشلۇقى، يۇت — قولۇمنىڭ بوشلۇقى»، «خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دەپتىكەن بۇرۇنقىلار. كىشى باشقىلارنىڭ يۇرتىدا كاتتا كۆتۈنۈشكە، ئالاھىدە ئەزىزلىنىشكە مۇيەسسەر بولسىمۇ، ئۇ ھامان مېھمان بولىدىكەن. بۇ خىل ئەتىۋارلىنىش پەقەت مېھمان ئۈچۈن بولىدىغان ئېھتىرامدىن ئىبارەتلا ئىكەن، خالاس. ئىززىتىنى بىلسە «مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولىدۇ»غان، باشقىلار دېگەنگە كۆلۈپ، باشقىلار بەرگەننى يەيدىغان گەپكەن.

«قول ئۇزاتسام شاخقا يەتمەس،
شاختىن — شاخقا ئۆتمەگۈنچە.
يۇرت قەدرىنى شاھمۇ بىلمەس،
يۇرتتىن — يۇرتقا كۆچمەگۈنچە.»

دېگەن نەزمىنىڭ مەنىسىنى، «مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ھېكمەتنىڭ تېگىنى مۇساپىر بولغاندىلا ئاندىن چۈشىنىدىكەن كىشى. يات — ياقا يۇرتلاردا ئادەم ئۆزى مۇستەقىل ئىگىدارلىق قىلالايدىغىنى پەقەت سېغىنىش، تەلپۈنۈش، ئەسلەش، ئازابلىنىش قاتارلىق ھېس — تۇيغۇ ھەم قەلبكە تەئەللۇق نەرسىلەر بولىدىكەن.

— دىيارىمىز ھەققەتەنمۇ يۇرت بالىسىنى ئۆزىگە تارتىپ سېغىندۇرىدىغان، ئىپتىخارلاندۇرىدىغان سىر —

ھېكمەتلەرگە باي، ئەتراپى تاغ، ئوتتۇرىسى باغ، ھاۋاسى ساپ، خەلقى ئىشچان، ئىلىمنى، ئىلىم ئەھلىنى ئەتىۋارلايدىغان ماكان، — شەھەردۇللا ئىمام ھاياجانلىنىۋاتاتتى، — ئەرلەرنىڭ كەتمىنى يۇرتنى كۆكەرتىپ ياشنىتىدۇ. ئاياللار، قىز - كېلىنلەرنىڭ ئىدىش - سۇپۇرگىلىرى ئۆي - ھويلا، كوچا - يوللارنى چىنىدەك پاكىز قىلىۋېتىدۇ. يىگىتلىرىمىز ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ توپا ئەكىرىپ ئېغىل - قوتانلارنى قۇرۇغداپ، مال - چارۋىلارنىڭمۇ ئايىغىنى پاكىز تۇتىدۇ. پاكىزلىق ساغلاملىقنىڭ، بەرىكەتنىڭ بېشارىتىدۇر.

— مۇبارەك دىيارىمىزنىڭ ھەربىر يول - كوچىلىرىدا، ئېتىز - قىرلىرى، دالىلىرىدا، مەدرىسە - خانىقالىرىدا ھەزرىتى مەۋلانا مەھمۇد كاشغەرىي زاتى مۇبارەكىنىڭ ئاياغ پايىنىڭ ئىزنالىرى بولغاندىن تاشقىرى قەلب بوستانىنى ياشناتقان ئەقىل چەشمىلىرىنىڭ زەمزەملىرى ئۇچرايدۇ. بۇ مۆھتەرەم ئىلمى كامالەت ئىگىسى ئۇستۇنئاتۇشتا ئىلمىي ئىختىرالىرىغا ئۇنچە - مەرۋايىت جۇغلاش بىلەن بىرگە، يۇرتىمىزدىكى يەر - جاي ناملىرىنى خاتىرىلىگەن ۋە قائىدىلەشتۇرگەنىكەن. ھەزرىتى مەۋلانا مەھمۇد كاشغەرىي قەشقەردىكى مەدرىسەئىي ساجىيە، مەدرىسەئىي ھەمىدىيەدە بىللە ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەمساۋاق بۇرادىرى، ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىم، مۇدەررىسى مەۋلانا زەينۇل ئابىددىن قايىراقى بىلەن دىيارىمىزنىڭ قايىراقتىكى قورغانبېشىدا «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نى قۇرۇپ، كۆپ مۇلاھىزە - مۇتالىئەلەردە بولۇشقان. تەقۋادار مولىلا، ئەھلى ئىلىم ئالىم زەينۇل ئابىددىن قايىراقىغا كۆپلىگەن مەسلىھەتلەرنى بەرگەن، ئۇ زاتنىڭ

تالىپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىغا ئايانماي ياردەمدە بولغانىكەن. شۇڭا، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىلىدا ئىلىمنى ئۇلۇغلاش ئالامىتى، ئىشتىياقىدا ئىلىمگە تەلپۈنۈش خاھىشى بار.

ــ بۇ يەردە يەنە يېتۈك ئالىملارنىڭ ئاياغ ئىزى ۋە ئەجىر ـ ئىخلاسىدىن باشقا، سەلتەنەت يۈرگۈزگەن شاھلارنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرىمۇ بولغانىكەن، ــ جامالىدىنمۇ بۇگۈنكى بۇ سۆھبەتنىڭ سىپھرىگە ئەسىر بولغانىدى، ــ دىيارىمىزدا بىر مەزگىل قارىخانىلار دۆلىتىنىڭ ئوردا ـ سارايلىرى قەد كۆتۈرۈپ، يۇرتنىڭ ھۆسنىگە ـ ھۆسن قوشۇپ، شۆھرىتىنى ئەلگە يايغانىكەن. ئۇستۇنئاتۇشنىڭ قارىخانىلار پادىشاھلىقىغا ۋاكالىتەن دىن ئومۇملاشتۇرغۇچىسى، دىنىنى ئەلنىڭ توغرا ئىگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىسى ھەبىب ئەجەم [1] قارىخانىلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ بىرى ئەلى ئارسلانخانغا قېيىنئاتا بولغانىكەن. ھەبىب ئەجەم پادىشاھقا قېيىنئاتا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، تەقۋادار، دىنىي ئىلىمدا كامىل، ئەلگە باشپاناھ ئادەم بولغاچقا، كېيىنكىلەر ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى ئۇلۇغلاپ، يوغان گۈمبەزلىك قەبرە قاتۇرغانىكەن.

ــ لېكىن ھازىر، ــ بېشىنى چايقىدى شەھىدۇللا ئىمام، ــ ئاشۇنداق ئۇلۇغلىرىمىز، يۇرت ئۆلىمالىرى ۋە يۇرت چوڭلىرى ياتقان مازارلاردا ئۇستىگە جەندە، باشلىرىغا تۆت بۇرجەك كۇلا، پۇتىغا سوكسىز كەش كىيگەن، قوللىرىدا ساپايە كۆتۈرۈپ، چاچلىرىنى

① ھەبىب ئەجەم ــ ھەزرىتى ھېكىم ئاتىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى. ئەسلى ئىسمى ھەبىب خاجە.

مەيلىگە قويۇپ ئۆستۈرۈۋالغان، دەرۋىش ـ قەلەندەرلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىساقتىكى ھەبىب ئەجەم مازىرىدىمۇ، قايراق قورغانبېشىدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىدىمۇ، بىزنىڭ قورغان كۆلبېشىدىكى كۆك گۈمبەز ھەم بۆك ئانام ① مازىرىدىمۇ بار. ئۇلار دائىم مازاردىن چىقىپ، كوچا ـ كويلاردا، كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدا باشلىرىنى ئالدى ـ ئارقىغا ئۇرۇپ، يەرنى گۇرسۇلدىتىپ دەسسەپ، جەھرە ـ ساما سالىدۇ. بېيىتلارنى توقۇپ، ئۆز يولىنى باشقىلارغا تاڭماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلار دائىم: «بۇ ئالەم ئۆتكۈنچى ئالەم، گۇناھ ـ زالالەتكە تولغان ئالەم. ئۇ ئالەمدىكى ئەبەدىيلىك ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئۈچۈن، بۇ ئالەمدىكى گۇناھدىن نېرى تۇرماقلىق لازىمدۇر. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ماكان مازايى ماشايىقلاردۇر، بۇندا ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ روھى بار. بىز ئۇلارغا ھەمراھ بولساق، ئۇ ئالەمدە ئۇلار بىزنى جەننەتۇل رىزۋانغا باشلايدۇ» دەپ ئەلنى ئەمگەكتىن، بىر ئوبدان قىلىۋاتقان تىرىكچىلىكىدىن بەزدۇرمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە مايىل ئەمەس دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇلارنىڭ سەردارى خوجا ئەلا سۇبىي ②. ئۇ كىشى ئاپاق خوجا قازا قىلغاندىن كېيىن يۇرتىمىزدا ئۇندى. ئۇ قولىدىكى كۆپ كۆزلۈك سوتا③ سىنى شۇنداقلا مىدىرلىتىپ، يەرگە بىر ئۇرغۇدەك بولسا، دەرۋىش ـ قەلەندەرلەر بېيىت ـ

① بۆك ئانام — «بۇزرۇك ئانام» بولۇپ، يەرلىكلەرنىڭ تىلى بويىچە «بۆك ئانام» دەپ ئېلىندى.

② خوجا ئەلا سۇبىي — خوجا ئەلا سوپى بولۇپ، يەرلىكلەرنىڭ تىلى بويىچە خوجا ئەلا سۇبىي دەپ ئېلىندى.

③ كۆپ كۆزلۈك سوتا — دەرۋىشلىك ھاسىسى.

قوشاقلار بىلەن جەھرە ـ سامانى شۇ ھامان باشلايدۇ. دەسلەپتە باللار ئۇنى قىزىقچىلىقنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ كۇلۇشتى. ئۇلارنىڭ ناخشا ـ بېيىتلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ، بارا ـ بارا ئۆزلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدىغان بولۇپ قېلىشقاتتىدۇ. خوجا ئەلا سۇببى بىرقانچە رەت كۆلبەمگە كېلىپ، «يۇرت ئەھلى گۇناھ پاتقاقلىرىدا غەپلەتكە پېتىپ يۇرۇپتۇ. ئەلنى ھىدايەتكە باشلىماق، ئۇلارنى توغرىلىقا يېتەكلىمەك ئۆزلىرىدەك يۇرت ئاتىسى، ئەھلى ئۆلىمانىڭ مۇقەددەس ئىشىدۇر، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۇيۇك ئەۋلىيايىمىز ھەزرىتى ئاپاق خوجىنىڭ قەھرى، ئاللانىڭ غەزىپى يۇرتنى گۇمراھلىقتا قالدۇرماسمۇ؟» دەپ، بۇ خۇسۇستا پېقىرنى ئالايىتەن ئىزدىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يۇرت ئەھلى پانىيدىكى تامامىي گۇناھدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن قۇشنىڭ چاڭگىسىدەك ئاز ـ ئاز، ئازدىن مىڭ تەستە بىنا ئەتكەن ماكانلىرىنى تاشلاپ، مازار ـ ماشايىقلارغا كۆچمىكى لازىممىش. ئۆزلىرىدەك بۇخارادىكى نەچچە يۇزلىگەن مەدرىسەلەرنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەدرىسەلەرنىڭ مەشھۇرىدا ئىلىم ئالغان، خانىنىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇدەررىسى كالان[①]، شەيخى زامان[②] ئىمتىھانىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغۇدەك پۇرسەتلەرنى ياراتقان موللىنىڭ بۇ خۇسۇسىدا، قايىل قىلغۇدەك قاراشلىرىنىڭ بولۇشىغا ئىشەنچىم بار.

جامالىدىن بىرھازا ئويلۇنۇپ جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن گېلىنى بوش قىردى.

ــ سۇلۇك پېشۋاسى ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ئەل ئارىسىدا ھۆرمىتى ئۇستۇن، پاراسىتى زىيادە. قەشقەر،

① ② مۇدەررىسى كالان، شەيخى زامان ـ ئىلمى ئاتاق.

يەكەنلەردىلا ئەمەس، پايانسىز دىيارىمىزنىڭ، دىيارىمىزغا قوشنا شەھەرلەرنىڭ، يىراق ـ يېقىننىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇ زاتنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدىغانلار، تۇتقان يولىدا ماڭىدىغانلار، ئۇنىڭ بىلەن دىدار ـ مۇلەققەتتە بولۇشنى مۇقەددەس ئارزۇسى ھېسابلايدىغانلار سامانىدەك كۆپ ئىدى. ھەممىمىز ئۆلۈم بەندىسى بولغاندەك، ئۇ زاتمۇ بەندىچىلىك يولىنى تۇتتى. ئەمدى خوجا ئەلا سۇبىبىگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن ھەققىمىز بار. كىلىشى، كۆرگەن تەربىيەسى نائېنىق بولغان بۇ كىشىنىڭ تەشەببۇسى ئەقىلغا سىغماس. ئاللاھ تائالا ۋەتائالا «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن. «ياراتتىم» دېگەن ئىباردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «يوق ئىدىڭ، بار قىلدىم» دېگەن مەنە بار. «يارالمىشىڭ» دېگەن ئىباردىن «ساڭا مېنىڭ شاپائىتىمدە ئۆزۈڭنى كۈچلەندۈرۈش، ئىجتىھاتىڭ، ئەقلىڭ بىلەن قولۇڭدىن كېلىدىغان نەرسىلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بەردىم» دەيدىغان بېشارەتلەرنى بىلىمىز. مېڭە، تىل، جۈپ كۆز، بىر جۈپ قول ـ پۇتلار ئىنساننىڭ ئۆزىنى يارىتىشىغا خىزمەت قىلىمىقى، ساۋابلىق، ياخشى ئىش ـ ئەمەللەرگە بۇيرۇلمىقى، بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئاللا بۇيرۇغان ئىبسىل نېمەتلەرنى يارىتىشىغا ھەرىكەت قىلمىقى لازىمدۇر. مازار ـ ماشايىقلاردا «تەييارغا ھەييار» بولۇشنى قوغلىشىش، ئىش ـ ئوقەت قىلالايدىغان كۈچى تۇرۇپمۇ باشقىلاردىن تىلەپ يېيىش ئاللانىڭ ئەمرىگىمۇ، ئىنساننىڭ غۇرۇرىغىمۇ خىلاپ ئىشتۇر. خوجا ئەلا سۇبىبىنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى يۇرت كىشىلىرىگە تاڭماقچى بولمىقىنىڭ يۇرتقا زادىلا مەنپەئەتى بولمىغىنىنىڭ تاشايىنىدا، تەتۇرىسىچە ئەلگە

زەرەرى تېگىدىغان ئەمەل. ئۇنىڭ بۇ ئەمىلىگە يول قويساق، ئەزەلىي ـ ئەزەلدىن يۇرتنى ئاۋات قىلماق، ئەلنى روناق تاپقۇزماقتا ناھايىتى ئۆتكۈر ئەقىلنى سەرپ ئەتكەن، كۈچىنى، ئۆمرىنى بېغىشلىغان ئالىم ـ ئەللامەلەرنىڭ، ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىناتىغا زىنھار يۈز كېلەلمەيمىز، ــ ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ، ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدى، ئاندىن شەھىدۇللا ئىمامغا، دادىسىغا، ئىنىسىگە بىر باشتىن ئالدىرىماي نەزەر تاشلىدى ۋە «باشقىلار قانداق ھېسسىياتتا بولىۋاتىدۇ» دېگەندەك بوش ئاۋازدا داۋاملاشتۇردى، ــ ئاپاق خوجا ھەمدە ئۇنىڭ مۇردىلىرىنىڭ، دەرۋىش ـ قەلەندەرلەرنىڭ قىلمىقلىرى ئەسلا كۆڭۈلۈمگە سىغمايدۇ.

باشتا شۇنچە ئازادىلىك بىلەن باشلانغان سۆھبەت بارا ـ بارا سىرلىق تۈس ئالماقتا ئىدى. شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئاۋازىمۇ بىلىنەرلىك پەسلىدى.

ــ پېقىرمۇ خوجا ئەلا سۇببى بىلەن ئۇنىڭ دەرۋىش ـ قەلەندەرلىرىنىڭ يۇرتتىكى قىلمىشلىرىغا كۆڭلۈمدە ئېتىرازىمنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، جامە ۋە مەدرىسەلەردە ئۇلارغا رەددىيە قىلماقتا پېتىنالمىغانىدىم. قايراق، ئېكساقتىكى موللا ـ ئۆلىمالار بىلەن بولغان مۇتائالىيە ـ سۆھبەتلەردە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئۆكتە چىقىپ، ئەل ـ ئاۋامنى بۇ پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشەنمەسلىككە دالالەت قىلماقلىققا كېڭەشكەن بولساقمۇ، ھالا بۇگۈنگىچە ئېغىز ئېچىپ باقمىغىنىمىز يوق ئىدى. ئۇلار بىرنەنچىدىن، بىزنىڭ ھېلىمۇ چىش يېرىپ بىر ـ نەرسە دېمىگەنلىكىمىز، بۇ ئىشتا ئىككىلىنىۋاتقىنىمىز، ئىككىنەنچىدىن پادىشاھ ئىسمائىلخاننىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ قەبرىسىنى ئالتە ئاي تاۋاپ قىلغانلىقىنى

سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەلنى قايمۇقتۇرغانىنىڭ تاشا-يىنىدا، يۇرتىمىز ئوغۇل - قىزلىرىنى تىبەتلەرگە غالچا - دېدەك بولۇشقا قىزىقتۇرۇشماقتا.

— بۇنىڭغا زىنھار يول قويۇشقا بولمايدۇ! — جامالىدىن بىلىنى رۇسلىدى، ئۇنىڭ ياش ۋۇجۇدىدا ئاساۋ بىر جاسا-رەت ئۇرغۇدى، — يۇرتىمىز، يۇرت خەلقىمىز ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، تىنچلىقنى ئەۋزەل بىلىپ، ھالال ئەجرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، ئىلىمنى دوست تۇتۇپ، ياغى - يېغىلىقلاردىن خالىي كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن. بىز ياتلارغا غالچا - دېدەككە قەرزدار ئەمەس. باشقىلارنىڭ يۇرتىغا ھاجىتىمىز يوق. باشقىلارنىڭمۇ بىزنىڭ يۇرتتا ھەققى ھەم يوق. خوجا ئەلا سۇبىيگە ئوخشاش كىشىلەر شەنىمىزگە داغ چۈشۈرىدىغان، يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى ساتىدىغان مۇناپىقلاردۇر! ئۇلارنى مازار - ماشايىقلىرى-مىزدىن قوغلىۋەتمىكىمىز، ھېچبولمىغاندا ئەلنى ئۇلار-نىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىغا، گەپ - سۆزلىرىگە ئىشەنمەس-لىككە دالالەت قىلمىقىمىز ئاقىل ئىش بولۇر.

شەھىدۇللا ئىمام كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەمدىلا يىگىتلىك يېشىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، كۆپ تەرەپلەردىن بىلىم تەھسىل قىلغان، قاراشلىرى ئۆزى بىلەن تامامەن ئوخشايدىغان جامالىدىنغا رازىمەنلىك بىلەن قارىدى. بۈگۈنكى بۇ كۆڭۈلدىكىدەك سۆھبەتتىن دىلى سۆيۈندى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «ئەمدى مەن قابىل بىر تايانچقا ئىگە بولغان ئوخشايمەن» دېگەن ئوي كەچتى. ئۇ يەنە يۇرت چوڭلىرى ۋە ئاقساقاللىرى بىلەن تېز پۇرسەتتە كېڭەش ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلدى.

# ئون ئالتىنچى باب

## كېڭەش

جۇمە نامىزىدىن كېيىن يۇرت چوڭلىرى شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم، ھەرقايسى كوچا مەسچىتلىرىنىڭ ئىماملىرى، يۇرت ئاقساقاللىرىدىن باشقا جامالىدىنمۇ بار ئىدى. داستىخان ئاددىيلا راسلانغانىدى. ئۇلار ئۈستىگە يىننە سېپىلگەن چۆچۈرىنى تەرلەپ تۇرۇپ ئىچىشتى. غىزادىن كېيىن شەھىدۇللا ئىمام ئېغىز ئاچتى.

— ھەربىرلىرىنى غېرىب كۆلبەمگە جەم قىلماقتىن مۇددىئا، — شەھىدۇللا ئىمام سۇپىنىڭ پەگاھ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ سۆز ئارىلىقىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ تۆردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك قاراپ قوياتتى، — يۇرتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلىرىنى قانداق يۈرۈشتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلماقتۇر.

— «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس»تۇر، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم شەھىدۇللا ئىمامنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — يۇرتىمىز تولا چوڭ بولمىسىمۇ، ئانچە كىچىك ئەمەس. دىخاللىدىكى بىر يۈز سەكسەن تۈتۈنلۈك ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، كۆڭۈللۈك ياشىشىقى ئۈچۈن، بىز يۇرت

چوڭلىرىنىڭ كېڭەش مەسلىھەتى تولىمۇ زۆرۈر. ئۆزلىرى يىللاردىن بۇيان يۇرتنىڭ، ئەل ـ ئاۋامنىڭ خىزمىتىنى يەلكىلىرىگە خالىس ئېلىپ كېلىۋاتىدىلا، بىزلەرنىڭ، ئىلىم ئەھلىنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى زىنھار ياندا قويمايۋاتىلا. بۇ مىننەتسىز ئەجرىلىرى ئۈچۈن بىز يۇرت ئەھلى رىزا بولىمىز، ياراتقان ئاللا ئىگەممۇ ئەجرىنى بەرگەي.

تۆردىكى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن باشلاپ تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە تامدىكى زەدىۋالغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان چوڭلار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەرىپىنى ئېلىشتى.

ــ ھاجىم بەلەن گەپ قىلدى.

ــ ئورۇنلۇق گەپ بولدى.

ــ يۇرتىمىز ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىلىرى ھېسابسىز بولۇۋاتىدۇ.

ئارىدىكى قىسقا تەكەللۇپتىن كېيىن، نۆۋەتتە شەھىدۇللا ئىمام گەپ ئالدى:

ــ ھەربىرلىرىگە مىڭلارچە تەشەككۇر. بىر ئادەمنىڭ دىلىغا يۇرت خىزمىتىنى قىلماقنىڭ سېلىنمىقى، ئاللانىڭ كاتتا ئىنئامى ۋە ئىلتىپاتىدۇر. يۇرت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىنىڭ خىيالى ئەۋۋىلى يۇرتنى خاتىرجەم قىلماق، ئاۋات ئەتمەك بولمىقى لازىمدۇر. شۇ ۋەجىدىن ھەربىرلىرىنى مالال قىلماققا مەجبۇر بولدۇم. ھازىر تۆۋەن كوچا، خالتا كوچا، ئاق كوچىلارغا يۇرت ئەھلىنىڭ ئۆي ـ جايلىرى سېلىنىپ، بۇ يەردىكى يەرلەر ئېچىلىپ بولغاچقا، بالىلىرىنى بۆلەك قىلىپ، ئۇلارغا ئۆي ئايرىپ بېرىدىغان قېرىنداشلار زېمىندىن قىسىلىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئاق كوچىغا ئۇدۇللاپ، قىشچە يۇرت

ئەھلىنىڭ بىكار چاغلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەتىيازغا ئۇلگۇرتۇپ، بىر يول ئالساق، ئەتىيازدا ئۆيگە ئېھتىياجى بارلار شۇ يەرگە ئۆي ـ ماكانىنى بىنا قىلىشنى باشلاپ، چاڭگىسىنى تىزىۋالسا، ئاندىن بۇ يەردىكى توپىسى قېلىن، سۇ باشلاشقا قولاي تۇپراقنى تېرىپ ـ تىكىپ كەتسەك، ئەلگە مەنپەئەت يېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

ئولتۇرغانلار شەھىدۇللا ئىمامنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولغاندەك بېشىنى تەستىق مەنىسىدە لىڭشىتىشتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بار يەردە ئۇلار ئالدىراپ بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قارىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئورنىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاپ قويۇپ، ئولتۇرغانلارغا بىر باشتىن، ئالدىرىماي بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، نەزەرىنى شەھىدۇللا ئىمامغا ئاغدۇردى.

ــ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئەقىل ـ زېھنىناتىغا كۆپ ئاپىرىن. تەييار يەرنى ئاق قويۇپ، كىچىككىنە قورغان كۆلىبېشىنى چۆرىدەپ قىسىلىپ ئولتۇرۇۋالساقمۇ بولماس. يول ئالىمىز، يەر ئاچىمىز، جىرىم تىكىمىز دېسەك، قېرىنداشلارنىڭ مۇتلەق كۆپى خۇش بولىدۇ.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ گېپىگە ھەممەيلەن:

ــ بەلەن ئىشكەن.

ــ ئوبدان پىلان بوپتۇ.

ــ ئاشۇنداق قىلىلى، ــ دېيىشتى ئولتۇرغانلار.

ــ قاچان باشلىساق بولۇركىن، ــ دېدى شەھىدۇللا ئىمام ئويلىغانلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكىنىدىن خۇش بولۇپ، ــ بالدۇرراق تۇتۇش قىلساق،

ئەلگە پايدىسى تېخىمۇ بالدۇر تېگەتتى.

ــ كۆزلۈك تېرىقچىلىقنى تۈگىتىپلا ئىش باشلىساق، قار يېغىشتىن بۇرۇن، ــ ئابدۇقۇددۇس هاجىم ئىش باشلاش ۋاقتىنى بېكىتىۋاتاتتى، ــ خېلى جىق ئىش قىلىۋالىمىز.

ــ بۇ يەرگە بىر نام بېرىپ، ئاندىن ئاچساق، ئاجايىپ ئوبدان بولاتتى، ــ ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئەللىك ياشلاردىكى، چار ساقىلىنى چىرايلىق ياسىتىۋالغان ئاق كوچا مەسچىتىنىڭ ئىمامى بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

هەممەيلەن شەهىدۇللا ئىمامغا قاراشتى.

ــ هەزرىتى مەۋلانە مەهمۇد كاشغەرىي زاتى مۇبارەك بۇ يەرنى تېتىر دەپ ئاتاپ ئۆتكەنىكەن، ــ شەهىدۇللا ئىمام ئالدىرىماي سۆزلىمەكتە ئىدى، ــ تېتىر دېگەننى يەنە يەر تۆپىسى، يېڭى ئاچقان يەر دەپ شەرهلىگەنىكەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جامالىدىنغا قارىدى. جامالىدىن بېشىنى شۇنداق دېگەندەك يەڭگىل لىڭشىتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى يامرىدى.

ــ گۈزەل ئىسىمكەن، شۇنداق ئاتىساق بولغۇدەك، ــ شەهىدۇللا ئىمام خاتا گەپ قىلمايدۇ دەپ تونۇيدىغان ئابدۇقۇددۇس هاجىم دەسلىپىدە ئاۋاز قوشتى. باشقىلارمۇ بۇ ئىسىمنى لايىق كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

ــ ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يەر ئېگىزدە بولغاندىكىن تېتىر دېگەن ئىسىم خۇيمۇ قاملاشتى.

ــ يېڭىدىن ئاچقان يەرنىمۇ تېتىر دەيدىكەنغۇ. بۇ ئىسىم گۈل گۈلىگە، خىل خىلىغا كەلگەندەك ماسلاشتى.

شەھىدۇللا ئىمام ئەمدى ئىككىنچى تۇرلۇك پىكرىگە نۆۋەت كەلگىنىنى پەملىدى.

— يىقىنقىدىن بىرى بىر مۇھىم گەپنى ھەر قايسىلىرى بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ دېيىشمەكنى كۆڭلۇمگە پۈكۈپ كەلگەنىدىم. ئۇنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى بۈگۈن كەلگەن چېغى. بىز يەر ئاچىمىز، يول ياسايمىز، ئەمگەك قىلىمىز دەۋاتىمىز. ئەمما يۇرتىمىزدا بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىزغا ئۆكتە چىقىدىغانلار بار. بۆك ئانام بىلەن قىزىل ئاغىچا مازىرىنى ماكان قىلىپ ياتقان خوجا ئەلا سۇبىي ۋە ئۇنىڭ دەرۋىش ـ قەلەندەرلىرى «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باشقا مال ـ دۇنيا، ئەمگەك قىلىشنىڭ ھەممىسى ھارام» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئەلنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشلىرىمىزنى گۇناھقا جورۇپ، بەزەن ئىشقا خۇشياقماس كىشلەرنىڭ قول، تىلى بىلەن ۋەياكى ئۆزلىرى ئاشكارا مەيدانغا چىقىپ، چېچەك چىقىرىپ قويارمىكىن دەيدىغان ئەندىشەم ھەم بار.

— ئۇلار يەنە،— گەپ قاتتى ھېلىقى ئاق كوچا مەسچىتىنىڭ ئىمامى،— خالتا كوچىلىق بىلەن ئاق كوچىلىقلار ئاق تاغلىقنىڭ ئەۋلادى، تۆۋەن كوچىلىقلار قارا تاغلىقنىڭ ئەۋلادى. ئاق تاغلىق بىلەن قارا تاغلىق بىر ـ بىرىگە دۈشمەن. دۈشمەن بىلەن سالام ـ سەھەت قىلماقلىق كەچۈرگىسىز گۇناھ. سىلەر مۇشۇنداق باردى ـ كەلدى قىلىپ ئۆتسەڭلار ئەجدادىڭلارغا قانداق يۈز كېلىسىلەر دەپ، ئەزەلى ئەزەلدىن قېرىنداش بولۇپ كېلىۋاتقان يۇرت ئەھلىنىڭ ئارىسىغا غەزىلەت سالماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

ئارىنى سۈكۈت باستى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ يەرگە

قارىغانچە بىر نۇقتىغا كۆزىنى تىكىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ خوجا ئەلا سۇبىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمىسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا خەير - ئېھسان قىلىپ، كۆڭۈل - سەدىقىلىرىنى ئايىماي كېلىۋاتاتتى. ئەمدى شەھىدۇللا ئىمام بىلەن ئاق كوچا مەسچىتىنىڭ ئىمامىنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. خوجا ئەلا سۇبىنىڭ ئۇنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىپ تورۇپمۇ «مال - دۇنيا هارام» دېگىنى ئۇنىڭ ئىچىنى قاتتىق ئاچچىق قىلىۋاتاتتى. دادىسى بىلەن ۋە ئۆزى مىڭبىر جاپادا تىكلىگەن ئىگىلىكى بىر كەلگۈندى تەرىپىدىن كەمسىتىلىۋاتقاندەك، هاقارەتلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلمەكتە ئىدى.

— خوجا ئەلا سۇبى ئىبادەت قىلىشنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەپتۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان «مېھنەت قىلماقمۇ بىر تۇرلۇك ئىبادەت» دېگەننى چەتكە قېقىپتۇ، — بايىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان جامالىدىن جىمجىتلىقنى بۇزدى، — ئادەم مېھنەت قىلمىغان، ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولمىغان بولسا، ئالەم ئادەم ئاتام بىلەن هاۋا ئانامنىڭ زامانىدىلا قالغان بولاتتى. يىپىدىن يىپكى كەشپىياتلار، ئاۋات بازار سودا - سېتىقلار بولمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك گۈزەل ماكانلار بولمىغان بولاتتى. خوجا ئەلا سۇبىنىڭ ئىش - ئەمەلى هورۇنلۇق، تەييارتاپلىق، قاشاقلىق، مەينەتلىك، ئەلنى قاباھەتكە، قالاقلىققا باشلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئولتۇرغانلار جامالىدىننىڭ سۆزلىرىگە چىنپۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، قەلبىنى بىر خىل ۋەھىمە باسقاندەك ئەندىكتى.

ئابدۇقۇددۇس هاجىم كۆڭلىدە ھېلىلا ئايان بولغان تەسىراتنى جامالىدىنىڭ ئىغىزىدىن ئەينەن ئاڭلاپ ھەيران بولدى. ئۇنىڭغا قايىللىقى شەكىللەنگەندەك قىلدى. ئەمما ئۇ ئىچكى تۇيغۇسىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. قەلبىدىكى كۆشەندىسى بولغان جالالىدىنىڭ بۇ ئوغلىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ بالا تېخى ئىش ئۇقمايتتى. گەپ ئوقۇغان تەنتەك ئىدى. مۇشتتەك تۇرۇپ چوڭلارنىڭ ئالدىدىكى بۇ گەپلىرى مەمەدانلىق، ئىغىز غىرىچلىغانلىق، ساقال تارىغانلىق ئىدى.

— خوجا ئەلا سۇببى ئاپاق خوجىنىڭ، — ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر مويىسپىت بوۋاي چىرايىغىمۇ، تىلىغىمۇ سۇرلۇك تۇس بېرىپ سۆزگە قېتىلدى، — بىر ئۆمۈر يېنىدىن ئايرىلمىغان مۇرتى ئىكەن. ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ئۇدۇملىرىنى بۇ كىشىگە بېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتىكەن. بۇ كىشىنىمۇ ئەۋلىيا ماقامىغا يەتكەن دەپ ئاڭلىدۇق. بىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويساق، يۇرتىمىز ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئەلنى بالايىئاپەت باسمىسۇن، دەيمىنا.

— كىشى قورقسا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورققۇلۇق، — شەھىدۇللا ئىمام نەزەرىنى مويىسپىت كىشىگە ئۇدۇللىدى، — خوجا ئەلا سۇببىگە ئوخشاش تىلى بىلەن ئەمەلى ئوخشىمايدىغان بەندىدىن قورقۇشنىڭ ئەسلا ئورنى يوقتۇر. ئۇنىڭ ئەل ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق، نىزا ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئەلەد - داۋامدىن كەلگەن تېپىلغۇسىز قېرىنداشلىق ئادىتىمىزنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماقلىقى، «مال - دۇنيا هارام» دەپ، هالاللاپ

تاپقان مۈلكى ـ ماللىرىمىزنى ھاقارەتلىمەكلىكنىڭ ئۆزىلا يامان مۇددىئادىن بېشارەتتۇر.

ــ ئەلنى خوجا ئەلا سۈيىمىدىن نېرى تۇرۇشقا باشلىماق تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خوجا ئەلا سۈيىگە بولغان تونۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئىدى، ــ قېرىنداشلارنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل ـ سەدىقە بېرىدىغان، ۋەز ـ بايانلىرىنى ئاڭلايدىغان، تاماشىسىنى كۆرىدىغان ئىشلىرىنى يۇرت چوڭلىرى گېپىمىزنى بىر يەرگە ئەكەلسەك، يۇرتداشلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلساق، ئۇلارنىڭ خوجا ئەلا سۈيىگە بولغان مايىللىقىنى تامامەن توسۇپ قالالايمىز.

ئادەتتە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قارارى يۇرت كېڭەشنىڭ تۈگەللىمىسى بولۇپ قالاتتى. ئولتۇرغانلار باشلىرىنى جاۋاب ئورنىدا يەڭگىل لىڭشىتىشتى. شەھىدۇللا ئىمام چوڭلارنىڭ ئوخشاش تونۇشقا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈندى. ئەمدى ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن يەنە بىر مۇھىم ئىشنى كېڭەشكە قويدى.

ــ بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مەن يالغۇز چىقىشقا تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە تۇرۇپ سۆزلەيدىغان، ئەمەل قىلىدىغان، ئەلگە باشلامچى بولۇشقا ھەمدەم بولىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ بولمىقى لازىمدۇر. بۇنداق بولغاندا كېڭىشىمىزدە دېيىلگەن مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىش ئاسانغا توختايتتى. مانا ھەممىلىرى كۆرۈپ تۇرۇشۇپتىلا، ــ شەھىدۇللا ئىمام جامالىدىنغا قارىدى، ــ جالالىدىننىڭ ئوغلى جامالىدىن بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىپ كەلدى. بىر ئىككى نۆۋەت ئەسرارلىشىش

ئارقىلىق، ئۆزۈم كالتە پەم كىتابخان بولسامۇ بۇ كىشىنىڭ بۇخارادا ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى، ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلدىم. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا قورساقتا ئوماچ بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەگەرچەندە ھەربىرلىرىنىڭ مەيلىدىن ئۆتسە، جامالىدىن ماڭا ھەمدەم بولۇپ، جامەنىڭ خاتىپلىقى، مەدرىسەنىڭ خەلپەتلىكى، يۇرتنىڭ يېتەكچىلىك ئىشلىرىنى بىللە قىلغان بولسا دېگەن ئۈمىدتە مەن.

ئولتۇرغان چوڭلار، ئاقساقاللار جالالىدىن ئۆيدە بەرگەن چايدىن يېنىپ، «جامالىدىننى بەلەن ئوقۇپتۇ»، دەپ تەرىپىنى قىلىشىپ كەتكەندى. شۇڭا ئۇلارنىڭ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ بۇ تەكلىپىگە ھازىرلا ماقۇللۇق بىلدۈرگۈسى بار ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇنداق يىغىلىش - كېڭەشلەردە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئادەتلەنگەچكە، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ زېھنىنى ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا مەركەزلەشتۈردى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ جامالىدىن ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ يۇرتتىن مۇشۇنداق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇش بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جالالىدىننىڭ بالىسى بولۇپ قالغىنىدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ بۇنچە تېزلا جامالىدىننى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋېلىش تەكلىپىنى بىرىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپنى بېرىشى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قەلبىنى چالغىتتى. گەرچە جامالىدىننىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھى ياكى سەۋەنلىكى بولمىسىمۇ، ئۇ

جالالىدىننىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى ئىدى. كېچەشتىن ئۆتۈپلا قالسا، جامالىدىن يۇرتتىكى شەھىدۇللا ئىمامدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نوپۇزلۇق ئادەمگە ئايلىناتتى، يۇرت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولاتتى. بۇ هال ئۆزىنىڭ رەقىبى، بىر ئۆمۈرلۈك كۈشەندىسى جالالىدىننىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزىدىغان خۇش خەۋەر بولاتتى. ئۆز دۈشمىنىگە كۈلۈش پۇرسىتىنى بېرىش ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جامالىدىنغا بولغان هېسداشلىق ۋە قايىللىقتىن ئۇنىڭ دادىسى جالالىدىنغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، غەزەپ يەنىلا ئۈستۈن كەلدى.

— شەھىدۇللا ئىمامنىڭ گېپى ئورۇنلۇق بولغان بولسىمۇ، — ئۇ ئۆزىنى سالماق، تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشماقتا ئىدى، — لېكىن جامالىدىن بۇخارادىن تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەلدى. يۇرتنىڭ ئەلمى - تەلمىنى راۋرۇس بىلىپ بولالمىدى. بۇ يىگىت ئوبدان ئوقۇپ كەلدى، دېيىلگەندىمۇ تېخى كىچىك. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى يوق هېسابىتا. شۇڭا هەربىرىمىز بولغاندىكىن شەھىدۇللا ئىمام يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق تۇتۇۋەرگەن بولسا، دېگەن ئويدىمەن.

يۇرت چوڭلىرى، ئاقساقاللارنىڭ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇش خاھىشى بولسىمۇ، ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ گېپى بىلەن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەمما شەھىدۇللا ئىمام ئۇنى قايىل بولۇپ قالارمىكىن

دېگەن ئۇمىدتە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى.

ــ بىزدە «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن گەپ بار. مەن ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمدىن چەندان كەڭ ھەم تېرەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. «ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۇلۇغدۇر». جامالىدىن ئاشۇنداق مول ئىلمى بىلەن يۇرت ئىشلىرىغا ئارىلاشسا، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ مەنپەئەتى ئەلگە چەندان كۆپ تېگەتتى. ئۇنىڭمۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپىيىپ قالاتتى.

ئادەتتە دېگىنىنى دەرھال ماقۇللايدىغان شەھىدۇللا ئىمامنىڭ بۇ قېتىم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتقانلىقىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قاتتىق ئاغرىندى. شەھىدۇللا ئىمامدەك سەگەك ئادەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شەھىدۇللا ئىمامغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن، يۇمشاق باشلىق قىلىپ قويسا، بۇ يەردە جالالىدىننى شادىمان قىلىدىغان قارار چىقىرىلاتتى. شۇڭا ئۇ سەل قاتتىق قولراق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىلىنەرلىك يۇقىرىلىدى.

ــ ئەلۋەتتە، ئىلىم ئالماق خاسىيىتى زور ئىشتۇر. بىزدە ئىلىملىك كىشىلەرنى تۆرگە ئالىدىغان ئادەتمۇ ھەم مەۋجۇتتۇر. ئەمما لېكىن ئوقۇغان دېمەكلىك بىلەن تېخى ئېغىزىدىن ئوغۇز سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بىر بالىنى يۇرت ئىشلىرىغا باش قىلىپ بەلگىلىسەك، خەلقئالەم بىزنى زاڭلىق قىلماسمۇ؟!

ــ ھاجىمنىڭ گېپىنىڭ جېنى بار.

ــ بۇ گەپنى ئالدىرىمايراق دېيىشسەك بولغۇدەك.

ــ ھاجىم راست ئېيتىدۇ. جامالىدىن ئوقۇغان بىلەن تېخى يۇرتقا، يۇرت ئىشلىرىغا خام. بىر مەزگىل يۇرتنى چۈشەنسۇن.

ئۆيدىكىلەر بىردەمدىلا ئۆز خىياللىرىنى ئۇنتۇشۇپ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلىشىپ، شەھىدۇللا ئىمامنى يالغۇز قويدى. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق جامالىدىن بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە ئېغىزىنى ئېچىپلا قاراپ قالغانىدى. كېچە ئاخىرىلىشىپ، ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. كېچە ئەھلى بىر خىل ئىلمان كەيپىياتتا تارقىغاندىن كېيىن شەھىدۇللا ئىمام جامالىدىننى «سىلى بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار ئىدى» دەپ ئايرىپ ئېلىپ قالدى.

ــ مەن يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى سىلى بىلەن بار مەسلىھەت ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغانىدىم، ــ دېدى شەھىدۇللا ئىمام ئايۋان ئۆينىڭ تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تېخى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن جامالىدىنغا ئوڭايسىز ھالەتتە قاراپ، ــ ئامما يۇرت چوڭلىرى مېنىڭ بۇ ئويۇمنى مەقبۇل كۆرمىدى. يۇرتتا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ گېپىنى يىرغىلى بولمايدۇ. ھاجىم نېمىنى ئويلىدى، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلىنى يامان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ سىلىنى ياشتا كىچىك كۆرۈپ ۋەزنى ئېغىر، سالمىقى زور يۇرت ئىشلىرىدا ئالىمادىس كەتكۈزۈپ قويۇپ، پەخشە يەپ قالمىسۇن، دەپ ئويلىغىنىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىساق بولىدۇ. يۇرت ئەھلى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن سىلىنى چۈشىنىپمۇ قالىدۇ. ئەمما مېنىڭ سىلى رەسمىي يوسۇندا مەيدانغا

چىقمىسىلىمۇ، يۇرتىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بار مەسلىھەت ئېلىپ بارساقمىكىن دېگەن ئۈمىدىم بار.

— بۇ ئىشتا ماڭا ئالدىنئالا بېشارەت بەرگەن بولسىلىرى ئۆزۈممۇ قوشۇلمىغان بولار ئىدىم،— باياتىن بېرى ئۆزى ھەققىدە بولۇنغان گەپلەردىن خىجىللىق ھېس قىلغان جامالدىنىنىڭ كۆزى يەرگە باقتى،— مەن ھازىرغىچە كىتابلا ئوقۇدۇم، ئۇستازلىرىمنىڭ دېگەنلىرىنىلا ئۆگەندىم. يۇرت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلماقتا كۆپ ئەقىل، زېھىن، پاراسەت سەرپ ئەتمەك كېرەك. مەندە نەدىمۇ ئۇنچىلىك ماجال بولسۇن؟!

— ئۆزلىرىنى تۆۋەن كۆرمىسىلە. مەندە يوق نۇرغۇن نەرسىلەر سىلىدە بار. ئۆز ئىلمى بىلەن ئەلگە نەپ بەرمەكمۇ كاتتا ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىلا.

— ئەمما مېنىڭ باشقا خىيالىم بار ئىدى.

— خىياللىرىنى بىلىشكە بولۇرمىكىن؟

— خىيالىمنى سىلىگە مەسلىھەت سالماقنىڭ تاشايىنىدا، تەلىم ئېلىش ئويۇممۇ بار ئىدى. بۇخارا ئالىي مەدرىسەدە تولۇق ئىلىم تەھسىل قىلالماي قايتىپ قالدىم. قەشقەر خانلىق مەدرىسەمۇ بۇخارا ئالىي مەدرىسەدىن قېلىشقۇسىز مەشھۇر. ئۇ يەردىن جاھان ئىلىم ئەھلىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان ئالىم ـ ئەللامەلەر يېتىشىپ چىققان. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ مەدرىسەدە ئىلمى زىيادە مۇدەررىس ـ خەلپەتلەر ھەم بار. خانلىق مەدرىسەدە بىر مەزگىل تەلىم ئالايمىكىن، بۇ ئويۇمنى سىلىنىڭ سەمىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن دادام، ئانامىلارغا ئېيتايمىكىن دېگەن.

شەھىدۇللا ئىمامنىڭ قوشۇمىسى يەڭگىل تۇرۇلدى. ئۇ قىسقىغىنا جىمجىتلىقتىن كېيىن:
ــ ئىلىم ئالىمەن دېسىلىرى كۆچۈمنىڭ بارىچە قوللايمەن. خانلىق مەدرىسەدىكى مەن كۆرۈپ بولالمىغان كىتابلارنى ئويلىسام، ھېلىھەممۇ بېرىپ ئوقۇپ كەلگۈم كېلىدۇ. سىلى بولسىلىرىمۇ شۇ كىتابلارنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولسىلا، جاھاننىڭ يىراق ـ يېقىنلىرىدىن خانلىق مەدرىسەنى ئارزۇلاپ كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان تالىپلار بىلەن ئەسرار بولۇپ، ئىجتىماتلىق ئىلىم ساھەبلىرىنىڭ لەۋزىدىن ئىلمۇ ئىرپان چەشمىلىرىگە قېنىپ، زېھنىياتلىرىنى تېخىمۇ ئاچسىلا، بۇنىڭدىن مەنمۇ خۇش بولىمەن.





## ئون يەتتىنچى باب

# ئاتىنىڭ خىيالى

باغلاردىن شەربەت ئاقىدىغان كۈز پەسلىدە ئۈستۈنئاتۇشنىڭ ھەممە يېرى باياشاتلىقتا، مەمۇرچىلىقتا تولىدۇ. ئۆيلەردىن ئۆيلەرگە سۇنۇلۇپ تۇرىدىغان قوشنىدارچىلىق ئاشلىرى، تۇغقاندارچىلىق تائاملىرىنىڭ مېھرى، كۈز قۇياشىنىڭ تەڭگە راھەت بېغىشلايدىغان ھارارىتى، شېرىن ـ شەربەت مېۋىلەرنىڭ يۈرەكنى ياشارتىدىغان لەززىتى، يازچە يىغقان ھوسۇلنىڭ تىرناقنىڭ ئۇچىغىچە ماغدۇر ئاتا قىلىدىغان بەھرى بىلەن بۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، قەددى رۇسلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ داستىخانلىرى چوڭىيىپ، يۇرت بويىچە ئادەمگەرچىلىك، باردى ـ كەلدى، سالام ـ سەھەتلەر كۆپىيىدۇ. بايلارنىڭمۇ، نامراتلارنىڭمۇ چىھرىگە كۈلكە يامرايدۇ. رىزقى ـ نېسىۋىسى قوشۇلغان ياشلارنىڭ ۋىسال دەملىرىگە قەدەم قويۇپ، توي مەۋسۇمى باشلىنىدۇ. تويى بولۇۋاتقان يىگىتنىڭ ئۆيىدە بىردە ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى سامانى قۇچسا، بىردە ھەر خىل چالغۇلارنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئورۇنلانغان ناخشىلار بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىنى ئېلىپ، يىراق ـ يىراقلارغا تارايدۇ. يىگىتنىڭ دوستلىرى ساما ـ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئۇنىڭ شادلىق دەملىرىگە جۆر

بولىدۇ. قىز ـ يىگىتلەر شېرىن ۋىسال دەملىرىگە ئالدىرايدۇ، تاقەتسىزلىنىدۇ. بىراۋلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تويىدىن يانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىيالى پەرزەنتلىرىنىڭ ئارمانلىرىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. بالاغەتكە يەتكەن ئوغلى بارلار يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ ئۆيىدە بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ئىچىدىن ئوغۇللىرىغا لايىق تاللايدۇ. قىزلىرى بويىغا يەتكەنلەر بىرەر ياخشى ئائىلىدىن ئەلچى كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. ئۇلار دەرۋازا، ئايۋان ـ سارايىنىڭ ئىشىكلىرى، باغ ئەگۈنلىرى ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ئېچىلىپ ـ يېپىلغاندا كۆچلۈكرەك ئاۋاز چىقىرىپ تاراقلاپ كەتسە، بالىمىز بالاغەتكە يېتىپتۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. ئانىلار قىزلىرىنىڭ تاش ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ قويىدىغان ئوسمىسىنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىپ قالسا، «قىزىمىز چوڭ بوپتۇ، ئاللاھ بەخت ـ تەلىيىنى بېرەر» دېيىشىدۇ ۋە قىزلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار «كۆزىمىز ئوچۇق چاغدا، ئاللاھنىڭ ئامانىتى تېنىمىزدىكى ۋاقىتلاردا، مۇشۇنداق ئاش ـ نېنىمىز بار چاغلاردا ئوغلىمىزنى ئۆيلۈك ئوچاقلىق، قىزىمىزنى تالالىق قىلىۋېلىپ، بوينىمىزدىكى قەرزىمىزدىن ئادا بولساق» دەپ ئالدىرايدۇ.

بۇگۈن ئەتىگەندىلا خالتا كوچىدىكى بىر بۇرادىرىنىڭ ئوغلىنىڭ تويىنىڭ بامداتقا بېرىلگەن قازىنىدىن يانغان جالالىدىن ئۆيگە كەلگەندە، ئوغلى جامالىدىن كاڭدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن قولىدىكى خوتەن قەغىزىدە چىرايلىق تۈپلەنگەن، ھۆسنخەتلىرى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن پۈتۈلگەن قېلىن بىر كىتابنى كۆرۈۋاتاتتى. جامالىدىن دادىسىنىڭ كىرگىنىنىمۇ سەزمىدى.

جالالىدىن ئوغلىنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، ئەگۈن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، باغقا كىردى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى جامالىدىننىڭ تويىنى بالدۇرراق قىلىۋېتىش خىيالى چىرمىۋالغانىدى. «ئون يەتتىگە كىردى. بۇخارادىنمۇ قايتىپ كەلدى. ئىڭەكلىرىگە ساقال - بۇرۇت چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ دېمەتلىكلىرى تويىنى قىلىپ بولدى ياكى قىلىۋاتىدۇ. يۇرتتىكىلەر ‹جامالىدىن پۇتۇن ئادەم بوپتۇ› دەپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىشىۋاتىدۇ. ئوغلۇمنىڭ مەيلى بولسا، كىمنىڭكىلا بوسۇغىسىغا قىز سوراپ بارسام. ياق دېمىگۈدەك، مەنمۇ ئاتا بولۇپ، ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلىپ، يۇرتقا داستىخان سېلىپ، ئاش بەرسەم، ئەلنىڭ دۇئاسىنى ئالسام بولىدىغان چاغ يەتتى. «ئۇنىڭ مۇشۇ دەملەردىمۇ جامالىدىننى قۇچاقلاپ ئەركىلەتكۈسى، قوللىرىدىن يېتىلەپ ئويناتقۇسى، پېشانىلىرىگە سۆيگۈسى بار ئىدى. جامالىدىننىڭ ئۇنىڭ دادىسىغا ئەركىلەيدىغان، دادىسىنىڭ ئۇنى ئەركىلىتىدىغان بالا چاغلىرى بۇخارادا ئۆتكەنىدى. «تېزرەك تويىنى قىلىپ، نەۋرىلىك بولاي، نەۋرەمگە ئۇنىڭغا بېرىپ بولمىغان مېھرىمنى ھەسسىلەپ بېرىپ، ئورنىنى تولدۇراي.» جالالىدىن باغدىكى چۆنەكلەرگە تۆكۈلگەن قارا ئۆرۈك مېۋىسىنى سېرىق سۆگەتنىڭ چۈشقىلىرى بىلەن توقۇلغان سېۋەتكە تېرىۋېتىپ خىيالغا كەتكەنىدى. ئارىدىن ئالاھازەل بىر چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك. جالالىدىننىڭ ئارقا تەرىپىدىن شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بېلىنى تۈزلەپ ئارقىغا بۇرىلىۋېدى، جامالىدىننىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىللە چۆنەكتىن قارا ئۆرۈك

تېرىۋاتقىنىنى كۆردى. جامالىدىن ئۆزىگە تىكىلگەن بىر كۆيۈمچان ئاتىنىڭ كۆزلىرىدىن يامرىغان مۇھەببەت ۋە ھارارەت ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ دادىسىغا ئېگىلدى.

— تويدىن قايتىپ كەلگەنلىرىنى بىلەلمەي قاپتىمەن، دادا. بىلگەن بولسام، سىلى بىلەن بىللىلا باغقا كىرگەن بولار ئىدىم.

— كەلسەم كىتاب كۆرۈۋېتىپتىكەنسەن. زېھنىڭنى چاچماي دېدىم.

— سىلى كەلگىچە بۇ غەينۇلالارنى ئۆزۈم تېرىۋېتەي دەپمۇ ئويلىغانىدىم، ئەمما كىتابقا بېرىلىپ كېتىپ قاپتىمەن.

— سېنىڭ ئەمىلىڭ كىتاب ئوقۇش. كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇساڭ بىز شۇنچە خۇش بولىمىز. بۇنداق ئۇششاق — چۈشەك ئىشلارنى بىز قىلىمىز، ئوغلۇم.

— «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئادەم ئانچە — مۇنچە مىدىرلاپ قويماي، ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب كۆرسىمۇ بولمايدۇ. ھەرىكەت قىلىپ بەرسە قانلار يۈرۈشۈپ، تەن ساق بولىدۇ. مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ قىلمايدىغان كىتاب موللىسى بولۇپ قالماي يەنە.

جامالىدىن كۈلۈمسىرىدى. دادىسىنىڭمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شەكىللەنگەن مەمنۇنىيىتى چېھرىدە ئايان بولدى. ئاتا — بالىنىڭ كۆزلىرى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ھاسىل بولغان ئىسسىق بىر تۇيغۇ تەنلەرنى ئىللىتتى. بىر دەملىك شېرىن ھاياجانلىق دەقىقىلەردىن كېيىن جالالىدىن سېۋەتنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، روكزايدى.

— كەل ئوغلۇم، ئولتۇرغىن، — ئۇ بېشى بىلەن ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدى، — ساڭا

سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى.

— مېنى مەسلىھەت سېلىشىمغا ئەرزىيدۇ دەپ ئويلىغان بولسىلا، قولىقىم سىلىدە، دادا.

— سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ. تەڭ — دېمەتلىكلىرىڭ تويىنى قىلىپ، ئۆي — ئوچاقلىق بولۇپ بولدى. بۇ توغرىدا ئاناڭ بىلەنمۇ دېيىشىپ بولدۇق. مۇشۇ كۈزدە مۇھىمىڭنى قىلىۋەتسەكمىكىن دەۋاتىمىز.

جامالىدىن دادىسىنىڭ توي‌ۇقسىز دېگەن بۇ گېپىدىن گاڭگىرىدى. ئويلىمىغان يەردىن دېيىلگەن بۇ گەپتىن ئەندىكتى. تونۇگۇن كەچتىلا ئۆز ئويىنى ئاتا — ئانىسىغا ئېيتمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى. دادىسىنىڭ ئۆزىدىن چاقچان چىققانلىقىغا قاراپ، «مەن تېخى جىق خامكەنمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى بۇخارادىن بالدۇر ياندۇرۇپ كەلگىنىگە ئازدۇر — كۆپتۇر خىجالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئاتا ئىرادىسىگە قارشى گەپ قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، دادىسىنىڭ قەلبىدىكى ئاشۇ مۇمكىنچىلىكنىمۇ چۇشەنگەچكە ئۆز پىكرىنى ئېيتىشقا تەۋەككۇل قىلدى.

— ئاۋۋال ئانام ئىككىلىرىنىڭ مېنىڭ غېمىمنى يەۋاتقىنىڭلارغا مىڭلارچە تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن. مەن ئۈچۈن كۆپلەپ بەدەللەرنى بەردىڭلار. سېغىنىش، ھىجران ئازابىغا چىداپ ئىلىم ئالغۇزدۇڭلار. ئەمدى يەنە غېمىمنى يەۋاتىسىلەر، — جامالىدىن دادىسىغا قاراپ دادىنىڭ ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى، — ئەمما مەندە بۆلەك بىر ئوي بار ئىدى. بۇ خىيالىمنى ۋاقتىدا ئىككىلىرىگە ئېيتمىغىنىم ئۈچۈن كۆپ خىجىلمەن. بۇخارا ئالىي مەدرىسەدىكى ئۆگىنىشىم

يېرىم يولدا توختاپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەگە بېرىپ، خام تەرەپلىرىمنى تولۇقلاشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ تۇرۇۋاتقانىدىم.

ھە دېسە ئىلىم تەھسىل قىلىش، كىتاب ئوقۇشنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان جالالىدىن ئوغلىنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆزىنىڭمۇ، ئوغلىنىڭمۇ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بىر ئەقىل كەلدى.

— ئوغلۇم، ئىلىم ئالىمەن دېسەڭ، سېنى زادىلا توسۇمايمەن. ئەمما توينى قىلىش بىلەن ئىلىم ئېلىشىڭنىڭ يولى ئىككى. ئاۋۋال توينى قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئىلىم ئالساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. قەشقەر دېگەن ئەنە. بىزگە تۆت چامدام يول. ئاق تاغقا چىقىپ، چىڭراق ۋارقىرىساق ئۇنىمىز يېتىدۇ. قارا تاينى مىنىپ چاپتۇرساڭ، بىر تەرلىگىچە كېلىپ بولىسەن.

— ئۇنىسىغۇ شۇنداق، — جامالىدىن دادىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىلىم ئېلىشقا بولغان تەقەززاسى ئۇنى ئۆز خاھىشىنى دادىسىغا چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلاتتى، — بىر جېنىمغا ئىككى خىل مەسئۇلىيەتنى بىراقلا ئاداقىلىشقا چامىم يەتمەي قېلىشىدىن، بىرىنى ئوبدان قىلىش ئۈچۈن يەنە بىرىنى ئوبدان قىلالماسلىقتىن ئەندىشە قىلىمەن، دادا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئوغلۇم؟

— توي قىلىش دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش. ئۆمۈرلۈك ئىشىمنىڭ بەخت ـ سائادەتكە چۆمۈلمىكى ئۈچۈن دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرمىكىم ھاجەت. بۇ مېنىڭ تازا بېرىلىپ ئىلىم ئالىدىغان ۋاقتىم

بولغاچقا، بۇ ئىشقا ئەقلىم ۋە ۋاقتىمنى ئايانماي سەرپ ئەتمىكىم لازىمدۇر. ئەس - يادىم بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتسەم، تۇرمۇش ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلەلمەي قېلىشىمدىن، تۇرمۇش ئىشىمغا كۆپ ۋاقىت ئايرىسام، ئىلىم تەھسىل قىلىشىمغا زەرەرى تېگىپ، زېھنىمنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

جالالىدىن ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ دەلىلى بارلىقىنى ئىنكار قىلالمايتتى. ئوغلى نەزىرىدە ئىش بىلمىدىغان كىتابخان ھەم ئۆلىما ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇنىڭ ئوقۇيمەن دەپ قەشقەرگە بىر كېتىۋالسا، يەنە بىرنەچچە زامانغىچە توي قىلماي يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ئاناڭ ئىككىمىز مەسلىھەت قىلىپ، سېنىڭ تويۇڭنى پاتىراق قىلىۋېتىپ، بويىنىمىزدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلىشنى دېيىشكەندۇق. ئۆزۈڭنىڭ خاھىشىغىمۇ، ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ ئارزۇيىغىمۇ لايىق بىر يولنى تېپىشىڭغا ئىشىنىمەن.

جامالىدىن دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ توينى قىلىش خىيالىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قەتئىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاتا ئىرادىسى خان ئەمرىگە باراۋەر دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدى. خاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىسا، كاللا كېتىپ تۇگەيدۇ. ئاتىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىسا، ئاتا خاندەك غەزەپ قىلالمايدۇ، ئەمما ئازابلىنىدۇ. ئاتىنىڭ ئازابى ھەممىدىن يامان. ئاتىنى نارىزا قىلىپ ئازابقا، دىل ئاغرىقىغا قويغان پەرزەنت قانداقمۇ ياخشى پەرزەنت بولسۇن؟ «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ»، ھەممىنى ۋاقىت بەلگىلەيدۇ، ئەمەسمۇ؟ جامالىدىن ئۆز ئۆيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولىدىغان، دادىسىنىڭ كۆڭلىنىمۇ

ئاغرىتمايدىغان بىر جاۋابنى يادىدىن كەچكۈزدى.

— دادا، مەن ھازىرغىچە باشقا شەھەرلەردە مۇساپىر بولۇپ، ئىلىم ئېلىشنىڭ ھالاكىتىدە يۈرۈپ نىكاھ ئىش-لىرىمنى ئويلاپ باقماپتىمەن. تەرەپبال ئېيتقان بۇ گەپ-لەردىن گاڭگىراپ قالغىنىمنى يوشۇرالمايمەن. ئاز – تولا ۋاقىت بەرگەن بولسىلا، ئاندىن دېيىشسەك بولۇرمىكىن؟

جالالىدىن ئوغلىغا قارىدى. جامالىدىنىنىڭ يۈز، بويۇنلىرى قولىدىكى ئاۋۇ قارا ئۆرۈكنىڭ كۈن نۇرى تەگمىگەن تەرىپىنىڭ رەڭگىدەك بولۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقى، بۇ تويغىسىدىكى سۆھبەتتىن خىجالەت بولۇۋاتقانلىقى ئايان ئىدى. ئاتىنىڭ سىنچى كۆزلىرى ئوغلىنىڭ بۇ ئوڭايسىز ھالىتىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىدى. نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، نۇرغۇن ئىمتىھانلاردىن بىمالال ئۆتكەن جامالىدىن ئاتىسىنىڭ مېھرى، مەسئۇلىيىتى ۋە تەلەپلىرى جەم بولغان بۇ كىچىككىنە سىناق ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتى. جالالىدىنىڭ ئىچى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ ئوغلىنى قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك دېدى:

— ئوبدانراق ئويلانغىن، ئاناڭ ئىككىمىز خۇش بولىدىغان جاۋابنى بېرەرسەن. ھە راست، ئۇلۇشكۈن «يۇرتنى بىر چۆرگىلەپ كەلسەم بولاتتى» دېگەنىدەك قىلىۋېدىڭ. قارا تاينى تويغۇزۇپ قويدۇم. ئۇنى ئىگەرلەپ بېرەي. بۈگۈن بىر ئايلىنىپ كەلگىن بولمىسا.

جالالىدىنىڭ قارا تاي دەۋاتقىنى بۇندىن يىگىرمە توققۇز يىل ئىلگىرىكى ئۆزىنى ئوغلاق تارتىشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشتۈرگەن ھېلىقى قارا ئايغىرنىڭ نەچچىنچى ئەۋلاد نەسلى بولۇپ، بەش يىللىق بۇ ئاتنى جالالىدىن يەنىلا «قارا تاي» دەيتتى.

234

## ئون سەككىزىنچى باب

# ئاشىقلىق، مەشۇقلۇق

جامالىدىن قارا تاينى قوتىنىدىن يولغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزەڭگىگە دەسسەپ، ئۇنىڭغا ئىرغىپلا مىندى ۋە پاكىزە، ساپ هاۋادىن قېنىپ نەپەسلەندى. ئۇ ئاۋۋال قورغان كۆلبېشىغا بېرىپ ئۇ يەرنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن، ئوچار ئارقىلىق تىترىگىنىچە، تىترىگىنىدىن تاقۇتقا، تاقۇتتىن ئېكىساق، يولچىلا، بەيساققا، ئاندىن قايراققا بېرىپ قورغانبېشىنى زىيارەت قىلىپ، دىخاللىغا قايتىپ كېلىشنى نىيەت قىلدى. قارا تاي خۇيسىز، رايىش بولغىنى بىلەن هەم يوغان، هەم يورغا ئات ئىدى. جامالىدىن يۈگەننى بوشقىنا سىلكىۋىدى، قارا تاي ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندەكلا مەيىن شامالدىكى كۆل سۈيىنىڭ تەۋرىنىشىدەك يەڭگىل يورغىغا چۈشۈپ، ئاق كوچىدىن قورغان كۆلبېشىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاياغلىرى ئاستىدىن چىققان توپا يىراق ـ يىراققا ئېتىلىپ تۇراتتى. ئات ئۈستىدە راهەت ئولتۇرغان جامالىدىن يۈزىگە بوش ئۇرۇلغان ئارامبەخش شامالدىن هۇزۇر هېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى بۆلەكچىلا خۇش هالدا سېزەتتى.

ئۇ قورغان كۆلبېشىنىڭ كۆنگەي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئاندىن قارا تاينى

يېتىلەپ، تەسكەي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، مەيداننىڭ يان تەرىپى بىلەن ئۆتۈپ، جامە مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى نامازغا ئاتلىق كەلگەنلەر ئېتىنى باغلاش ئۈچۈن تەييارلانغان دارغا باغلىدى. بۇ يەردە يەنە بىرقانچە ئات باغلاقلىق تۇراتتى.

ياز بويى بۇ يۇرتقا نۇر ۋە ھارارىتىنى ئايانماي تۆككەن كۈن ئەمدى سەل يانغا قىيسايغان بولسىمۇ، ھاۋا تېخى سوۋۇپ كەتمىگەنىدى. سودا ـ سېتىقلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يانار چېغىدا بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئۆتمەكچى بولۇپ كىرىۋاتقان ئات ـ تۆگىلىك كارۋانلار، بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئات ـ تۆگىلىرىگە يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ يۇرتلىرىغا قايتىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىۋاتقان كارۋان، يولۇچىلار، مال سېتىۋېلىش ياكى ماللىرىنى سېتىش ئۈچۈن كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇۋاتقان يەرلىكلەر، مەيداندىن توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللار بۇ يەردە ئاجايىپ ئاۋات بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.



جامالىدىننى بۇ مەنزىرە قورغان كۆلبېشىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە، يۇرت ئەھلى، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەنلەر بىلەن ئەسرارلىشىشقا، ھال ـ مۇڭ بولۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ مەيداندا ئۇچراشقان يۇرتداشلار بىلەن ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ سالاملىشىپ ئۆتەتتى. بەزىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. بەزىلەر بىلەن مۇڭدىشاتتى. ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇق، ئەھلى مەھەللىلىك بىرەرىنى سالامسىز قالدۇرماسلىقنى ئويلايتتى. ئۇ جامەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەسچىتنىڭ سەيناسىغا چىقىدىغان پەشتاقتا ئولتۇرۇشقان بىر توپ

كىشىگە سالام بەجا كەلتۈردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— ئولتۇرغانلار گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشتى.

— ھەممىلىرىگە ياخشىلىقلار بولغاي!— جامالىدىن ئولتۇرغانلارغا بىلىنەرلىك ئىگىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى يەنىلا كۆكرىكىدە ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مويسىپىتلارمۇ، ياشلارمۇ بار ئىدى.

— بىرگە بولغاي،— دېدى بىر مويسىپىت كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

جامالىدىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ، كۆرۈشۈپ چىقتى. ئۇ ھەربىر يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا، كەتمەن تۇتۇپ يېرىلغان، قاداقلاشقان، ئەمما ئىسسىق ئالىقانلار قوللىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاشۇ ئالىقانلاردىن تارىغان بىر ھارارەتلىك مېھىر ئۇنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىردەم ئولتۇرۇشقا، ئۇلار بىلەن ئەسرارلىششقا ئۈندەيتتى. ئۇ قەيەردە ئولتۇرسام بولۇركىن دەپ تۇرۇشىغا ھېلىقى مويسىپىت كىشى ئازراق سۈرۈلۈپ، يېنىدىن ئۇنىڭغا ئورۇن ھازىرلاپ ئۈلگۈردى. جامالىدىن مويسىپىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىنى تېپىشتى. ئولتۇرۇشقانلار جامالىدىنغا بۇيۇنداپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن يىراق شەھەردە ئۇزۇن يىل بىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن بۇ قېرىندىشىغا ھەۋەسلىنىشمۇ، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۆگىنىپ، قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىشمۇ بار ئىدى. جامالىدىن ئۆزىگە تىكىلگەن

تۇرغان مەسۇم كۆزلەردىكى سەممىيەتنىلا كۆرەتتى. لېكىن بۇ ئىللىق قاراشلار قەلبىگە ئازراق خىجىللىق، قورۇنۇش تۇيغۇسىنىمۇ تاشلاپ تۇراتتى. «چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ بولىدۇ» دېگەندەك ئارىدىكى بۇ ھالەتنى ھېلىقى مويسىپىت بىردەمدىلا ئۆزگەرتتى.

— ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىرىنى كۆرۈپ يۇرتتىكى ھەممەيلەن كۆپ خۇرسەندە بولدۇق، — ئۇ جامالىددىننىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ دېمەكتە ئىدى، — تېخى تۇنۇگۈنكى ئىشتەكلا يادىمىزدا. كىچىكلا بالا ئىدىلە. قورغان كۆلبېشىدا باللار بىلەن تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ چېپىپ ئويناپتتىلە. مانا ئەمدى چوپچوڭلا بىر ئادەم بولۇپ كېتىپلا. شەھەردۇللا ئىمام سىلىنىڭ ئىلىملىرىنى تولىمۇ زىيادە ئىكەن دەيدۇ.

— رەھمەت! — جامالىددىن ۋىللىدە قىزاردى، — ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىللار ئادەمگە ئاشۇنداق ياشمۇ بېرىدىكەن، بويمۇ بېرىدىكەن. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن توققۇز يىل توختىماي ئۆگەنگىنىم راست. ئەمما ئىلمىمنى زىيادە دېگىلى بولماس. زىيادە بىلمەكلىك ئاللاھقا خاستۇر. ئىچىمدىكى ئوماچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاۋۇ ئاق تاغنىڭ بىر تال تېشىچىلىك قىياس قىلساق بولۇرمىكىن. ئەگەر مېنى ئاشۇنچىلىك بىلدى دېيىلسە ئۆزۈممۇ خۇش بولىمەن. سەۋەبى، ئىلىم چېكى ھەم ئىچىگە كىرمەك بەسى مۇشكۇل جەرياندۇر. ئۇنىڭ پايانى چەكسىزدۇر، — جامالىددىن سۆزلەۋاتقاندا پەشتاقنىڭ ئالدىغا ئادەملەر بىردىن - ئىككىدىن، بىر نەچچىدىن كېلىپ يىغىلىپ، قىستىلىشىپ ئۇنىڭ گېپىنى قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

جامالىدىنمۇ شۇنچە سالماق، راۋان، بىرىلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، ـــ ئىلىم روھنىڭ داۋاسىدۇر. ئىلىم بىلگەن كىشىنىڭ دىلى روشەن، روھى پاكىز بولۇر. سۆزى شېرىن ئىشتىلۇر، ھەرىكىتى قائىدىلىك كۆرۈنۇر. ئىلىم چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئىگىلىمەكنى ئىختىيار ئەتكۈچى تالىپنى ئۆزىگە مەھلىيا ئېتەر. ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۇستۇندە تۇرۇر. مىسالەنكى، بىز يۇرت ئەھلى ھەممىمىز مۇھتەرەم شەھىدۇللا ئىمامنى چوڭ بىلۇرمىز. ئالدىدىن توغرا ئۆتمەكنى خالىماسمىز. سەۋەب شۇلكى، ئول زات ئىلىمنى دوست تۇتقاندۇر. ھەر ئىشقا ئىلىمنىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان پەزىلەتكە ھەمراھتۇر. توغرا سۆزلۈك، ئىمان ـ ئەقىدىگە ساداقەتمەن كىشىدۇر. ئاللاھتائالا ھەر بەندىسىنىڭ دىلىغا پاكىز تۇيغۇنى ئاتا قىلغاچقا، ئاشۇ پاكىزلىق ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت ھالىدا زاھىر بولۇر، ـــ جامالىدىن كىندىك قېنى تامغان ۋەتىنىدە، تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم قاراشلىرىنى ئاشكارا ئەتمەكتە ئىدى. ئولتۇرۇشقانلار ئۇنىڭ بايانلىرىنى جىمجىت ئاڭلىماقتا ئىدى. ئاڭلىغانسېرى ئۇلارنىڭ چېھرىدە مەمنۇنىيەت، قايىللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشىپ، تەستىق مەنىسىدە باشلىرىنى لىڭشىتىشاتتى. بىردەمدىلا جامالىدىننىڭ بايانلىرىنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، كىشىلەر توپقا سىغىشماي قالدى. ئادەملەر توپىنىڭ ئارقىسىدىكىلەر ئۇنى كۆرەلمىگەچكە، ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى دەسسەپ،

تاپانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشاتتى. بۇ ھالنى ھېس قىلغان جامالىدىن پەشتاقا چىقىپ ئۆرە بولدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە تەكشى كۆز يۇگۇرۇتۇۋاتقاندا، قوشكۆلگە سۇ قۇيۇلىدىغان ئېرىقنىڭ بويىدىكى يوغان ئاق ئۇجمىنىڭ يېنىدا بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ئۆزىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان، بوي - تۇرقىمۇ، كىيىنىشىمۇ ئوپمۇ ئوخشاش، باشلىرىغا زەرلىك قىزىل دوپپا، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان ئىككى قىزغا كۆزى چۈشتى. قىزلار دوپپىسىنىڭ ئاستىدىكى گىجىم رومىلىنىڭ ئۇچىدا بىكار قوللىرى بىلەن يۈزىنى كۆزىگە كەلگىچە توسۇۋالغانىدى. جامالىدىن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇلارغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، نەزەرىنى جامائەتكە ئاغدۇردى. ئۇ يەنە بايانلىرىنى داۋام ئەتتى، - ئىلىم قۇدرەت - كامالى بىھېساب بايلىقتۇر. ئىلىم ئىنساننى ھەرىكەتتىن بەرىكەت تېپىشقا، ئەقلىدىن ھەقنى ئىزدەشكە دالالەت قىلغۇچى يورۇق مەشئەلدۇر. مەشئەل كېچىنى يورۇق قىلۇر، ئىلىم كېچىدەك قاراڭغۇ دىلنى روشەن قىلۇر. روشەن ھەم يورۇق دىل بىلەن پارلىغانتى، كېچىدىمۇ كۈندۈزدەك كۆرگىلى بولۇر. كىشى ئىلىمسىز بولسا كۈندۈزدىمۇ كېچىدە يۈرگەندەك يۈرۈر. شانۇ شەۋكەتلىك، مۇقەددەس كىتابىمىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرىنچى ئايىتى «ئىقرەئ» «پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ» دەپ باشلىنىپ نازىل بولغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللامۇ «ئالىمنىڭ ئابىتتىن ئارتۇقلۇقى ئاسماندىكى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن بولغىنىغا

ئوخشاشتۇر» دېگەن. پاكىز، ئىلىملىك قەلب بىلەن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ مەرتىۋىسى يۇكسەكتۇر. ئىلىم تەپەككۇرنى ئاپىرىدە قىلۇر. تەپەككۇر بىلەن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ دەرىجىسى تېخىمۇ ئۇستۇن بولۇر.

جامالىدىن يەنە ئەجىر قىلماقنىڭ، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلۇقى، مېھرىبانلىق، ئىناقلىقنىڭ ياغدۇرىدىغان بەرىكىتى، ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنىڭ ئەقىدە ئىخلاستىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇن سۆزلىدى. كۈن چۈشكە يېقىنلىغاندا جامائەت ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قانمىغان ھالدا تارقاشتى. ئۇ ئېتىنى باغلىغان تەرەپكە كېتىۋاتقاندا قارشى تەرەپتىن ئىككى قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بايا جامالىدىن سۆزلەۋاتقاندا، ئاق ئۇجمىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قىزلار ئىدى. جامالىدىن قىزلارغا مۇنداقلا سالام بېرىپ ئۆتمەكچى بولغان بولسىمۇ، قىزلارنىڭ چېھرى ـ جامالىدىكى، كىيىم ـ كېچىكىدىكى، ھەتتا مېڭىشلىرىدىكى نازاكەت ھەم مەغرۇرانە قىياپەتتىن ھاسىل بولغان مەيىن شامال ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەدەپ ـ قائىدە ئۆيىنىڭ پەردىسىنى قايرىۋەتتى. يىگىتلىك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى يېلىنجىتىپ تۇرغان بىر كۈچلۈك ئوت ئۇنىڭ تەمكىنلىك چىنارىنى كۆيدۇرۇپ، تومۇر ـ تومۇرلىرى ئارقىلىق كۆزلىرىگە جەملەندى. ئۇنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى ئىككى قىزغا نۆۋەت بىلەن تىكىلدى. كۆزلىرى تىكىلدىيۇ، دائىم ئەقىل زەنجىرى بىلەن تىزگىنلىنىپ تۇرىدىغان تىلى زەنجىرلىك تىزگىنىنى ئۈزدى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قىزلار.

جامالىدىنىنىڭ يېنىدىن تۆۋەن بېقىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى

بولغان قىزلار ئۇنىڭغا بىر دەقىقە لەپپىدە قاراپ، يەنە كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. قىزلار ئاۋۋال سالام قىلغان يات ئەر كىشىدىن ھودۇققاندەك قىلىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرى دەرھال:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى.

قىزلار جامالىدىننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن تونۇشتەكلا بىر جۈپ سىيما ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۈيۈپ قالدى. «ئەجەب تونۇشلىغۇ، بۇ قىزلار كىم بولغىيتى، ئەمدى؟» ئۇ ئەقلىنى يىغدى. چاقماق تېزلىكىدە مېڭىسىدىكى سىيمانى بالا چاغلىرىدىكى بىللە ئوينىغان قىزلارنىڭ چىرايىغا سېلىشتۇردى. «ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئوڭ قېشىدا بىر تال قىزىل مەڭ تۇرمامدۇ؟ تاپتىم، ئۇقىز دوست خېنىم، يېنىدىكىسى ھەنىپە بولسا كېرەك.»



جامالىدىن كەينىگە بۇرۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بەش - ئالتە چامدام يىراقلىغان دوست خېنىممۇ نېمىشقىدۇر توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى. بۇ قىز راستتىنلا دوست خېنىم ئىكەن. ئۇنىڭ دوست خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان بالىلىقىدىكى ئالامەتلەر — ئوڭ قېشىدىكى بىر تال قىزىل مېڭى، كۈندۈزدىكى بۇلۇتسىز ئاسماندەك سۈزۈك، تېشىپ تۇرغان بۇلاقتەك تىنىق، ئەمما غەرەزسىز بىر جۈپ كۆزى، ھېقىقتەك قىزىل ھەم نېپىز لەۋلىرى ئومۇمەن ئۆزگەرمىگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭغا يېتىلگەن بىر يىگىتنىڭ كۆزى بىلەن نەزەر سالغاندا، ھەم قىزىقىش، ھەم تارتىنىش بىلەن قاراۋاتقان زەڭگەر كۆزلىرى قۇياشلىق ئاسماندەك مېھىرلىك، بىپايان بوشلۇقتەك سىرلىق ۋە تىلسىم تۇيغۇ بېرەتتى.

ئىلگىرىكى كۆلكىسىنىمۇ، يىغىسىنىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ تۇرىدىغان چىرايىنى ئىچكى ھېسسىياتىنى پىنھانغا ئالالايدىغان كەھرىۋادەك سۈزۈك. كۆن نۇرىدەك تارام ـ تارام، خىيالدەك مۇرەككەپ بىر نېپىز پەردە توسۇپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. زەرلىك چىمەن دوپپىسى ئاستىدىكى ئەپچىل گىجىم رومال، قۇندۇزدەك قارا ئۆرۈمە چاچلار، ئۈچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى بۇ قىز ئەتراپىدىكى شالاڭ بۇلۇتلارغا سىڭىپ كىرىپ، زېمىنغا شولا تۆكۈپ، جاھاننى يورۇتۇپ تۇرغان تولۇن ئايغا ئوخشايتتى.

ــ دوست خېنىم؟! ــ دېدى جامالىدىن ئۇلارغا ئىختىيارسىز ئىككى قەدەم يېقىنلىشىپ، ــ سىلى دوست خېنىممۇ؟! ــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىگەندەك چىقتى. ھەنىپەمۇ ئارقىغا قارىدى. جامالىدىن ئۇنىڭغىمۇ، ــ سىلى ھەنىپە ئەمەسمۇ؟! ــ دەپ سوئال تاشلىدى.

ــ بىزنى ئەجەب ئاسانلا تونۇۋاللىغۇ، جامالىدىن ئاكا؟ ــ دېدى جامالىدىنغا بىر پەس تەئەججۇپ، يېتىرقاش، تارتىنىش بىلەن قاراپ قالغان، ئاندىن دەرھال ئېسىگە كەلگەن دوست خېنىم پەس، ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا.

ــ سىلەرنى قانداقمۇ تونۇماي؟ ــ جامالىدىن يەڭگىل كۈلۈمسىرەپ راست گېپىنى دېدى، ــ لېكىن سىلەرنى دەرمەھەل تونۇيالماي قالغىنىم راست. ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ. لېكىن بۇ ۋاقىت كىچىك بالىنى چوپچوڭلا بىر ئادەم قىلىۋەتىدىمۇ، ئانچە ئۆزگەرتمۇەتمەيدىكەن. پەرىزىمگە تايىنىپ تونۇۋالدىم مانا.

— جامالىدىن ئاكا، ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — ھەنىپەمۇ ئېغىز ئاچتى. ئۇنىڭ تىلى سۆزدە بولغىنى بىلەن، كۆزلىرى جامالىدىننىڭ كۆزلىرىدە ئىدى.

— ئاللاھ خالىسا، — جامالىدىن ھەنىپەنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋاتقان بولسىمۇ، نەزەرىنى دوست خېنىمدىن ئالالمايۋاتاتتى، — ھەربىرلىرىمۇ سالامەت تۇرۇشقانلا.

— سىلىنى كەپتۇ دەپ يۇرتتىكىلەردىن ئاڭلىدۇق، — دوست خېنىمنىڭ ھەر ۋاقىت قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازى بورانلىق چۆلدە يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان كولدۇرمىنىڭ ئاۋازىدەك ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقاتتى. بىراۋنىڭ كۆزلىرىنى تېشىۋەتكىدەك تىكىلىۋەيدىغان كۆزلىرى ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان قوش بالىسىنىڭ ئانىسىنى ئىزدەپ ئۇيان - بۇيان ئۇچۇشلىرىدەك نىشانسىز ئىدى، — كىشىلەر سىلىنى جامالىدىن بەلەن ئوقۇپ چوڭ موللا بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ماختىغىنىنى ئاڭلىغانتۇق، مانا بۈگۈن ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

— ئۇنچىۋالا ئەمەس، ئاشۇرۇۋېتىپلە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئۇلار ئەمدىلا پاراڭغا كىرىشىۋاتقاندا، يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان ئىلياسنىڭ قىلغان سالىمى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئىلياس جامالىدىنغا كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلىدى. جامالىدىنمۇ قولىنى ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ ئېسىل. مۇشۇنداق گۈزەل كۈنلەردە سىلەرنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ ناھايىتى خۇش

بولدۇم. ئەجەب بەلەن سۆھبەت قۇرۇپ تۇرۇپسىلەر. مەنمۇ گۇزەل سۆھبىتىڭلارغا داخىل بولسام، دىل رايىڭلارغا قارشى بولۇپ قالماس ـ ھە؟ ــ ئۇ ئاۋۋال جامالىدىنغا ھەسەتلىك نەزەرى بىلەن تىكىلدى. ئاندىن دوست خېنىمغا قاراپ كۆرۈمسىز ھىجايدى. دوست خېنىم شۇئان گۇللۇك گىجىم روملىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، ئىلياستىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

دوست خېنىم ئۆيىدىن چىقىپ بولغۇچە، يېنىدا سايىدەك پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى ئەگىپ يۈرىدىغان، كۆزلىرىگە ھاياسىز تىكىلىپ، بەتتەم ھەزىل قىلىدىغان ئىلياستىن بىزار ئىدى. ئۇ قانچە بىزار بولغانسېرى، ئىلياس ئۇنىڭغا شۇنچە يېپىشىپ تۇراتتى. ئىلياسنىڭ «دوست خېنىمنى ئالىمەن» دېگەن گەپلىرىمۇ دوست خېنىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولغانىدى. يۈزلىرىدە كىچىك چېچەكنىڭ روشەن ئىزنالىرى قالغان ئىلياس قورغان كۆلبېشىدا ئاشپۇزۇل ئاچىدىغان ئېزىز خاپانباش دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بوي ـ بەستى كېلىشكەن، تەمبەل يىگىت بولغانىدى. تۆۋەن كوچىدىكى يىگىتلەر ئۆزلىرىدىن كۇچلۇك ۋە ھال كۇنى ياخشى بۇ يىگىتكە «ھە» دېسە «ھۇ» دەپ تۇراتتى. شۇڭا ئىلياس ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بۇ بىر تال گۇلىنى ئۈزۈپ قۇلىقىغا قىسىش ئويىدا ئىدى. بايىدىن بېرى دوست خېنىمنى يىراقتىن ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ قۇش ئەمدى ئۇنى جامالىدىندىن قىزغىنىپ ئەتەي ئۇلارنىڭ يېنىغا قونغانىدى.

ــ خوش، بىز مېڭىۋېرەيلى جامالىدىن ئاكا، ــ دېدى دوست خېنىم جامالىدىنغا قاراپ. ئۇ خوشلىشىۋاتقاندا،

يۈزلىرى گىجىم رومالدا توسۇقلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەۋاتقان چېھرى بىر جۈپ كۆزلىرىدىن ئايان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ تۇرغان ئىلياسقا نەزەر ـ كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. ھەتىپە ئىلياسقا چىرايىنى بىر خىل غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ قارىغاندىن كېيىن، جامالىدىنغا «خوش، جامالىدىن ئاكا» دەپ كۈلدى. كېتىۋاتقان بۇ ئىككى قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن تىكىلىپ قېلىشقان ئىككى يىگىتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىككى خىل تۇيغۇ مالىمان قىلماقتىدى. ھېچقاچان ئۆزىدە قىزلارغا نىسبەتەن بۇنداق شېرىن تۇيغۇ، ئىنتىلىش بولۇپ باقمىغان جامالىدىن خۇددى ئىچىدىن بىرنەرسە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، يۈرىكى دوست خېنىم بىللە كېتىپ قېلىۋاتقاندەك، ھەم ئەندىشىلىك، ھەم شېرىن بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. سۆھبەتنىڭ بۇنچە تېز ئاخىرلىشىپ كەتكىنىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. دوست خېنىمنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن تارىغان بىر ئوت باغرىنى داغلاپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئىلياس بولسا، قاچىسىدىكى لوقمىسىغا، رىزقى ـ نېسىۋىسىگە بىراۋ چاڭگال سېلىۋاتقاندەك ئاچچىق يۇتۇۋاتاتتى. ئۆزىنى كۆرسە كىيىكتەك ئۈركۈپ قاچىدىغان دوست خېنىمنىڭ جامالىدىن بىلەن ئۆچكە يېغىدەك ئېرىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ پاراڭلىشىپ كەتكىنىگە ھەسەت قىلىۋاتاتتى. رەشك ئوتى ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆرتەۋاتاتتى. كىچىكىدىنمۇ كۆزىگە ئانچە سىغىپ كەتمەيدىغان، ھە دېسىلا باللار ئالدىدا ئۆزىنى مات قىلىپ يۈرىدىغان ماۋۇ

جامالىدىنغا بولغان نەپرىتى ھازىرمۇ ئۆلگىنىۋاتاتتى.

جامالىدىن ئىلياسقا قارىدى. ئۇ تېخىچىلا دوست خېنىم ۋە ھەنسپەلەر قايرىلىپ تۇۋەن كوچا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن قورغان كۆلىبىشى سىپىلىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى.

ــ ئۆزلىرى قايسى تەرەپكە ماڭغانتىلە؟ ــ جامالىدىننىڭ سوئالى ئىلياسنى خىيالدىن سەگىتتى. ئۇ ئۆزىنى جامالىدىنغا قائىدە يۈزىسىدىن تەكەللۇپ كۆلىكىسىگە زورلىسىمۇ، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى شۇقەدەر سوغۇق ئىدى. ئۇ بايىدىن بېرى جامالىدىننىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىلمىگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ــ ئۆزلىرىمۇ بۇ تەرەپلەرگە بىرەر مۇھىم ئىش بىلەن ئۆتكەنمىدىلە؟

ــ نېمە مۇھىم ئىش بولاتتى دەيلا، ــ جامالىدىننىڭمۇ روھىي ھالىتىدە بولۇۋاتقان داۋالغۇش گېپىنىڭ ئاھاڭىدا بىلىنىپ تۇراتتى، ــ بۈگۈن يۇرتنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلاي دېگەن ئوي بىلەن چىققان، بۇ يەردە سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

ــ ئەمىسە سىلى زىيارەتلىرىنى قىلىۋەرسىلە، خوش، مەنمۇ قايتاي، ــ ئىلياس ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىلىۋالغان ئادەمدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىققاندەك، شۇنداق دېگىنىچە ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ، تۆۋەن كوچىغا يۈرۈپ كەتتى.

جامالىدىننىڭ ئەتىگەنكى خۇش كەيپىياتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. نېمىشقىدۇر زىيارىتىنى داۋاملاشتۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا تۆۋەن

كوچا تەرەپكە بارغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن كوچىغا چاقىرىۋاتقان كۇچىنىڭ دوست خېنىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى بولمىسىمۇ، قەلبى شۇ كۇچىنىڭ دوست خېنىم ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاتىنى باغلاقتىن بوشىتىپ ئۇنىڭغا مىنگەندىمۇ كۆز ئالدىدىن خۇش پىچىم، نازاكەتلىك، گۈزەل، قىزغىن، دوست خېنىمنىڭ سىيماسى زادىلا نېرى بولمايۋاتاتتى. دوست خېنىمنىڭ ئۆزىگە قارىغان چاغدىكى كۆزلىرىدىن تارىغان سېھرىي بىر ئوت ھېلىھەممۇ كۆڭۈل دالاسىغا ھارارەت تاشلاپ تۇراتتى.

ــ يېنىپ كەپتىلىغۇ، ئوغلۇم؟ ــ پېشايۋىنى كۈنگەيگە قاراپ تۇرىدىغان ھويلىدا بارمىقىغا ئويماق سېلىپ، ئۆزۈن يىڭنىدە جامالىدىنغا تەييارلاۋاتقان يېڭى كۆرپىنى سىرىپ ئولتۇرغان ئاغىچىخان قولىدىكى ئىشنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، ــ سىلىنى كەچتىرەك كېلەمدىكىن دەپ ئويلىغانتىم.

ــ زىيارەتكە مەيلىم تارتمىدى، ئانا، ــ جامالىدىن ئاتخانىغا كىرىپ ئاتنى باغلاپ يېنىپ چىقتى.

ــ ساقلىغۇلىرى يوق ئەمەستۇ؟ ــ ئانا ئوغلىغا سىنچىلاپ قارىدى.

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، بىردەم كىتاب كۆرەيمىكىن.

ــ مەيلىلىرى، ئەمىسە. ھۇجرىلىرىنى پاكىزە تازىلاپ قويدۇم.

ــ دادام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ــ دادىلىرى خۇمدانغا كەتتى.

جامالىدىن بۇخارادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاغىچىخان ئۇنىڭغا ھويلىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى

بىر ئېغىز ئۆينى راسلاپ بەرگەنىدى. سوپىسىغا جاماللىدىنىنىڭ قىزىلئويلۇق قىرغىز بۇرادىرى چوڭ قىزىنى چىقارغاندا سەۋلىك ئۈچۈن ئېلىپ كىرگەن بىر جۈپ شىرداق سېلىنغان، چىنىدەك پاكىزە تازىلانغان بۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىچىنى پەنجىرىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى يوپيورۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. شىرداق ئۈستىدە دائىم تۆت پۇتلۇق، يۇمىلاق شەكىللىك ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستىدە رەئىل، رەئىلدە قېلىن بىر كىتاب قويۇقلۇق تۇراتتى. ئۆينىڭ تاملىرىدىكى ئويۇق - تەكچىلەردىمۇ توم - توم كىتابلار تىزىقلىق بولۇپ جاماللىدىنىنىڭ ياتاق ئۆيىمۇ مۇشۇ ئىدى. ئۇ كىتابدان قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئالدىغا سېلىنغان ئىككى قات كۆرپىدە ئولتۇردى. ئالدى بىلەن ئادىتى بويىچە كىتاب كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئوقۇيدىغان بىرقانچە ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋاراقنى ئاچتى. ئۇ كىتاب كۆرۈۋاتقاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بوران چىققان، قار - يامغۇر ياغقان چاغلاردىمۇ، ھويلىدا ياكى ئەتراپىدا كىچىك باللار غەلۋە قىلىپ يۈرۈشكەن ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنىڭ زېھنى چېچىلمايتتى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىتابىنى كۆرۈۋېرەتتى. ئۇ بۈگۈن بىرىم ۋاراق ئوقۇۋېدى، خۇددى كىتاب بەتلىرىدىن بىر قىزنىڭ سىيماسى كۆرۈنۈۋاتقاندەك، يەنە كېلىپ بۇ قىز بايىلا ئۇچراشقان دوست خېنىمدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دەپ ئىمان ئېيتىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. كۆزلىرىنى يۇمۇۋالسىمۇ يەنىلا ھېلىقى قىز — دوست خېنىم ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئوتلۇق كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى.

ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەنجىرە ئالدىغا كەلدى ۋە پەنجىرە ئاراشلىرىدىن سىرتقا قارىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا دوست خېنىم ئۆزى بىلەن بىللە يانمۇ يان تۇرۇپ باغقا نەزەر سېلىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتىدى. ئۇنىڭ قەلبى تىترىدى. تېنى جۇغۇلداپ سىلكىندى. غايىب بىر ئوتتا يۈرىكى چوغلاندى. نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ، پۇت ـ قولى شېرىن، لەززەتلىك بىر سېزىمدا ماغدۇرسىزلىنىۋاتقاندەك بولدى. مۇشۇنداق ھاياجان بىلەن ئېرىسىپ كەتسەممۇ مەيلىدى دەپ ئويلىدى. ئۆزىدە تۇنجى قېتىم زاھىر بولۇۋاتقان بۇ ھالدىن ئاجايىپ شادلاندى، ھۇزۇرلاندى. ئۇ بۇرۇلۇپ يېنىدىكى دوست خېنىمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قارىۋېدى، يېنىدا دوست خېنىم يوق ئىدى. ئۆي ئىچى شۇ قەدەر تىمتاس ئىدى. ھويلىدىكى ئاغىچخانىنىڭ قولىدىكى ئويماقتا يىڭنىنىڭ تەتۈر ئۇچى تىرىك ـ تىرىك تەگكەن ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاغىچخان نېمىشقىدۇر گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويدى. جامالىدىن بايىدىن بېرى بولۇۋاتقان خىيال دۇنياسىدىكى ئىشلارنى ئانىسى بىلىپ قالغاندەك خىجىل بولۇپ، يۈزلىرى قىزاردى. ئۇ يەنە كىتابىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كىتاب كۆرگۈسى كەلمىدى. ئۇ پەنجىرىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان كۆرپىگە چىقىپ، سامان تەكىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان پەي ياستۇققا جەينىكىنى قويۇپ، ئالقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىدى. يەنىلا دوست خېنىم ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقىپ كەتمەيۋاتاتتى.

جامالىدىن دوست خېنىمنى خىيال قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، دوست خېنىم بىلەن ھەنىپە دوست خېنىمنىڭ ياسىداق ھۇجرىسىدا قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ

كېتىشكەندى.

دوست خېنىمنىڭ ھوجرىسى ئىككى ئېغىزلىق ئىدى. بۇندىن بەش ـ ئالتە يىل بۇرۇنلا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تىللا خېنىمغا دەپ، بۇ ئۆينى ئۇنىڭغا سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇ شۇندىن ئېتىبارەن ھەنىپە بىلەن بۇ ھوجرىدا بىرگە تۇرۇپ كەلگەنىدى. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئايرىلماي چوڭ بولغان ئىمىلداش بۇ نەۋرە تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە زادىلا چىداشمايتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ھەنىپەگىمۇ مېھرى بۆلەكچىلا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ دوست خېنىم ئۇچۇن نېمە سېتىۋالسا، ھەنىپەنىمۇ ئايرىپ قويمايتتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئوپمۇئوخشاش كىيىنىپ، چاچلىرىنىمۇ ئوخشاش ئۆرۈپ كوچىلارغا چىقاتتى. دەريا بويلىرىغا باراتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى «قوش مېغىزلار»، «ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قوشماقلىرى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

دوست خېنىم پەنجىرىلىرى باغ ۋە ھويلا تەرەپكە قارايدىغان ئازادە، پاكىزە ھوجرىسىنىڭ تاشقىرى ئۆيىدە پەتنۇس نۇسخىلىق بىر جۈپ گىلەمنىڭ ئۈستىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تەتىللا يىكەندازنىڭ تۆر تەرىپىگە قويۇلغان ئەپچىلگىنە تەكىيگە ئىككى جەينىكىنى تىرەپ، ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېڭىكىنى تىرەپ، پۇتلىرىنى تورۇسقا قارىتىپ، پەگاھتىكى تۆت پۇتلۇق كىچىك ئورۇندۇقتا ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان ھەنىپەگە قاراپ دېدى:

ــ بۇگۈن بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىۋاتىمەنغۇ تاڭ؟

ــ نېمىگە ئۇنداق بولۇپ قېلىۋاتقانلا؟

ــ بىلمىدىم، قورغان كۆلبېشىدىن يېنىپلا كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇۋاتىدۇ. ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى خۇش، بىر يەرلىرى بىئارام.

ــ قورغان كۆلبېشىدا جامالىدىن ئاكام بىلەن بىللە قالغان ئىلياس نېمە دەپ ئارقىمىزدىن كەلگەن بولغىيتتى. لاۋزا گەپلەرنى قىلىپ، ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ. بەلكىم ئىلياسنىڭ تېتىقسىز گەپلىرى دىللىرىغا ئازار بولدىمىكىن.

جامالىدىنىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن تەڭلا دوست خېنىمنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئۇنىڭ چېھرىگە مەمنۇنىيەت، خۇشاللىق ئالامەتلىرى تەپتى. ئوغۇل باللار بىلەن يېقىنغىچە بىللە مۆكۈشمەك ئويناپ چوڭ بولغان دوست خېنىمدا تېخى بىرەر بالىغا ھازىرقىدەك شېرىن تەلپۈنۈش بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بۈگۈن جامالىدىن بىلەن قورغان كۆلبېشىدا كۆرۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن ئاجايىپ خۇشال بولۇۋاتاتتى.

ــ ئىلياس كېلىپ قالمىغان بولسا، ــ دوست خېنىم بوش، تىترەڭگۈ ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى، ــ مېنىڭ جامالىدىن ئاكام بىلەن بىرەر ـ يېرىمدەم پاراڭلاشقۇم بار ئىدى.

ــ مېنىڭمۇ؟

ھەنىپە كۆڭلىدىكى ئىچكى تۇيغۇسىنى قانداق قىلىپ دەپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئۇمۇ جامالىدىنغا بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپلىق ئىلمىگە، شېرىن تىللىرىغا، كېلىشكەن قامىتىگە، سىپايە ئەمما قىزغىن مۇئامىلىسىگە مەھلىيا بولغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ شېرىن تۇنجى مۇھەببەتنىڭ لەززىتى

غەلىيان قىلغانىدى.

ھەركىمدە ئۆزىگە لايىق كۆڭۈل بولىدۇ. «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە، كۆڭۈل ھەريانغا باشلايدۇ. سەمەرقەنت ئالمىسى ئوخشاش، سېنى چۆللەرگە تاشلايدۇ». بۇ گەپنى كىم دېگەن بولغىيتتى. بىر ئۇلۇغ ئىلىمى كامىل ئالىم ــ ئەلگە نەسىھەت يۈزىسىدىن دېگەن بولغىيتتى ياكى بىر ئاشىق ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن چىقارغان يەكۈنى سۈپىتىدە ئېيتقان بولغىيتتى. ئەمما ئادەمگە خۇشاللىقنى، مۇھەببەتنى، ئۇلۇغلۇقنى، شېرىنلىكنى ئاشۇ كۆڭۈل ھېس قىلدۇرىدۇ. ئازابنى، ئاچچىقنى، ھىجراننى، پەسلىكنىمۇ ئاشۇ كۆڭۈل بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. دوستلۇقىمۇ، تۇغقانلىقىمۇ، رەشكىمۇ، كۈشەندىلىكىمۇ كۆڭۈل سەۋەبكار. ئىلاھىم، «قوشماق مىغىز»لارنىڭ قەلبىدە تۆرەلگەن، كۆڭلى ئايان ئەتكەن جامالىدىنغا بولغان يېقىنلىق، تەلپۈنۈش تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇستەھكەم قېرىنداشلىق زەنجىرىگە، دوستلۇق رىشتىغا دەز كەتكۈزمىگەي. ئىككى ۋۇجۇدنىڭ كۆڭۈل خالىشى بىر يەردىن چىقىپ قالمىغاي!

ــ سىلىنىڭچە، جامالىدىن ئاكام قانداقراقكەن؟ ــ دوست خېنىم ھەنىپەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. ئۇ ھەنىپەدىن جامالىدىنىنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئېيتىشىنى كۈتەتتى.

ــ جامالىدىن ئاكام شۇقەدەر ئىلىملىك، يېقىشلىق، شۇنچە كېلىشكەن، تولىمۇ قاملاشقان يىگىت ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە ھەنىپە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەۋاتاتتى. دوست خېنىم ھەنىپەنىڭ سۆزلىرىدىن ئاجايىپ خۇش بولدى.

— راست، ئۇ تولىمۇ يېقىملىق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى رام قىلغۇدەك يىگىت بولۇپتۇ.

— جامالىدىن ئاكامنىڭ جامالىغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىدىكەن كىشىنىڭ.

— تىلى ئاجايىپ تاتلىق، گەپلىرى قايماقتەك لەززەتلىك، قەددى ـ قامىتى ئاق تاغدەك ھەيۋەتلىك.

— ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر قارىسا نۇر، بىر قارىسا ئوت يامراپ تۇرىدىكەن.

— توغرا دېدىڭلە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يامراپ تۇرىدىكەن، ئۇ ئوت يۈرىكىمنى ھېلىھەممۇ كۆيدۈرمەكتە.

— نېمە؟ — ھەنىپە ئەندىكتى، — سىلى جامالىدىن ئاكامنى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتمايدىغانلا؟ ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالمىغانلا؟!

— بىلمىدىم، — دوست خېنىم ئۇلۇغ كىچىك تىندى، — شۇتاپتا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم، يېنىمدا بىردەم تۇرغۇم، پاراڭلاشقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ.



ھەنىپەنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دوست خېنىمنىڭ جامالىدىن ئاكىسىغا كۆيۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىدە روي بېرىۋاتقان بۇ ھالەتنىڭ دوست خېنىمدىمۇ بولۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى. دوست خېنىم بۇ ئائىلىنىڭ، ياق، پۈتۈن قورغان كۆلبېشىنىڭ ئەركە قىزى. ئۆزى بولسا، ئابدۇقۇدۇس ھاجىم، دوست خېنىملارنىڭ سايىسىدە مۇشۇنچىلىك كۈن كۆرۈۋاتقان ئادەم. ئۇ قانداقمۇ دوست خېنىم بىلەن تەڭ تۇرالىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك، گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولدى. بېشى ئايلىنىپ تىلى كالۋالاشتى. ئۇ دوست

خېنىمنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ يالغان بولۇشىنى، دوست خېنىمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتقانلىرىنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

— جىمىپ كەتتىڭمۇ؟ — دوست خېنىم ئارىدىكى قىسقا سۈكۈتنى بۇزدى، ھەنىپەنىڭ ئازابلىق خىياللىرىنىڭ يىپىنى ئۈزدى، — ئەگەر مەن جامالىدىن ئاكامغا راستىنلا كۆيۈپ قالسامچۇ؟ بۇ خاتا بولماس؟

— ياق...ياق، — ھەنىپە دۇدۇقلىدى، — خاتا بولمايدۇ، بۇ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى. بىراق، سىلىنىڭ بىرەر ئوغۇل بالىغا كۆيۈپ قالغانلىرىنى ھاجىم دادام ئاڭلاپ قالسا، خاپا بولۇپ كېتەرمىكىن؟

دوست خېنىم ۋىلىلدە قىزاردى. ئەكسىچە ھەنىپەنىڭ چىرايىدىن قان قېچىپ، تاتاردى. بۇ ئىككى قېرىنداش ئوخشاش ۋاقىتتا، ئوخشاشلا بىر ئادەمنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. بۇ توغرىسىدا دوست خېنىم ئېغىز ئاچالىغان بىلەن ھەنىپە ئۆزىنىڭ قەلب سىرىنى پىنھان تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خاپا بولىدۇ دېگەن سۆزى بىلەن دوست خېنىمنى بۇ خىل ھېسسىياتتىن چەتنەشكە ئاگاھلاندۇرغاندەك قىلىۋاتاتتى. لېكىن، دوست خېنىمدا ھەنىپەمۇ جامالىدىننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، دەيدىغان خىيال يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن ئىچكى ھېس - تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشماي كەلگەن ھەنىپەدىن كۆڭلىدىكىنى ئاياپ ئولتۇرمىدى.

— دادام ئاخىرى بۇ گەپنى ئاڭلايدۇ، — دوست خېنىم بۇ گېپىگە پۇشايمان قىلىدىمۇ قانداق تېخىمۇ قىزاردى، — ئوھوش، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ئەمدى. «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گورۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، جامالىدىن ئاكام

مېنى يارىتامدۇ، ياراتمامدۇ دېمەي، قىلىپ يۈرگەن گەپلىرىمنى كۆرمەمدىغان.

— جامالىدىن ئاكام تاغ ئارقىسىدىكى چوڭ شەھەردە ئوقۇپ كەپتۇ. سىلى دېگەندەك ئۇنىڭدىن خەۋەر بولماي تۇرۇپ، چۆچۈرىنى خام ساناپ يۈرسەكمۇ بولماس. قىز بالا بولغاندىكىن، ھەر ھالدا ئىشنى رىسالى بىلەن قىلغىنىمىز تۈزۈك.

ھەنىپەنىڭ سۆزىدىن دوست خېنىم ئويلىنىپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىمىلداش ئاچىسىغا يېلىنغاندەك، ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى تاما قىلغاندەك تەلمۈرۈپ قارايتتى. ھەنىپە بولسا، مۇشۇنىڭ بىلەن دوست خېنىمنىڭ بۇ توغرىسىدا قايتا ئېغىز ئاچماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. دوست خېنىم ياستۇقتىن جەينەكلىرىنى ئېلىپ، ئۆرە بولدى ۋە تامدىكى بادام گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن زەدىۋالغا يۆلىنىپ تۇرۇپ دېدى:



— ئەگەر جامالىدىن ئاكام بۇ خۇسۇستا ئېغىز ئاچمىسا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىمنى ھېس قىلدۇرىمەن. ئىزدەيمەن، ھېچبولمىغاندا مەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دەيمەن.

— نېمە دەپ يۈرىدىغانلا خېنىم، — ھەنىپە دوست خېنىمغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدى، — بىزنىڭ يۇرتتا قايسى قىز بىرەر يىگىتكە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى دەپ تېگىدىغان ئىش بار؟ ئاتا - ئانىلار پۈتۈشۈپلا ئوغۇل قىزلارنىڭ توينى قىلىدۇ ياكى بۇ توغرىسىدا ئوغۇللار بالدۇر ئېغىز ئاچىدىغۇ؟

— ئەگەر جامالىدىن ئاكام ئېغىز ئاچمىسا، مەن ئۆزۈم ئاچىمەن، — دوست خېنىم جىددىي رەۋىشتە، ئاۋازىنى

ئۆزىمۇ كونترول قىلالماي سۆزلىمەكتە ئىدى، — جامالىدىن ئاكا، مەن سىلىنى ياخشى كۆرىمەن، سىلىگە كۆيۈپ قالدىم، دەيمەن.

— ئەقلى - ھوشلىرى جايىدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، يۇرتنىڭ نالىسىدىن، دادىلىرىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقمامدىلا؟ نومۇس قىلىسىلا، بۇنداق قىلسىلا يۇرت ئەھلى سىلىنى ئەر سارىڭى دەپ ھاقارەتلەيدۇ.

— نېمە دېيىشسە مەيلى، مېنىڭ جامالىدىن ئاكامغا تەگكىنىم تەگكەن!

دوست خېنىم قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. ھەنىپە ئۇنىڭ بۇ كەمگىچە ئۇنچە تەرسالىق قىلىپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇمۇ يەرگە قارىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ دوست خېنىمغا تەنبىھ قىلغانىنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ يەتتى.

ئۇ ئۆزىمۇ ئازابلىناتتى. ئەجەبا، ئۆزىنىڭ دىل رايىنى مەپتۇن ئەيلىگەن جامالىدىن، شۇ بىرلا ۋاقىتتا دوست خېنىمنىڭمۇ سۆيگۈ دەرۋازىسىنى قانداقمۇ چەككەندۇ؟ توغرا، جامالىدىن ئاشۇ دەقىقىلەردە بىر چەكسىز ئوت دېڭىزىغا ياكى ناھايىتى قۇدرەتلىك گۈلخانغا ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى تەڭلا دوست خېنىم بىلەن ھەنىپەنىڭ قەلبىگە تارىغان بولسا كېرەك.

دوست خېنىم يىپكەنداز ئۈستىدە جىمجىت دۈم ياتاتتى. ھەنىپە بولسا كۆچلۈك توقۇنۇش ئىچىدە خىيالغا كەتكەنىدى: «دوست خېنىم جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك قىز بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى بار. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدەك پۇلدار، ئابرۇيلۇق دادىسى بار، گەرچە ئۆزىنىڭ باغرىدىن چۈشمىگەن بولسىمۇ، بۇ يۇرتتا گېپى گەپ،

سۆزى سۆز، سۆلەتلىك تىللا خېنىمدەك ئانىسى بار. پۈتۈن يۇرت ئەھلىنىڭ دوست خېنىم، دوست خېنىم دەپ ھالى قالمايدۇ. دوست خېنىم بولسا بۇ يۇرتتا ئەڭ مۇھىم ئادەم. چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئۇنىڭ تەربىينى ئېلىشىدۇ. يىگىتلەر بولسا ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈرىدۇ. ھەتتا، بالىلارمۇ ئىككىمىز بىللە تۇرغان چاغدا ئاۋۋال دوست خېنىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ. مەنمۇ ئادەمغۇ، دوست خېنىم ئاسماندىن چۈشكەن كۆز مۇنچاق ئەمەسقۇ. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئىگەمبەردىنىڭ نەۋرىسى، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمىنىڭ قىزى بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ شۇنچە مۇھىم بولۇشى، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭدىن قېلىشى كېرەكمىدى؟! قارا، ئۇ ھەممىنى دېيەلەيدۇ، قىلالايدۇ. جامالىدىن ئاكامغا كۆيۈپ قالغىنىنى ھېچبىر تەپ تارتماي ماڭا ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل دەپ يۈرمەمدۇ؟ ئۇ ماڭا قاراپ بېقىشى، پىكرىمنى ئېلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ مېنى ھە دېسە ئىشقا بۇيرۇيدۇ. ھاجىم دادام «ھەر ئىككىلىرى ئوخشاش مېنىڭ قىزىم» دەپ قويغىنى بىلەن ئۇمۇ، تىللاخان ئانامۇ، ئۆيدىكى يىللىقچى، مەدىكارلارمۇ، پۈتۈن يۇرتتىكىلەرمۇ ھەممىسى مېنى دوست خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادىمى قاتارىدا كۆرىدۇ. مانا ئەمدى بۇ ئىش ئىسپاتلانغىنى تۇردى. مەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئىنسان بالىسى، مەندىمۇ كۆڭۈل بار، مەندىمۇ تۇيغۇ، قەلب بار. سۆيىمەن، ھېس قىلىمەن، ئازابلىنىمەن. مەن قوغۇنلۇقنىڭ ساتمىسىنىڭ ئارقىسىدىكى قارانچۇق ئەمەس. قورغان كۆلبېشىدا جامالىدىن ئاكام دوست خېنىمغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا ماڭىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. مەنمۇ ئۇنى

ياخشى كۆرىمەن، مەنمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈشنى بىلىمەن، بۇ ئىشنى جامالىدىن ئاكام قارار قىلىدۇ. مەنمۇ ئادەم بالىسى بولغاندىكىن ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەك.»

ــ توۋا قىلدىم خۇدايىم، توۋا، ــ دوست خېنىم دۇم ياتقان يېرىدىن ئاستا ئۆرۈلۈپ يېنىچە بولدى، ــ شۇ دەمدە مەندە ئاجايىپ بىر تۇيغۇ بولۇۋاتىدۇ، دېسە، بەكلا ئارامسىزلىنىۋاتىمەن، ئىچىم قىزىپ، كۆچلۈك بىر ئوتتا كۆيگەندەك بولۇۋاتىدۇ. كۆز ئالدىمدىن جامالىدىن ئاكامنىڭ جامالى زادىلا نېرى كەتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. كۆزۈمنى ئاچسامۇ، يۇمۇۋالسامۇ شۇ ئوخشاشلا. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭ مۇڭداشقۇم، پاراڭلاشقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ.

ھەنىپە دوست خېنىمنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا شۇنچە سوغۇق بىلىنمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى دوست خېنىمدىن يوشۇردى.

ــ ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشساق بولىدىغۇ؟ ــ دېدى ئۇ دوست خېنىمغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ ئەتە ئىككىمىز دەريا بويىغا، چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە بارىلى، مەن جامالىدىن ئاكامنى دەريا بويىغا تەكلىپ قىلاي، ئۈچىمىز بىللە ئولتۇرۇپ، بىردەم پاراڭلاشساق بولمامدۇ؟

ــ شۇنداق قىلساق بولۇرمۇ؟ ــ دوست خېنىمنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، ــ ئۇ يەنە ئۆرە بولۇپ، تامدىكى زەدىۋالغا يۆلەندى، ــ بولىدۇ، كۆرۈشسەك كۆرۈشەيلى،

ئەمما ئىنىسى ـ جىنغا بىلىندۇرمەي خۇپىيانە كۆرۈشەيلى، ئەھلى جامائەتنىڭ ئالدىدا گەپكە قالمايلى يەنە.

ــ بولىدۇ، خاتىرجەم بولسىلا، خېنىم. بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن. سىلى دەريا بويىغا بارغاندا بىلىپ قالىلا.

ھەنىپە ئۆز ئەقلىدىن ئۆزى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ جامالدىن بىلەن دوست خېنىمغا قارىغاندا بالدۇرراق كۆرۈشەتتى. ئۇ جامالدىن دەريا بويىغا بارغۇچە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى دوست خېنىمدىن بالدۇرراق ئۇنىڭغا ئىزھار قىلالايتتى. گېزى كەلسە، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ جامالدىنغا تەگكىسى بارلىقىنى ئېيتاتتى.





# ئون توققۇزىنچى باب

## ئاق تاغدا

— ئوغلۇم، نەگە ماڭدىڭ؟

— دەريا بويىنى بىردەم ئايلىنىپ كېلەي دەيمەن، دادا.

— ئۆلۈشكۈن مەن ساڭا دېگەن گەپلەر توغرىسىدا بىردەم مۇڭداشساق بولاتتى، بالام.

— ئۇ گەپلىرى يادىمدا، دادا.

— بوپتۇ دادىسى، ئوغلىمىز دەريا بويىغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلسە كەلسۇن، باشقا گەپلەرنى كېيىنچە دېيىشسەكمۇ بولىدۇ، كېچىكمەيدۇ، — ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىققان ئاغىچىخان ئاتا ـ بالا پاراڭلىشىۋاتقان دەرۋازا يېنىغا كەلدى، — سىلىمۇ بالىنى بۇ گەپكە قىستاۋەرمىسىلە دەريا بويىدا بىردەم ئارامىدا ئايلىنىپ كەلسۇن. ھېلىمۇ تۈنۈگۈندىن بېرى بىر ئۇخلىماي كىتاب كۆردى. كاللىسى تالدى. بارسۇن، چۆرگۈلەپ كەلسۇن، — دېدى.

جالالىدىن ئاغىچىخانغا بۇرىلدى. ئاغىچىخان ئېرىگە مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن جالالىدىن بىر ئىشنى پەملىگەندەك بولدى ـ دە، ئوغلىغا قاراپ:

— ئۇنداق بولسا، بېرىپ ئايلىنىپ كەل، ئوغلۇم، — دېدى.

— ئەمىسە مەن ماڭدىم دادا، ئانا، ھايالشىماي قايتىپ كېلىمەن.

جامالىدىن تېز - تېز مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقتى - دە، سولغا بۇرۇلۇپ، دەريا بويى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى پېشايۋاننىڭ ئايۋان ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىكىنىڭ قېشىدىكى سۇپىغا كېلىپ، بىر - بىرىگە روبىرو قاراپ ئولتۇرۇشتى.

— ئەتىگەندىلا بىر خۇش خەۋەردىن بېشارەت بار دادىسى، — دېدى ئاغىچىخان ئىچىدىكى خۇشلۇقىنى ئېرىدىن يوشۇرمايلا، — بالا تۇنۇگۇن قورغان كۆلبېشىدىنلا يېنىپ كەلدى. ئۇ ھۇجرىسىغا بىر كىرىپ كەتكىنىچە چىقماي ئولتۇردى. كەچلىك تاماقنى ئەكىرسەم، پەنجىرە ئالدىدا باغ تەرەپكە قاراپ خىيالغا پېتىپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ كىرگىنىمنى تۇيمىدى. كېچىچىمۇ چىراغ ئۆچمىدى. مەن بالىنىڭ ئوخلىماي كىتاب كۆرگىنىگە ئىشەنمەيمەن. كېچىدە نەچچە قېتىم چىقتىم. بالا سۇپىنىڭ ئۇستىدە توختىماي ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ چىقتى.

— بۇنى قانداق خۇش خەۋەردىن بېشارەت دەيسىلە خوتۇن؟ — دېدى جالالىدىن ئاغىچىخانغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىپ. ئاغىچىخان قارشى تەرەپتىكى سۇپىدىن ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاۋازىنى بىلىنەرلىك پەسەيتتى.

— جامالىدىننىڭ ئەتىگەندىمۇ ناشتىلىققا تازا مەيلى تارتمىدى. ئۇنى سىلى بىلمىدىلە، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ئولتۇردى. ناشتىدىن كېيىن سىلىنىڭ خۇمدانغا كېتىشلىرىگە جامالىدىننى بىر ئەزىز مېھمان

ئىزدەپ كەلدى. بۇ مېھماننى كىم دېمەملا؟ بۇ مېھمان دەل ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ «قوشماق مېغىز»لىرىنىڭ بىرى ھەنىپە.

ــ ئۇ قىز نېمىگە كەپتۇ؟

ــ بىلمىدىم، دەرۋازىنى بوش قاقتى، چىقتىم. شۇنداق چىرايلىق كىيىنىۋاپتۇ. ماڭا بېشىنى يەرگىچە ئېگىپ تەزىم بىلەن سالام قىلدى. ئۆيگە تەكلىپ قىلسام ئۇنىمىدى. «جامالىدىن ئاكامغا گېپىم بار ئىدى، چاقىرىپ قويغان بولسىلىرى» دېدى. ئۇنىڭ سىلە بىلەن مەن بىلىدىغان شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. ھەربىر ئېغىز سۆزىدە سىلىق تەكەللۇپ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. مېنى «ئاغىچىخان ئانا» دەپتى، يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. جامالىدىننى چاقىرىپ بەردىم. ھويلىدا تۇرۇپ قارىسام ئۇلار خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئۇرۇغ – تۇغقانلاردەك شۇنچە قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. ھەنىپەنىڭ يۈزلىرى قىزىل گۈلنىڭ ياپرىقىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بىردە يەرگە باقسا، بىردە جامالىدىنغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، بىردە تىرناقلىرىنى تاتىلاپ، پۇتى بىلەن يەرنى چىجىيتتى. ئىشقىلىپ ئۇ قىز ھەدەپ ئوغلىمىزغا يېقىنچىلىق قىلىپ تۇردى. بەلكىم ئىككىمىزنىڭ نىيەت ــ ئىقبالى ئوغلىمىزنىڭ قەلبىنى ئويغاتقان چېغى، ئۇمۇ ھەنىپەگە ئاجايىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. ئوغلىمىز سىرتتىن كىرىپلا، «ئانا، بۈگۈن دەريا بويىغا بىرىپ ئايلىنىپ كېلەيمىكىن» دېدى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق چۈشۈپ قالسا، ئەجەب ئەمەس دەپ، سىلىگە مۇشۇنى خۇش خەۋەردىن بېشارەت دېدىم، دادىسى.

جالالىدىننىڭ چىرايىغا بىردىنلا ئۈمىدسىزلىك سايە

تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ يەرگە باقتى. ئۇ بېشىنى يەڭگىل چايقىدى.

ــ بۇ ئىشقۇ بولەن بوپتۇكەن، بىراق جامالىدىن تازا يامان يەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىنى ئوڭلايمىز دېسەك، ھاجىمكام قوشۇلمايدۇ، جۇمۇ.

ــ شۇنداقمۇ ئىش بولۇرمۇ؟

ئاغىچىخاننىڭ چىرايىغمۇ جىددىيلىك ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى.

ــ سىلى ھاجىمكامنى بىلمەمسىلە؟ ــ دېدى جالالىدىن ئۇنىڭغا بۇرىلىپ، ــ بۇ ئادەمنىڭ گىنەسى بەك قاتتىقكەن. پۈتۈن يۇرت ـ خەلقىنى ياخشى كۆرىدۇيۇ، مېنى يامان كۆرىدۇ. گەرچە ھەنىپە ھاجىمكامنىڭ ئۆزىنىڭ قىزى بولمىغىنى بىلەن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۆزىنىڭ قىزىدەكلا ئەتىۋارلىدى. ئويلاپ بېقىڭلا، جامالىدىن قايتىپ كەلگەندە يۇرتقا چاي قۇيۇپ، ئاتايىن ئادەم ئەۋەتسەم، شۇ چايغا كەلمىگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ قىزىنى ئوغلىمىزغا بېرىشكە قوشۇلۇرمۇ؟



ــ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ھاجىمكامنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرە، ــ ئاغىچىخان ئىلتىجا قىلدى، ــ مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەت كىرلىرى يۇيۇلۇپ كېتەر. ئىككى ئائىلىنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق چۈشەر. دادىسى، ئىش يامان يېرىگە كېلىپ قالسا، ھەنىپەنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئابدۇلېتىپ بىلەن مۇكەررەملەر ئوتتۇرىغا چىقار. ئۇلار بىلەن شۇنچە يىلدىن بۇيان تۇغقاندەك ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز. ئۇلار شۇ يېقىنلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلار ھەرقانچە بولسىمۇ؟!

ــ سىلىمۇ قىزىق خىيالنى قىلىدىكەنسىلەر، ــ جاالىدىن بىردىن خىيالىنى يىغدى. ئۇ خوتۇنىغا مېھرى بىلەن قارىدى، ــ بىلىسىلەر، ھاجىمكام دوست خېنىم بىلەن ھەنىپەنى ئۆيىدە ئىلىم ئالغۇزغان. قورغان كۆلىبېشىدا نۇرغۇن خەت بىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ، قىزلاردىن بىلىدىغانلار بەك ئاز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت دوست خېنىم بىلەن ھەنىپەلا ئوبدانراق بىلىدۇ. بەلكىم ئۇلار شۇ ئىلىم ئىشلىرى خۇسۇسىدا پاراڭلاشقاندۇ.

ــ مەن بىر ئانا، دادىسى؟ مەن بىلىمەن، خەت توغرىسىدا پاراڭلاشقان بولسا، ئۇلار كۆزلىرىگە شۇنچە تەلمۈرۈشۈپ كېتەرمىدى. جامالىدىنىنىڭ كەينى تەرىپىدىن كۆرۈپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرەلمىدىم، ئەمما ھەنىپە بۆلەكچىلا يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇردى.

ــ مەيلى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق چۈشۈپ، ئالىمەن، تېگىمەن دېيىشىپ قالسا، ھاجىمكامنىڭ ئالدىغا تەۋەككۇل قىلىپ بېرىپ باقارمىز، مەن كىچىك بولغاندىكىن بېشىمنى يەنە ئىگەرمەن.

دادا بىلەن ئانا ئوغلى ئۈچۈن ھەنىپەنى كېلىن قىلىش غېمىنى يەۋاتقاندا، جامالىدىن دوست خېنىم بىلەن ئۇچرىشىشقا بىتاقەت بولۇپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى.

چاقماق دەرياسىنىڭ كەلكۈن مەزگىلى تولىمۇ غەزەپلىك. قىشچە تاغلارغا ياغقان قار، يازدىكى قارا يامغۇر سۈيى قوشۇلۇپ بۇ دەرياغا ئاجايىپ كۈچلۈك ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى قەھرى ـ غەزىپىنى ئاتا قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا دەريا سۈيى قىنىدىن تېشىپ، قىرغاقلاردىن ئاتلاپ، ئەزەلدىن بار بولغان مۇنبەت

تۇپراقنى ياكى كىشلەر كېيىن لاي قويۇپ بىناقىلغان زېمىننى ھەتتا كىشلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي، چارۋىلارنىڭ قوتانلىرىنى بىر يولىلا ئېقىتىپ كېتىدۇ. دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار بۇرۇنلا بۇ ئاساۋ دەرياغا، ئۇنىڭ تەلۋە كەلكۈنىگە ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن تىزگىن توقۇپ كەلگەنىدى. دەريانىڭ قەھرى ـ غەزىپى، شىددىتى قانچە ئاشقانسېرى خەلقنىڭ جاسارىتى ۋە پاراسىتىمۇ شۇنچە ئېشىپ، دەريانى ئۆزى ئۈچۈن رايىشلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرگەنىدى. يۇرت خەلقى قاچاندىن باشلىغان بولغىيتتىكىنتاڭ؟ ھەر يىلى دەريا سىرتىدىن ئىچكىرىسىگە قارىتىپ كاجۇ كولايتتى. ئۇنىڭغا سۆگەت، جىگدە، تېرەك كۆچەتلىرىنى، شاخ ـ شۇمبىلىرىنى ئارىماچ قىلىپ قوياتتى. سۈيى يىل بويى ئۆكسىمەيدىغان بۇ دەرياغا قويۇلغان ئارىماچلار نەم شىخىل ئىچىگە يىلتىز تارتىپ، ئۆزلۈكىدىن لايلىتىلىپ پۈتۈن يۇرتنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە كۆز يەتكۈسىز ئورمان بەلبېغىنى ھاسىل قىلغانىدى. بارا ـ بارا ئىچكىرىلەپ بېرىۋاتقان ئورمان بەلبېغى دەريانى ئاق تاغ تەرەپكە قىستاپ، ئۇنىڭغا راۋان ئاقىدىغان ئېقىن يولىنى ھازىرلاپ بېرىۋاتاتتى.

مەزگىل كۆز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىنى نىشانلاپ قالغانىدى. تېرەكلەر ۋە قارا سۆگەتلەر ئاللىبۇرۇنلا خازان تاشلاشنىڭ تەييارلىقىغا كىرگەن بولسىمۇ، تېخى سېرىق سۆگەتلەردىكى يوپۇرماقلار شاخلاردا ھاياتقا بولغان ئۈمىدىدىن تارالغان جۇلاسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇستۇنئاتۇشنىڭ تۇرۇپ سوۋۇپ، تۇرۇپ ئىللىپ قالىدىغان بۇ كۈنلەردىكى ھاۋاسى بوگۈن بۆلەكچىلا

ئىللىق ئىدى. ئاق تاغنىڭ ئۈستىدىكى قۇياش نۇرى خىلىلا سىلىكىپ قالغان، دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئىقىن تارتىپ ئىقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇزۇك سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپتتى. جامالىدىن بەشكېرەم خەلقىنىڭ بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ كانجىسى ئۈچۈن ئىقىۋاتقان سۇلاردىن يانغان نۇر تالالىرىغا زوقلىنىپ تىكىلدى. ئۇ شۇتاپتا ئۆزىنى شۇنچە خۇشال ھېس قىلاتتى. ئۇ دەريا بويىغا بىر ھەپتە بۇرۇن كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ئىگەمبەردى بىلەن كۆرۈشۈپ خېلى ئۇزۇن ھال - مۇڭ بولۇپ قايتقانىدى. جامالىدىن كۆزىنى دەريادىكى ئازغىنا سۇدىن ئىگەمبەردىنىڭ قورغان كۆلبېشى بىلەن بىر سىزىق ئۈستىگە چۈشىدىغان پېشايۋانلىق ئۆيىگە ئاغدۇردى. چۈنكى، ئەتىگەن ھەنىپە دوست خېنىم بىلەن چوڭ دادىسىنى يوقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دەريادىن ئورمان تىگەنلىرىنىڭ قىرى بىلەن مېڭىپ، ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان چىغىر يولغا چىقتى. شۇندىلا ئۇ دوست خېنىم بىلەن ھەنىپەنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بىر - بىرىدىن گۈزەل ئىككى قىز گويا جەننەت ئېرەمباغلىرىدا يۈرۈۋاتقان ھۆر - پەرىلەردەك، پانىيدىكى ئېرەمباغ چاقماق دەريا ۋادىسىدا ئۆزىگە قاراپ لەرزان قەدەملەر بىلەن يېقىنلاشماقتىدى. ئۇ قىزلارغا بىر ھازا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزىگە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ چېھىر - جامالى ئېنىق كۆرۈنۈپ، ئاياغ تىۋىشلىرى ئېنىق ئاڭلانغانسېرى ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى

قىزلارغا يەنە قاراۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ نەزىرىنى ئاق تاغ تەرەپكە ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنى يەڭگىل تۇتۇشقا تىرىشىپ، قەددىنى بىر قېتىم سىلكىدى. ۋۇجۇدىدىكى تەمكىنلىك، سالماقلىق، ئوغۇل باللىق تۇيغۇلىرىنى ئەقلىگە مۇجەسسەم قىلدى. ئۇ ئاشۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ پىكرى ئەتىگەندىلا چېچىلىپ كەتكەنىدى.

— ئۆزلىرىنى دەريا بويىغا تەكلىپ قىلىپ ئالدىلىرىغا كەلگەن بولسام، مەيلىلىرى بارمىكىن؟ — دېگەنىدى ھەنىپە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەندەك تەلمۈرۈپ.

— سىلى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بولسا، ياكى مەن دەريا بويىغا بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلسام ئەلۋەتتە بارىمەن، — دېگەنىدى جامالىدىنمۇ ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلىدە.

— ئەگەر بىراۋنىڭ سىلىنىڭ گۈزەل سۆھبەتلىرىگە تەقەززاسى كۈچلۈك بولغان بولسىچۇ؟ كۆڭۈل پىنھانلىرىدىكى سىرلارغا قىزىقىدىغان بىرەر قىزنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسىلىرىچۇ؟!

ھەنىپەنىڭ ھەم شەلپەردەك قىزىرىپ، ھەم سەھەر شامىلى تەۋرەتكەن گۈل ياپرىقىدەك تىترەپ ئېيتقان بۇ تەرەپبال سۆزى جامالىدىننى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان بولسىمۇ ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى:

— كىشىنىڭ باشقىلارغا ئېيتىشقا بولىدىغان سىرلىرىمۇ بولىدۇ، ئېيتمايدىغان سىرلىرىمۇ بولىدۇ. بىراۋلارغا ئېيتقاننى بىراۋلارغا ئېيتىشقا ئەسلا بولمايدۇ. ئەگەر كۆڭۈل پىنھانلىرىمدىكى سىرلىرىمنى ئېيتىشقا

لايىق ئادەم بولسا، ئۇنىڭدىن جېنىم ئايلانسۇن.
جامالىدىنىنىڭ كۆز ئالدىغا دوست خېنىمنىڭ سىيماسى كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانى يېنىك تەۋرەندى. ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلغان كىشى دوست خېنىم بولغان بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدى. ئەمما ھەنىپەنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزدى.
— سىلىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىغا قىزىقىدىغان كىشى ھازىر يانلىرىدا تۇرغان بولسىچۇ؟
— ئۆزى خالىمىغان ئادەمگە ئالدىراپ سىر ئېيتماق تەنتەكلىك، ئالدىراقسانلىق بولۇر، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان چىقۇر.
— ئەمما ئۇ كىشىنىڭ سىلىگە كۆڭۈل مەخپىيەتلىكىنى ھازىرلا ئاشكارا قىلغۇسى بار ئىدى.
— ئۇ كىشى كىم؟ سىلى ئەمەستۇ؟
— ئۇ كىشى مەن ئىدىم، دېسەم، ھەيران بولارلا ھەقىچان.
— ھەيران قالىمەن. قانداقسىگە مۇنداق بولىدۇ؟
— گەپلىرىدىن قارىغاندا، مەن سىلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەرزىمەيدىكەنمەن - دە؟ ئەگەر بۇ گەپلەرنى دوست خېنىم دېگەن بولسا، سىلىدە قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەن بولاتتى؟
ھەنىپە بۇ يەردە دوست خېنىمنىڭ ئىسمىنى نېمىشقا چىقارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئېھتىمال ئۇ جامالىدىنىنىڭ دوست خېنىمنى ياقتۇرىدىغان، ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىغاندۇ. جامالىدىن بولسا، دوست خېنىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا بۆلەكچە روھلانغانىدى. كونىلاردا «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم»

دېگەندەك گەپلەر بىكار ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. ئۇ كىچىچە دوست خېنىم بىلەن خىيالەن ئەسرار بولۇپ چىقتى. ئۇنى ئويلىغانسېرى ئۇنى يەنە بىر كۆرۈشكە بىتاقەت بولدى. ئۇنىڭ بىرەر قىز ھەققىدە قىزىقىشى، بىرەر قىزنى ئېلىش خىيالى يوق ئىدىغۇ؟ ئۇ قەشقەردە خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇيمەن دەپ، دادىسىنىڭ تويىنى قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپىدىن ياناپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىغۇ؟! مانا ئەمدى ئۇ تۇرۇپلا دوست خېنىمنى بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنى سېغىنىۋاتىدۇ. دەريا بويىغا تەكلىپ قىلىغان قىز دوست خېنىم بولغان بولسىچۇ دەپ ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ، ھەنىپەنىڭ «ئەگەر بۇ گەپلەرنى دوست خېنىم دېگەن بولسا، سىلىدە قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەن بولاتتى» دېگەن سوئالىدىن ئۆزىدە باشقىچە ھالەت بولۇۋاتىدۇ. بۇ گەپلەرنى راستتىنلا دوست خېنىم دېگەن بولسىچۇ. ئۇ ھالدا جامالىدىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ باققان بولاتتى. ئوغۇل ئۈچۈن ئاتا ئارزۇسى ئەمىر. دادىسىنىڭ ئارزۇسىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىدىمۇ، ئەيتاۋۇر مانا ئەمدى جامالىدىندا ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر تۇيغۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. يات بىر جىنىسقا ئىنتىلىش ھەۋىسى تېپىتىنچ كۆل سۈيىدەك قەلب بوشلۇقىنى چالغىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەنىپەنىڭ شۇنچە جاسارەتكە كېلىپ، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى ھېس قىلدۇرماقچى بولغىنى قىلچىمۇ تەسىر كۆرسەتەلمىدى. ئۇ يەنىلا دوست خېنىمنى خىيال قىلىۋاتقىنىغا قارىغاندا ئۇ راستتىنلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

ــ گەپ قىلمايدىلىغۇ، جامالىدىن ئاكا، ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا سىلىگە بۇ گەپلەرنى دوست خېنىم دېگەن بولسىچۇ؟

ــ ھە؟...ئۇنداق ئەمەس،ــ جامالىدىن كېكەچلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دېگىنىنىمۇ بىلمىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئاللىبۇرۇن دوست خېنىمنىڭ كۆڭۈل ئالىمىگە ئۇزاپ كەتكەنىدى. ھەنىپەنىڭ نە يىلىنىش، نە تەلمۇرۇش، نە ھەيرانلىقا ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ بىر نەزەر بىلەن تىكىلىشى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى،ــ نېمە؟ دەريا بويىغا ئىككىمىز يالغۇز بارساق قانداق بولىدۇ؟ بىرەرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالساق، خەق بىزنى خاتا چۈشىنىپ قالامدۇ؟ مېنىمۇ، سىلىنىمۇ ھاياسىزلىقتا ئەيىبلىمەمدۇ؟

ــ مەن ئۇ يەرگە ئۆزۈم يالغۇز بارمايمەن.

ــ كىم بىلەن بارىلا؟

ــ دوست خېنىم ئىككىمىز بارىمىز.

ــ دوست خېنىم بىلەن؟!

ــ خۇش بولۇپ كەتتىلىغۇ؟

ــ ياق...ياق...ئىككىلىرى بىللە بېرىشسىلا باراي. ئۇ چاغدا ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ.

ھەنىپە جامالىدىننىڭ دەريا بويىغا ئۆزىنى دەپمۇ ياكى دوست خېنىمنى دەپمۇ بېرىشقا ماقۇل بولغىنىنى بىلەلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ دەريا بويىغا بېرىشقا قوشۇلغانلىقىدىن خۇش بولدى. لېكىن كۆڭلى بىر ئەندىشىلىك خىيالدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ دەريا بويىدا قوشۇمچە ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشتىن قورقاتتى. چۈنكى دوست خېنىم تۈنۈگۈندىن بېرى جامالىدىننىڭ

گېپىنى تولا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى نەچچە ئون قېتىم تەكرار ـ تەكرار ئېيتقانىدى. ھەنىپە جامالىدىننى دوست خېنىم بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا ئۆزى ۋەدە قىلغان. تەنتەك قىز جامالىدىننىڭ ئالدىغا دوست خېنىمدىن بالدۇر بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىۋالارمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدى. ئۇغۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بېشارەت قىلىپ، جامالىدىننى چېكىپ باقتى. لېكىن جامالىدىن ھەنىپەگە ھېچ يېنىنى بېرىدىغاندەك ئەمەس.

ــ ئۇنداق بولسا، مەن قايتىۋەردىم جامالىدىن ئاكا، ــ دېگەنىدى ھەنىپە قايتىش ئالدىدا كۆزلىرىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ياش ئېلىپ، ــ چاشكا ۋاقتى بىلەن دەريا بويىدا، چوڭ دادامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانلىقتا كۆرۈشەيلى. ئەمما، سىلى بىلەن ئايرىم مۇڭداشقۇم بارلىقىنى يادىلىرىغا يەنە بىر سېلىپ قوياي.

مانا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى قىز يېقىنلاپ كەلمەكتە. بىر ـ بىرىدىن جەزبىدار، بىر ـ بىرىدىن خۇش پىچىم ئىككى قىز ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن باقماقتا.

جامالىدىن ئۇلارغا سالام بەردى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خېنىملار.

ــ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، جامالىدىن ئاكا، ــ دېيىشتى دوست خېنىم بىلەن ھەنىپە تەڭلا.

شۇ تاپتا يۈرەكلەردىكى شېرىن تەلپۈنۈشلەرنى ئاشكارا قىلغۇچى كۆزلەر خۇددى سېھىرلەنگەندەك، كۆڭۈللەردىكى تۇنجى سۆيگۈدىن ھاسىل بولغان ئىشتىياق، ئىنتىلىشلەرنى پىنھان تۇتماقچى بولغاندەك

ئۆزىنى ئۆزلىرى بىتاقەت ۋۇجۇدلاردىن ئېلىپ قاچاتتى.
سۆزمەن جامالىدىنىڭ بوغۇزىغا قوقاس تۇرۇپ قالغاندەك
تىلى كۆيۈپ، ئېغىرلاشتى. ئۇ سۆزلەشكە بىماجال ئىدى.
هازىر جاۋاب، شوخ كۇلكىسى، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن
قورغان كۆلىبىشىنى جاراڭشىتىۋېتىدىغان دوست خېنىممۇ
بىزۇۋان ئىدى. دەريا بويى، ياق پۈتۈن جاهان قېتىپ
قالغاندەك ئىدى. جامالىدىن دوست خېنىمغا گەپنى
ئەگىتىپ بولسىمۇ مەقسىتىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىدى.
دوست خېنىممۇ كېچىچە جامالىدىن ئاكىسىغا ئېيتماقچى
بولغان گەپلىرىنى خۇددى يىپقا مارجان تىزغاندەك
كۆڭلىگە تىزىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىككىلا جۇپ
لەۋلەر بىرخىل غەرەزسىز تەبەسسۇم ئىلكىدە مىدىر ـ
سىدىر قىلماي جىمجىت تۇراتتى.

ئاق تاغنىڭ ئۇستىگە قونۇۋالغان قۇياش زۇمرەتتەك
سۇزۇك زەڭگەر ئاسماندا يەردىكى ئورمانلىقتىكى
دەرەخلەرنىڭ، جامالىدىن، دوست خېنىم، ھەنىپەلەرنىڭ
سايىسىنى ئۆز ئورنىدىن بىلىندۇرمەي يۆتكەپ،
كۇنپېتىش تەرەپنى نىشانلاپ ئىلگىرىلەش ئارقىلىق،
دۇنيانىڭ قېتىپ قالمىغانلىقىنى، ھاياتلىقنىڭ يەنىلا ئۆز
رىتىمى بىلەن داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى جاكارلاۋاتقاندەك
ئىللىق تەبەسسۇم قىلاتتى. ۋاقىت جامالىدىنىڭ، دوست
خېنىمنىڭ تۈيغۇلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئۇلار
بىردىنلا گاھ ئاق تاغقا، گاھ دەريا ۋادىلىرىغا ئېلىپ
قېچىۋاتقان ئۇركۇگەك كۆزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ
بىر ـ بىرىگە ئاغدۇرۇشتى. ھەر ئىككى تەندىكى گۈپۈلدەپ
سوقۇۋاتقان يۈرەكلەر ئۆز رىتىمىنى ئاللىبۇرۇن
يوقاتقانىدى. بىرخىل كۈچلۈك ھاياجان ئۇلارنىڭ

چېھرىگىمۇ تېپىپ چىقتى. جامالىدىنىنىڭ چىرايىدىن قانلار قاچقان چېغى، ئۇنىڭ ئەسلىدىنىمۇ ئاق، سۇزۇك يۈزى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتتى. لەۋلىرى توختىماي بىرخىل يېقىملىق تەبەسسۇم تۆكۈپ تۇراتتى. دوست خېنىمنىڭ چىرايىغا شەلپەر رەڭگىدە قىزىللىق تەپكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى قىزىرىپ پىشقان سامسىغا، قۇلاقلىرىنىڭ كەينىنى چالا پىشقان گىلاس رەڭگىگە كىرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ لېۋى قانداقتۇر بىر شېرىن سۆزنى ئىزدەۋاتقاندەك توختىماي تىترەپ تۇراتتى. ۋاقىت پەرىشتىسى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنى شىۋىرلىدىكىنتاڭ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە چۆكۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سۆزلىمەكتىدى. جامالىدىنىنىڭ بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر، ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىشەنچكە تولغان، مەنالار يامراپ تۇرىدىغان ئوتلۇق، سىنچى كۆزلىرى، ھەربىر نىگاھىدا شەرم - ھايا، سۆيگۈ چاچرىتىدىغان سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن دوست خېنىمنىڭ ساداق دەستىسىدىكى ئوقنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر، دانە - دانە كىرپىكلىرى ئاستىدىكى ئاھۇنىڭكىدەك مەسۇم، قۇندۇزدەك قاپقارا، يۇلتۇزدەك چاقناق، بۇلاقتەك تىنىق، يوغان شەھلا كۆزلىرى بىر - بىرىگە كۆڭۈل سىرلىرىنى بايان ئەتمەكتىدى. كۆزلەردىن كۆزلەرگە ئۇلاشقان سۆيگۈ كارۋانلىرى كۆڭۈل بوستانلىرىدىكى مەنزىللەرگە يول سالماقتىدى. قەلبلەر تەكتىدە ئوت بولۇپ يېنىپ، يالقۇندەك لاۋۇلداۋاتقان ھاياجان بىر جۈپ تەننى تىترىتىپ، لەرزىگە كەلتۈرمەكتىدى. ئاھ، نېمىدېگەن شېرىن، نېمىدېگەن

لەززەتلىك دەملەر ـ ھە؟! ھەنىپە بىردە جامالىدىن ئاكىسىغا، بىردە دوست خېنىمغا قارايتتى، ئۇلارغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر ئازاب مۇجۇيتتى. ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، كۆز چاناقلىرىغا ياش يامراشقا ئالدىرايتتى. ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك كۆڭلى پاراكەندە بولاتتى. ئۇمۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە ئاشۇنداق بىر يېقىملىق نەزەر بىلەن قاراپ قويۇشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە؟! جامالىدىن ئاكىسى ھەنىپەنىڭ شۇ دەملەردىكى تەقەززالىقىنى، ئۆزىنى قانچىلىك ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن بولسىدى، كاشكى! دوست خېنىم بىلەن بىللە چوڭ بولۇپ، بىللە ئىلىم ئېلىپ، بىللە كۈلۈپ ھېچنېمىگە بىھاجەت ئۆسكەن ھەنىپە ئەمدىلىكتە ئۆزىنى شۇنچە بىچارە، شۇنچە غېرىب، شۇنچە يالغۇز ھېس قىلماقتىدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن دوست خېنىمغا ئۆچلۈك، ھەسەت، رەشك قىلىۋاتاتتى. دوست خېنىمنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە نارازى بولۇۋاتاتتى. ئاھ، خۇدا، ئۇ نېمىشقىمۇ دوست خېنىمغا جامالىدىن ئاكىسى بىلەن دەريا بويىدا ئۇچرىشىش تەكلىپىنى بەرگەن بولغىيتتى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنى دەريا بويىغا چاقىرغۇچە كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا دوست خېنىمدىن بالدۇرراق ھېس قىلدۇرۇۋالىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ماڭا نىسبەتەن يېقىنچىلىق بالدۇر ئويغىنىدۇ دەپ، خاتا ئويلاپ قالغانىدى. مانا، ئۇلار بىر ـ بىرىنى يەۋېتىشكىدەك تەقەززالىق بىلەن قاراشماقتا. ئۇلار ھەنىپەنىڭمۇ بۇ يەردە بارلىقىنى، ئۇنىڭمۇ بىر ئادەم

ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنىڭ بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كېتىشتى. ھەنىپە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، سۆيگۈ لەززىتى ئىچىدە بىللە ئۆتۈشكە يول قويسۇنمۇ؟ ئۆزىنىڭ جامالىدىن ئاكىسىغا بولغان سۆيگۈسىنى كۆڭۈل پىنھانلىرىغا ئەبەدىيلىك دەپنە قىلىۋەتسۇنمۇ؟! ئۇلارنىڭ خۇشلۇقى، بەختى، ۋىسالى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىپ مەڭگۈ ئازابلىنىپ ياشىسۇنمۇ؟! ھەنىپەنىڭ تاقىتى - تاق بولدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تاتلىق تەلمۈرۈشىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى.

— جامالىدىن ئاكا، — دېدى ئۇ جامالىدىننىڭ كۆزلىرىگە نازاكەت بىلەن تىكىلىپ، — بۇ يەردە بۇنداق جىمجىت تۇرۇۋەرمەي، ئاق تاغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەلمەيلىمۇ؟

ھەنىپەنىڭ گېپى بىلەن جامالىدىن ۋە دوست خېنىم چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى ۋە نەزەرىنى تەڭلا ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇشتى. ھەنىپەنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن بىرخىل نارازىلىق، سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى، چىرايىمۇ سۇلغۇن ئىدى.

— ھە...ھە... مەيلى، — دېدى جامالىدىن ۋە دوست خېنىمغا شۇنداق قىلامدۇق، دېگەندەك تەرىزدە قارىدى.

— ئۆتۈپ كەلسەك ئۆتۈپ كېلىلى، — دېدى دوست خېنىممۇ ھەنىپەگە تىكىلگەن كۆزلىرىنى جامالىدىنغا يۆتكەپ.

ئۇلار چىغىر يولدىن ئورمان تېگەنلىرىنىڭ قىرىغا چىقىپ، چاقماق دەرياسىغا چۈشتى. دەريادىن ئۆتۈپ ئاق تاغقا ئۇلاشقىلى بولاتتى. قەدەملىرىنىڭ يەڭگىل ھەرىكەتلىرى كۆڭۈللەردىكى قورۇنۇشنى تۈگىتىپ،

تىللارنىمۇ ھەرىكەتكە باشلىدى. دوست خېنىم بالدۇر ئېغىز ئاچتى.

— جامالىدىن ئاكا، بۇخارادىمۇ بىزنىڭ دىخالىلىغا، قورغان كۆلبېشىغا، چاقماق دەرياسىغا، ئاق تاغقا ئوخشايدىغان يەرلەر بارمۇ؟ — سورىدى دوست خېنىم دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى سۇپسۈزۈك ئېقىندىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغان يوغان تاشلارنى دەسسەپ، قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن.

— ئۇ يەردىمۇ يۇرتلار، دەريالار، ئورمانلار، تاغلار بار. ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، — جامالىدىن دوست خېنىمنىڭ تالدەك ئەۋرىشىم، زىلۋا قامىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي جاۋاب بەردى.

— ئۇ يەرنىڭ تاغلىرى بىزنىڭكىدىن گۈزەلمۇ؟

— گۈزەل يەرلىرىمۇ بار، ئەمما بىزنىڭ ئاق تاغ بۇنداق قېقىر، كۆرۈمسىز، كۆيۈك بولغىنى بىلەن مېھرىلىك، باغرى ئىللىق، كۆزگە يېقىشلىق.

— بىزنىڭ ئاق تاغ ھەققىدە قايسىبىر دانا بىر نەزمە پۈتكەن ئىكەنغۇ، سىلى بىلەملا؟

— بىلىمەن، بىزنىڭ قورغان كۆلبېشىدا ياشاپ ئۆتكەن زەيدىن ھاجىم دېگەن زات :

ئەجەب بىر تاغ ئىكەنلا،
كېيگەن تونلىرى مەللە.
سۆلەتلىرىگە باققاندا،
جاھان تۇتماپتىكەنلا.

دەپ نەزمە توقۇغانىكەن.

ـــ بۇ نەزمىدىن مەن قانداق مەنىنىڭ بارلىقىنى تىرەنلەپ بىلمەككە ئاجىز كەلدىم.

ـــ قارىسىلا، ـــ جامالىدىن ئاق تاغنى بېشىدىن ئايىغىغىچە قولى بىلەن دوست خېنىمغا ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى، ـــ بىزنىڭ بۇ ئاق تاغ بەشكېرەمنىڭ باش قىسمىدىن تاكى مايمۇنتاش، يەلقارىغىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغدا گىياھ ئۈنمەيدۇ. لېكىن بۇ تاغ تولىمۇ ھەيۋەتلىك، ئېگىز، سۈلەتلىك تاغ. ئەتىمالىم، بۇ زات نەزمىنى ئاق تاغنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى نەزەردە تۇتۇپ پۈتكەن بولغىيتتى.

ـــ گىياھ ئۈنمەيدۇ دېگەنلىرى نېمىسى؟ ـــ دوست خېنىم جامالىدىنىنىڭ سۆزلىرىگە تازا قايىل بولمىغاندەك ئۇنىڭغا ئىتتىك بۇرىلدى، ـــ چوڭ دادام بەزىدە بىزنىڭ چارۋىلارنى مالچىلارغا مۇشۇ تاغدا باقتۇرىدۇ. ئەگەر ئۈستىدە گىياھ ئۈنمىسە بىزنىڭ چارۋىلار ئۆلۈپ قالاتتى، بۇ تاغدا؟

ـــ ئاق تاغقا يامغۇر ـ يېشىن بولغان مەزگىللەردە ئانچە ـ مۇنچە شاپ، چاكاندا، بۆرە قوغۇنى دېگەندەك مال ـ چارۋىلارنىڭ ئېغىزىنى گوللىغىدەك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ قالىدۇ. ئەجەب ئادەمنىڭ تىلىدىن باغلىقۋېلىشقا ئۇستا ئىكەنلا. ئەسلىدە مەن سىلەرنىڭ ماللار يازىچە يايلايدىغان چاقىلاي تاغلىرىدىكىدەك قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئۈنمەيدۇ، دېمەكچىدىم، ـــ جامالىدىن ھۇپپىدە قىزاردى.

ـــ دادامدىن ئاڭلىسام، ـــ دېدى دوست خېنىم ئارىدىكى ئوڭايسىز كەيپىياتنى ئوڭشاپ، ـــ تاغ ئارقىسىدىكى تاغلاردا قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسەرمىش. ئۇ تاغلارنىڭ تەسكەي تەرەپلىرىدە باراقسان بولۇپ

ئاينىغان قارىغاي، ئارچىلار كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالارمىش. ئۇ يەرلەر جەننەتتەك گۈزەلمىش.

— ئاللاھتائالا زېمىننى ياراتقاندا، بىر يەرنى بىر يەرگە ئوخشىمايدىغان ئاشۇنداق سىر - مۆجىزاتلارغا، كارامەتلەرگە ئىگە قىلىپ ياراتقانىكەن. ئىنساننىڭ رىزقى - نېسىۋىسىنىمۇ ھەر يەر - ھەر يەرلەرگە چاچقانىكەن. بىزگىمۇ مۇشۇ ئاق تاغنى، ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى مۇنبەت زېمىننى، چاقماق دەرياسىنى ئىلتىپات ئەتكىنىگە مىڭ مەرتەم رەھمىتىمىزنى ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بىزگە ئىلتىپات قىلىنغان بۇ ئاق تاغ مۇشۇنداق بوز رەڭلىك، كۆيۈك تاغ بولغىنى بىلەن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئارتۇق تەرەپلىرى بار. بۇ تاغ مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك، مەغرۇرلۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېتىكىدىكى ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ دىلىغا غۇرۇر، ئېتىقاد، چىدامچانلىقنى، ۋۇجۇدىغا سۆيگۈ، ۋاپادارلىقنى، ئىككى بىلىكىگە ھېسابسىز كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ تاغ يىراق - يىراقلاردىكى ئوغلانلىرىنىڭ يادىغا ھەر نۆۋەت يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېغىنىش ئوتلىرىنى لاۋۇلدىتىدۇ. بۇ تاغنىڭ مېھرلىك ئاپتىپىغا قانغان كېلە، ئاق يەر يىلىنى، كىرپە، كەسلەنچۈكلەر تىبابەتتە كۈچلۈك يەل ھەيدىگۈچى بولۇپ، تالاي نىمجان، ئاغرىق، بىتاپلارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولىدۇ. سىلى ئاق تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باققانمۇ؟

— تالاي نۆۋەت چىققاندىمەن.

— ئەمما ماڭا بۇ ئانا تاغقا سىلىگە ئوخشاش كۆپلەپ چىقىش پۇرسەتلىرى نېسىپ بولمىدى - دە.

— سىلى ئاق تاغقا جىق چىققىنىغان بىلەن، بۇ تاغنى

ماڭا قارىغاندا جىق بىلىدىكەنلا.

— كىشىگە ئۆز ئىلىنىڭ قەدرى ئۆزگە يۇرتتا تېخىمۇ ئۆتۈلىدىكەن. ئۆزگە ئەلدە ئۇز يۇرتىنى تېخىمۇ سېغىنىدىكەن. ئۆز يۇرتىنى ياد ئەتكەندە، ئۇنىڭ مېھرىگە تېخىمۇ بىتاقەت بولىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن كىشى ئۆز يۇرتى ھەققىدىكى ھېكايەت، پۇتۇكلەرگە تولىمۇ قىزىقىدىكەن.

ئۇلار سۆھبەتلەر بىلەن ئاق تاغنىڭ تەسكەي ئېتىكىگە يېتىپ كېلىشتى. ھەنىپە جامالىدىن بىلەن دوست خېنىمنىڭ بىر - بىرى بىلەن قىلىشىۋاتقان ئاق تاغ ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتتە ئۇلارنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئىچىدە بىئارام بولۇۋاتاتتى. جامالىدىننىڭ گەپ ئارىسىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ دوست خېنىمنىڭ كۆزلىرىگە ئوتلۇق تىكىلىپ قويۇشلىرىدىن، دوست خېنىمنىڭمۇ كۈلكىسىنى يوشۇرالماي قىلىۋاتقان چېھرىنىڭ ئوت ئېلىشلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ پۇرسەت تاپسىلا جامالىدىن ئاكىسىغا ئوغرىلىقچە قارىۋېلىشلىرىدىن ئاچچىق يۇتۇپ قىلىۋاتاتتى. جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە بۇ يەردە يوقتەك ئاززاقمۇ سۆزلەش پۇرسىتى بېرىپ قويمىغانلىقى ئۈستىگە نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىغىنىدىن ئىچى پۇشۇۋاتاتتى.

— جامالىدىن ئاكا، سىلى بۇخارا ئالىي مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە ھەر خىل ئىلىملەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئالغان ئىكەنلا، يەنە گۈزەل نەزمىلەرنى پۈتۈپ ھەمساۋاق تالىپلار ئارىسىدا ھۆرمەت - ئابرۇيغا ئىگە بولۇپتىكەنلا - ھە؟ — ھەنىپە جامالىدىنغا

كۆزلىرىنى كۈلدۈرۈپ تۇرۇپ، باشقىچە يېقىنچىلىق نەزىرىدە باقتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ھېلىمۇ جامالىدىن ئاكىسىغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى، — ئاق تاغ ھەققىدە مۇشۇ يەردىلا بىرقانچە بېيىت نەزمە توقۇپ بەرگەن بولسىلىرى، سىلىنىڭ ئىستىداتلىرىدىن بىزمۇ ئاز - تولا بەھرىلىنىپ قالاتتۇق.

— ئاشۇرۇۋەتتىله، ئاشۇرۇۋەتتىله، — جامالىدىنىنىڭ ھەمشىرىگە يۈزلەنگەن چىرايىغا خىجىللىق تەپتى، — مەندە نەدىمۇ ئۇنچە ئىستىدات بولسۇن؟ ناھايىتى شۇ ئانا يۇرتۇمنى سېغىنغان، خىيال قىلغان چاغلىرىمدا ئانچە - مۇنچە نەزمىلەرنى قېتىپ باققانىدىم.

— ئاق تاغنى ياخشى كۆرىدىكەنلا - ھە، جامالىدىن ئاكا؟ — دوست خېنىم تۇرۇپلا جامالىدىن ئاكىسىدىن شۇنداق سوراپ قالدى.

— شۇنداق، مەن ئاق تاغنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن، ئاق تاغنى بەلگە قىلغان يۇرتۇمنى، ئۇنىڭ ھەربىر تال دەل - دەرەخ، تاش - تۇپرىقىنى ئەزىز بىلىمەن. سەۋەبكى، بۇ ماكانغا مېنىڭ كىندىك قېنىم تامغان. مەن مۇشۇ يۇرتنىڭ، مۇشۇ ئاق تاغنىڭ بالىسى. بۇ يەر مېنىڭ ۋەتىنىم. مەن يۇرتۇمدىن، ۋەتىنىمدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمەن. رەسۇلۇللامۇ «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەنىكەن.

— ئۇنداق بولسا، — دوست خېنىم ھەمشىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — ھەمشىرە ئېيتقاندەك، بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاق تاغ ھەققىدە بىرقانچە بېيىت توقۇپ

بەرسىلە. سىلىنىڭ نەزمىلىرىنىڭ پاساھەتىدىن دىلىمىز سۆيۈنۈپ قالسۇن.

— نەزمىنى قاملاشتۇرۇپ توقۇيالمىسام، ئىككىلىرىنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — جامالىدىن ئوڭايسىز بىر كەيپىياتتا كۈلۈمسىرىدى.

— ھەنىپە ئىككىمىز ئۇستازىمىز ئىمانەم بۇۋىمىدىن سىلىنىڭ بۇخارادا شۆھرەت قازىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئىمانەم بۇۋىم يەنە سىلىنىڭ شېئىرىي ئىستېداتلىرى خۇسۇستىمۇ تالاي قېتىم سۆزلەپ بەرگەن.

— قورغان كۆلبېشىدىكى چوڭلارنىڭمۇ سىلىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەنلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدۇق، — ھەنىپەمۇ گەپ ئارىلىدى، — سىلى چوڭ ئوقۇغان، كۆپ يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، شېئىردىنمۇ تالاي ساۋاقلارنى ئالغان تۇرۇپ ئۇنداق دېسىلە، ئىككىمىزنى كۆزگە ئىلمىدى دەپ قالىمىز، جۇمۇ؟

ھەنىپە يەڭگىل كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە دوست خېنىممۇ قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن جامالىدىن ئاكىسىغا بولغان ئۇمىدى، ئىشەنچى تۆكۈلگەندەك بولدى.

جامالىدىن چاقماق دەرياسىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، ئانا دەريانى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاق تاغقا تىكىلدى. باغرى تالاي يىل مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا بىتاقەت بولۇپ چۆل ـ باياۋانلاردىن ئاشقان ئاشىقنىڭ لەۋلىرىدەك تىلىم ـ تىلىم يېرىلغان ئاق تاغ ۋىسال شەربىتىگە تەشنا يۈرەكتەك ھارارەت

قوچاقلاپ، ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر قارىسا ئۇ خاھ ئۇستۇنىئاتۇشنىڭ بىلگە چىڭ ئورالغان بوز رەڭلىك پوتىغا، خاھ ئەسىرلەردىن بېرى جىمجىتلىق ئىچىدە نەپەسلىنىپ ياتقان بۇ ئانا دىيارنىڭ ئىسسىق ياستۇقىغا ئوخشايتتى.

جامالىدىننىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. كۆزلىرى ئاق تاغقا قادالدى. تەپەككۇر تولپارى گۈزەل تۇيغۇلار دالاسىدا چاپچىيتتى. ئىككى قىز ئۇنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇر ئالىمىدىكى ھالىتىنى تاماشا قىلماقتىدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇنىڭ باياتىن بېرى نېمىنىدۇر پىچىرلاۋاتقاندەك تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى مىدىرلاپ، تىلى ھەرىكەتكە كەلدى:

ئىلاھا قۇدرىتىڭ ئاق تاغ لىبۇس ئاتەشتە خاك ئەتتى،
ھىجىرىنىڭ دەرد - ئازابىدا سىنە - باغرىنى چاك ئەتتى.
قاچان كۆردۈم قېشى بەرگى قىياق، گۈل يۈز نىگارىمنى،
بۇ تاغ باغرىدىكى ئاتەش دىلىمغا ئىشتىراك ئەتتى.

نەزمە ئالدىرىماي، كۈچلۈك ئىنتوناتسىيەدە دېكلاماتسىيە قىلىندى. نەزمە ئاخىرلىشىشى بىلەن دوست خېنىمنىڭ يۈزى شېخىدىن ئەمدىلا ئۈزۈلگەن تاتلىق ئانار پوستىنىڭ رەڭگىدە قىزاردى. جامالىدىن نەزمىنىڭ دوست خېنىمدىكى تەسىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىۋىدى، دوست خېنىم ئاجايىپ تاتلىق بىر تەبەسسۇم بىلەن يەرگە باقتى. بۇ ھالدىن ھەنىپەنىڭ يۈرىكى بىراۋ ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ سىققان ئاناردەك مۇجۇلدى، ئاغرىدى. ئۇنىڭ جامالىدىن ئاكىسىغا

ئاچچىقى كەلدى. ھەنىپەنىڭ قاشلىرى توم، ئەمما تۈزرەك، دوست خېنىمنىڭ قاشلىرى ئىنچىكە ئەمما ھىلال ئايدەك ئەگمە ئىدى. نەزمىدە جامالىدىن ئاكىسى دوست خېنىمنىڭ ھىلال ئايدەك ئەگمە قېشىنى بەرگى قىياق دەپ تىلغا ئالغانىدى. ھەم نەزمىنى دېكلاماتسىيە قىلغان چاغدا ئۇ دوست خېنىمدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى. ھەنىپە «بىرئاز كەڭ قورساق بولايچۇ» دەپمۇ ئويلىدى. ئەمما كۆڭلىدىكى سۆيگۈ تەلپۈنۈشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىغەشلاش روھىنى ئىككى يالماپلا يۇتۇۋەتتى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسىغا دارىتىملىدى.

ــ نەزمىلىرىڭىزدىكى دىللىرىغا ئاتەش ئىشتىراك ئەتكۈزگەن قېشى بەرگى قىياق، گۈلىيۈز نىگارنى بىلىش مۇمكىن بولۇرمۇ؟

جامالىدىن ئەسلىدە ئاق تاغ ھەققىدىلا نەزمە پۈتمەكچى ئىدى. لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر بۇ نەزمىسىدە ئاق تاغنىڭ كۆيۈك تاغ بولۇشتەك خاسلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈپ تۇرىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۆزگىچىلىكىنى بىرىنى بىرلا كۆرۈپ كۆيۈپ قالغانلىقىغا ئىشارە قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى. شۇڭا ئۇ نەزمىسىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆزىمۇ قىزىرىپ كەتتى ۋە ھەنىپەنىڭ سوئالىدىن دەرمەھەل گاڭگىرىدى. شۇندىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن تاسادىپىي كەلگەن بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمىدى. ئۇ ھەنىپەنىڭ سۆزلىرىگە سۆز قايتۇرۇش ئارقىلىق گەپنى دوست خېنىمغا پۇراتتى.

ــ كۆڭۈل مەيلىمگە ھەم سۆيگۈ ئىشتىياقىمغا سەۋەبكار ئول قاشلىرى بەرگى قىياق، گۈلىيۈز نىگار

مېنىڭ دىل رايىمنى مەقبۇل كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭمۇ ماڭا ئېيتار سۆزلىرى بار دەپ ئويلايمەن.

ــ گەپلىرىنى ئوچۇقراق دېگەن بولسىلىرى، ــ ھەنىپە ئىلىمان بىر نەزەر، ئىلىمان بىر ئاۋاز بىلەن جامالىدىننىڭ يەرگە بېقىپ تۇرغان دوست خېنىمغا تەلمۈرۈۋاتقان نەزىرىنى مەجبۇرەن ئۆزىگە قاراتتى، ــ ئول نىگار بۇ يەردە بولمىغان بولسا، بۇ نەزمىلىرىنى بىزگە ئوقۇپ بەرمىگەن بولاتتىلە. ئول نىگار مۇشۇ يەردە بار، شۇنداقمۇ؟!

ھەنىپە جامالىدىن ئاكىسىنى قىستاقتا ئالدى. ئۇ نەزمىدىكى نىگارنىڭ دوست خېنىم ئىكەنلىكىگە ئالللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىپ بولغان بولسىمۇ، يەنە «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەندەك، ئۇ جامالىدىننىڭ «ئول نىگار سىلى ھەنىپە بولىدىلا» دەپ قېلىشىنى تەمە قىلماقتىدى. بېشىغا ئويلىمىغان يەردىن بەخت قۇشىنىڭ قونۇپ قېلىشىنى، قەلبىنى مالىمان قىلغان بۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ بۇ مالىمانچىلىقتا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلماقتىدى. جامالىدىن بولسا، خۇددى ئۆزىگە ھەنىپە ھېچنېمە دېمىگەندەك ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە يەڭگىل قەدەملەر بىلەن دوست خېنىمغا ئىككى قەدەم يېقىنلاشتى. دوست خېنىم گەرچە شۇ تاپتا ئول نىگارنىڭ ئۆزى بولۇپ قېلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلسىمۇ، جامالىدىن ئاكىسىدىن ئىككى قەدەم يىراقلىشىش ئارقىلىق، ئۆزىنى شەرم ـ ھايا بوستانىغا پىنھان قىلماقچى بولغاندەك قىلدى. جامالىدىن تىترەپ تۇرغان ھاياجانلىق لەۋلىرى بىلەن دوست خېنىمغا ئېغىز ئاچتى.

ــ ئىززەت ئىكرامىمدىكى ۋە سۆيگۈ گۈلزارىمدىكى يىگانە گۈل دوست خېنىمنىڭ نەزمەمدىكى نىگارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئەتسەم، بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نىمە دەيدىغانلىقلىرىنى بىلىشكە تولىمۇ بىتاقەتمەن.

جامالدىنىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەنىپەنىڭ چىرايى قارا يامغۇر ئالدىدىكى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلدى. مېڭىسىدىن كىرگەن سوغۇق بىر سىزىم باغرىنى پىچاق بىسىدەك تىلغاپ ئۆتۈپ، تاپىنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى، ياق، پۇتۇن بەدىنى كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى سوققان تەنھا يىكەندەك تىترەپ كەتتى. ئوغىدەك بىر ئاچچىق بوغۇزىغا قاپلىشىپ، پاڭگىدە يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. دوست خېنىم دوپپىسىنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ كېيىۋالغان گىجىم رومىلىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزلىرىنى يوشۇردى. نازاكەت بىلەن كەينىگە قايرىلىپ، بېشىنى تۆۋەن ئەگدى. ۋۇجۇدى ساپ، تازا سەھەر شامىلى ئەركىلىتىپ ئۆتكەن چوغلۇقتەك يېنىك تەۋرىدى. بىر جۈپ شەھلا كۆزىنىڭ چاناقلىرىدا ئەتىگەندىكى كۈن نۇرى جۇلالاتقان گۈل بەرگىدىكى شەبنەم دانىچىسىدەك ياش تامچىسى پەيدا بولدى. قەلبى بىر خىل شېرىن خىجالەت ئوتىدا كۆيگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ھالەتكە بەرداشلىق بېرەلمىدى. توۋا، كىچىكچە يۈرىكىنى تەقەززا قىلغان بىر كۆرۈشمەككە زار ئەتكەن جامالدىن ئاكىسى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇناسىپ سۆيگۈ ئىزھارىنى بىلدۈرۈپ تۇرسا، ئەجەبا، ئۇ يۈزىنى پىنھان تۇتۇپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىشقا بىماجال بولۇپ قالدىغۇ؟!

دوست خېنىم ئارقىسىغا شۇنداق تېز ئۆرۈلدى ــ دە،

يەردىن بېشىنى ئۆرە قىلماستىن، كېلىپ ھەنىپەنىڭ قولىنى تارتتى.

ــ يۈرسىلە ھەنىپە، بىز كېتەيلى. كەچ بولۇپ كەتتى، كېتەيلى.

ئۇ ھەنىپەنىڭ قولىدىن سۆرەپ يۈگۈردى. ئاچچىق يۇتۇپ، بۇ يەردە ئۆزىنى ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىپ تۇرغان ھەنىپەمۇ دوست خېنىم بىلەن بىللە يۈگۈردى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ شۇ قەدەر تېز يۈگۈرۈشتىكى، ئاياغلىرى تەگكەن ئۇششاق تاشلار ئورنىدىن چاچراپ، دەريادىكى تاش ـ شېغىللارغا ئۇرۇلۇپ، «تاراس ـ تۇرۇس» ئاۋازلارنى چىقىراتتى. بۇ ئاۋازلارنىڭ تاغدىن ياندۇرغان ئەكس ساداسى جامالىدىننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بايا تاشلارنى دەسسەپ ئۆتكەن ئېقىندىنمۇ سۇنى كېچىپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، قورغان كۆلىبېشىنى نىشانلاپ ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئىككى جاندا بىر ئوت

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن جالالىدىن، ئائىمچىخان ئەر ـ خوتۇن ئەمدىلا ھۇجرىسىغا مېڭىۋاتقان ئوغلى جامالىدىننى توختاتتى.

ــ توختاپتۇرغىن ئوغلۇم، سەن بىلەن دېيىشمىدىغان گەپ بار، ــ دېدى جالالىدىن ئوغلىغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، ــ كەلگىن، بۇ يەردە بىر دەم ئولتۇرغىن.

جامالىدىن دادىسىنىڭ قېشىدىكى ئوغلاق تېرىسىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئورۇن ئالدى. ئائىمچىخان پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرۇپ، غۇۋا يورۇپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئوغلىنىڭ مىسكىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى ۋە كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ دېدى.

ــ كەچتە غىزاغىمۇ تازا ئىشتىھالىرى تارتمىدى، رەڭگىلىرىمۇ سۇلغۇن كۆرۈنىدۇ، بىتاپ بولۇپ قالمىغانلا، ئوغلۇم؟

ــ ياق، مەن شۇنچە ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئانا، ــ جامالىدىن ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئانىسىغا بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ شۇنداق دېدى.

ــ تاۋىلىرى بولمىسا، دېسىلە. بولمىسا قورغان كۆلبىشىغا بېرىپ تېۋىپقا كۆرۈنۈپ باقسىلىمۇ بولىدۇ.

ــ تاۋىم بولمىسا مىزاجىمنى ئۆزۈم دورا قىلىپ

تەشۋىشلىنىدۇ ئانا، سىلى خاتىرجەم بولسىلا. كۆزلىرىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايمەن، — جامالىدىن ئانىسىغا ئۆزىگە ئۆزى دورا قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزدى.

— شۇنى دەيمىنا، — ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك قىلىسىمۇ يەنە قوشۇپ قويدى، — ئادەتتە ئۇزۇپ تاشلاپ ئەتكەن ئېشىمدىن ئىككى ئاياق ئىچەتتىلە، بۈگۈن ئاران بىر ئاياق ئىچتىلە.

— ياقا يۇرتتا ئۇزاق تۇرۇپ سىلى ئەتكەن تائاملارنى سېغىنىپ كېتىپتىكەنمەن، شۇڭا باشتا تويماي يېدىم، تېبابەتتە كەچتە تائامنى ئاز يېمەكلىكنى قەيت قىلىدۇ. ئىلىمدىمۇ قورساق تويغاندىكىن يەنە يېگەن تائامنى مەكرۇھ، دەپ قارايدۇ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئوغلۇم؟ — دېدى جالالىدىن ئوغلىنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران بولۇپ، خوتۇنىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىپ، — قورساق قانچە تويسا شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ، ئادەم تائامنى قانچىكى كۆپ يېسە، شۇنچىكى كۈچلۈك، باتۇر، پالۋان بولمامدۇ؟!

جامالىدىن دادىسىنىڭ گېپىنىڭ جاۋابى ئۈچۈن كۈلۈپلا قويدى. جالالىدىن ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ يەنە سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

— خوش، ئوغلۇم، ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، يۇرتقا كۈندىن - كۈنگە سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ساڭا دېگەن گەپنىڭ جاۋابىنى ھېچ بىرەي دېمەيسەنغۇ؟

جامالىدىن دادىسىنىڭ بۈگۈن كەچتە ئۆزىنى سۆھبەتكە ئېلىپ قالغىنىدىن ھېلىقى كۈنى دېگەن گېپىنىڭ سۈرۈشتۈرسىنى قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلغانىدى.

شۇ ھامان ئۇنىڭ يادىغا دوست خېنىم كەلدى. ئۇ باشتا ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىرقانچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋالسا، قىش كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توي پەسلى ئاخىرلىشىدۇ. ھازىرچە خانلىق مەدرىسەگە بېرىپ تۇراي، باشقا گەپلەرنى كېلەر يىلى دېيىشەرمىز دەپ، قەشقەرگە كېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ دادىسىنىڭ گېپىگە ماقۇل دېمەكچى بولدى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ دوست خېنىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيتتى. ئۇنى ئەمرىگە ئېلىپ، قەلب چاڭقاقلىقىنى ۋىسال شەربىتى بىلەن قاندۇرالايتتى.

ــ ئويلاندىم، دادا، ــ دېدى جامالىدىن دادىسىغا ئۆرە قارىماستىن، ــ سىلى دېگەندەك قىلسام بولغۇدەك.

ــ مانا ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ. ئوغۇل بالا دېگەن ھەر ئىشنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە قىلسا بەلەن بولىدۇ.

جالالىدىنىنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق قۇچتى. ئۇ خۇشلۇقىنى باسالماستىن خوتۇنىغا باقتى. ئاغىچىخانىمۇ ئېرىنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ــ ئەجەب بىر ئوبدان گەپ بولدى، ئەمدى مەن ئەتىدىن باشلاپ توينىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىۋېرەي، يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ كويىغا چۈشەي.

ــ ئوغلۇم، بىرەر قىزنى ئالاي دەپ كۆڭلۈڭگە پۈكتۈڭمۇ ياكى لايىقىڭنى مەن تاللاپ بېرەمدىمەن؟ ــ دادىسىنىڭ تەرەپبال سورىغان سوئالىدىن جامالىدىنىنىڭ قەلبىنى خىجالەت ئوتى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ يۈزىنى يانغا بۇرىۋالدى، ــ بۇنى دېمىسەڭ بولمايدۇ. مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ تۇرساق ۋاقىت سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

جامالىدىن دادىسىغا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ دوست خېنىمغا ئىغىز ئېچىپ قويغىنى بىلەن دوست خېنىم ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز سۆز بەرمەستىن ئۇركۈگەك جەرەندەك ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتكەندى. ئەمما جامالىدىن دوست خېنىمنىڭ ھامان سۆزىگە سۆز قايتۇرىدىغانلىقىغا، سۆيگۈ ئىزھارىغا ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قانداقلا بولمىسۇن تېخى ئۇ جامالىدىنغا بىرنەرسە دېمىگەندى. بۇ يۇرتتا توي ئىشىدا پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئانچە تەشەببۇسكار بولۇپ كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرسا خاتا بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

ــ دادىسى، ــ دېدى ئاغىچىخان ئېرىگە كۈلۈپ، ــ ئوغلىمىزنىڭ كۆڭلىدىمۇ بىرەر ئوي باردۇ. بالىنى ئالدىراتمىسىلا، بىر ـ ئىككى كۈندە بىزنى خۇش قىلغۇدەك بىرەر لايىقتىن بېشارەت بېرىپمۇ قالار.

ــ ھە ماقۇل، ماقۇل، ــ دېدى جالالىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ، ــ شۇنداق بولۇپمۇ قالار، ــ ئۇ يەنە خوتۇنىغا بۇرۇلدى، ــ ئۇ لايىقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىز بىلمىز. مەيلى كىمنى دېسۇن، ئاللاھ خالىسا، ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەر دېسىمۇ ئېلىپ بېرىمەن.

جامالىدىن ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، «توۋا، دادام قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ ئەگەر ئۇ دوست خېنىمنى بىلمىگەن بولسا، ‹ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەر دېسىمۇ ئېلىپ بېرىمەن› دېمەس بولغىيتتى» دەپ ئويلىدى. ئەمما جالالىدىننىڭ «بىز بىلمىز» دەۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە دوست خېنىم بولماستىن، ھەنىپە ئىدى.

جامالىددىن ھۇجرىسىدا يوتقانغا كىرىپ، ئۇخلىماقچى بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يادىغا يەنە دوست خېنىمنىڭ نازىلىق كۈلۈمسىرىشى، ئوتلۇق، شەھلا كۆزلىرى، بىردە مەغرۇر، بىردە تارتىنچاق قىياپىتى، كىيىكتەك ئۈركۈپ قېچىۋاتقان ھالىتى كېلىۋالدى.
«ئەتىلا نەدىن بولمىسۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ماقۇللۇقىنى ئالمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

جامالىددىن سۆيگۈ تەشنالىقىنىڭ بىدارلىقىدا كىرپىك قاقالماي تۈن تەڭگە ئۇلاشقان مۇشۇ دەملەردە دوست خېنىم بىلەن ھەنىپەنىڭ ھۇجرىسىدا شامدانىدىكى شام تېخى ئۆچمىگەن، كاڭغا يانمۇ يان سېلىنغان ئىككى يوتقاندىكى ئىككى قىز دوست خېنىم بىلەن ھەنىپەلەرمۇ قىزىل شايى تاۋاردىن ئېتىلگەن يوتقان ئىچىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ھېسسىياتتا بىئارام بولۇپ، بىردەم ئۇيان ئۆرىلىشىپ، بىردەم بۇيان ئۆرىلىشىپ تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى. دوست خېنىم يوتقاندىن ئازراق سۇغۇرۇلۇپ، سامان تەكىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان پەي ياستۇقتا يۆلەندى ۋە يوتقاننى كۆكرىكىگىچە چۈشۈردى. يېنىدىكى ھەنىپەگە قارىدى. ئۇ ھەنىپەنىڭمۇ ئۇخلىمىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

— تېخى ئۇخلىمىغان ئوخشىمامىلا، ھەنىپە؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— بىر ئۇخلاپ ئويغىنىپتىمەن، — ھەنىپە ئۆزىنىڭ ھېلىغىچە ئۇخلىمىغىنىنى يوشۇردى، — سىلىمۇ ئويغىنىپ كېتىپلا ـ دە؟

— ياق، زىنھار ئۇخلىيالمىدىم.

ــ نېمىگە ئەمدى؟
ــ جامالىدىن ئاكام كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ.
ــ نېمە؟ ــ ھەنىپەمۇ ياستۇقتا يۆلەندى.
ــ ھەيران بولۇۋاتامىلا؟
ــ ھەيران بولۇۋاتىمەن، بىر قىزنىڭ بىر يىگىتنى خىيال ئېتىپ، تاڭنى بىدار ئاتقۇزۇۋاتقىنىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن.
ــ ئۇنىڭ ئاق تاغدىكى نەزمىسى ھېلىھەممۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولۇۋاتىدۇ، ــ دوست خېنىم چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.
ــ ئاشۇ نەزمە سىلىنى ئۇخلاتمايۋاتامدۇ؟ ــ ھەنىپە مىيىقىدا سۈس كۈلدى.
ــ سىلىچە جامالىدىن ئاكامنىڭ نەزمىسى بەلەن تۈزۈلمەپتىمۇ؟
ــ ياق، مەن نەزمىنى بەلەن تۈزۈلمەپتۇ، دېمىدىم. مەنمۇ ئۇنىڭ نەزمىسىنى ئۆزۈنچە خىيال قىلدىم. ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ توقۇدى دېسە، جامالىدىن ئاكام نەزمە توقۇشقا راستىنلا ئۇستا ئىكەن. ئاق تاغنىلا قوشامدىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئۇ توقۇغان بېيىتنى بىلەن سۆيگۈسىنىمۇ ئىزھار قىلىۋالدى ئەمەسمۇ؟ ئاڭلىغان ۋاقتىمدا شۇنداق يارىغان، ئەمما ئېسىمدە قالماپتۇ، ــ ھەنىپە ئېسىمدە قالماپتۇ دەپ يالغان ئېيتتى. ئۇمۇ تۈن تەڭگىچە نەزمىنىڭ ھەربىر مىسرا، سۆزلىرىگىچە تەھلىل قىلىپ، ئۇ نەزمىنىڭ ئۆزىگە توقۇلمىغانلىقىدىن ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ياتقىنى، كۆزلىرىنى قىزارتىۋەتكەن ئاچچىق ياش

ياستۇقىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

دوست خېنىم بېيىتنى بوش ئاۋازدا يەڭگىل ئوقۇدى:

ئىلاھا قۇدرىتىڭ ئاق تاغ لېۋىن ئاتەشتە خاك ئەتتى،
ھېجرىنىڭ دەرد ـ ئازابىدا سىنە ـ باغرىنى چاك ئەتتى.
قاچان كۆردۈم قېشى بەرگى قىياق، گۈل يۈز نىگارىمنى،
بۇ تاغ باغرىدىكى ئاتەش دىلىمغا ئىشتىراك ئەتتى.

ــ بۇ بېيىتنى ئەجەب ئاسانلا يادىلىرىدا قالدۇرۇۋاپلا ھە؟ ــ ھەنىپە ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ، ئاۋازى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ چىقاتتى ھەم ئاۋازىدا تەئەددىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

ــ بۇ نەزمە ئاق تاغدىلا يادىمدا قالغان. ھازىرغىچە ئۇنى ئىچىمدە تالاي ئوقۇپ چىقاندىمەن. ئۇنى يەنە ئوقۇغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مېنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىغا خۇش بولۇۋاتىمەن. قەلبىمدىكى كۆيۈك ئوتى توختىماي لاۋۇلداپ، ئۇلغىيىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئازاب ئىچىدە ئاجايىپ شېرىن بىر تۇيغۇنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

ــ كۆڭۈللىرىنىڭ تېزگىنىنى مەھكەم تۇتسىلا، دوست خېنىم! ــ ھەنىپە دوست خېنىم تەرەپكە بۇرۇلدى، ياستۇققا جەينىكىنى تىرەپ سەل ئۆرە بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلغانىدى. ئۇ دوست خېنىمغا جامالىدىن ئاكىسىنى ئۆزىنىڭمۇ ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى. لېكىن دوست خېنىمنىڭ جامالىدىن ئاكىسىنى بۇنچە تېز ھەم بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى قوبۇلمۇ قىلالمايتتى. ئۆزىنىڭ بىر ئەمچەكنى ئىمىپ، بىللە چوڭ بولغان سىرداش

ئادەمنىڭ، ئەڭ يېقىن كىشىسىنىڭ بەختىگە ئىچى تارلىق قىلىشقا باشلىدى، — سىلى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمدىلا؟ ئۇنى مۇتلەق ياخشى ئادەم دەپ ئويلامدىلا؟ بۇ دۇنيادىكى ئەقىدىلىك، ۋاپادار جۈرەم بولالايدۇ دەپ قارامدىلا؟! كۆڭۈل دېگەن بىر اۋغا ئاشۇنداق تېزلا تايشۇرۇۋېتىدىغان قەدىرسىز نەرسىمۇ؟! قارىسام، ھەدەپ ئۆلۈغ - كىچىك تىنىدىلا، ئاھ ئۇرىدىلا، ھەسرەت چېكىدىلا، ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ خىيال سۈرىدىلا، جانلىرىنى قىينايدىلا. كېيىن جامالىدىن ئاكام سىلى ئويلىغاندەك ئادەم بولماي قالسا، پۇشايمان يەپ قالامدىلا؟! سىلىمۇ ئوبدان بىلىدىلا، ئۇ بۇخارادىكى ئوقۇشىنى يېرىم يولدا قويۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگىنى سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ قاراڭغۇ. بۇ يىل ئەتىيازدا قورغان كۆلبېشىغا پۇر كەتكەن گەپلەرنى سىلىمۇ ئاڭلىغان. بارلىق يۇرت ئەھلى: «جامالىدىن ئۆزىگە ساۋاق بېرىۋاتقان مۇدەررىسنىڭ قىزىنى بوزەك قىلىپتۇ، مۇدەررىسنىڭ تاماق يەيدىغان ئالتۇن قاچىسىنى ئوغرىلىۋاپتۇ، مۇدەررىس ئۇنى مەدرىسەدىن قوغلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇخارا كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.» دەپ يۈرگەنغۇ؟! دېمىسىمۇ خەقنىڭ يۇرتىدا نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى كىم بىلىدۇ؟! ھەر ھالدا ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن بىر گەپ بارغۇ. ئۇنىڭ ئىچىنى ئوبدان چۈشىنىپ، ئاندىن بىر گەپ قىلسىلا. «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە». ئۇنىڭ ئىچىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، گەپ بېرىۋەتسىلە «كېيىنكى پۇشمان، ئۆزۈڭگە

دۈشمەن» بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

ــ سىلى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىككى بېيىتلىق نەزمىسىدىنمۇ ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىلىمۇ، ھەنىپە؟! ــ دوست خېنىمنىڭ ھەنىپەنىڭ گەپلىرىگە ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، ئۇمۇ ھەنىپەگە ئوخشاش پەي ياستۇققا جەينەكلىدى، ــ ئۇنىڭ ئىلمى كامالىتىنى بىلىپ يېتەلمىدىلىمۇ؟! ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىكتىن، كۆزلىرىدىكى ئوت ـ ھارارەتتىن، تىلىدىكى پاساھەتتىن ئۇنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلالمىلىمۇ؟ ئۇنىڭغا شەھىدۇللا ئىمامىمۇ قايىل بولۇپ، قول قويۇپتىغۇ، شۇنىڭدىنمۇ ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىلىمۇ؟!

ــ سىلى ئۇنىڭ ئاق تاغدا ئوقۇغان نەزمىسىنى ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا توقۇلغان، مەن ئۈچۈنلا توقۇلغان نەزمە دەپ ئويلىدىلىمۇ؟ ئۇنىڭ بۇخارادىكى بىر قىزغا توقۇلغان نەزمە بولۇپ قېلىشىدىن ياكى جامالىدىن ئاكامنىڭ باشقا بىرىنىڭ نەزمىسىنى سىلى ئۈچۈن ئوقۇپ بەرگەن بولۇپ قېلىشىدىن گۇمان قىلمامىلا؟

ــ گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ، ھەنىپە. مەن ئۇ نەزمىدىن ئاق تاغنى، ئاق تاغنىڭ شۇ دەمدىكى ھالىتىنى تولۇق كۆردۈم. ئاق تاغنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئاق تاغ ئارقىلىق بەرگەن سۆيگۈ بېشارىتىدىن تېنىم ئېرىپ كەتتى. جامالىدىن ئاكام ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان نان قېپى ئادەم ئەمەس! ــ دوست خېنىم يوتقانىنى كۆچەپ قايرىدى ۋە كۆرپىنىڭ ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى قاتتىق سىلكىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش نېپىز شايى

كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

ھەنىپە جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشى ئەمەلىيەتتە، ئۇنى يامان كۆرگەنلىكى ئۇچۇن بولماستىن، دوست خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مايىللىقىغا سوغۇق سۇ چېچىش ئۇچۇن ئىدى. ئوتتۇردا جامالىدىن ئاكىسىنىڭ گېپى بولغانسېرى دوست خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەلۋىلەرچە سېغىنىشى ھەسسىلەپ ئاشماقتىدى. شۇڭا ھەنىپە گەپنى باشقا تەرەپتىن ئەگىتىپ ئېيتىشنى ئويلىدى.

— سىلىنى ھاجىم دادام جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ. سىلىگە ھاجىم داداملا ئەمەس پۈتۈن قورغان كۆلبېشىدىكىلەر ئامراق. ھەممەيلەن سىلىنى تولىمۇ چوڭ كۆرىدۇ. ئالىمادىس سىلىنىڭ بىر ئەرگە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەنلىرى سىرتقا چىقىپ كەتسە، ھاجىم دادامنىڭ ئاچچىقىنى ئوبدان بىلىلا، ئۇ سىلىگە قەھرى - غەزەپ قىلىدۇ. يۇرت ئەھلى سىلىنى نومۇسسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ. ئەگەرچەندە ھاجىم دادامنىڭ كۆڭلىدە سىلىنىڭ نىكاھ ئىشلىرى ھەققىدە باشقىچە سان بولسا، سىلىنىڭ رايىلىرىغا بېقىپ ئولتۇرارمۇ؟ ئىشنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئوبدان ئويلىسىلا، بۇ گەپ تالاغا يېيىلىپ كەتسە، ھاجىم دادامنىڭمۇ، تىللاخان ئانامنىڭمۇ يۈزى تۆكۈلىدۇ، سىلىمۇ خەلقئالەم ئالدىدا ئۇياتقا قالىلا.

دوست خېنىم ھازىرمۇ ھەرقانداق گېپىنى دادىسى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ دېيەلەيتتى. ئۇنىڭغا ئەركىلىيەلەيتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىر تاللا ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ ئېغىزىدىن چىققاننى بەجا كەلتۈرۈپ تۇراتتى. لېكىن

دوست خېنىم بۇ ئىشنى دادىسىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن خىجىل بولدى. ئۇ بۇ گەپنى دادىسىنىڭ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن ئەلچىلەردىن ئاڭلىغىنى تۇزۇك دەپ ئويلىدى. جامالىدىن بىلەن دوست خېنىم بىر - بىرىگە كۆيۈشۈپ قاپتۇ دېگەن گەپ تالاغا چىقىپ كەتسە، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئائىلىسىگىمۇ سەت بولىدىغان، جامالىدىن بىلەن دوست خېنىم ئۈچۈنمۇ نومۇس قىلىدىغان گەپ ئىدى. شۇڭا دوست خېنىم ھەنپەگە يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— سىلى نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىلا؟ بۇ دۇنيادا كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغۇدەك سىلىدىن يېقىن ئادىمىم يوق. بۇ ئىشتا سىلىنى ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىردىنبىر ئادىمىم دەپ ئويلايمەن. بۇ ئىشنى ھازىرچە خۇپىيانە تۇتۇپ تۇرساق، كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ. ياردەملىرىگە تولىمۇ موھتاجمەن، ھەنپە. مېنىڭمۇ قىلغانلىرىنى بىلگۈچىلىكىم بار. شۇ تاپتىمۇ جامالىدىن ئاكام خىيالىمدىن زادىلا نېرى بولمايۋاتىدۇ. ئاق تاغدا ئۇنىڭ سۆزىگە سۆز بەرمەي كەلگىنىمدىن قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتىمەن. ئۇ ھازىر ئويغاقمىدۇ ياكى خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقانمىدۇ. ئويغاق بولسا، قانداق ئوي - خىيالغا بەند بولۇۋاتقاندۇر، سۆزىگە سۆز بەرمىگىنىم ئۈچۈن مەندىن يامانلاپ قالغانمىدۇر دەپ ئىچىم ئاچچىق بولۇۋاتىدۇ.

دوست خېنىمنىڭ گەپلىرىدىن ھەنپەنىڭ ئىچى بەكرەك ئاچچىق بولدى. ئۇ كۈندۈزلىرى بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان، كېچىلىرىمۇ قېنىشماي بىر يوتقانغا كىرىپ قۇچاقلىشىپ بىللە ئۇخلايدىغان ئىمىلداش نەۋرە تۇغقىنى بىلەن رەقىبكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلغانسېرى كۆڭلى بىئارام بولاتتى. لېكىن نىمىشقىدۇر شۇ دەملەردە دوست خېنىم بىلەن بولغان يېقىنلىقىدىن جامالىدىن ئاكىسىغا بولغان تەلپۈنۈشى چەندان ئۈستۈن كېلىۋاتاتتى. سۆيگۈ ئالدىدىكى بۇ تاللاشتا ئۇنىڭ قەلبى دوست خېنىم ئۈچۈن قېتىپ كېتىۋاتاتتى. دوست خېنىم بىلەن جامالىدىن ئاكىسىنىڭ نىكاھى ئەمەلگە ئاشسا، ئۇلار ھەممىسى كۆز ئالدىدىلا ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قالىدۇ. توي كۈنى ھەممە دوست خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى جامالىدىنلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىشىپ بېرىدۇ. يەڭگىلەر دوست خېنىمنى ئۇنىڭ يېنىدىن جامالىدىننىڭ ھۇجرىسىغا ئايرىپ ئېلىپ چىقىپ، قوشۇپ قويىدۇ. ئۇھ، نېمە ئۈچۈن ھەممىگە ئېرىشىش قىيىن بولغان بۇ بەخت دوست خېنىمغا شۇنچە ئاسان؟! ھەممىنىڭ يۈرىكىنى ئازابلىق، ئىزتىراپلىق خىياللار قاتتىق ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى دوست خېنىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.

— ئۆزلىرىنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكلىرىنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمىسىلا ھە؟! بىراۋنىڭ ئېغىزىدىن بىر گەپ چىقىپ بولغۇچە يېلىمدەك ئېرىپ، چاپلىشىپ كەتسىلە ئىززەتلىرى بولمايدۇ، — ئۇ دوست خېنىمغا تىكىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يانغا بۇرىدى، — سىلىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىگەنلىرىدىن كۆڭۈل رايى يانسا تېخى ياخشى. يانماي قالسا، ئۇنى كۆرەرمىز.

— ئۇنىڭ مەندىن كۆڭۈل رايىنىڭ يانماسلىقىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى سىلى بىلەملا؟ شۇ تاپتا جامالىدىن ئاكاملارنىڭ ئۆيىدىن ئۆيىمىزگە مېنى ئۇنىڭغا سوراپ ئەلچى كەلسىكەن دەپ بىتاقەتمەن.

— سىلى سارالڭ بولغان ئوخشايلا. ئەلمىساقتىن قورغان كۆلبېشىدا قايسىبىر قىز بىر يىگىتكە كۆيۈپ قاپتۇ، دېگەن گەپنىڭ بولغىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. ھازىر ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بىرەرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلارمۇ بولغان بولغىيتتى. بولغان بولسىمۇ ئىچىدە بىلگەن، سىلىگە ئوخشاش ئەقلىدىن ئازمىغان بولغىيتتى. مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچە ئۇيالمىدىلىمۇ؟

— راست دەيلا، سارالڭ بولدۇم. كۆزۈمگە جامالىدىن ئاكامدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، ئەقلىمگە ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيۋاتىدۇ.

ھەنىپەنىڭ ئىچى مۇج تەمىدە ئاچچىق بولدى. ئۇ كىچىكىدىن غەمسىز، مەغرۇر چوڭ بولغان، نى - نى ئىشلارنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان، ھە دىسە باشقىلارغا چوڭلاردەك تەمكىنلىك بىلەن يۇزلىنەلەيدىغان، غەمكىنلەرنىڭ غەمگۇزارى، دەردمەنلەرنىڭ مۇڭدىشى، دىلكەشى دوست خېنىمنىڭ سۆيگۈ ئالدىدىكى بۇنچە ئاجىزلىقىدىن ھەيران بولغاندىن كۆرە، جامالىدىن ئاكىسىنى بىرلا كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالغىنىدىن ھەم ئۇمىدسىزلەنمەكتە، ھەم قىزغانماقتىدى. «ھاجىم دادامنىڭ چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ نىشانى، بۇ ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ مەلىكىسى، پۈتۈن قورغان كۆلبېشىنىڭ ھەم قورغان كۆلبېشىلىقلارنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى دوست خېنىم شۇمۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە. «ئىنسان بالىسى تولا ئەتىۋارلىنىپ كەتسە، ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى بولۇپ كېتەمدۇ نېمە؟ بۇگۈنگىچە ئۇ نېمىلەرگە ئېرىشەلمىدى، قىلىمەن دېگىنىنىڭ قايسىسىنى قىلالمىدى؟ مانا ئەمدى ئۇ قورغان

كۆلـبېشـىدىكى ئىـلمى زىـيادە، قـەددى ـ قامـىتـى كېلىشكـەن، بىرلا قارىغان كىشـىنىڭ كـۆڭلىنـى رام قىلىدىغان جامالىدىن ئـاكامغىمۇ ئېرىشىمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەممە ئىش ئۇنىڭ دىل رايى بويىچە بولۇشى كېرەكمىدى، قورغان كۆلبېشى، ھەتتا پۈتۈن دىخاللا ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە چۆرگۈلىشى كېرەكمىدى؟! ئېسىل نەرسىگە كىمنىڭ ئېرىشكۈسى كەلمەيدۇ، چىرايلىق ئېچىلغان گۈلنى كىمنىڭ ئۈزگۈسى يوق؟! دوست خېنىمنىڭ نەزىرىدە مەن ئويۇنچۇقنىڭ، خىزمەتكارنىڭ ئورنىدىكى ئادەمكەنمەن. «ماڭا ياردەم قىل» دەيدۇ، تېخى! ئۇ مېنى ھەرقانچە تۆۋەن كۆرسىمۇ، ماڭا ھەرقانچە يول قويمىسىمۇ، كۆڭلۈمنى كىچىككىنە بولسىمۇ ئايىشى كېرەك ئىدىغۇ؟! مېنىڭمۇ جامالىدىن ئاكامغا ئېرىشكۈم بار. ئۆزۈم ئېرىشەلمىسەم، ئۇنىمۇ ئېرىشتۈرمەسمەنا!» ھەنىپەنىڭ ئىچىگە جىن كىردى. كۆڭلىدە بىر پىلاننىڭ سايىسى ئەلەڭگىدى. «توختا، بۇ ئەمدى سارالڭ بولۇپتۇ. ئەتىلا جامالىدىن ئاكام بىلەن كۆرۈشمەي قالمايدۇ. ئىلياسنى ئىزدەپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتاي. ئۇ بىر قارام لۈكچەك. كەينىدە نۇرغۇن كۈچۈكلىرى بار. ئۇ دوست خېنىمغا ئۆلگۈدەك كۆيۈك. ئۇنى ياقتۇرمىسامۇ، مۇشۇ ئىشتا ماڭا ئەسقېتىپ قالار...»

ھەنىپە شۇنداق خىياللارنى قىلىۋاتقاندا، دوست خېنىم تاڭنىڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تاقىتى ـ تاق ئىدى. «ئەتىلا جامالىدىن ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ سۆزىگە سۆز بېرىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## رەشك ئوتى

ئادەتتىكى چاغلاردا دولەت خېنىم ئويقۇغا ئامراق ئىدى. ئۇنى دائىم ھەنىپە بامدات نامىزىغا ئويغىتاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. دولەت خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ كىرگىچىمۇ ھەنىپە يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىۋېلىپ قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندەك جىمجىت ياتاتتى. دولەت خېنىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قولىنى يوتقاننىڭ ئۇستىدىن ئۇنىڭغا بوش قويۇپ، يەڭگىل تەۋرەتتى.

— ھەنىپە، ھەنىپە...

— ھىم، — دېدى ھەنىپە بوش ئىڭرىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ. دولەت خېنىم ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ دېدى:

— قوپسىلا، ناماز ۋاقتى بولۇپ كەتتى.

— بۈگۈن زادىلا تاۋىم يوق تۇرىدۇ، نامازغىمۇ تۇرالمىغۇدەكمەن.

— ۋۇي، نېمە بولغانلا ئەمدى؟ — دولەت خېنىم ئالدىنى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېنىك تۇتتى، — بولمىسا ئىسسىتمىلىرىمۇ يوق.

— بىردەم يېتىۋالايچۇ، دولەت خېنىم. ئازراق ئارام ئېلىۋالسام تۈزۈلۈپ قالىمەن.

ــ ئەمىسە مەن نامازغا تۇرۇۋەردىم.
ــ ھىم...
دوست خېنىم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىمۇ ھەنىپە يەنە جىمجىت ياتاتتى.
ــ ھەنىپە، قانداقراق تۇرىلا؟
ــ خېلى ئوبدان.
ــ خىزمەتكارلارغا ئېيتايمۇ تېۋىپ چاقىرىپ كەلسۇن؟
ــ ۋاي ياق، بولدى، ــ ئۇ بېشىنى يوتقاندىن چىقاردى، ــ كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىمىغاچقىمۇ بېشىم چىڭقىلىپ، زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرىدۇ. قانغۇدەك بىر ئۇخلىۋالايمىكىن.
ــ تاڭ سەھەرگە يېقىن چوڭ دادامنى چۈشەپ قاپتىمەن. تۇنۇگۈن ئەسنەپ، چۈشكۈرۈپ تۇراتتى ئەمەسمۇ؟ سىلى قانداق قىلىلا، بۇ ھاللىرى بىلەن بارالمىغۇدەك تۇرىلا. ئەتىگەندىلا دىككىدە بېرىپ كۆرۈپ كېلەيمىكىن دەيمەن.
ــ مەنمۇ بىللە بارسام بەلەن بولاتتى، مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا ئەمىسە.
ئەتىگەندىلا بۇ ئايرىلماس «قوشماق مېغىزلار» بىر ـ بىرىنى ئالدىشىۋاتاتتى. دوست خېنىممۇ بۇگۈن چوڭ دادىسىنى يوقلاشنى باھانە قىلىپ سىرتقا يالغۇز چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسى بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشنى تولىمۇ خالايتتى. ھەنىپەمۇ يالغاندىن ئاغرىغان بولۇۋېلىپ، دوست خېنىمنى يولغا سېلىۋېتىپلا ئىلياسنى تاپماقچى بولۇۋاتاتتى. دوست خېنىم خىزمەتكارلار ئېلىپ كىرگەن بىر چۆگۈن چايدىن جانان

چىنە يېرىملاشقۇچە قويدى. ئۇ داستىخاندىكى تاتلىق ـ تۈرۈم، بىھى، ئالما مۇراببالىرىغا قاراپمۇ قويماي، ئاق ناندىن ئېغىزىغا بىر تىكە سېلىپ، دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن قېنىق دەملەنگەن چايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلاپلا دۇئا قىلدى. ئۇ ھەنىپەگە «مەن ماڭدىم، ئەمىسە» دەپ قويۇپ پېشايۋانغا چىقتى.

ــ ئانا، ــ دېدى ئۇ پېشايۋاندا تۇرۇپلا.

ــ ھۇ، ــ تىللا خېنىم ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ جاۋاب بەردى ۋە بىردەمدىلا ئايۋان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى، ــ ئالتۇن قىزىم، ئەتىگەندىلا كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىۋاپتىلا، بىر يەرگە بارامدىلا؟

ــ چوڭ دادامنى يوقلاپ كېلەي دەيمەن.

ــ تېخى تۈنۈگۈنلا بېرىپ كەلگەنتىلىغۇ؟

ــ كېچىدىن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. تۈنۈگۈن ساقلىقى يوق، ھالى بوش تۇراتتى. لىككىدە بېرىپ يوقلاپ كېلەي.

ــ ھەنىپەچۇ؟ ئۇ بارمامدىكەن؟

ــ ھەنىپە بېشىم ئازراق ئاغرىۋاتىدۇ، سىلى بېرىپ كېلىۋەرسىلە، دېدى. ئۆزۈملا بېرىپ كېلەيمىكىن، ئانا.

ــ بېرىپ كەلسىلە، ۋاپادار قىزىم. ئۇ يەرگە قۇرۇق بارمىسىلا. جىندەك ساقلاپ تۇرسىلا، ئەمىسە.

تىللا خېنىم قازناق ئۆي تەرەپكە كىرىپ كەتتى. يېقىندىن بېرى تىللا خېنىم دوست خېنىمغا بولەكچىلا ئامراقلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دوست خېنىمنىڭ دادىسىغا ئۆزىنى ياخشى دەپ ماختاپ بېرىشىنى قەۋەتلا ياقتۇراتتى. شۇڭا ئۇ دوست خېنىم ئارقىلىق ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، يەنىلا بۇرۇنقىدەك

دېگىنىنى دېگەن، قىلغىنىنى قىلغان قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ ئانا ـ بالىنىڭ بۇ خىل ئىناقلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. تىللا خېنىم بۇرۇنقىدىن خېلىلا سەمرىپ قالغانىدى. ئۇ قازناق ئۆيدىن يوغان بىر قارا كۆسەي قوغۇننى تەستە كۆتۈرۈپ، ئېغاڭلاپ مېڭىپ ئېلىپ چىقتى.

ــ بۇنى ئىگەمبەردىكامغا ئالغاچ بارسىلا. قۇشۇق بىلەن قىرىپ سۈيىنى ئىچىۋالسۇن.

ــ چوڭ دادام يۆتىلىپ قاپتىكەن. سوغۇق كەلمەسمۇ، ئانا؟

ــ بۇ قوغۇن ئۇزۇلگەندىن باشلاپ، ئۆگزىدە كۈزنىڭ ئاپتىپىنى يەپ ئۇزۇن تۇردى. سوغۇق كەلمەيدۇ، يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئېلىۋالسىلا، خاتىرجەم يېسۇن.

ــ ھە، ماقۇل ئەمىسە، ئېلىۋالاي، ــ دوست خېنىم قوغۇننى قولىغا ئېلىپ، ــ مەن ماڭدىم ئەمىسە، ئانا، ـ دېدى.

ــ خۇدايىمغا ئامانەت، شېرىن قىزىم. يولدا ئېھتىيات قىلىپ، بالدۇرراق كېلەلا ئەمىسە.

ــ ماقۇل ئانا، ــ دوست خېنىم شۇنداق دېگىنىچە تىللا خېنىمنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ قويدى.

ئانا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىملىق بېقىشلىرىدىن، سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىلىرىدىن بىرلا كۆرگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆگەيلىك مۇناسىۋىتىنى ھېس قىلالمايتتى. ئۇلارغا مەستلىكى كېلەتتى. تىللا خېنىم دوست خېنىمنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. لېكىن ئۇ دوست خېنىم قورغان كۆلبېشى تەرەپكە كېتىۋاتقۇچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

مۆزدەك سوغۇق بىر نەزەردە قارىۋېتىپ، كەينىگە ئىتتىك ئۆرۈلدى ۋە دەرۋازىنى جەھلى بىلەن ياپتى.

دوست خېنىم قورغان كۆلىبېشىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ ئاق كوچىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئاق كوچىغا چىقىشى بىلەن تەڭلا يۈرىكى رىتىمسىز سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەتىگەندىلا جامالىدىن ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، قانداق قىلىشىنىمۇ بىلمەيتتى. دەريا بويىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۆڭداشقۇسى بار ئىدى. ئەمما نېمە دەپ مۆڭدىشىشنى بىلمەيتتى. قانداقلا بولمىسۇن جامالىدىن ئاكىسى بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسا تولىمۇ خۇش بولاتتى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىچە ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى دەپ ئويلايتتى. يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەن، تۇرغان ياكى بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان كىشىلەرنى جامالىدىن ئاكام بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئۇلارغا سەپسىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى قارا كۆسەي قوغۇن خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇ قەلبىدىكى تاتلىق تەلپۈنۈش، شېرىن ھاياجاندىنمۇ ياكى قوغۇننىڭ ئېغىرلىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ھاسىراپ، تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېقىن قالغاندا يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بىردىنلا تېزلىشىپ، تېنى چاقماق سوققاندەك تىترەپ كەتتى. جامالىدىن ئاكىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېقىنلىشىپ كەلمەكتىدى. ئۇنىڭ پۇت ـ قولى ماغدۇرسىزلانغاندەك بولدى. قولىدىكى ئارا تەڭنىدەك چوڭلۇقتىكى قوغۇن يەرگە چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. جامالىدىن ئاكىسى چەبدەسلىك بىلەن كېلىپ قوغۇننى تۇتۇۋالدى ۋە:

— ۋاي ـ ۋوي، نېمانچە ھەم يوغان، ھەم ئېغىر قوغۇننى كۆتۈرۈۋالىلا؟ قارىغاندا بۇ قوغۇن تازا ئەتلىك چىققۇدەك، — دېدى.

دوست خېنىم ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپلا بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس يانغا بۇراپ تىترەڭگۈ ئاۋازدا دېدى:

— چوڭ دادامنى يوقلاپ كېلەي دېسەم، ئانام ئەتىگەندە قۇرۇق بارمىسىلا دەپ شۇ...

— يۇرسىلە، مەن ئاپىرىشىپ بېرەي، بۇنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە تەرلەپ كېتىپسىلا.

— سىلىگە بۇنى كۆتۈرگۈزۈپ ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

— ئاۋارە بولىدىغان نېمە گەپ بار؟ ئۆزۈم رىزا ھەم خوش بولۇپ قىلغان بۇ ئىش قانداقمۇ ئاۋارە بولۇش ھېسابلانسۇن؟

— بۇ قوغۇننى كۆتۈرۈشۈپ ئاپىرىپ بەرسىلە خوش بولاملا، جامالىدىن ئاكا؟

— سىلى ئۇچۇن ھېلىغۇ مۇشۇ كىچىككىنە قوغۇننى ئاپىرىشىپ بېرىش ئىكەن، ئاۋۇ ئاق تاغنى يۆتكەيدىغان ئىش بولسىمۇ خوش بولىمەن.

دوست خېنىم ۋىلىلىدە قىزاردى. ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشاللىقمۇ، خىجىللىقمۇ ئوخشايدىغان بىر سېزىم قۇچتى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان چىغىر يولغا كەلگەندە، دوست خېنىم ئېغىز ئاچتى.

— ماڭا بۇ قوغۇننى ئەكېلىشىپ بەرگەنلىرىدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. ئەكەلسىلە ئەمدى مەن ئالاي.

جامالىدىن قوغۇننى يانغا ئېلىۋېلىپ، تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدى.

ــ ماڭا بىر ئىشقا ۋەدە بەرسىلە ئاندىن بۇنى بېرىمەن، ــ ئۇ دوست خېنىمغا ئوتلۇق باقتى.
ــ نېمىگە ۋەدە بېرىمەن؟ ــ دېدى دوست خېنىم پۇتىنىڭ ئۇچىغا تىكىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەردىن ئۇزمەي.
ــ ئەگەر سىلىنى مۇشۇ يەردە ساقلىسام، چىقالامىلا؟
ــ نېمىگە ئەمدى؟
ــ سىلىگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.
ــ ئۇنى مۇشۇ يەردە دەمىلا؟
ــ ھەئە، مۇشۇ يەردە دېگۈم بار ئىدى.
ــ كىشىلەر ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە يالغۇز تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ قالسا، سۆز - چۆچەك قىلىشىمامدۇ؟
ــ ئاۋۇ يەرنى كۆرلىمۇ؟ ــ جامالىدىن ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەردىن قىرىق - ئەللىك چامدام يىراقلىقتىكى سۆگەت ۋە چاتقاللار گىرەلىشىپ كەتكەن قويۇق ئورمان بۆلىكىنى بىر قولى بىلەن كۆرسەتتى، ــ مەن ئاشۇ يەردە سىلى چىققۇچە ساقلاپ تۇراي.
دوست خېنىم بېشىنى ماقۇل دېگەندەك يەڭگىل لىڭشىتتى. جامالىدىن قوغۇننى دوست خېنىمغا بەردى. دوست خېنىم تېز - تېز مېڭىپ چوڭ دادىسى ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
دوست خېنىم بىر چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىتتا چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ جامالىدىنىڭ قېشىغا كەلدى.
ــ ھايالشىپ چىقىپ، سىلىنى ئۇزاق ساقلىتىپ قويمىغاندىمەن؟ ــ دېدى ئۇ.

— ياقەي، ئىتتىنىڭ چىقلا. ئىگەمبەردىكام ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟

— تونۇگۇن يۆتىلىپ تۇراتتى، بۇگۈن خېلىلا تۈزۈلۈپ قاپتۇ.

— پات ـ پات يوقلاپ تۇرسىلا خۇش بولىدۇ.

— ھەئە، ھەر قېتىم كەلسەم، شۇنچە خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. ئورمانلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېرىق ئېلىنغان بولۇپ، چوڭقۇر چېپىلغان ئېرىقتا قېيىپ ئېقىۋاتقان لىق سۇ بار ئىدى. جامالىدىن ئېرىقنىڭ دەريا تەرىپىدە سۇغا قاراپ تۇراتتى. دوست خېنىم ئېرىقنىڭ يۇرت تەرىپىدە ئىككى ـ ئۈچ يىللىق بولغان سېرىق سۆگەتنىڭ بادىرىسىدىن بۇ يىل چىققان بىر تال يۇمران نوتىغا ئېسىلىۋالغانىدى.

— ھەنىپە ئىككىلىرى ئايرىلماي يۈرىدىكەنسىلەر، بۇگۈن ئۇ كەلمەپتىغۇ؟

جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ھەنىپەنى سوراپ قېلىشى ئۇنىڭ ئىچىنى ئاز ـ تولا قىزغىنىش ئالامەتلىرى كەچكەندەك غەلىتە قىلىپ قويدى. چۈنكى ھەنىپە ئاق تاغدا جامالىدىن ئاكىسىغا «نەزمىلىرىدىكى ئول نىگار مەنمۇ، دوست خېنىممۇ» دېگەن ئىدى. مانا ئەمدى جامالىدىن ئاكىسىمۇ ھەنىپەنى سوراۋاتىدۇ. شۇندىمۇ ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى.

— ھەنىپە بۇگۈن ئازراق بىتاپ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ ئىچكى تۇيغۇسىنى چاندۇرماي ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — ئاڭلىسام سىلى بۇخارادىكى ئەڭ كاتتا

مەدرىسەدە ئىككى يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپتىكەنلا، ئېخى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋاقىتلىرى پۈتمەستىن جالالىدىن ئاكام سىلىنى ياندۇرۇپ كەپتۇ ھە؟

ــ دادامغۇ باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتۇ، ــ جامالىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ــ قورغان كۆلىبىشىدا مەن توغرۇلۇق بەزەن يالغان - ياۋداق، پىتنە - پاساتلار تارقىلىپ، بەزىلەر مېنى بۇخارادىكى بىر قېتىملىق ياغىيدا شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ دېيىشسە، بەزىلەر پۇت - قولى چېقىلىپ، بۇخارا كوچىلىرىدا تىلەمچى بولۇپ كېتىپتۇ دېيىشىپ يۈرۈپتىكەن، دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ زادىلا چىداپ تۇرالماپتۇ. بۇنداق گەپلەرگە ھېچقانداق دادا چىدىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن توققۇزاقتىكى ئىبراھىم دادامغا دەپ تۇرۇۋېلىپ مېنى قايتۇرۇپ كەلدى.



ــ بۇنى مەنمۇ ئاڭلىغان ئىدىم.

ــ بۇ گەپكە سىلىمۇ چىنپۇتكەنمىدىلە؟

ــ ئاڭلاپ، كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولغان، سىلىگە ئىچىم ئاغرىغان.

ــ ئەمما، مېنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىشىمنى چالا قالدۇرغىنىمغا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، بۇ گەپلەرنى تاپقان كىشىلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ــ كىشىلەر جامالىدىن شەھىدۇللا ئىمامغا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىشلىرىمنىڭ داۋامىنى قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە قىلىمەن دەپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ راستمۇ؟

ــ راست، شەھىدۇللا ئىمامغا بۇ ئىش خۇسۇسىدا مەسلىھەت سالغانىدىم، ئۇ زاتمۇ بۇ خالىشىمنى توغرا كۆردى. خانلىق مەدرىسەمۇ ئىلىم ئاشىنالىرىنىڭ

جەمگاھى. ئۇ يەردىمۇ ماڭا لازىم نەرسىلەر تېپىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— بەلەن ئويلاپلا، شەھىدۇللا ئىمامىمۇ خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم ئاپتىكەن. ئۇ زاتىمۇ مانا ھازىر يەتتە كەنتتە داڭقى بار ئۆلىماغۇ؟ قەشقەرگە قاچانراق ماڭاي دەۋاتىلا؟ — دوست خېنىم جامالىدىن ئاكىسى قەشقەرگە كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشەلمەيدىغاندەك ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سورىدى.

— مېنىڭغۇ بالدۇرراق جۆنىگىم بار ئىدى، ئەمما دادام، ئاناملارنىڭ خىيالى باشقىچىرەك تۇرىدۇ.

— ئۇلار نېمە دەيدۇ؟ — دوست خېنىم بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى.

— ئۇلار ئاۋۋال بېشىڭنى ئوڭشاپ، قەرزىمىزدىن ئادا بولايلى، ئاندىن ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭنى باشلىساڭمۇ كېچىكمەيسەن، دەيدۇ، — دوست خېنىم جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئېغىزىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. بىر جۈپ چوغدەك لەۋلىرىدە بىلىنەرلىك تەبەسسۇم ھاسىل بولدى. قانلىرىغا شېرىن بىر ئىللىقلىق قوشۇلۇپ ئاققاندەك، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولدى. جامالىدىن دوست خېنىمنىڭ چېھرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ھېس قىلىدى بولغاي، ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن دەسلەپتە ئاتا - ئانامنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلۇپمۇ كەتمىگەن. مانا ئەمدى ئۆز خىيالىمدىن يېنىپ، ئۇلار دېگەندەك قىلىش قارارىغا كەلدىم.

ـــ نېمىشقا شۇنداق ئويلىغانلىرىنىڭ ۋەجىنى بىلىشكە بولۇرمۇ؟ ـــ دوست خېنىم ئېرىقتىكى سۇغا تىكىلدى، ـــ ئەجەبا ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىن ئۆزگىرىپ قاپتىلىغۇ؟

ـــ ئۆزگىرىپ قالغىنىمنىڭ ۋەجىنى ئاۋۋال تېپتىنىچ كۆڭۈل كۆلۈمگە ئۆزىنىڭ ھۆر ـ پەرىلەرنىڭكىدەك رۇخسارى، جانغا زۇلۇم قىلغۇچى كۈلكىسى، دىلغا ئوت چاچقۇچى كۆزلىرى بىلەن تاش ئېتىپ چالغىتقان لەۋزى ياغ، مېھرى باغ، قەدرى تاغ بىر قىزدىن ئىزدىمەك لازىمدۇر. ئۇ كۆڭۈل ئارامىمنى مالىمان قىلدى. ھايات نىشانىمنى ئۆزگەرتتى. سەپەر شۇڭقارىمنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇشلىۋەتتى. ئۆز ۋەسلىنى سۆيگۈ كارۋىنىمغا نىشان ئەتتى. دىلىمدىكى ئول لەۋەن يارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىسىلا ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى ئالدىلىرىدا مىڭ مەرتەم زىكرى قىلىشقا تەييارمەن.

دوست خېنىمنىڭ يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان گۈل ياپرىقىدەك تىترىدى. باغرىنى ھەم لەززەتلىك، ھەم قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ قۇچتى. ئۇنىڭ «ئول لەۋەن يار كىمدۇ؟» دەپ سورىماقچى بولۇپ ئۆمەللەنگەن لەۋلىرى بىردىنلا قېتىپ قالغاندەك، بۇ سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا تەۋەككۇل قىلالمىدى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ يەنە بىر قېتىم «ئول لەۋەن يار سىلى دوست خېنىم بولىدىلا» دېيىشىنى بىلىسىمۇ، جامالىدىن ئاكىسى باشقا بىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ سالىدىغاندەك ئەندىشىمۇ قىلاتتى. بۇنداق بولسا ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قولى يەنىلا ھېلىقى ئۆزى ئېسىلىپ تۇرغان تال چىۋىقىنى

ئىختىيارسىز ئويناپ تۇراتتى. جامالىدىن دوست خېنىمنىڭ تال چىۋىقنى ئويناپ تۇرغان قوللىرىغا، يىپقا تىزىلغان كەھرىۋا مارجاننى ئۆتكۈزۈۋالغان سۇزۇك بىلەكلىرىگە تىكىلىپ، ئارىدىكى قىسقىغىنا سۈكۈتنى بۇزدى.

— ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ پىراقلىرى جېنىمنى ئىلكىگە ئالدى. سۆيگۈم، ئەقىدەم، بارلىقىم سىلىگە تەسەددۇق دوست خېنىم!

«تارس» قىلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا دوست خېنىم ئىسىلىپ ئويناپ تۇرغان تال چىۋىق غولدىن ئۈزۈلۈپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، ئېرىقتىكى سۇغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس ــ تاماس قالدى. شۇ ھامان جامالىدىن چەبدەسلىك بىلەن قارشى تەرەپكە سەكرەپ ئۆتتى ــ دە، ئۇنىڭ قوللىرىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— مېنىڭ كۆڭۈل ئارامىمنى بۇزغان ئول لەۋەن يار سىلى بولمىدىلا، دوست خېنىم! كۆڭۈللىرىدىكى گەپنى ئېيتسىلا، ماڭا تېگىشنى خالامدىلا؟ — جامالىدىننىڭ ئىسسىق قوللىرىدىن ئاققان بىر ھارارەت دوست خېنىمنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ كىردى. دوست خېنىمنىڭ نەپەسلىرى تېزلەشتى. بەدىنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تىلى گەپكە كەلمەيتتى. ئەمما بىر جۈپ شەھلا كۆزى جامالىدىن ئاكىسىغا ئوتلۇق تەلمۈرەتتى. جامالىدىن ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتتى، — ئېيتسىلا دوست خېنىم، ماڭا تېگىشنى خالامدىلا؟! ــ دەپ سورىدى.

دوست خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە،

«خالايمەن» دېيىشكە تەييارلا تۇرغان تىلى ھېلىغىچە ھەرىكەتكە كەلمەيۋاتاتتى. جامالىدىننىڭ قوللىرى يەنىلا دوست خېنىمنىڭ قوللىرىدا ئىدى.

ـــ ھاي ـ ھاي، نومۇس، نومۇس!

يىغىندىنلا ئاڭلانغان غەزەپلىك بىر ئاۋازدىن دوست خېنىمنىڭ قوللىرى جامالىدىن ئاكىسىنىڭ قوللىرىدىن ئاجرىدى. لەززەتلىك تۇنجى سۆيگۈنىڭ ئىچىدە مەستۇ مۇستەغرىق بولغان ئىككى ۋۇجۇد چۆچۈدى. ئۇلار تەڭلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇلار تۇرغان تېگەننىڭ تۆۋەنكى قىرىدا ئىلياس ئۇلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ يەنە تىل سالدى:

ـــ ھۇ بىھايا، ئىپلاسلار! كۆپكۈندۈزدە قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرمەمدىغان! ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئەلنىڭ لەنىتىدىن ئۇيالماسلار!



ئىلياس ئۇلارنى تىرىك يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئالدىغا ئېتىلدى. دوست خېنىم ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇپ، تۇرغان جايىدىن خۇددى ئېتىلغان ئوقتەك تېزلىك بىلەن قورغان كۆلىبىشى تەرەپكە قاچتى. جامالىدىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مۈرىسى بىلەن كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىلياسنىڭ زەرب بىلەن ئاتقان مۇشتۇمى گاللاچچىدە تېگىپ، ئۇنى ئارقىسىغا داجىتىۋەتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئىلياسقا قارىدى. شۇ چاغدا ئىلياسنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاتقان مۇشتۇمى كۆزىنى نىشانلاپ كەلمەكتىدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ قېچىۋېدى، مۇشتۇمنىڭ تورى بىلەن ئىلياس جامالىدىندىن ئىككى قەدەم ئۆتۈپ كەتتى. ئۆشتۈمتۇت قىلىنغان بۇ ھۇجۇمدىن

گاڭگىراپ قالغان جامالىدىن ئۆزىنى ناھايىتى تېزلا ئوڭشىۋالدى ۋە دەرھال مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتتى. ئىلياس كەينىگە بۇرۇلۇپ، يەنە جامالىدىننىڭ بۇرنىنى نىشانلاپ مۇشت ئاتتى. جامالىدىن ئىلياسنىڭ ئۆزىگە قاراپ شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان مۇشتۇمىنى كاپىلا قىلىپ ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋالدى. ئۇ قولىنى ئىلياسنىڭ تۇگۈلگەن مۇشتۇمىدىن ئۇنىڭ بېغىشىغا يۆتكەپ، ئامبۇردەك قىستى ۋە كۈچەپ قايرىدى. ئىلياس باشتا جامالىدىن بىلەن قاتتىق تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، بارا - بارا گەۋدىسى ئالدىغا ئېگىلىپ، ئارقا تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالدى. جامالىدىن شۇ ھامان ئۇنىڭ ھاۋادا قالايمىقان پۇلاڭلاۋاتقان يەنە بىر قولىنىمۇ تۇتۇپ قايرىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلياس كىچىك چاغلىرىدىمۇ زادىلا تەڭ كېلەلمەيدىغان بۇ رەقىبىنىڭ قۇچىقىغا يىگىت بولغان چاغدىمۇ كەينىچە كىرىپ قالدى. ئەمدى ۋەزىيەت پۈتۈنلەيلا جامالىدىنغا پايدىلىق ھالەتكە ئۆتتى. جامالىدىن قولىدىن بوشىنىشقا قانچە كۈچەپ يۇلقۇنۇپ باققان بولسىمۇ، زادىلا ئامال قىلالمايۋاتقان ئىلياسقا:

— بىگۇناھ ئادەمگە تەرەپبال ھۇجۇم قىلماقلىق ھەقىقىي مەرد، ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. بۇ قىلغانلىرىدىن سىلىنى قانداقمۇ ئەر كىشى دېگىلى بولسۇن؟! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سىلىنى ئەركەك دېگىلى بولامدۇ ئەمىسە؟ — ئىلياس جامالىدىنغا بېشىنى قايرىپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتىدى، — بىر ناتىۋان قىزنى ئورمانلىققا ئەكىرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ؟ ئۇنداق

بولسا بۇنى ئەركەكنىڭ ئىشى دەمدۇق؟! كىشىلەر سىلىنى چوڭ ئىلىم ئالدى، كاتتا ئۆلىما بولدى دەپ، تەرەپلىرىنى ئېلىپ يۈرىشەتتى. ئەمدى بۇ گەپكە باشقىلار ئىشەنسىمۇ، مەن ئىشەنمەيمەن! سىلى ئىلىم ئۆگەنمەي، باشقىلارنى بوزەك قىلىشنى ئۆگىنىپ كەپتىلا!

— ئېغىزلىرىنى يۇمسىلا! — جامالىددىن ئىلياسنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنى ئالدىغا كۈچەپ ئىتتىردى. ئىلياس بىر قانچە قەدەم دەلدۈگۈنۈپ، يوغان بىر تۈپ قېرى جىگدە دەرىخىگە يۆلىنىپ قالدى. جامالىددىن ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن تىكىلدى، — بىگۇناھ ئادەمگە سەۋەبسىز تۆھمەت ۋە ھاقارەت قىلمىسىلا!

ئىلياس جامالىددىنغا شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدىكى، ئۇنىڭ چىرايى قارا يامغۇر ئالدىدىكى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن قېرى جىگدىگە يۆلىنىپ، بىر قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى جامالىددىنغا چېنەپ تۇرۇپ:

— بىلىپ قويسىلا، مەن دوست خېنىمغا كۆيۈك. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشىغا يول قويمايمەن. مېنىڭ قاچامدىكى ئاشقا تويا چاچماقچى بولىدىكەنلا، بۇ دۇنيادا تىرىك ياشايمەن دەپ خام خىيال قىلمىسىلا، — دېدى.

ئىلياسنىڭ گېپى جامالىددىننىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتتى. ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن دوست خېنىمغا ئىلياسنىڭمۇ كۆيۈك ئىكەنلىكىدىن ئىچى تارلىق قىلدى.

— دوست خېنىمغا كۆيۈك بولسىلا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. ئەمما ئەمدى بۇ نىيەتلىرىدىن يانسىلا، — دوست خېنىم ئۆز ئېغىزى بىلەن جامالىددىننى سۆيىدىغانلىقىنى

ئېيتمىغان بولسىمۇ، جامالىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن، ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن ئۇنىڭمۇ ماڭا مەيلى بار دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ دەرھاللا بۇ تۇتۇشۇشتا ئۆزىنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا جەزم قىلدى، — سىلىنى دوست خېنىممۇ سۆيسە ھېساب.

— سىلى قورغان كۆلبېشىنى بۇخارامىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامىلا؟ — ئىلياس دىمىقىدا كۈلدى، — قورغان كۆلبېشىدا نىكاھ ئىشىدا قىز بالىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ئىشنىڭ بارلىقىنى مەن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— قىز بالىمۇ ئىنسان بالىسى. ئۇ گۇناھكار ئەمەس.

— ئەگەر مەن خالىغان قىزنىڭ باشقىلارغا مەيلى بولسا، ئۇ شۇ چاغدىن باشلاپ گۇناھكارغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى ئاللىمسام چۆل - باياۋانلارغا ئېلىپ قېچىپ ئازابلايمەن. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ كۈچۈم يەتمىسە، مانا بۇنىڭ بىلەن، — ئىلياس يانپىشىدىن كەپكۈرنىڭ سېپىدەك ئۈزۈنلۇقتىكى كۈمۈش ساپلىق خەنجەرنى چىقاردى ۋە ئۇنى جامالىدىننىڭ كۆزىگە چەنلەپ تۇرۇپ، — جېنىنى ئالىمەن! - دېدى.

ئىلياسنىڭ قان ئىچكەندەك قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ جامالىدىننىڭ تېنى شۈركەندى. ئۇ ئىلياسنىڭ بۇنچە غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى.

— سىلى ئىنسان بالىسىنىڭ ئىنسان بالىسىغا سەۋەبسىز تىغ تەڭلىمەكلىكىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلمەملا؟ — دېدى ئۇ ئىلياسنى پەيلىدىن يېنىپ قالامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە. لېكىن ئىلياس ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ جامالىدىنغا يېقىنلىشىپ كېلىپ:

ــ مېنىڭ سىلىگە ئالايتەن دەپ قويماقچى بولغىنىم شۇكى، تېخى بۇخارادىن ئاخشام كېلىپ، قورغان كۆلبېشىدىكى يىگىتلەرنىڭ ئىشىنى ئېلىشتۇرۇپ يۈرگۈچى بولمىسىلا. ئەتراپىمدا سەر خىل ئادەملىرىم بار. جانلىرى ئەرزىمەس نەرسە بولمىسىلا، ئۆزلىرىگە ھېزى بولسىلا. يەنە دوست خېنىمغا يېقىنلىشىدىغان بولسىلا، گۇناھ ــ پۇناھ دېگەننى ئويلىشىپ يۈرمەيمەن. ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈشكە رازىمەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ئىلياس شۇنداق دېگىنىچە ئارقىغا ئۆرۈلدى ــ دە، بايا دوست خېنىم يۈگۈرۈپ قاچقان تەرەپكە چوڭ ــ چوڭ چامداپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. جامالىدىننىڭ ئىچى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلياسنىڭ گەپلىرى ئۆرتىدى. ئۆزىدە تا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان يىگىتلىك تۇيغۇسىدىن تومۇرلىرىغا ئۆرۈلگەن ئوتتەك قىزىق قان شۇۋۇلداپ ئاقتى. ۋۇجۇدىنى ئاساۋ بىر ئەركەكلىكتىن ھاسىل بولغان ئارىيەت لەرزىگە سالدى. ئۇ ئۆزىدىن بارا ــ بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىلياسنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ئىككى مۇشتۇمىنى مەھكەم تۈگدى. چىشلىرىنى بىر ــ بىرىگە بېسىپ چىڭ كىرىشتۈرۈۋېدى، ئېغىزىدىن غۇچۇرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى...

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# قىتىغۇرلۇق

دوست خېنىم چوڭ دادامنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ، ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەنىپە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تۆۋەن كوچىغا بېرىپ، ئىلياس بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىنى دەپ قويۇپ، ئۆيدىكىلەرگە بىلىندۈرمەيلا ھۇجرىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئارقا ھويلىغا چىقىپ كېتىدىغان دارۋازىنىڭ يېنىدىكى ئاپتاپخانىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان تىللا خېنىمنى پەنجىرىدىن كۆرۈپ ھويلىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى.

— ساق تۇرۇپسىز تىللاخان ئانا؟

— ئاللاھقا شۈكرى، كەلسىلە قىزىم، — تىللا خېنىم ئورنىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاپ قويۇپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، — ئۆزلىرى قانداقراق تۇرىلا قىزىم، ئەتىگەن دوست خېنىم سىلىنى بىتاپ بولۇپ قاپتۇ دەۋاتقان، تۈزۈلۈپ قالغاندەك تۇراملا؟

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. ئادەمگە ئاپتاپ خۇش ياقىدىغان كۈنلەر كەپتۇ مانا، — ھەنىپە تىللا خېنىمغا قاراپ كۈلدى، — شۇنچە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپتىكەنلا، مېنىڭمۇ يانلىرىدا بىردەم ئولتۇرغۇم كەلدى.

— تازا بەلەن بوپتۇ. «ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىنىڭنى

سال، كۆزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىتىنى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، كۆزنىڭ ئاپتىپى ياغدەك پايدا قىلىدۇ ئادەمگە.

— سىلىنىڭ بىلىدىغانلىرى جىق ھە تىللاخان ئانا، — دېدى ئۇ بوۋاتىن بېرى ئويلىغانلىرىنى تىللا خېنىمغا ئېيتىش ئۈچۈن گەپ تېپىپ، — دېمىسىمۇ كۆزنىڭ ئاپتىپىدا ئادەم بۆلەكچىلا ھۇزۇرلىنىپ قالىدىكەن.

— بۇنچىلىك ئىشلارنى بىلمىسەم، دوست خېنىم ئىككىلىرىنى مۇشۇنداق زېرەك، چېچەن بېقىپ چوڭ قىلىپ كېتەلەيتتىممۇ؟ — تىللا خېنىم ھۇزۇرلىنىپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ كۈلدى، — ھاجىم دادىلىرى يوق چاغلاردا مۇشۇنداق چوڭ قورۇنى، زېمىن، مال - چارۋىلارنى باشقۇرۇپ كېتەلەيتتىممۇ؟

— شۇ، سىلىنىڭ نەزەرلىرىدىن ھېچقانداق ئىش قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

— مەن ئەقلىم بىلەن ھوشيار تۇرمىسام، باشقىلار مەندىن ھوشيار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق بولسا، ئىشلىرىمىز روناق تاپماق ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كەينىگە چېكىنىدىغان، ۋەيران بولىدىغان گەپ.

— سىلى بولغاچقىلا ھاجىم دادام سىرتلاردا سودىسىنى خاتىرجەم قىلىپ يۈرەلەيدۇ - دە، — تىللا خېنىم ھەنىپەگە رازىمەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇ ھەنىپەنىڭ شېرىن تىللىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى. ھەنىپە تىللا خېنىمنىڭ ماختاش سۆزلىرىگە خۇشتارلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا بىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى، — ئۆيدىكى چاكار - دېدەكلەرمۇ سىلىگە ئامراق. ئېغىزلىرىدىن چىقىپ بولغۇچە خېنىم بۇيرۇغان ئىش دەپ قىلىۋېتىشكە ئالدىرىشىپ كېتىدۇ.

— سىلىمۇ بىر ئوبدانلا ئەقىللىك چوڭ بولدۇڭلا مانا، — تىللا خېنىمنىڭ ھەنىپەگە ئامراقلىقى تۇتتى، — ئەمدى تالالىق بولىدىغان چاغلىرىڭلارمۇ كەلدى. دوست خېنىم ئىككىلىرىنى ئېپىدە لايىقىدا بىر تۇەتسەك ھاجىم دادىلىرىمۇ، مەنمۇ، دادىلىرى بىلەن ئانىلىرىمۇ خاتىرجەم بولاتتۇق.

ھەنىپە ۋىللىدە قىزاردى ۋە:

— مەندىن دوست خېنىم بالدۇرراق تالالىق بولىدۇ ھەقىچان، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — تىللا خېنىم ھەنىپەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — ھازىرغىچە ھەر ئىككىلىرىنى ئوخشاش كۆرۈپ كەلدىم. دوست خېنىمنى بەكرەك ئارزۇلاپ، سىلىنى ئۆگەيلەپ قويغان يەرلىرىمنى ھېچ ئەسلىيەلمەيمەن. قايسىلىرىنىڭ تەلىيى بالدۇر چىقسا شۇنىڭكىنى قىلىۋېرىمىز، قىزىم؟!

— خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا، تىللاخان ئانا، — ھەنىپە دۇدۇقلىغان ھالدا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى، — مەن دوست خېنىمنىڭ پۈتۈشكەن ئادىمى بولغاندىكىن دېمەكچىدىم.

تىللا خېنىمنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىگە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى يامىرىدى. قورقۇنچلۇق بىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك، جىددىيلەشتى. لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— نېمە، دوست خېنىمنىڭ پۈتۈشكەن ئادىمى بارمىكەن؟ ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟!

— سىلى بىلمەملا، تىللاخان ئانا؟ — ھەنىپەمۇ ھەيران بولۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، — تېخى مەن سىلىنى

بىلمىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. سىلى بىلمىگەن بولسىلا، مەن دېمىگەن بولاي ئەمىسە.

— بۇ گەپنى دېمىسىلە قانداق بولىدۇ، قىزىم؟ — تىللا خېنىم ئورنىدىن ھەنىپەگە يېقىن سۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — دېسىلە، دوست خېنىمنىڭ پۇتۇشكەن ئادىمى كىمكەن؟

— مېنى قىستىمىسىلا بولۇپتىكەن تىللاخان ئانا، — ئۇ بۇ گەپنى دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك بېشىنى تۆۋەن ئەگدى، — دوست خېنىم مېنىڭ قېرىندىشىمدىنمۇ چارە، بۇ گەپنى قىلسام ئۇ مېنى دەپتۇ دەپ، مەندىن رەنجىدۇ.

— سىلى ماڭا ئىشەنمەملا، قىزىم؟ مەن شۇنداق كالۋامۇ؟ بۇنچىلىك ئىشنى يىغىشتۇرۇپ كەتكۇچىلىكۇم بار مېنىڭ. بۇ ئىشتا ئۆزلىرىگە قانچىلىك ئىشەنسىلە ماڭىمۇ شۇنداق ئىشەنسىلە بولىدۇ.

ھەنىپە تىللا خېنىمنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىسا ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا دوست خېنىمغا تېگىشلىك تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئىچىنى ئاچچىق قىلىۋاتقان بۇ گەپلەرنى تىللا خېنىمغا بىراقلا دېۋەتمەكچى بولدى.

— ئۇنداق بولسا دوست خېنىم بۇ گەپلەرنى مەندىن ئۇققانلىقلىرىنى بىلمىسە بوپتىكەن، تىللاخان ئانا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا خاتىرجەم بولسىلا، قىزىم، — تىللا خېنىمنىڭ بۇ «يېڭىلىق» نى ئاڭلاشقا تاقىتى تاق بولدى، — بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالىدۇ. قېنى ئېيتسىلا ئۇ كىم؟

— دوست خېنىم كۆلالچى جالالىدىن ئاكامنىڭ

بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن ئوغلى جامالىدىن بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرىدۇ. بەلكىم ئۇلار ھازىرمۇ دەريا بويىدا بىللە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ــ دوست خېنىم چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دېگەنتىغۇ؟

ــ چوڭ دادامنىڭ ئۆيىدىن بۇ چاغقىچە قايتىپ كەلگەن بولاتتى. ئۇلار چوقۇم دەريا بويىدا ئۇچراشتى.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، نېمىلەرنى دەۋاتقاندۇ ماۋۇ قىز، ــ تىللا خېنىم پېشانىسىگە كاچاتلىدى، ــ بۇ نېمە سەتچىلىك ئەمدى؟! يېتىم دەپ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلغانغا تويغۇزامدۇ نېمە؟! شەمۇ شەدە يېتىپ ئاشقۇچە يۈزى بار دادىسى بىلەن ئىككىمىزنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا، شەرمىسار قىلامدۇ نېمە؟! دادىسى ئاڭلىسا نېمە دەر ئەمدى؟! جاھاندا يىگىت يوقتەك دادىسى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئوغلى بىلەن تېپىشىۋالغىنى نېمىسى؟!

تىللا خېنىمنىڭ قەلبىنى قاپلىغان بۇ غەزەپنى دوست خېنىمنىڭ سىرتلاردا بىرى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىدىن، يەنە كېلىپ جالالىدىن كۇلالچىنىڭ ئوغلى بىلەن دېيىشىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن كۆرە، ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغان يەرگە كەلمەيۋاتقانلىقىدىن دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى ئۇ دوست خېنىمنى خالتا كوچىدىكى ئاچىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش خىيالىغا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بايلىقىنىڭ دوست خېنىم ئارقىلىق ياتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئېرى كەلگەن ھامان بۇ گەپنى ئېغىز ئېچىش خىيالىغا

كەلدى.

— جالالىدىن ئاكامنى ھاجىم دادام ئۆچ كۆرەمدۇ؟ — ھەم خۇشال بولۇپ، ھەم ھەيران بولۇپ سورىدى ھەنىپە. ئۇنىڭ سوئالى تىللا خېنىمنىڭ خىيالىنى چالغىتتى.

— بۇ گەپنى دەپ نېمە قىلاي، سىڭلىگە، — تىللا خېنىم گەرچە داد - پەرياد قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئىچىدە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇۋاتاتتى. ئۇ دوست خېنىمنىڭ بىرەر ئاجىزلىقىنى تۇتالمىغاچقا ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا، ئۇنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەنىپەدىن دوست خېنىمنىڭ نومۇس قىلماستىن بىر يىگىت بىلەن ئىزدىشىپ، دەريا بويىدا خۇپىيانە كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇشۇقى سىيا چۇشتى. ئەمدى ئۇ دوست خېنىمنىڭ كوكۇلىسىنى تۇتۇۋالدۇ. «كۆرمەنغۇ سىڭنىڭ تېرەڭگە سىغماي يۈرگىنىڭنى. ئون بەش يىلنىڭ ياقى كۆزۈڭگە تەلمۈرگۈزۈپ كەلدىڭا جۇۋاينىمەك. بولۇپمۇ سىڭنىڭ جالالىدىننىڭ ئوغلى بىلەن ئىچ - پەش تارتىپ يۈرگىنىڭ تازا ئوبدان بولۇپتۇ. دادىڭ قايتىپ كەلسۇنچۇ، سىڭنىڭ بۇندىن كېيىن كۆرەڭلەپ يۈرگىنىڭنى بىر كۆرەي. ئەمدى قولۇمغا چۇشسەن. دادىڭ ئۇنداق كۇشەندىسىگە قىزىنى كىلىن قىلىپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس. ئىشنىڭ تازا مۆرىتى كەپتۇ. داداڭنى ئىندەككە كەلتۈرىدىغانغا تازا باھانە تاپتىم. ئەسلىدىغۇ سىنى پاپامنىڭ ئوغلى ئابدۇمىجىتقا خوتۇنمۇ قىلىپ بەرمەيتتىم. شۇنداق قىلماي ئامالىم يوق. شۇنچە دۇنيانى ياتلارغا بېرىشكە ماقۇل دەيدىغان ھاماقەت ئەمەسمەن، ھۇ نۇمۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان تېگى پەس دىۋانىنىڭ قىزى.»

ــ ھاجىم دادام بىلەن جالالىدىن ئاكام قانداق بولۇپ ئۆچەكىشىپ قالغان؟

ئەگەر ھەقىقەتەن ھاجىم دادىسى جالالىدىننى ئۆچ كۆرسە دوست خېنىمنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن، ھاجىم دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ھەنىپەنىڭ تەكرار سورىغان سوئالى تىللا خېنىمنى قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

ــ قىزىم، سىلى بۇ گەپنىڭ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىسىلىمۇ بولىدۇ. قېنى ماڭا قاراپ تۇرۇپ دېسىلە، دوست خېنىمدا راستىنلا ئاشۇنداق ئىش بارمۇ؟ ــ تىللا خېنىم بۇ گەپ يالغان بولۇپ قالمىغىدى دەپ ئەندىشە قىلغاندەك ھەنىپەدىن يەنە سورىدى. ھەنىپەنىڭمۇ پۇرسەتتىنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى.

ــ كىچىكىمۇ جامالىدىن ئاكامغا كۆيىدۇم ـ پىشتىم دەپ بىر ئۇخلىمىدى.

ــ ھۇ دەيۇز، دادىسىمۇ ھەپتە ـ ئون كۈندە كېلىدۇ. ئۇنىڭغا دەپ ئەدىپىنى بەرگۈزمەيدىغان بولسام، خەپ، ــ تىللا خېنىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ دېدى، ــ ئاڭغىچە تېزگىنىنى بىر تارتىپ قويمايدىغان بولسام، بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دەپ باقسۇنچۇ، تالا ـ تۈزگە چىقىمەن دەپ باقسۇنچۇ قېنى!

تىللا خېنىم ئورنىدا تۇرالمايلا قالدى. ئۇ ھەنىپەگە بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئەمدىلا ئۇچلىۋېدى، ھەنىپە ئۇنىڭغا دەرۋازا تەرەپنى بېشى بىلەن ئىما قىلدى. تىللا خېنىم كەينىگە بۇرۇلدى. بۇ چاغدا دوست خېنىم

قايتىپ كەلگەن بولۇپ، يۈزلىرىنى دەريا بويىدا تۇتقانىدەك تۇتۇۋېلىپ، هويلىدىكى ئانىسى بىلەن ھەنىپەگىمۇ گەپ قىلماستىن يۇگۈرگەن پېتى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. تىللا خېنىم بىلەن ھەنىپە بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن تىللا خېنىم ھەنىپەگە كىرىپ باقسىلا دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

ھەنىپە ھۇجرىغا كىرگەندە دوست خېنىم كاڭنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپلا دۈم يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى.

— سىلىگە نېمە بولدى، دوست خېنىم؟ — سورىدى ھەنىپە ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان كىشىدەك، ئۇ دەريا بويىغا ئىلياسنىڭ بارىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقىۋاتاتتى، — بىرەرى سىلىنى بوزەك قىلمىغاندۇ؟

دوست خېنىم ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولدى - دە، ھەنىپەنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە تېخىمۇ ئېسەدەشكە باشلىدى. ھەنىپە دوست خېنىمنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدى.

— كىشىنى تىت - تىت قىلماي دېسىلىچۇ، سىلىگە زادى نېمە بولدى؟

— ئىلياس...ئىلياس، — دوست خېنىم گېپىنى تەستە ئۆرۈۋاتاتتى، — دەريا بويىدا جامالىدىن ئاكام بىلەن تۇرساق كېلىپ، بىزنى ھاقارەت قىلدى. ئۇ جامالىدىن ئاكامغا مۇشت ئاتتى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى مەن قېچىپ كەلدىم.

ھەنىپە دوست خېنىمنى قۇچاقلاپ، چاچلىرىنى سىلاپ

تۇرسىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا سوغۇق بىر كۈلكە ئۇۋلاشتى.
— ئەتىگەن سىلى چوڭ دادامنىڭ قېشىغا كەتكەنغۇ، دەريا بويىغا نېمە قىلغىلى بارغانتىلە؟
— يولدا جامالىدىن ئاكام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، — دوست خېنىمنىڭ ئېسەدەشلىرى بىر ئاز پەسلىدى، — ئۇ دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا ساقلاپ تۇرغانتى.
— سىلى ئۇ يەرگە بارغانمۇ؟
— ھەئە، ئۇنىڭ يېنىغا بارغانتىم.
— سىلەر ئۇ يەردە نېمە دېيىشتىڭلار؟ — ھەنىپە كىچىك بالىنى سوراق قىلىۋاتقان چوڭ ئادەمدەك، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىۋاتاتتى. ساددا دوست خېنىم ھەنىپەگە دەريا بويىدىكى گەپلەرنى قويماي دەپ بېرىۋاتاتتى.
— جامالىدىن ئاكام «ماڭا تېگەملا» دېگەن.
— سىلىچۇ، سىلى نېمە دېدىلە؟
— مەن ماقۇل دېمەكچىدىم، ئاڭغىچە ئىلياس كېلىپ قالدى. ئۇ بىزنى شۇنداق سەت تىللىدى. ئاڭغىچە جامالىدىن ئاكام ئىككىسى ئۇرۇشۇپ كەتتى. مەن قورقۇپ قاچتىم. ئىچىمدە يەنە قورقۇنچ بار ھەنىپە. ئۇلار قانداق بولۇپ كېتىشكەندۇ؟
— تەلەيلىرى بار خېنىم سىلىنىڭ، قورغان كۆلبىشىدىكى ئوتتۇرا قولدەك ئىككى يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قېلىۋاتىلا، — ھەنىپە ئىچىدىكى ئاچچىق زەردىنى چاقچاقتا يۆلەپ يوشۇرماقچى بولۇۋاتاتتى.
— مۇشۇنداق چاغدىمۇ چاقچاق قىلامىلا، كىشىگە.

ئىلياسنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ئەمەس ئىسمىنى ئاڭلىسامۇ ھۆ بولىمەن. ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويسىلا بولدى.

— ئۇ قانداق بولۇپ بېرىپ قالغاندۇ ئۇ يەرگە؟

— بىلمىدىم، مېنىڭمۇ ئەقلىمگە سىغمايدۇ.

كەينىمىزدە بىرى ئېغىزىنى سەت بۇزدى، قارىسام تېگەننىڭ قىرىدىلا تۇرىدۇ.

— ئىلياس دائىم سىلىنى پايلاپلا يۈرەتتى ئەمەسمۇ؟ ئېھتىمال ئۇ ئەتىگەندە سىلىنىڭ دەريا بويىغا ماڭغانلىرىنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ھەنپەنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئۇ دوست خېنىمنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. لېكىن ئۇ ئوينىغان ئويۇنىنىڭ دەرھال ئۇنۇمىنى كۆرسەتكىنىدىن مەمنۇن بولۇۋاتاتتى.



ھويلىدا ئاۋۋال تىللا خېنىمنىڭ كېلىنى قىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن دوست خېنىملارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى بوش ئېچىلدى.

— مەرھەمەت ئانا، - دېدى دوست خېنىم كاڭنىڭ ئۈستىدىلا ئۆرە بولۇپ.

— مەرھەمەت تىللاخان ئانا، — دېدى ھەنپەمۇ ئۇنىڭغا خۇشھال بېقىپ.

تىللا خېنىم كاڭنىڭ تۆر تەرىپىدىكى يەكەندازنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، پۇتىنى پەگاھقا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

— ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ئۇ دوست خېنىمنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئالدىرىماي بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن كىنايىلىك تەلەپپۇزدا، — ئولتۇرۇشسىلا، تالا - تۈزگە چىقىشقا كېرەك بولىدىغان پۇتۇڭلار تېلىپ

قالمىسۇن، ــ دوست خېنىم بىلەن ھەنىپە ئۇلتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تىللا خېنىم گېلىنى يەنە بوش قىرىۋېتىپ سورىدى، ــ دوست خېنىم، بۇگۇن نەگە بېرىپ كەلدىلە قىزىم؟

ــ چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم، ئانا.

ــ چوڭ دادىلىرى ساقمىكەن، شېرىن قىزىم؟

ــ چوڭ دادام خېلى تۇزۇلۇپ قاپتۇ، ئانا. بىر ئوبدان تۇرىدۇ.

ــ ئۆيىگە يىغلىغان پېتىلىرى كىلىپ، سالامغىمۇ يارىماي ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كەتسىلە، ئىگەمبەردىكامدىن ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن تېخى. ھەنىم بولسا ساق تۇرۇپتۇ.

ــ ئەجەب بىر تىكىنى بار گەپنى قىلدىلا ئانا؟! ــ دوست خېنىم ئانىسىنىڭ گېپىگە خېلىلا نارازى بولدى، ــ بىر كۇن بولسىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىدا ئوبدان تۇرسۇن. كۇننىڭ سىرىقىنى كۆرسۇن!

ــ ئەمىسە دەپ باقسىلا قىزىم، كۆز يېشى قىلغانلىرىنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟

ــ ئۆزۈمچە يىغلىغۇم كېلىپ يىغلىدىم، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوققۇ ئانا.

ــ شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ، جاھاندا سەۋەبسىز بىر ئىش بولمايدۇ، قىزىم. كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ پوق ـ سۇيدۇكلىرىنى ئادالاپ، چوڭ قىلىپ قويسام، شۇنىڭ جاۋابى ئۇچۇن ماڭا يالغان ئېيتىشنى ئۆگەنلىمۇ سىلى؟

ــ بۇنى دېيىشىم سىلىگە شۇنچە زۆرۈرمۇ؟

ــ بىر ئانا بولغان ئادەم قىزىنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلىشكە قادىر بولالمىسا، ئۇنى

قانداقمۇ ئانا دېگىلى بولسۇن؟!

دوست خېنىمنىڭ بېشى يەرگە ساڭگىلىدى. جىددىيلىشىپ، كۆڭلىدە بىر ۋەھىمىنىڭ سايىسى ئەلەڭگىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن «ئانام مېنىڭ نەگە بارغىنىمنى بىلىۋالدىمۇ نېمە» دېگەن ئوي كەچتى. تۇرۇپلا «ياق، ئانام بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ بىلسۇن» دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋەردى.

— راستىنلا باشقا ئىش يوق، ئۆزۈمنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپ يىغلىدىم.

— سىلىنىڭ نېمىلىرى نېمىلىرىگە يەتمەي يىغلايلا؟ دەريا بويىدا بىرەرى بوزەك قىلىپ قويغان بولسا، ماڭا دېسىلە.

— كىم بوزەك قىلاتتى مېنى ئانا؟ — دوست خېنىم ئانىسىغا بېشىنى ئۆرە قىلىپ قارىدى، — قورغان كۆلبېشىدا مېنى بوزەك قىلىشقا كىم پېتىنالايدۇ، دەيلا.

— پېتىنىدىغانلار چىقىپ قالمىسۇن دەيمىنا، — تىللا خېنىمنىڭ كۆزلىرى دوست خېنىمنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادالدى، — جالالىدىن كۆلالچىنىڭ ئوغلى جامالىدىنغا ئوخشاش!

ئانىسىنىڭ كۆرۈپ قالغاندەكلا ئۇشتۇمتۇت قىلغان بۇ گېپىدىن دوست خېنىمنىڭ ۋۇجۇدى چاقماق سوققاندەك تىترەپ كەتتى. ئۇ بۇ گەپنى ھەنىپە دەپ سالغان بولمىسۇن دەپ، ئىتتىك ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ھەنىپەمۇ تىللا خېنىمنىڭ دېگەنلىرىگە ھەيران قالغان ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ ئېغىزىنى ئېچىپلا ئولتۇراتتى. دوست خېنىم بۇنى «ھەنىپە ئانامغا دەپ قويمايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئەس - يادىدا ئانام قانداق بىلىپ

قالغاندۇر دېگەن ئوي ھۆكۈمران بولغاچقا ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا:

— بۇنى سىلى كىمدىن ئاڭلىدىلا، ئانا؟ — دەپ سالدى.

— سىلى ئانام ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالغانمىدىلە؟ مەن زاكىسىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان بوۋاق ئەمەس، شېرىن قىزىم، — ئۇ «شېرىن قىزىم» دېگەننى سوزۇپ، ئۇرغۇلۇق ئېيتتى، — سىلى مېنى ئالداشقا پېتىنغان بىلەن زېھنىم، پەرەزلىرىم مېنى ئالدىمايدۇ. نېمىشقا چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كۈندە قاترايدىغان بولۇپ قالدىكىن دەپتىمەن، تېخى. ئەسلىدە «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» بولغانتى دېسىلە! — ئۇ دوست خېنىمنىڭ خىجالەتتىن تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا بىردەم ئاچچىق بىلەن قاراپ ئولتۇردى، — ھە، گەپ قىلمامىلا خېنىم. ئۇنلىرى ئىچلىرىگە چۈشۈپ كەتتىمۇ؟! دادىلىرى ئىككىمىزنى تىرىك ئۆلسۇن دېگەنمىدىلە يا؟! — دوست خېنىم ئانىسىنىڭ ئاچچىق گەپلىرىدىن دەسلەپ ئۆپكىدەك ئېسىلدى. ئاندىن يۈزلىرىنى چاڭگاللاپ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. تىللا خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلىمەكتىدى، — سىلى نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى ئورمانلىقتا بىر يىگىت بىلەن ئايرىم مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدۇ دېسە سىلىگە چىرايلىقمۇ؟ بۇ گەپ تالاغا چىقىپ كەتسە ئائىلىمىز ئۇچۇن نى ئات، نى نومۇس! قايسى يۈزىمىز بىلەن يۇرت ئەھلىگە قارايمىز؟ ئاڭلاپ تۇرسىلا دادىلىرى كەلگىچە زىنھار سىرتقا چىقمايلا. ئاۋۋال دادىلىرىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇراي. دادىلىرى نېمە دېسە شۇنداق بولسۇن!

دوست خېنىم ئۆمەللىگىنىچە كېلىپ ئانىسىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى.

— جېنىم ئانا، بۇ گەپنى دادامغا دېمىسىلە، ئۆتۈنۈپ قالاي، دادامغا دېمەي تۇرسىلا، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ، — مېنى جامالىدىن ئاكام بوزەك قىلمىدى. بىز مۇنداقلا پاراڭلاشتۇق. باشقا گەپ يوق.

تىللا خېنىم ئۇنىڭ قوللىرىدىن قوللىرىنى سىلكىپ تارتتى ۋە:

— دادىلىرى كەلگەندە بىر گەپ بولار، ئاڭغىچە سىرتقا چىقمىغىن دېگۈچى بولمىسىلا، يەنە سىرتقا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن دەيدىكەنلا، بۇ ئىشنى دادىلىرىنى ساقلىمايلا ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلىمەن، — دېگىنىچە ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

دوست خېنىم ئەمدى قانداق قىلارمەن دېگەندەك، قورقۇمسىراش، يېلىنىش، بىئاراملىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر نەزەر بىلەن ھەنىپەگە تەلمۈرۈپ قاردى. ھەنىپە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، دوست خېنىمغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر خۇشلۇق ئەكس ئېتىۋاتاتتى. ئۇ دوست خېنىمغا:

— تىللاخان ئانامنىڭ گېپى خاتا ئەمەس، دوست خېنىم. ئۇمۇ ئائىلىمىزگە، سىلىگە ياخشى بولسۇن دەيدۇ. ھەر ھالدا ئۇنىڭ گېپىنى ئوبدان ئويلاپ باقسىلا، — دېدى.

يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## دىلدىمۇ، تىلدىمۇ دوست خېنىم

جامالىدىننىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئادەتتە ئۇ ھەر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن دىگەر ۋاقتى بولغۇچە كىتاب كۆرەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ كىتاب كۆرۈشكە زادىلا رايى بارمىدى. ھۇجرىسىدىكى كىتابدان ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى قانچە زورلاپ باقسىمۇ، كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى. ئىلياسنىڭ ئورمانلىقتىكى «مەن دوست خېنىمغا كۆيۈك» دېگەن گېپى ئىچىنى ھەرە چاققاندەك ئاغرىتاتتى، ئېچىشتۇراتتى. دوست خېنىمنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قارىغان شەھلا كۆزلىرى كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايتتى. قەلبىنى تۇرۇپ قىزغىنىش، رەشكىنىڭ كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلغۇچى ئالامەتلىرى، تۇرۇپ تەلپۈنۈش، سېغىنىشنىڭ جاننى شېرىنلىك ئىلكىدە قىينىغۇچى تۇيغۇلىرى مالىمان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەنجىرە ئالدىغا كەلدى. پەنجىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باغ، باغنىڭ ئارقىسىدا يېڭىلا كانجا قىلىنغان بۇغدايزارلىق، ئورمانلىق، نېرىسىدا ئاق تاغ زاھىر بولدى. ئاق تاغقا بىر دەم قاراپ تۇرۇۋېدى، يادىدىن دوست خېنىم بىلەن ئاق تاغدا قۇرغان سۆھبەتلىرى كەچتى. دوست خېنىمنىڭ ھەممىگە قىزىقىش بىلەن قارايدىغان كۆزلىرى، قايماقتەك

لەززەتلىك تىلى بىلەن توختىماي سورايدىغان سوئاللىرى، ھەنسىپەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قىچىۋاتقان ھالىتى ئايان بولدى. ئۇ كۆزىنى ئاق تاغدىن ئورمانلىققا يۆتكىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئىلياس، ئۇنىڭ قولىدىكى بىسلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرى، قان ئىچكەندەك قىزارغان كۆزلىرى كەلدى. جامالىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. تاپىنىدىن كىرگەن بىر تىترەك بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن شىددەتلىك بىر كۈچ ۋۇجۇدىنى تەۋرىتىۋەتتى. غەزەپتىن باغرى ئۆرتەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىلياسنى بىرلا چايناپ يۇركۇۋەتكىسى كەلدى. ئۇ پەنجىرە ئالدىدىمۇ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك تاپالمىدى. ئورمانلىقتا دوست خېنىم ئۆز ئاغزى بىلەن ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشكىمۇ تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ ئىلياس سەۋەبكار دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا قاتتىق ۋارقىرىغۇسى كەلدى. شۇنداق قىلسا ئىچىدىكى بىئاراملىق بىراقلا چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا بۇخارادىن كەلگەندىن بېرى قولىغا ئېلىپ باقمىغان ساتارى كەلدى. ئۇ پەنجىرە ئالدىدىن كېلىپ، تامغا ئېسىقلىق، ئاز ـ تولا چاڭ باسقان، دادىسى ئىبراھىم بۇخارا ئارقىلىق قەشقەردىن سېتىۋېلىپ، بۇخاراغا چىقىرىپ بەرگەن ساتارنى ئېلىپ سۇرتتى. ئاندىن ئۇنى بىردەم سازلىدى. جامالىدىننىڭ قەلبىنى پىغان قاپلىغان ئىدى. ئۇ بەكلا ئۇستا ساتارچىلاردىن بولمىسىمۇ، ساتارنى يامان ئەمەس چالاتتى. ئۇ ساتار كامانچىسىنى تارلار ئۇستىگە سۇركىدى. ساتار قايسىدۇر بىر مۇقام ئاھاڭىغا سايراشقا باشلىدى. ئۇ ساتار ئاۋازىغا ناخشا تەڭكەش قىلدى.

ئارازىن ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
بۇيلەكىم پەيدا بولۇر يۈلتۈز نىھان بولغاچ قۇياش.

مۇڭلۇق مۇزىكا بىلەن ناخشا ئاۋازى بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ، بىر ئاشىقنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى بايان ئېتىۋاتقاندەك، ھەسرەت بىلەن ياڭرايتتى. جامالىدىن كۆي ئىچىگە ئاشىق ـ بىقارارلارچە سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆي ئىچىدە يانغان ئەكس ساداسىغا قوشۇلۇپ تېخىمۇ ھەيۋەتلىك چىقاتتى.

ئۇ بىرىنچى ئاھاڭنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئاھاڭنى چالدى. بۇ ئاھاڭ راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئۇ بۇ ناخشىنى شۇ قەدەر ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئېيتتىكى، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تاراملاپ ئاقتى.

ساتارىم تارىگە جان رىشتىسىدىن تار ئىشىپ سالسام،
ئانىڭكى نالىسىدىن بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

مۇقام چالىپ مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغا جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغا سالسا، ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام.

جامالىدىن بۇ ناخشىنىمۇ ئاخىرلاشتۇردى. لېكىن ئۇ قەلبىدىكى پىغانىنى، ئىشتىياقىنى تېخى ئاخىرلاشتۇرالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا ھېلىمۇ كامانچە تۇراتتى. سول قولىنىڭ بارماقلىرى ساتار دەستىسىدىكى تارلار ئۈستىدە ئىدى. كۆڭۈل بوشلۇقىدا ھەم لەززەتلىك، ھەم ھەسرەتلىك بىر نىدا مەۋج ئۇراتتى.

ئەگەر ئۇ كامانچىنى تارلار ئۈستىدە ئوينىتسا، قەلبىدىكى ئاشۇ تۇيغۇلىرى يېپپېيىڭى بىر كۈيگە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇنىڭ خىيال قۇشى ساتار دەستىسىدىن قاناتلىرىنى پەرلەپ بوشلۇققا ئۆرلىدى ـ دە، تۆۋەن كوچىنى ــ دوست خېنىمنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ئۇچتى. بۇ قۇش جامالىدىنىنىڭ سېغىنىشىنى، تەلپۈنۈشىنى، سۆيگۈسىنى ئېلىپ كەتكەندى. دوست خېنىم شۇ دەملەردە قانداق ئويدىدۇ؟ ئۇمۇ جامالىدىن ئاكىسىنى خىيال قىلىۋاتقانمىدۇ ياكى باشقا نىيەتكە كېلىپ قالغانمىدۇ؟ نومۇس ـ خىجالەت ئىلكىدە ئازابلىنىۋاتقانمىدۇ؟ «جامالىدىن ئاكام ئورمانلىقتا ئىككىمىز يالغۇز تۇرساق باشقىلار سۆز ـ چۆچەك قىلىشامدۇ؟» دېسەم ئۇنماي، ئىلياسنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قويدى دەپ ئاغرىنىپ يۈرگەنمىدۇ؟ ئىلياستىن قورقۇپ ئۆمىدىنى ئۈزۈپمۇ يۈرمىگەندۇ، ھە؟



جامالىدىنىنىڭ قولىدىكى كامانچە ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتكە كېلىشكە باشلىدى. سول قولى پەدىلەرنىڭ ئۈستىدە گاھ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، گاھ تۆۋەندىن يۇقىرىغا يەڭگىل تەۋرىنەتتى. ساتارنىڭ قارنىدىن ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر ئاھاڭ ياڭرايتتى. بۇ ئاھاڭ يېپپېيىڭى بىر ئاھاڭ بولۇپ، ئۇستۇنئاتۇشنىڭ دىخاللىدا، قورغان كۆلبېشىنىڭ ئاق كوچىسىدا، جامالىدىنىنىڭ ھۇجرىسىدا مەيدانغا كەلمەكتىدى. جامالىدىن ئاھاڭنىڭ گاھ ئاق تاغنىڭ ئۆركەشلىرىگە، گاھ چاقماق دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىغا، گاھ دەريا بويىدىكى ئورمانلارنىڭ مەيىن شامالدا تەۋرىنىشىگە ئوخشايدىغان، ئۆزىنىڭ بىردە ھەسرەتكە تولغان ئىچكى ھېسسىياتىنى، بىردە سۆيگۈ

ۋىسالىغا تەلپۈنۈشلىرىنى، بىردە گۈزەل بىر پەرى ـ پەيكەرگە بولغان تەقەززالىقىنى، ئۈمىدىنى تۆكۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ كۈيىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتمەكتىدى. چېلىنىمىغىنىغا، قوزۇقتا تۇرغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان ساتار ئۆز قارىنىدىن چىقىۋاتقان بۇ كاتتا ئاھاڭدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك توختىماي سايرايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قارىنىدىن ئاھاڭلا ئەمەس، كۆز يېشى، ھاياجان يامرىماقتىدى. جامالىدىن توختىماي چالاتتى. ئۇنىڭ چالغانسېرى يەنە چالغۇسى كېلەتتى. چېلىش جەريانىدا ئۆزگەرتەتتى، تۈزىتەتتى. ئۆزگەرتكەن، تۈزەتكەنسېرى ئاھاڭنىڭ تەسىرلەندۈرۈش، جەلپ قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشاتتى. بارا ـ بارا ئاھاڭ بىر پۈتۈنلۈككە، مۇكەممەللىككە ئىگە بولماقتىدى. ئاھاڭ پىشقانسېرى جامالىدىنمۇ خۇددى ئۆزى كۈيگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تېپىلغۇسىز شېرىن تۇيغۇلارغا غەرق بولماقتىدى. تۇرۇپ ئاھاڭنىڭ ئىچىدە ئۇ دوست خېنىم بىلەن بىللە سەير ئېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. ئۇنى قۇچاقلايتتى، باغرىغا باساتتى. لەۋلىرىدىن ۋىسال شەربەتلىرىنى ئىچەتتى. تۇرۇپ دوست خېنىم ئۇنىڭغا باتناۋاتقاندەك، قېيداۋاتقاندەك، ئۇنى تاشلاپ قېچىۋاتقاندەك ھالەت يۈز بېرەتتى. جامالىدىنىنىڭ ھۇجرىسىدا ياڭراۋاتقان بۇ مۇھەببەتلىك، ھەسرەتلىك، ئەمما جەڭگىۋار ئاھاڭ پەنجىرە ئاراشلىرىدىن، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن چىقىپ ئاۋۋال جالالىدىنىنىڭ، ئاغىچىخانىنىڭ قەلبىنى تىترىتىپ، ئاق كوچىدىن يىراق ـ يىراقلارغا تارىماقتىدى.

ـــ ئۇھ، ئەجەب مۇڭلۇق بىر ئاھاڭكەن، سىلى ئاڭلىغانمىدىلە دادىسى بۇ كۈينى؟ ـــ ھاياجانلانغان، باغرى

ئىزىلگەندەك بولغان ئاغىچخان ئايۋان ئۆيىنىڭ سۇپىسىدا پۇتۇن دىققىتى بىلەن ئوغلى چېلىۋاتقان ئاھاڭنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئېرىگە دېدى، — ئوغلىمىزنىڭ بۇنداقمۇ كارامىتى بارلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن، دېسە.

— شۇ، قالتىس چېلىۋەتتى، بۇ كۈينى مەنمۇ ئىلگىرى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئوغلىمىزنىڭ ساتار ئۆگىنىمەن دېگىنىنى ئىبراھىم بۇخارادىن ئۇقۇقان ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ بۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتكىنىنى خىيالىمۇ قىلماپتىكەنمەن. بۇ بىر يېڭى ئاھاڭدەك تۇرىدۇ.

— قارچىغىدەك چېۋەر، بۇلبۇلدەك كۈيچى بالامنىڭ قوللىرىغا، تىلىغا دەرد كەلمىسۇن، ئىلاھىم يامانلارنىڭ كۆزىدىن يىراق بولسۇن! ئاڭلىسىلا، — دېدى ئۇ ئېرىگە پەس ئاۋازدا، — ئۇ يەنە چېلىۋاتىدۇ. دېگەر ۋاقتى بولۇپ قالدى. جامالىدىن بالام ھېچ توختاي دېمەيدۇغۇ؟

— ئۇ ھازىرلا توختايدۇ، — جالالىدىن قولى بىلەن خوتۇنىغا گەپ قىلماڭلا دېگەندەك ئىشارە قىلدى، — جامالىدىن ھەرگىزمۇ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتتۈپ قالىدىغان بالا ئەمەس.

ئاغىچخان ئېرىنىڭ ئىشارىسى بىلەن بىردەم جىم ئولتۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى ئوي - خىياللىرى ھە دېسە ئۇنىڭ تىلىنى گەپكە قىستايتتى.

— دادىسى، بۇ بالا قاچانلاردىن ساتار چېلىشنى بۇنچە ئۆگىنىۋالغان بولغىيتتى؟ ماۋۇ چېلىۋاتقىنى قايسى كۈيدۇ؟ ئەجەب مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك كۈيكىنا، بۇ. بالىنىڭ كۆڭلىدە بىر سەۋدا بار، دادىسى. بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئوغلىمىز بىرىگە ئاشىق بولۇپ قالغان گەپ.

جالالىدىن خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىللىق كۈلۈمسىرىدى.

ئۇنىڭ كۆلكىسىدە بىر خىل مەمنۇنىيەت ، رازىمەنلىك بار ئىدى. بۇ چاغدا جامالىدىن چېلىۋاتقان مۇزىكىسىنى توختاتقانىدى.

ــ نامازدىن كېيىن، ــ دېدى جالالىدىن بايىقى مەمنۇنىيەت كۆلكىسى تارقىمىغان لەۋلىرىنى گەپكە ئۆمەللەپ، ــ بالا بىلەن ئۇنىڭ نىكاھ ئىشى خۇسۇسىدا سۆزلىشىمەن.

ــ شۇنداق قىلسىلا دادىسى، ــ ئاغىچىخانمۇ ئېرىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

جامالىدىن دىگەر نامىزىنى دادىسى بىلەن بىللە ئوقىدى. نامازدىن كېيىن ھۇجرىسىغا ماڭاي دەپ تۇراتتى، دادىسى ئۇنى توختاتتى.

ــ ئوغلۇم، ــ دېدى ئۇ جامالىدىننى يېنىغا چاقىرىپ، ــ كەل، قېشىمدا ئولتۇرغىن. سەن بىلەن بىر دەم مۇڭداشقۇم كېلىۋاتىدۇ، ــ جامالىدىن دادىسىنىڭ يېنىغا جايلاشتى. جالالىدىن ئوغلىنى تېخىمۇ تولۇقراق كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا ئالدىرىماي، تەكشى نەزەر سېلىپ چىقتى، ــ ساتارنى بەلەن ئۆگىنىپسەن، بالام. شۇنچە ئوبدان چالدىڭ. ئىيتقىنا، بايا چالغان ئاھاڭنى تازا بىلەلمىدىم. ئۇ قايسى كۈي بولغىيتتى؟

ــ سىلىگە ياقتىمۇ، دادا؟

ــ ياقمامدىغان بالام، ياقمامدىغان، ــ ئوغلى بىلەن ئېرىنىڭ سۆھبىتىگە قاراپ كاڭنىڭ پەگاھ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئاغىچىخان گەپ ئارىلىدى، ــ ئەجەب بىر مۇڭلۇق كۈيكەن، تولىمۇ يېقىملىق ئاھاڭكەن. دادىلىرى ئىككىمىز بۇ قايسى ئاھاڭ بولغىيتتى دەپ زادىلا

بىلەلمىدۇق.

— كۆڭلۈمگە مۇنداقلا بىر ئاھاڭ كەلگەندەك بولدى، — جامالىدىننىڭ چېھرى كۈلكە ئارىلاش قىزاردى، — چېلىپ باقاي دەپ، تەۋەككۈل قىلىپ كۆرگەنىدىم. ئۆزۈمگىمۇ خېلى ياخشى ئاڭلانغاندەك قىلدى.

— ئوغلۇم، قارىغاندا سەنمۇ تۇنجى قېتىم ئىچىڭدىن چىقىرىپ چېلىپ باققان ئاھاڭكەندە بۇ؟ — جالالىدىن ئوغلىغا قايىللىق نەزەرى بىلەن باقتى، — يارايسەن، يارايسەن. دىخاللىلىق غەزەلچىلەر ئوقۇيدىغان غەزەللەردىن مېنىڭ بىلمەيدىغىنىم يوق ئىدى. قارىسام، بۇ ئاھاڭ ماڭىمۇ يېڭىدەك تۇيۇلغان. مەن دېمىدىممۇ خوتۇن؟ — ئۇ ئاغىچىخانىغا بۇرۇلدى. كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بىر خىل ئىپتىخارلىق كۈلكىسى ئەگىدى، — بۇ يېڭى ئاھاڭكەن دەپ؟!

— ھەئە، — دېدى جامالىدىن دادىسىغا، — بۇ ئاھاڭنى ئىچىمدىن چىقىرىپ چېلىپ باققان ئىدىم.

— ئىسمى نېمە بالام، بۇ ئاھاڭنىڭ؟

— ھازىرچە تېخى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— مۇشۇنداق گۈزەل ئاھاڭنىڭ ئىسمى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئەتتىكىرەك ئىسىم قويۇۋەتكىن، ئوغلۇم!

— بولىدۇ، دادا.

— ئوغلۇم، قارىسام سەن بۇخارادا خېلى ئوبدانلا ئىلىم ئاپسەن، ھەر تەرەپتىن يېتىلىپسەن. شەھىدۇللا ئىمام تېخى جامالىدىننىڭ بىلىدىغانلىرى مېنىڭكىدىن كۆپ دەۋاتىدۇ. ئۇ زات كۆڭلۈمنى ياساپ شۇنداق دېدىمۇ ياكى

چىن دىلىدىن قايىل بولۇپمۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ھەر ھالدا شەھىدۇللا ئىمامنىڭ كۆڭلىگە ياراپسەن. مانا سازمۇ چالىدىكەنسەن، غەزەلمۇ ئوقۇيدىكەنسەن. قانات - قۇيرۇقۇڭ يېتىلىپتۇ، — جالالىدىن گەپنى ئەمدى ئۆزى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان يەرگە ئەكەلمەكتىدى، — چوپچوڭلا ئادەم بولغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمدى تويۇڭنىڭ گېپىنى قىلىلى. ئۆتكەندە ئاناڭ ئىككىمىز دېگەن گەپكە ھېچبىر جاۋابىڭ يوققۇ؟

جامالىدىن ھەم ھاياجان، ھەم خىجالەت بىلەن تۆۋەن باقتى. «ئەمدى دادامغا جاۋاب بېرەي، شۇنداق قىلمىساممۇ بولمىغىدەك» دەپ ئويلىدى. يەنە ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئىلياستىن بالدۇرراق دوست خېنىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزمەكلىك زۆرۈر دېگەن ئوي كەچتى.

— ئويلاندىم، دادا، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — كۆڭلۈمدىمۇ سان بار بولدى.

— ھەببەللى، — جالالىدىننىڭ قەلبىنى خۇشاللىق قاپلىدى. كۆز ئالدىدا ئەتىۋارلىق ئوغلىنىڭ توي تەنتەنىسى ئايان بولدى، — چاپسانراق ئېيتقىن ئوغلۇم، كېلىنىمنى قايسى ئۆيدىن سورايمەن؟

— سىلىگە توغرا كەلسە، — ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى دوست خېنىمغا ئۆيلىنەيمىكىن دەپ ئويلىدىم.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ، دوست خېنىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا جالالىدىننىڭ ئالدىغا چىققىلى بولمايدىغان بىر ئېگىز داۋان پەيدا بولغاندەك، قەلبىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىدى. ئۇ ئوغلىنى «ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى ھەنىپە بىلەن توي قىلىمەن» دەيدۇ دەپ

ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ دوست خېنىمنى ئالىمەن دېيىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەنىپە بىلەن توي قىلىدىغان ئىش بولسا ئاسان ئىدى. ھەنىپەنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم باقىان بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇلبىتىپ، ئانىسى مۇكەررەملەر بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياخشى مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولاتتى. ئەمما دوست خېنىم بولسا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ تۇتىياسى، بىر تاللا قىزى، كۆز گۆھىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئوتتۇز يىلدىن بۇيان گىنە تۇتۇپ، دۈشمىنىدەك كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىشقا ئۇنارمۇ؟ جالالىدىنىنىڭ بېشى ئېگىلگەندەك بولدى. ئۇ ئوغلىغا بىلدۈرمەي، خوتۇنىنىڭ كۆزىگە لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، يەنە كۆزىنى قاچۇردى. ئوغلىنىڭ گېپى ئۇنىڭ ئىچىگە ئاجايىپ كۈچلۈك تەشۋىشنى تاشلىدى. ئاغىچىخانىنىڭ چىرايىدىمۇ خۇشاللىقتىن كۆرە جىددىيلىشىشنىڭ ئالامەتلىرى كۆپ ئىدى. جامالىدىن ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىچكى ھېسسىياتىنى ئاشكارا قىلغىنىدىن خىجىل بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر دادىسىغا جاۋاب بەرگەندىن باشلاپ، يەرگە قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئارىدا بىر خىل سوغۇق، ئوڭايسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ھالدىن جالالىدىن، ئاغىچىخان، جامالىدىنمۇ چاندۇرمىغاندەك قىلغىنى بىلەن بۇرۇقتۇم بولۇۋاتاتتى. ئارىدىكى بۇ ھالەتنى جالالىدىن بۇزدى.

ــ ئاناڭ ئىككىمىز بىلدۇق، ئوغلۇم، ــ دېدى ئۇ ئوغلىغا ئۆز تۇيغۇسىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، ــ ئەمدى سەن ھۇجراڭغا چىققىن.

جامالىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئېرىگە ئاغىچىخان ئېغىز ئاچتى.

— ئوغلىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىدۇق، دادىسى. جامالىدىن بىزنىڭ قولىمىز يەتمەيدىغان شاختىكى شاپتۇلغا نەزىرىنى سالغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟

— شۇنى دەيمەن، — جالالىدىنمۇ ئۇنىڭغا ئۇمىدسىز بىر نەزەردە باقتى، — ئوغلىمىز ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ مېنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بالا دوست خېنىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقان گەپ.

— دوست خېنىمغۇ شۇنداق ئېسىل بىر قىز بولغان، كېلىن قىلىۋالساق، نېمىدېگەن بەلەن ئىش بولاتتى. جامالىدىن بالامنىڭمۇ ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغاچقا، ئۆزىگە جۆرە بولىدىغان ئادەمنى تونۇپتىكەن، بولمىسا.

— ئەمما، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنى بىزنىڭ ئائىلىگە كېلىنلىككە بەرمەسمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز، دادىسى؟ بۇ بىر نىكاھ ئىشى بولغاندىكىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قوشۇلۇپمۇ قالارمۇ يا؟ كۆڭلى يۇمشاپ، ماقۇل دەۋەتسە ئىككى ئائىلىنىڭ ئارىسىدا يول ئېچىلىپمۇ قالارمۇ. شۇنداق بولۇشىنى نېسىپ قىلار ئىلاھىم.

— مېنىڭ ھېچ ئىشەنچىم يوق. ئەمدى بالىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاتلىنىپ باقارمىز بولمىسا.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# تۆۋەن كوچىدا ناخشا ئاۋازى

مانا ئۈچ كۈن بولدى. جامالىدىن دوست خېنىمنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ دېرىكىنىمۇ ئالالمىدى. ئۇنى توي قىلىشقا ئالدىرىتىۋاتقان دادىسى بىلەن ئانىسىمۇ جىمىپ كەتتى. ئۇ قورغان كۆلىبېشىغا نەچچە قېتىم باردى. كۈنگەي دەرۋازىسىدىن تۆۋەن كوچىغا چىقىپ، دوست خېنىملارنىڭ قورۇسى تەرەپكە ئۇزۇندىن ئۇزۇن تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. ئاق كوچىدا ئۇيانىدىن ـ بۇيانغا قانچە قېتىم ئۆتكىنىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. قەلبىنى سېغىنىش ئوتى پۈچىلاپ، كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ. ھېلىقى كۈنى ھۇجرىسىدا چالغان ئاھاڭ كاللىسىدىن زادىلا نېرى بولمايدۇ. ئۇ دوست خېنىمنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغانسېرى بۇ ئاھاڭ ئىچىگە تېخىمۇ پاتمايدۇ. ئۇ ھۇجرىسىدىكى چاغلاردىمۇ، كوچىغا چىققاندىمۇ، دوست خېنىملارنىڭ قورۇسىغا، تۆۋەن كوچىغا تەلمۈرگەندىمۇ بۇ ئاھاڭنى دىمىقىدا غىڭشىيدۇ. ئۇ دوست خېنىم، ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ھۆسنى ـ جامالى، تاتلىق گەپلىرى، ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرى مۇشۇ ئاھاڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئاھاڭنى ھەر قېتىم غىڭشىسا كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولىدۇ. دوست خېنىم بۇ ئاھاڭنىڭ ئىچىدىن ھېلىلا كۈلۈمسىرىگىنىچە

چىقىدىغانلىقىدەك، ئۆزىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ «جامالىدىن ئاكا، مەن سىلىگە تېگىشنى خالايمەن» دەيدىغاندەك ئۈمىدلىنىدۇ. ئەمما ئۇ دوست خېنىمنى ئۇچرىتالمىغانسېرى ئىچى پۇشىدۇ، ئارامسىزلىنىدۇ. كۆڭلىدىن جاننى قىينىغۇچى، تەشۋىشكە قىستۇغۇچى تۇيغۇلارمۇ كېچىدۇ. «دوست خېنىم ئىلياستىن قورقۇپ سىرتلارغا چىقالماي قېلىۋاتقانمىدۇ ـ يا؟ ئۇ ئىككىسى ئىلگىرى نېمىلەرنى دېيىشكەن بولغىيتتى. ھېلىقى كۈنى ئۇ ئىلياسنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر سۆز ئۆتۈلۈپ قالغانمۇ قانداق؟ ئىلياسمۇ ‹مەن دوست خېنىمغا كۆيۈك› دەپ يۈرەتتى ئەمەسمۇ. دوست خېنىم ئاق تاغدا نەزمە ئارقىلىق سۆيگۈمنى ئىزھار قىلسام ئۈركۈگەك جەرەندەك قېچىپ كەتتى. بولمىسا كۆزلىرىدىن، گەپ ـ سۆزلىرىدىن، تەلمۈرۈشلىرىدىن مېنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدىم. ئەمما مېنىڭ سۆيگۈ تەلپىمگە بىر ئېغىز سۆزمۇ بەرمىدى ـ دە. ئالدىدا بىرەر توسالغۇ بار بولغىيمىدى؟». ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ھەسرەت يۇتاتتى. «ئۇنى ئىزدىشىم، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم، ئۇنى جېنىمدىن ئەزىز بىلىدىغىنىمنى، ئەمرىمگە ئېلىش قەتئىيىتىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك.»

ئەتىگەندىلا ئۇ سىرتقا مېڭىۋىدى، ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان ئانىسى ئاغىچىخان سورىدى.

ــ نەگە ماڭدىلا، بالام؟

ــ قورغان كۆلبېشىغا، ئانا.

ــ قىلىدىغان بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟

ــ ئايلىنىپ كېلەي دەيمەن.

ئاغىچخان چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قالدى. جامالىدىن قورغان كۆلبېشىغا كەلگەندە ئىچىدىكىلەرنىڭ تەسكەي دەرۋازا بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بۇ ئادەملەر نېمىگە بۇنچە ئالدىراش ماڭغاندۇ دېگەن ئوي كەچتى. ئۇنىڭمۇ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ باققۇسى كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىققاندا جامە مەسچىتى ئالدىدىكى مەيداندا تۇرغۇن كىشىلەر چەمبەر شەكلىدە دائىرە چىقىرىپ يىغىلىشىۋالغانىدى. جامالىدىن كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن مەيدانغا قارىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، كىشىلەرنى قىستىمايلا مەيداننىڭ ئىچىنى ئېنىق كۆردى. تاماشا كۆرگۈچى كىشىلەر دائىرىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۇستىگە جەندە، باشلىرىغا تۆت چاسا قۇببىلىك كۇلاھ كىيىۋالغان، مەيلىگە قويۇۋەتكەن، قالايمىقان چاچلىرى كۇلاھىنىڭ ئاستىدىن پاخپىيىپ چىقىپ تۇرغان، قوللىرىدا ساپايە تۇتقان، ياش پەرقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئون نەچچە قەلەندەر ـ دەرۋىشلەرمۇ چەمبەر شەكىللىك كىچىك دائىرە هاسىل قىلىۋالغان بولۇپ، بۇ دائىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا چار ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئەللىك ـ ئەللىك بەش ياشلاردىكى بىر سوپى تۇراتتى. جامالىدىن ئۇنى تونۇدى. ئۇ كىشىلەر خوجا ئەلا سوبىي دەپ ئاتايدىغان دەرۋىش ـ قەلەندەرلەرنىڭ پاسىبانى ئىدى.

خوجا ئەلا سوبىي ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ هەدەپ زىكرى قىلماقتىدى.

— بىز ئاللانىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى ئويلىمىدۇق.

پانىيىنىڭ مەئىشەتلىرى ئەقلىمىزنى قوسۇرلۇق قىلدى. ئەقلىمىز نۇقسانلىق بولغاچقا، ئۇ روھىمىزغا خىيانەت قىلىشتىن قورقمىدى. شۇل سەۋەبدىن دۇنيا دېگەن پانىيدۇر، ئۇمۇر دېگەن غەنىيمەتتۇر دېيىشتىن باش تارتمىدۇق. باقىينىڭ ئەبەدىيلىك مەئىشەتلىرىنى تەرك ئېتىش يولىنى تاللىدۇق. روھىمىز غەپلەتتە، گۇناھ ھەم رىيانىڭ ئاستىدا قالدى. بىز زاھىر كۆزلىرىمىزنى يۇمۇپ، باتىن كۆزىمىز بىلەن قارىساق، ئەزىم دەريادەك كۆڭلىمىزنىڭ مۇز بولۇپ قاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز، — خوجا ئەلا سۇبھى ئەتراپىنى شالاڭ ئوراپ تۇرغان دەرۋىش - قەلەندەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قولىدىكى كۆپ كۆزلۈك سوتىسىنى ئۆزىگە قاراپ جىمجىت تۇرغان كىشىلەرگە چېنەپ، سۆزلىمەكتىدى، — كۆڭۈل مەيلىمىزنى پانىيدىكى مەرتىۋىنىڭ شۆھرىتى، مال - دۇنيانىڭ لەززىتى رام ئەيلىدى. پىرى مۇرشىد ئاپاق خوجا بۇزرۇكۋارىمىنىڭ ئېتىكىگە ئىخلاس، ئىتائەت يىپى بىلەن باغلانغان، ئىشانلىق ماقامىنى نىشان ئەيلىگەن پېقىرغا ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇكى، تەلەپتىن ئىشىق، پانىيدىن باقىنىڭ دەرىجىلىرىنى ئىزدەش بۇ دىياردا يوق ھېسابتىدۇر.

ئەتراپنى دەھشەتلىك سۈكۈنات قاپلىغانىدى. خوجا ئەلا سۇبھىنىڭ جاراڭلىق ئۈن بىلەن قىلىۋاتقان زىكرىسى كىشىلەرنىڭ قورقۇنچ بىلەن ئىلىۋاتقان ھاياجانلىق نەپەسلىرىنى بېسىپ تۇرسا، دەرۋىش - قەلەندەرلەر باشلىرىنى سىلكىشىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ تۇراتتى. خوجا ئەلا سۇبھى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇرتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يانغا چىقىپ، قولىدىكى

هاسىسىنى يەرگە ئىككى قېتىم توكۇلدىتىپ ئۇرۇۋېدى شۇ هامانلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۇلا - جەندىلىرى كىرنىڭ دەستىدىن قاسماقلىشىپ كەتكەن بىر قەلەندەر قولىدىكى ساپايىسىنى مۇرىسىگە ئۇرۇپ جەررە سېلىشقا باشلىدى. باشقىلارمۇ تەڭلا ساپايىسىنى تەڭكەش قىلىپ، ساماغا چۈشتى. ھېلىقى قەلەندەر ھەدەپ جەررە قىلىۋاتاتتى.

يارى خۇدانىڭ ئالدىدا،
شاھۇ گەدا بارابەر.
كىمنىڭ يارى خۇدادۇر،
كىمنىڭ يارى ئالتۇن - زەر.
ئالتۇن - زەرنى تەرك ئېتىپ،
جاھان كېزەر قەلەندەر...



ھەربىر مىسرا ئارىلىقىدا ساما سېلىۋاتقانلار باشلىرىنى ئالدى - ئارقىغا، ئىككى يانغا ئېتىپ، «ھۇم ئاللا، ھۇم» دېيىشىپ، پۇتلىرىنى يەرگە «گۈپ - گۈپ» ئۇرۇشاتتى. بايىدىن بۇيان خوجا ئەلا سۇيىبىنىڭ زىكرىسىنى جىمجىت ئاڭلىغان كىشىلەر ئەمدى دەرۋىش - قەلەندەرلەرنىڭ جەررە - ساماسىنى كۆرگۈچە قىزىق بىر ئويۇندىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك ئۇلارنى بىر - بىرىگە قولىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ كۆرسىتىپ كۈلۈشەتتى. بەزىلەر كۈلكە ئاۋازىنى ئامالىنىڭ بارىچە سىرتقا چىقارمىسا، يەنە بەزىلەر، بولۇپمۇ ياشلار، باللار ئاۋازلىرىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىشەتتى. ئارىدا بەزى قىزىقچى باللار ئۇلارنى دوراپ سامامۇ سېلىپ قوياتتى.

بۇنىڭدىن خوجا ئەلا سۇبىنىڭ جەھلى قاتتى بولغاي، ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى يەرگە كۇچەپ ئۈچ قېتىم ئۇردى. جەررە ـ ساما سېلىۋاتقانلار توختىدى. ئۇ جامائەتكە قاراپ، ئاۋازىغا سۇرلۇك تۇس بېرىپ سۆزلىدى.

ــ سىلەرنىڭ زاھىر كۆزۈڭلارلا باردۇر، سىلەر شەكىلنىلا كۆرىسىلەر. باتىن كۆزۈڭلار كۆرمەستۇر، ھەقنى كۆرەلمەيسىلەر. سىلەر شەكىلدىن ھۇزۇرلىنىشنى، دىلىڭلارنى خۇش قىلىشنى ئىزدەيسىلەر. ئىشقنى، ئاشىقلىقنى، سېغىنىشنى، ھەقنى ھېس قىلالمايسىلەر. كۆڭۈل خۇشلۇقىڭلار ئۈچۈن كۇلۇشنىلا بىلىسىلەر. ھەققە سېغىنىپ مۇناجات قىلىشنى، ھەقنىڭ ئىشقىدا يىغلاشنى ئەسلا بىلمەيسىلەر. سىلەر ماختىنىش تەمەسىنى دىلىڭلارغا مۇجەسسەم قىلدىڭلاركى، ئاللاھقا ھەمدۇ سانا، پىرغا مەدھىيە ئوقۇماقنى دىلىڭلار پايانىغا جەم ئەيلەشنى ئويلاشمايسىلەر،ــ ئۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ خىتاب قىلدى،ــ ئەي بەندىلەر، ئالتە كۇنلۇك دۇنيانى يار ئەيلەپ، ھەق يولىدىن تانماڭلار، ئۆلۈم ھەم ئاخىرەتنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. ھەربىر ئىشىڭلاردا ئاللاھنىڭ زىكرى تىلىڭلاردا بولسۇن، مۇددىئايىڭلارغا ئۇلۇغ ماشايىخلارغا ئەگەشمەكلىكنى يار ئەيلەڭلار. غاپىللىق ئەقلىڭلارنى قۇسۇرلۇق قىلمىسۇنكى، بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە پايدىسىزدۇر. قەددىڭلارنى غادايماقلىقتا ھەمراھ قىلغان، دىلىڭلارنى غەپلەتكە تولدۇرغان مال ـ دۇنيالىرىڭلار قالۇر. سىلەر ئاخىرى كېتۇرسىلەر. زىنھار ئۇنۇتماڭلاركى، ئىنسان بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەن، ھەم يالىڭاچ قايتۇر،ــ خوجا ئەلا سۇبىي ئالىقانلىرىنى كەڭ

ئېچىپ، قوللىرىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ، ئېچىنىشلىق نىدا قىلدى، — تۆۋبە قىلىڭلار، قىلغان گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن، چىن دىلىڭلاردىن ئىستىغپار ئېيتىڭلار! مازار ـ ماشايىخلارغا بېرىپ، ئۇلۇغ پىرنىڭ ئۇدۇمكارلىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىڭلار! مال ـ دۇنيالىرىڭلارنى پىر مۇرشىدىمىزنىڭ نامىدا ئۇنىڭ مەقبۇلىغا مۇشەررەپ بولغان، قولىنى تۇتقان ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا تاشلاڭلار! ئى ئۇلۇغ ئىگەم، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان بۇ كورلارنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، ئاللاھۇ ئەكبەر...

ئۇ ئالقانلىرى بىلەن يۈزلىرىنى سىيپىدى. ئاندىن ئەتراپقا تەكشى قارىدى. مەيداننى چۆرىدەپ تۇرغانلار سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئاندا ـ مۇندا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ئەندىشە، قورقۇنچ بىلەن تىكىلىشەتتى. خوجا ئەلا سۇبىنىڭ چىرايىغا مەمنۇنىيەت ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى. ئۇ ئۆز زىكرىسىنىڭ كىشىلەردە كۆرۈلۈۋاتقان تەسىرىدىن مەغرۇرلىنىۋاتقاندا تۇرغانلاردىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئى قەلەندەرلەر پاسىبانى خوجا ئەلا سۇبىي، — كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. خوجا ئەلا سۇبىمۇ سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ جامالىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ جامالىدىننىڭ ئۆزلىرىگە مۇخالىپ گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئازغۇن بەندىگە قاراپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇزىراپ كەتكەن تىلىغا قايچا ئۇرۇش پەيتىنىڭ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، سۆزىنى ئاڭلىماق بولدى، — بۇ گۇناھقا پاتقان بەندىلەر قايسى

يولنى تۇتمىقى لازىمدۇر؟

— «تۆۋبە گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى»، — خوجا ئەلا سۇبىي ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭدى ۋە جامالىدىنغا مەسخىرىلىك تىكىلدى، — بۇ گۇناھكار ئاسىي بەندىلەر پىرنىڭ روھىغا تېز يۈكمىكى، غەنىلەرچە سەدىقە بىلەن ئارتۇق دۆلەتنىڭ باشلىرىغا كەلتۈرىدىغان بالاسىدىن ئازاد بولمىقى لازىمدۇر.

خوجا ئەلا سۇبىينىڭ سۆزلىرى ئاخىرىلىشىشىغىلا ئەتراپتا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بەزىلەر يانلىرىدىن ھەميانلىرىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن چىقارغان پۇللىرىنى مەيدان ئىچىگە تاشلىدى. قەلەندەرلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى يەرگە تاشلانغان ئاقچىلارنى ھەدەپ تېرىشكە باشلىدى، بىر قىسمىلىرى جەندىسىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ، دائىرە ئىچىنى ئايلىنىپ كىشىلەردىن ئاقچا تەلەپ قىلىشماقتىدى. جامالىدىن بۇ كۆرۈنۈشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— ئەلدىن سەدىقە قىلىنغان بۇ ئاقچىلار نېمىگە سەرپ ئېتىلۇر، خوجا ئەلا سۇبىي؟!

خوجا ئەلا سۇبىينىڭ ھازىرغىچە ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىچىدىكى ئاچچىق چىرايىنى شۇ ھامان قارىداتتى.

— دەرۋىش - قەلەندەرلەر بىر ئالالاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پىرنىڭ يولىنى تۇتقان، تەرىقەتنىڭ ئاشىنالىرىدۇر. سۇلۇك، تەرىقەتنىڭ نۇرىنى بۇ دىيارغا تارقىتىش ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئەمەلىدۇر. تەرىقەت خەزىنىسىگە كۆز قىزارتىپ قاراش مۇرتەدلىكتۇر.

— تەرىقەت نۇرىنى تارقىتىش دىل يولى بىلەن

بولماي، بايلىق يولى بىلەن بولۇرمۇ، سوپى! — جامالىدىن خوجا ئەلا سوپىنىڭ سۆز ۋە قەھرى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىگە كىنايە قىلدى، — ئەلنى مال - دۇنيانى تەرك ئەتمەككە دالالەت قىلماقتىن مۇددىئالىرى ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىنى توم قىلماق بولسا، ئەل بۇنىڭغا ماقۇل بولۇرمۇ؟! سىلى «كىمكى تىلەمچىلىك دەرۋازىسىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا پىقىرلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئىنسانغا يېمەك - ئىچمەككە يەتكۇدەك روزغار كۇپايىدۇر، بىر نانغا قورساق تويۇر، — خوجا ئەلا سوپى جامالىدىنغا قارشى سەۋەب يورغىلاتماقتىدى، — ئەلنى ئارتۇق بايلىقتىن خالاس ئەتمەكتىن نىشان ئۇلارنى بايلىق ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلدۇرماق ھەم كۇپۇرانە بىخۇدلۇقتىن خالاس ئەتمەكتۇر. ئىنسان بالىسى «ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى، ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى» دېگەن ھېكمەتنى بىلمىكى لازىمدۇر.

ئېنىقكى، خوجا ئەلا سوپى جامالىدىننى ھاقارەت قىلمىۋاتاتتى. مەيداندىكى كىشىلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇنازىرىلىك سۆھبەتلىرىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت قىلماقتىدى. جامالىدىن تويىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ خوجا ئەلا سوپىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى.

— جاھاندا قورساق تويغۇزماقتىنمۇ زۆرۈر ئىشلار باردۇر. ئىنسان دۇنياغا يەپ - ئىچكىلى كەلسە، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق؟ تەن ئاچلىقىدىن باشقا يەنە روھنىڭ ئاچلىقىنىمۇ ئويلاش كېرەك. روھنى ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بۇيرۇغان ئەڭ ئېسىل، ئەڭ پاكىزە نېئمەتلىرى

بىلەن ئۇزۇقلاندۇرماق لازىمدۇر. دۇنيادىكى ئىلمۇ ھېكمەت ۋە ھۇنەرۇ سەنئەت روھىي ئاچلىقىنىڭ تېپىلغۇسىز ئوزۇقىدۇر. ئول ئوزۇق كۆزلەرنى روشەن، ئەقىلنى ئىتتىك، پۇت ـ قولنى كۈچلۈك قىلۇر. كىشى تاپقان بايلىقىنى، توپلىغان دۇنيانى ئۇنىڭغا سەرپ ئەتسە ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا، ئىلتىپاتىغا چەكسىز ئېرىشۇر. ئەڭ دانا كىشىلەرلا ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ئىلمۇ كامىللىق، ئارىفلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرۇر. ئۆزلىرىنىڭ دەۋاتقانلىرى ئەلنى زۇلمەتكە، قاراڭغۇغا باشلايدۇ. قاراڭغۇ ۋە نۇرسىز قەلبدىن ئىماننىڭ نۇرىنى، ئەقىدىنىڭ خىسلىتىنى، ئىشقىنىڭ سەلتەنىتىنى كۆرمەك تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. ئىلىمسىزلىك يۇرتنى ئۆتمۇشكە تارتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمۇ ئىرپان ئارقىلىق بەندىلىرىگە بەرگەن ھىدايىتىلا ئەلگە ئاسايىشلىق بېغىشلايدۇ.

باياتىن بېرى بۇ ئىككى مۇنازىرىچىنىڭ گەپلىرىگە دىققەت قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆزلىرى بىر كىشىگە ـــ جامالىدىنغا مەركەزلەشتى. كىشىلەرنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈش، ئىلھام ھاسىلاتلىرىغا ئېرىشتى. خوجا ئەلا سۇبىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دەرۋىش ـ قەلەندەرلىرى ئارقىلىق توپلاۋاتقان مال ـ دۇنيالىرىدىن گۇمانلىنىۋاتقان كىشىلەر يۇرتتىن كىچىكلا ئايرىلغان، ئەمما يىراق شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان بۇ ئوغلىنىڭ تىلىدىكى شېرىن سۇخەنلىكتىن، قىياپىتىدىكى مەردانىلىقتىن ئىپتىخارلاندى. ئۇلار مەيدانغا ۋە قەلەندەرلەرنىڭ جەندىسىنىڭ پېشىگە تاشلاشقا تەييارلىغان ئاقچىلىرىنى يەنە قويىنغا سېلىۋېتىشتى.

جامالىددىننىڭ سۆزلىرىدىن ھودۇققان، تەمتىرىگەن خوجا ئەلا سۇبىي تىلىنى كالۋالاشقاندىن بەتتەررەك تەييار ئاقچىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تېخىمۇ غەزەپلەندى.
— سەن... سەن... پىرىمنىڭ جازاسىغا، ئاللانىڭ غەزىپىگە لايىقسەن!
— ئىگەم كىمنىڭ گۇناھكار، كىمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلىدۇ، — جامالىددىن تولىمۇ تەمكىن سۆزلىمەكتىدى، — يالغان ـ ياۋداق بىلەن ئەلنى ئالدىغان گۇناھمۇ ۋەياكى ئەلنى قايمۇقۇشتىن توسۇغانمۇ؟ ھەزرىتى ئاپاق خوجىنىڭ نامىنى چىقىرىپ، سىلەدەك ئۆزىنى ئەۋلىيا دەۋالغان ئىنسانىنىڭ بۆك ئانام مازىرى بىلەن قىزىل ئاغىچام مازىرىدا قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى، ئەل بىلمىگەن بىلەن ھەق بىلىدۇ. بەڭگىلىك، مەينەتلىك ئىنسان زاتىغا ياتتۇر. ئىشرەت ھەقنىڭ ئەغيارىدۇر.
مەيدانغا يىغىلغانلارنىڭ جامالىددىننىڭ مەردانە بايانلىرىدىن ئۇنىڭغا قايىللىق ھېسسىياتى قوزغالدى. خوجا ئەلا سۇبىيگە قاراپ غۇدراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۆزىنىڭ ئوڭايسىز ھالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغان خوجا ئەلا سۇبىي پېشىنى قېقىپ، مۇرتلىرىنى باشلاپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.
ئۆزىگە ھۆرمەتتە تىكىلگەن غەرەزسىز، مەسۇم كۆزلەردە، تەبەسسۇم يانغان قەدىردان يۈزلەردە ئىپادىلەنگەن سۆيۈنۈش جامالىددىننىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا تىنچ ئەمەس ئىدى. ھۇجرىسىدا تەلپۈنۈش، ئارمانلىرىنى بايان ئەيلىگەندەك ساتارىنىڭ قارىنىدىن مۇڭلۇق ياڭرىغان

ھېلىقى ئاھاڭ خىيالىدىن زادىلا نېرى بولمايتتى. ئۇ مەيداندىن ئايرىلىپ قورغان كۆلبېشىغا كىرگەندىمۇ بۇ ئاھاڭنى دىمىقىدا توختىماي غىڭشىپ ماڭاتتى. جامالىدىن قورغان كۆلبېشىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ، گەزمالچىلارنىڭ، ئاشپەزلەرنىڭ، تېۋىپلارنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىمۇ بۇ ئاھاڭنى ئۆزى ئاران ئاڭلىغۇدەك بوش غىڭشىپ تۇراتتى. تونۇش بىلىشلىرى، يېقىن - يورۇقلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلار بىلەن قىسقىلا ئەھۋال سورىشاتتى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندە، بۇ ئاھاڭ ئۇنىڭ ھارارەتلىك نەپەسلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىپ باراتتى.

— جامالىدىن ئاكا! — بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىدىن ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. بىر يىگىت چېھرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭغا تېز - تېز قەدەملەر بىلەن يېقىنلاپ كەلمەكتىدى. بۇ يىگىت ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، بۇندىن توققۇز يىل ئىلگىرى قورغان كۆلبېشىدىكى تال چىۋىق «ئات بەيگىسى»دە يېڭىلىپ قالغان ئابدۇكېرىم ئىدى. ئابدۇكېرىم جامالىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ، — بازار ئايلىنىۋاتامىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، بىردەم بازار ئايلانغۇم كېلىپ قالدى، — دېدى جامالىدىن ئۆزىگە ئىنىسىدەك يېقىنچىلىق، ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرغان ئابدۇكېرىمگە، — سىلىمۇ بازاردىمىدىلە؟

— سىلى خوجا ئەلا سوپىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن چاغلىرىدا مەنمۇ مەيداندا بار ئىدىم، — دېدى ئابدۇكېرىم جامالىدىنغا قايىللىق نەزەرىدە بېقىپ، — خوجا ئەلا سوپى ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى جۇمۇ جامالىدىن ئاكا.

— ئەلنى ئالدىسا بولمايدۇ – دە، — جامالىدىن كۈلۈمسىرىدى.

— جامالىدىن ئاكا، سىلىگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغا يېلىنغاندەك نەزەردە، تارتىنىپقىنا، — دېسەم قوشۇلۇرىلمۇ؟

— ئېيتىسىلا ئىنىم، — ئابدۇكېرىم قورغان كۆلبېشى مەدرىسەسىدە شەھىدۇللا ئىمامدىن ئىلىم ئېلىۋاتقانلار ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بالىلاردىن ئىدى. ئۇ جامالىدىن بۇخارادىن كەلگەندىن بۇيان پات – پات ئۇنى يوقلاپ، ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. جامالىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن دەيدىغان بىر گېپى بار بولسىمۇ، دېيىشكە تەۋەككۇل قىلالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتقاندى. شۇڭا ئۇ كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى، ئادىمىلىكى بىلىنىپلا تۇرىدىغان بۇ تارتىنچاق يىگىتكە ئۆزىنىڭ ئۇنى يېقىن كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، — قولۇمدىن كەلسىلا، ئىلتىماسلىرى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. سىلى مېنىڭ ئۆز ئىنىمغا ئوخشاشلا، گەپلىرىنى يۈرەكلىك ئېيتىسىلا.

ئابدۇكېرىم پوكانىدەك قىزاردى. ئۇ ئوتقاشتەك يۈزلىرىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرىنى جامالىدىنغا ئۇدۇللىيالمىدى. قوللىرىنى ئەدەپ بىلەن باغلاپ، ئۆزىگە خېلى خوپلا چوڭ كېلىپ قالغان كۆك رەڭلىك سىدام يەكتىكىنىڭ ئىچىدىكى زىلۋا گەۋدىسىنى ئازراق ئالدىغا ئەگدى.

— مېنىڭ چوڭراق ئىلىم تەھسىل قىلغۇم بار ئىدى. ئاتا – ئانام بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەچكە، يالغۇز قالدىم، — تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش

يامراۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى، ــ بۇ ئارزۇيۇمغىمۇ يېتەلمىدىم. سىلىنىڭ ئىلىملىرىنىڭ زىيادە ئىنكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان. بۇگۈنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيا دەپ بىلىدىغان خوجا ئەلا سۆبىمىمۇ ئالدىلىرىدا گەپ تاپالماي قالدى. ئەگەر مالال كۆرمىسىلە سىلىگە شاگىرت بولسام دىمەكچى ئىدىم.

ــ ھە، مۇشۇ گەپمىدى؟ ــ جامالىدىن يەڭگىل كۈلدى. ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، ــ ئىلىم دېگەن چېكى يوق دېڭىزدۇر، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىغىمۇ تەڭ بولالمىسا كېرەك. ئەمما سىلى ئىلىم ئالىمەن دېسىلە، مەن تەييار. بىرگە ئۆگىنىمىز، بىرگە مۇتائىلە قىلىمىز. ئىلىم ئالماقنىڭ جاپاسى تولا بولسىمۇ، ئۇنىڭ لەززىتى ئادەمنى تېپىلغۇسىز ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

ــ ھەشقاللا جامالىدىن ئاكا، ــ دېدى ئابدۇكېرىم جامالىدىننىڭ ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىغا تېزلا قوشۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ــ سىلىنىڭ يانلىرىدا ئىلىم ئېلىشنى ئۆزۈمنىڭ بەخت ـ سائادىتى دەپ بىلىمەن. قانداق ئىشلىرى بولسا ئورۇنلايمەن. يىراقلىرىنى يېقىن قىلىپ، خىزمەتلىرىدە بولىمەن.

ــ بۇ نېمە دېگەنلىرى، سىلىنىڭ؟ ــ جامالىدىن ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى ئابدۇكېرىمنىڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا تەگكۈزۈپ ئۇنىڭ قولىنى دوستلارچە سىقتى، سول قولىنى ئۇنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە قويدى، ــ ئىككىمىز ئوخشاشلا ئادەم، ئىنسان بالىسى، ئىلىم ئاشنالىرى، قەدىردان دوست. بىرىمىز ئەزىز، بىرىمىز خار ئەمەس. دۇنيادا باراۋەر ياشايمىز. يېتىم مەن، نامرات مەن دەپ

ئۆكۈنمىگەيلا. ئىلىمگە تەلپۈنۈپ تۇرغان قەلبلىرى باي سىلىنىڭ. ئىلىم بىلەن بېزەلگەن قەلب ئىگىسىنىڭ بايلىقى بەھىسابتۇر.

ئابدۇكېرىمنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ جامالىدىننىڭ ئۆز ئىلتىماسىغا قوشۇلغىنىدىن ئاجايىپ خۇشال بولدى.

ئۇلار بىللە قورغان كۆلبېشىنى ئۇزۇن ئايلاندى. پېشىن نامىزىنى قورغان كۆلبېشى جاماسىدە بىللە ئوقۇدى. جامالىدىن ئابدۇكېرىم بىلەن خوشلىشىپ، ئاق كوچىغا چىقتى. ھېلىقى ئاھاڭ ئۇنىڭ قەلبىنى يەنە قوچىتى. بۇ ئاھاڭ بىلەن دوست خېنىم بىر ئوتقا ئايلىنىپ، باغرىنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. جامالىدىن ئاھاڭنى دىمىقىدا غىڭشىغاچ خىيال سۈرەتتى: «بۇگۈن كەچ تۆۋەن كوچىغا بارىمەن، دوست خېنىمغا كۆڭلۈمنى يەنە ئىزھار قىلىمەن.»

ئەلىياتقۇ مەزگىلى. ئادەتتىكى چاغلاردا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ چىراغ يورۇقىدا بىردەم كىتاب كۆرىدىغان جامالىدىن بۇگۈن ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭماي، دەرۋازا تەرەپكە بۇرىلدى. كۆڭۈل ئارامىدا يەنىلا شۇ بىر ئاھاڭ. قەلب ئىستىكىدە دوست خېنىمنىڭ ئاياغ ـ پايىنىڭ ئىزلىرى چۇشۇپ تۇرىدىغان تۆۋەن كوچا.

كۈندۈزلىرى ئىككى قاسىنىقىدىكى ئېرىق بويلىرىدا ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر، قويۇلغىنىغا نەچچە ئون يىللار بولغان ئۆرە سۆگەتلەر باراقسان كۆرسىتىپ تۇرىدىغان تۆۋەن كوچا ئاي قاراڭغۇسىدا ئاجايىپ جىمجىت، سۈرلۈك ئىدى. جامالىدىننىڭ ئەت تۇيلىق بۇ يولدىن چىققان ئاياغ تىۋىشى ئارقىسىدا قالغان كۆك

گۇمبەز تەرەپتىن، ئىرىقلارنىڭ ئۇ تەرەپلىرىدىكى كونا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىن سۇرلۇك ئەكس سادالارنى قايتۇراتتى. ئۆيلەردىن ئىتلارنىڭ رەسمىيەت يۈزسىدىن ھۇرۇنلۇق بىلەن قاۋاپ قويغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. جامالىدىن ئەمدى نەپەسلىرىنى پۈتۈنلەيلا ھېلىقى دىلنى ئاتەشتە كۆيدۈرۈپ تورۇۋاتقان ئاھاڭ بىلەن ئىپلىۋاتاتتى. خىيال ئالىمىدە، ئاھاڭلىرىنىڭ ئىچىدە قىچىۋاتقان، ئۆزىنى دالدىغا، پىنھانغا ئىپلىشقا ئالدىراۋاتقان بىر قىزنىڭ سىيماسى. بۇ قىز دەل دوست خېنىم ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ۋادىسىنىڭ قىزغىنىش، رەشك باياۋىنىدا دوست خېنىمغا ئەگىشىۋالغان بىر سايە پەيدا بولغاندەك بىر ھال زاھىر بولدى. بىردەمدىلا بۇ سايە ئىلياسنىڭ سىيماسىدا ئەكس ئەتتى. جامالىدىن قاتتىق ئارامسىزلاندى. «ئۆزلىرىگە نېمە بولدى، دوست خېنىم؟ دەريا بويىدىن قاچقاندىن بېرى ھۆسن ـ جامالىرىنى كۆرمىدىم. ئىشقى مۇھەببەت سەۋداسىدىن ئەقلىمنى يىغالمىدىم. تىللىرىدىن گېپىمگە گەپ ئالالمىدىم. ئەمما توختىماي سۆزلەيدىغان بىر جۈپ كۆزلىرى ھەر ۋاقىت يانلىرىغا چاقىرىپ تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ سىرتقا نېمىشقا چىقمايلا؟ مېنى ۋەسلىلىرىگە نېمانچە زار ئېتىلا؟ يا بىرى چەك قويدىمۇ، يا ئىلياس ئالدىلىرىنى توردىمۇ؟! ياق، دوست خېنىم، مەن سىلىگە ئاشىق بولدۇم. سىلى بولمىسىلا، سىلى بىلەن بىللە ياشىمىسام بولمايدۇ. سىلىگە بولغان سۆيگۈم ئۇچۇن ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارمەن. گېپى كەلسە، ئۆزلىرى ئۇچۇن شېرىن جېنىممۇ ئايالىنسۇن!» ئۇنىڭ ئىچىگە پاتمايۋاتقان ھېلىقى ئاھاڭ بوغۇزىغا چىققالدى. ئەگەر ئۇ بۇ ئاھاڭنى

چىقىرىۋەتمىسە، بىر كۈچلۈك ئازاب، بىر تەگسىز ھەسرەتتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ دەرۋازىسىغا ئاز قالغاندا قەدىمىنى ئاستىلاتتى ۋە بۇ سەلتەنەتلىك ئاھاڭنى ھېلىلا كۆڭۈل دەپتىرىگە تىزىلغان مىسرالارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
ئاڭلىمايدۇ ناخشىنى.
ئۆزلىرى ئوبدان بالا،
تونۇمايلا ياخشىنى.

دوست خېنىمغا بېغىشلانغان بۇ ناخشا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سوزۇپ ئوقۇلدى. بۇ ناخشا ئاق كوچىدا مەيدانغا كېلىپ، تۆۋەن كوچىدا تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلغۇچىسى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىندى. ناخشىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى، دىللارنى رام ئەتكۈچى سېھرى كۈچى تۆۋەن كوچىنى جاراڭلىتىپ يىراق – يىراقلارغا تاراپ كەتتى. بۇ ناخشا كىملەرنى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقاندۇ، ئىشىكتىن چىقىسىلا ناخشا ئوقۇيدىغان دىخاللىلىقلارغا قانداق تەسىرات ئاتا قىلغاندۇ، دوست خېنىمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنمىدۇ، دوست خېنىم بۇ ناخشىنى جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە ئاتاپ ئېيتقىنىنى بىلگەنمىدۇ؟

يىگىرمە بەشىنچى باب

## قوشكۆل بويىدىكى پىلان

قورغان كۆلبېشىدا بىرەر يېڭىلىق بولدىمۇ، ئۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالىدۇ. ھەركىم ئۆزلىرى بىلگىنىچە تەھلىل قىلىشىدۇ، ئويلىنىشىدۇ، قاراشلىرىنى دېيىشكە ئالدىرىشىدۇ. كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقان، دىخانلار خەلقى تېتىرنى ئېچىش ئالدىدىكى بۇ ئارىسالدى مەزگىلدە كوچا ـ كوچىلاردا، قورغان كۆلبېشىدا تۇنۇگۈن ئاخشام تۆۋەن كوچىدا ئوقۇلغان ناخشا توغرىسىدا دەتالاش قىلىشماقتىدى.

ــ تۇنۇگۈن ئاخشام كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىشىۋىدى، كوچىدا بىرىنىڭ ئوقۇغان غەزىلى بىلەن ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى، دېيىشىسىلە...

تۆۋەن كوچىلىق ياقۇپ غەزەل دېگەن كىشى ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان يەتتە ـ سەككىز كىشى بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي بۇ ناخشا ھەققىدە سۆزلەپ كېتىشتى.

ــ ۋاھ مەنمۇ ئاڭلىدىم، ئاجايىپ چىرايلىق غەزەلكەن. شۇ غەزەلنىڭ بەلەنلىكىدىن يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇم كەلمىدى ئەمەسمۇ؟

ــ يېڭى غەزەلدەك تۇرامدۇ، يا بىرەرىڭلار ئىلگىرى ئاڭلاپ باققانمۇ؟

ــ مەن ئىلگىرى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ئەمما لېكىنزە، ئالامەت مۇڭلۇق غەزەلكەن.

ــ بۇ غەزەلنى ئوقۇغان كىمكەن، بىلەلىدىڭلارمۇ؟

ــ دىخاللىلىق غەزەلچىلەرنىڭ ئاۋازىنىڭ ھەممىنى بىلەتتىم، ئۇلار قەشقەردىن يانغىچە تىترىگىنىمنىڭ داۋىنىدا غەزەل ئوقۇسىمۇ ماۋۇ ياقۇپ غەزەلنىڭ ئاۋازى، ماۋۇ ياسىن غەزەلنىڭ، ماۋۇ ئاۋۇت لاي ـ لاينىڭ... دەپ ئازماي ئايرىيالايتتىم، تۈنۈگۈن ئاخشام غەزەل ئوقۇغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم دەيمەن، باللا.

ــ ھە شۇ، مەنمۇ بىلەلمىدىم. تاڭ ئاتقۇچە بۇ زادى كىمدۇ، دەپ ئويلىنىپ چىقىپتىمەن.

ــ باشقا يەرلىك بىرەرى ئوقۇدىمۇ، يا؟

ــ قاچان باشقا يەرلىكلەردىن بىرەرىنىڭ كېلىپ بىزنىڭ كوچىلاردا غەزەل ئوقۇپ ئۆتكىنىنى ئاڭلىغان سىلى؟ كاللىلىرى ساقمۇ يا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟!

ــ بۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان غەزەلكەن، شۇڭا دەيمىنا.

ــ بىزنىڭ باللاردىن بىرەرى ئوقۇغاندۇ؟

ــ ئۇنداق بولسا، بۇ چىرايلىق غەزەلنى ئوقۇغان كىم؟

ــ بۇ غەزەل مىنىڭ يادىمدا قالدى، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ ــ دېدى ياقۇپ غەزەل ئەتراپىدىكىلەرگە، ــ بەكمۇ ئېسىل ئاھاڭكەن ئەتىگەندىن بېرى نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقىپتىمەن.

ــ شۇنداق قىلسىلا.

ــ بىر ئوقۇپ باقسىلا، يەنە بىر ئاڭلاپ باقىلى.

تۇرغانلار ياقۇپ غەزەلنىڭ گېپىنى بىردەك قوللاشتى. ياقۇپ غەزەل گېلىنى قىرئۇيتىپ ناخشىنى ئوقۇدى:

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
ئاڭلىمايدۇ ناخشىنى.
ئۆزلىرى ئوبدان بالا،
تونۇمايلا ياخشىنى.

ياقۇپ غەزەل ناخشىنى بوشراق، ئەمما خېلىلا ياخشى ئوقۇدى. كىشىلەر ناخشىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئاڭلاشتى ۋە ئۇنى بەس ـ بەستە قايىللىق بىلەن ماختاشتى.
ــ ئاخشام بۇ غەزەلنى ئوقۇغان سىلى ئەمەستۇ ھە؟ ئۆز ئەينى ئوقۇۋەتتىلە، دەيمەن.
ــ بىزنىڭ ياقۇپ غەزەلنىڭ تىلىدىن ھەرقانداق غەزەل قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، باللا.
ــ دۇرۇس، غەزەلنىڭ ئۆزىمۇ تىلغا يېقىن غەزەلكەن، بۇ غەزەل ياقۇپ ئاخۇننىڭ دۇتارىغا قوشۇلۇپ كەتسە، ئاجايىپ ئېسىل بولۇپ كېتىدۇ ـ دە؟!
ــ مېنىڭ بىر ئوغلىقىم بار ئىدى، ــ دېدى يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر كىشى پاراڭچىلارغا قاراپ، ــ قار دەسسەپ قالسا ئۆچكە بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ كاللىسىنى شارتتىدە بىر ئالاي، ھەربىرلىرى تەييار بولۇشساڭلار، مەززە قىلغاچ، ياقۇپ غەزەل ئاكامنىڭ مۇڭلىرىدىن مۇشۇ غەزەلنى قوشۇپ بىر ئاڭلىمامدۇق؟
ــ ھەببەللى ياغدەك گەپ بولدى، مانا.
ــ ئەجەب ئېسىل گەپ قىللا جۇمۇ، ئىنىم.
كىچىككىنە باھانە سەۋەبلەر بىلەن بەزمە ـ باراۋەت

ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدىشىپ يۈرىدىغان بۇ كىشىلەر، ئاخشامقى ناخشىدىن بىر قېتىملىق يىغىلىشنى پۇتۇشۇۋاتقاندا، قوشكۆلنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە يىغىلىۋالغان ئىلياس باشلىق بىرقانچە يىگىتلەرمۇ ئاخشامقى ناخشا ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇكېرىممۇ بار ئىدى. ئىلياسنىڭ يۈزلىرى جىددىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىئاراملىق ۋە ئاچچىق كۆزلىرىگە تېپىپ چىققانىدى. ئۇ بۇ ناخشىنى جامالىدىنىنىڭ ئوقۇغانلىقىنى قەتئىي نەزەردىن ساقىت قىلالمايتتى.

— ئاخشامقى غەزەلنى ئاڭلىدىڭلارمۇ، باللا؟ — دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغانلارغا كىنايىلىك تەلەپپۇزدا.

— ئاڭلىدۇق.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم.

يىگىتلەر بۇ ناخشىنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— بۇ غەزەلنى قايسىڭلار ئوقۇدۇڭلار؟

ئۇلارمۇ «قايسىڭلار» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى.

— كىمنىڭ ئوقۇغانلىقىنى بىلمىدىم، — دېدى يېشىغا قارىغاندا سىپمىزلىكى ئۆزىگە ماس كەلمىگەن بىر يىگىت، — ئەمما قالتىس يېقىملىق غەزەلكەن.

— مەن غەزەلنى قانداقكەن دېمىدىم، — ئىلياس ئۇنىڭغا ئالايدى، — ئۇنى بىزنىڭ تۆۋەن كوچىلىق يىگىتلەردىن قايسىڭلار ئوقۇدۇڭلار دەۋاتىمەن.

— مەن بىلمىدىم جۇمۇ.

— مەنمۇ بۇ غەزەلنى كىمنىڭ ئوقۇغانلىقىنى زادىلا بىلمىدىم.

— ئەگەر بۇ غەزەلنى بىزنىڭ تۆۋەن كوچىلىق

بالىلاردىن بىرەرسىمىز ئوقۇغان بولساق، — ئىلياس يىگىتلەرگە بىر - بىرلەپ، ئالدىرىماي قاراپ چىقتى، — ئۇ چاغدا بىلىۋالار بولغىيتىڭلار؟

— بىلىۋالاتتۇق، — يىگىتلەر تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— ئەمىسە ئاخشامقى غەزەلنى كىم ئوقۇدى؟

— باشقا كوچىلىق بىرەرى ئوقۇدىمۇ - يا؟ — دېدى قىسماق كۆز بىر يىگىت.

— ئەقىللىرىگە ئاپىرىن، — ئىلياس قىسماق كۆزنى ماختىدى، — باشقا كوچىلىق غەزەلچىلەرنى پەرق ئېتەلمىگىدەك هالدا ئەمەسقۇ بىز! دىخاللىدىكى قايسى غەزەلچىنى بىلمەيمىز؟!

— راست دەيلا، — قىسماق كۆز تەستىقلىدى، — هەممىسىنى بىلىمىز، ئاۋازىدىن پەرق ئېتەلەيمىز.

— خوش، ئۇنداق بولسا، بۇ غەزەلنى زادى كىم ئوقۇدى؟ — ئىلياس قوشۇمىسىنى تۈردى، بېگىز بارمىقىنى تۈرۈلگەن قوشۇمىسىغا تېرىدى، — بۇ غەزەلنى ئوقۇغان ئادەم باشقا يەرلىك، هېچبولمىغاندا تۆۋەن كوچىلىك ئەمەس. ئېيتىڭلار، هەممىمىزنىڭ ئۆيىدە ئاچىزەلىرىمىز بار، شۇنداق ئەهۋالدا باشقىلارنىڭ بىزنىڭ كوچىدا ئىشقى غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈشىگە يول قويساق، بىزنىڭ نەرىمىزنى ئەركەك دېگىلى بولىدۇ؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ئىلياس ئاكا؟ — چېقىر كۆز قارىماققا ئىلياس بىلەن دېمەتلىك بولسىمۇ، ئۇنى ئاكا دەۋاتاتتى، — سىلىنىڭ ئويلىغانلىرى بولسا، دېمەملا بىز تەييار؟

— هەممىلىرى قوشۇلىشاملا ياكى تۆۋەن كوچىدىكى ئاچىزەلەرنىڭ غۇرۇرىنى مەن يالغۇز قوغدامدىم؟

— قوشۇلىمىز!
— قوشۇلىمىز!
دېيىشتى يىگىتلەر.

— ئۇنداقتا، — ئۇ يىگىتلەرگە مەنىلىك قارىدى، ئاۋازىغا دەھشەتلىك تۈس بېرىپ، قاپاقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۆزىنى يېرىم قىستى، — باشقا كوچىدىن كىمدىكىم بىزنىڭ كوچىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتىدىكەن، بېشىغا تاغارنى كىيگۈزۈپ، ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋېتىمىز.

ئىلياسنىڭ سۆزلىرىدىن باياتىن بېرى بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئابدۇكېرىمنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. يىگىتلەر گەپلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىۋېلىپ تارقاشتى. ئابدۇكېرىم كۈنگە قارىدى. ئۇ مەدرىسەگە بارىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ، ئالدىراپ قورغان كۆلبېشىغا يول ئالدى.



تۈنۈگۈن جامالىدىن بىلەن قورغان كۆلبېشىدا كۆڭلىدىكىدەك پاراڭلىشىپ، دىلى سۆيۈنۈپ كەتكەن ئابدۇكېرىم قورغان كۆلبېشىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاخشام تۆۋەن كوچىدا بىرىنىڭ ناخشا ئوقۇپ ئۆتكەنلىكى، بۇ ناخشىنىڭ يېڭى بىر ناخشا بولۇپلا قالماي شۇ قەدەر ئېسىل ناخشا ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇ ناخشا ھەققىدە بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلىغاندا، ئىلياسنىڭ دېگەن گەپلىرى يادىغا يېتىپ، قەلبىدە قورقۇنچ پەيدا بولاتتى. «ھەرقانچە بولسىمۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ، «كوچىدا غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەنگە نېمە بولىدۇ؟ دىخاللىدا كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار دەرۋازىسىدىن چىقىپلا غەزەل ئوقۇيدىغان تۇرسا. ،ئۆيدە ئاجىزەلىرىمىز

تۇرسا كوچىدىن ئىشقى غەزەللەرنى ئوقۇپ ئۆتكەنگە يول قويمايمىز، دەيدۇ. غەزەلگە ئانچە - مۇنچە ئىشق ئارىلاشمىسا، قۇلاققا خۇش ياقامدۇ؟ ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ، قەلەندەر مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تولىسىدا ئىشق بارغۇ. قورغان كۆلبېشى بەزمىخانىلىرىدا، توي - تۆكۈن، يىغىلىشلاردا، ئوقۇلىدىغان غەزەللەرنىڭ كۆپىدە ئىشق بار ئەمەسمۇ؟ ئىلياس ئاكاملار ئۆزلىرىمۇ كوچىلاردا ئاشۇنداق غەزەللەرنى ئوقۇيدۇ. تېخى ئۇلار ئاق كوچىدا، خالتا كوچىدا غەزەل ئوقۇپ ماڭدۇق دەپ ماختىنىشىپ كېتىشىدۇ. ئاڭلىسام، ئىلياس ئاكاملار قورغان كۆلبېشىدىكى بەزمىخانىدىن چىقالمايدىكەن. مەيزاپ، مۇسەللەسلەردىن ئازراق ئوتلىشىۋېلىپ، سۆيگۈ پاراڭلىرىنى سىلىشىپ، ئىشقى غەزەللىرىنى ئوقۇشىدىكەن. تېخى مەست بولۇۋېلىپ، ‹دوست خېنىمنى ئالىمەن، دوست خېنىمنى خوتۇن قىلىمەن› دەپمۇ يۈرۈپتۇ». ئىلياسنىڭ خۇيلىرى، گەپ سۆزلىرى ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمايتتى. ئۇ خىياللار بىلەن مەدرىسەنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باللارغا ساۋاق يادلاتقۇزدى. ئۆزىمۇ تەكچىدىن يوغان بىر كىتابنى ئېلىپ بىردەم ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى ۋاراقلاپ قويۇپ زېرىكتى. باشقا چاغلاردا ھەممىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىدىغان ئابدۇكېرىم نېمىشقىدۇر بۇگۈن ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى خالاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جامالىدىنىڭ يېنىغا بارغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەدرىسەدىكى باللار تارقايتتى. ئۇ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ «تارقاڭلار» دېگەن ئىجازىتىنى

ئېلىپلا، ئۇدۇل جامالىدىنلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.
جامالىدىن ھۇجرىسىدا ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئابدۇكېرىم تەكچىلەردىكى كىتابلارغا قاراپ ھەم سۆيۈنۈش، ھەم ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئابدۇكېرىمنىڭ كىتابلاردىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالغانلىقىنى كۆرگەن جامالىدىن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىدى ۋە:
— بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ باققىلىرى كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى.
— نېمانچە جىق كىتابلار بۇ جامالىدىن ئاكا، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدىلىمۇ؟ — دېدى ھېلىغىچە ھەيرانلىقىنى باسالمىغان ئابدۇكېرىم ھاياجانلىنىپ، — ماقۇللۇق بىلدۈرسىلە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ھەممىنى كۆرۈۋالغۇم بار.
— كىتاب دېگەن كۆرگەنگە خوراپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنى قانچە كۆپ كۆرگەنسېرى، قانچىلىك كۆپ ئادەم كۆرگەنسېرى شۇنچە ياخشى. بۇ كىتابلارنى يازغان، كۆچۈرگەن ئەللامىلەرنىڭ روھى تېخىمۇ خۇش بولىدۇ. قاچان، قانچىلىك كۆرگىلىرى بولسا، ئىشىكىم سىلىگە ھەر چاغ ئوچۇق. كىتابلىرىم سىلىدىن ئايلانسۇن. خالىغان كىتابنى خالىغان چاغدا ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ كۆرسىلىرىمۇ مەيلى.
خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان ئابدۇكېرىم ئىككى قولى بىلەن يەكتىكىنىڭ پېشىنى يانغا قايرىدى ـ دە، شىرداقنىڭ ئۈستىدە تىزى بىلەن مېڭىپ، تەكچىنىڭ لەپ تەرىپىدىكى بىر كىتابنى ئاۋايلاپ ئالدى. ئۇ بايا قانداق ماڭغان بولسا، يەنە شۇنداق مېڭىپ كەينىگە يېنىپ،

پەسكە چۈشتى. ئۇ قولىدىكى كىتابنى يېڭى بىلەن بىر دەم سۈرتتى. ئۇ كىتابنى ئاچماقچى بولدىيۇ، لېكىن بۈگۈن بولۇۋاتقان گەپلەرنى جامالىدىنغا دەپ باققۇسى كەلدى. ئۇ سۈپىنىڭ قىرىدىلا ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان جامالىدىنغا قارىدى.

— بۈگۈن تۆۋەن كوچا، قورغان كۆلبېشىدا ئاخشام تۆۋەن كوچىدا ئوقۇلغان غەزەل توغرىسىدىكى گەپلەر بىر بولۇپ كېتىپتۇ.

جامالىدىن ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزلىرىگە بۆلەكچە قىزىقتى. ئۇ بىلمىگەنگە سېلىپ سورىدى.

— ئالدىرىمايراق دېسىلە، — ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ يېنىغا كېلىپ يانمۇيان ئولتۇردى، — قايسى غەزەلنى دەيلا؟

— سىلى تېخى ئاڭلىمىلىمۇ؟ تۈنۈگۈن ئاخشام بىرى تۆۋەن كوچىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەنتى. بۈگۈن يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ غەزەلنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ.

— ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟

— تولىمۇ چىرايلىق غەزەلكەن دەپ ماختىشىۋاتىدۇ.

— ئۇ غەزەلنى سىلىمۇ ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىدىم، ماڭىمۇ شۇنچە ياراپ كەتتى. تولىمۇ مۇڭلۇق غەزەلكەن.

— ئۇ غەزەلنى كىم ئوقۇغانلىقىنى بىلەلىلىمۇ؟

— ياق زادىلا بىلەلمىدىم، — ئابدۇكېرىم مۈرىسىنى لىككىدە يەڭگىل قېقىپ قويدى، — يۇرتتىكىلەرمۇ ئۇنى كىمنىڭ ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.

— ئەمىسە ئاڭلاپ تۇرسىلا ھە؟ — جامالىدىن تامدىكى

ساتارنى قولىغا ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. ساتار تۇنۇگۇن كەچتە ئابدۇكېرىم ئاڭلىغان ئاھاڭنى قارنىدىن ھەسرەت بىلەن تۆكمەكتىدى. جامالىدىن ساتار ئاۋازىغا ناخشا تەڭكەش قىلدى. جامالىدىننىڭ ناخشىدىكى ئاۋازىنىڭ تۇنۇگۈنكى ئاۋاز بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشلىقىنى بىلگەن ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. جامالىدىن ناخشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ئۇنىڭدىن — تۇنۇگۇن كەچتە سىلى ئاڭلىغان غەزەل مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، دەل ئۆزى. ئاخشام غەزەلنى سىلى ئوقۇپلا ھە، جامالىدىن ئاكا، — ئابدۇكېرىم خۇشلۇقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ساتارنىمۇ ئاجايىپ بەلەن چېلىۋەتلە.

— سىلىگە ياقتىمۇ؟

— ياقتى، لېكىن... — ئابدۇكېرىمنىڭ بايىقى كۈلكىسىنىڭ ئورنىغا بىردەمدىلا تەشۋىش ئالماشتى.

— لېكىن دېيىلغۇ، بىرەر يەرلىرىنىڭ قاملاشماي قالغانلىقىنى ھېس قىلدىلىمۇ؟

— يا...ياق ئۇنداقمۇ ئەمەس، — ئابدۇكېرىم دۇدۇقلىدى، — مۇمكىن بولسا، بۇ غەزەلنى ئوقۇمىغان بولسىلا. ئوقۇسىلىمۇ تۆۋەن كوچىدىن باشقا يەردە ئوقۇغان بولسىلا.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — جامالىدىن تاقەتسىزلەندى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ ناخشىنىڭ ئوقۇلىدىغان جايى تۆۋەن كوچا ئىدى. چۈنكى بۇ ناخشىنى تۆۋەن كوچىدىكى بىر پەرى ئۇنىڭ قەلبىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىۋالغانىدى. بۇ ناخشىنىڭ ئىگىسى ئاشۇ پەرى دوست خېنىم ئىدى. جامالىدىن ئۇنى ئوقۇسىمۇ ئاشۇ دوست خېنىم ئۈچۈنلا

ئـوقۇيتتـى. ئۇ ئابدۇكـېرىمنـىڭ كۆزلـىرىنىڭ ئـىچىگـە تـىـكـىـلـىـپ تـۇرۇپ، ـــ نـېمـىـشـقـا تـۆۋەن كـوچـىـدا ئوقۇمىغۇدەكمەن؟ ـ دېدى.

ـــ ئـوقۇسـىلا يـامان ئاقـىـۋەت كېلـىـپ چىقـىـدۇ، ـــ ئابدۇكېرىم جىددىيلىشىپ كەتتى.

ـــ نېمە يامان ئاقىۋەت ئۇ؟ ئادەم ئاڭقىرالىغۇدەك گەپ قىلسىلا.

ـــ تـۆۋەن كـوچـىـنـىـڭ بالـىـلـىـرى بۇنـدىـن كـېـيـىـن كىمدىكىم بىزنىڭ تۆۋەن كوچىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتسە، ئـۇنىڭ بېـشـىغا تـاغار كـىيـگۈزۈپ، چاالا ئـۆلـۈك قىلـىـپ تاشلىۋېتىمىز دەيدۇ.

ـــ كـىمـلـەر شۇنداق دېدى؟ ـــ جـامالـىدىـن ئۆزىنـىـڭ سوئالىغـا يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى، ـــ ئىلـياسلار شۇنـداق دېدىمۇ؟

ـــ سىلى قانداق بىلىۋالدىلا ئۇنى؟

جامالـىدىـن ئورنىدىـن ئاستا تـۇردى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگـە: «ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ» ـــ دېدى.



## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قوغلاندى ئەلچىلەر

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تاغ ئارقىسىدىكى سەپەردىن تونۇگۇن قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ سەپەرگە چىققىنىغا ئۈچ ئايغا يېقىن بولغانىدى. ئۈچ ئايلىق مەسئۇلىيەت، ھوشيارلىق ۋە زېھىن تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك سەپەر ئۇنى خوپلا چارچاتقانىدى. ئۇ تونۇگۇن تۆگە، ئات ـ ئېشەكلىرىنى ۋە ئەكەلگەن ماللىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن تارتىپ، ئۆيدە ئارام ئالغان بولسىمۇ، ھاردۇقى چىقمىغاندەك مۈگدەپلا تۇرۇۋاتاتتى.



ــ ئادەمگە قىرىلىق يېتىپتىمۇ نېمە، ــ دېدى ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، تۆردىكى كۆرپىدىن مەيسىلىك پۇتىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، كالىچىنى سىيپىۋېتىپ كىرىلگەچ، ــ ھېچ ھاردۇقۇم چىقمايدىغۇ؟ ئاتمىشقا كىرىپ قالدۇقتە، بىردەمدىلا مانا.

ــ ئوھوش ھاجىم، قىرىلىقنى چىللىمىسىلا، ــ تىللا خېنىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈردى، ــ ئاتمىشقا كىرىشلىرىگە يەنە ئۈچ ئۆرۈك پىششىقى بار. ئالدىراپ ئاتمىش ياشنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، ئۇنداق.

ــ ئۈچ ئۆرۈك پىششىقمۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئوغلاق، بۆرە، تۈلكە، يولۋاس، قوزىنىڭ خوي ـ پەيلىدىن يىراقلىشىپ، تۆگىنىڭ خۇيىغا چۈشۈپ قالدۇق خوتۇن،

ئەمدى بۇرنىمىزدا يىللارنىڭ قولى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇك بار. باشقىلارنى باشلاپ، يېتەكلەپ ماڭىدىغان چاغلىرىمىز تۈگەپتۇ، ــ ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، ــ سەپەرگە يارىمايدىغان بولۇپ قاپتۇق. دوست خېنىم ئوغۇل بالا بولغان بولسىمۇ، ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەر ئىدى.

ــ دوست خېنىم قىز بالا بولغىنى بىلەن، ئۇن ئوغۇلغا تېگىشكىسىز، ــ تىللا خېنىم ئەمدى بالا توغرىسىدىكى گەپلەر بولغاندا بۇرۇنقىدەك قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دوست خېنىمنى دادىسىغا چېقىشتۇرىدىغان پۇرسەت كەلمىگەچكە، تاقەت ئىچىدە ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى، ــ ئۇ سەپەرلەرگە چىقمىسىمۇ نېمە بولۇپتۇ؟ بالا هازىر مېنىڭ كەينىمدە ئائىلىمىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ بولدى. مانا مەنمۇ سىلىنىڭ سايىلىرىدە قىرىق يىلغا يېقىن بار ـ يوقلۇقلىرىنى بىلمىدۇرمەي، بۇ يوغان قورۇنىڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ كېتىپتىكەنمەن. دوست خېنىم بۇ ئەقلى بىلەن ئەلۋەتتە ئىگە بولۇپ كېتەلەيدۇ. قوللىرىنى سوۋىتىدۇ.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كۈلۈمسىرىدى. ئۇ يەنە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ ھە دوست خېنىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ تۈنۈگۈن كېلىپ كۆرۈشكەن پېتى كۆرمىدىم.

ــ دوست خېنىم ھوجىرىسىدا. ھاۋا تېگىپ قالغانمۇ، ــ تىللا خېنىم ئېرىگە يالغان ئېيتىۋاتاتتى، ــ ئاخشام سۆلى يوق تۇراتتى. ئەتىگەن چىقسام، خېلىلا ئوبدان بولۇپ قاپتۇ. بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، دېدىم.

قېشىدا ھەنىپە بار.

— ئەمسە بىر دەم ئارام ئېلىۋالسۇن.

— دوست خېنىممۇ چوڭ بولدى، ھاجىم،— تىللا خېنىم ئەمدىلا ياستۇققا يانپاشلاي دەپ قىيسىيىۋاتقان ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا گەپ باشلىدى،— يېقىندىن بېرى گەپ - سۆزلىرىگە، مېڭىش تۇرۇشلىرىغا نەزەر سالسام، خېلىلا سالماق بولۇپ قالدى. قىزىمىزنىڭ تالالىق بولىدىغان ۋاقتىمۇ كەلدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆرە بولدى. ئۇنىڭ خوتۇنىدىن قىزىنى تالالىق قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. دەسلەپتە يۈرىكىنى بىرى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغاندەك ئارامسىزلاندى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئورنىنى بىر خىل مەغرۇرلىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى. تىللا خېنىم راست دەيدۇ. «ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ.» بىر ئاتىنىڭ بويىنىدا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىكاھ ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىۋالىدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ. دوست خېنىمنى ياتلىق قىلىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇنى بىرەر كۆڭۈلدىكىدەك يەرگە ياتلىق قىلىپ، چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بەرسە، يۇرتىنىڭ بۇ ئاتىسى يوللۇق ئادەمنىڭمۇ ھاردۇقى چىقىدۇ. قەرزى ئادا بولىدۇ.

— دۇرۇس،— دېدى ئۇ خوتۇنىغا قاراپ،— مېنىڭ يادىمغا يەتمىگەن ئىشنى يەنە سىلى ئويلاپسىلە. شۇ ۋاقىتلارمۇ كەپتۇ. بالا بويىغا يېتىپتۇ. يۇرتقا ئاش بېرىدىغان چاغلارغا قەدەم قويۇپتۇق.

— دوست خېنىم ئائىلىمىزنىڭ بىر تاللا ئەتىۋارلىق

قىزى. توي ئىشىنى ئوبدان ئويلىشىپ، ئېپىدە بىر يەرگە بەرمىسەكمۇ بولماس.

ــ ئاللاھ ئىگەم بۇ يالغۇز پەرزەنتىمىنىڭ بەختىنى بېرەر، يوللىرىنى نۇرلۇق قىلار.

ــ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدە بۇ توغرۇلۇق بىرەر ئوي بارمۇ، ھاجىم؟

ــ ئەمدى مېنىڭ بىرەر يەر بىلەن دېيىشكەن يېرىمغۇ يوق. بىللە سەپەر قىلىدىغان سودىگەر بۇرادەرلىرىم بىر نەچچە يىللار مۇقەددەم چاقچاق يۈزىسىدىن دوست خېنىمىنى كېلىن قىلىۋالىمەن دېگەن گەپلەرنىغۇ قىلغان. ئەمما ھازىرچە ماڭا چىش يېرىپ بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئاچقانلار بولمىدى.

ــ نىكاھ دېگەن مۇقەددەس ئىش. بۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاشتۇرۇشقا بولماس. دوست خېنىمغا سىلى بەكلا ئامراق، بىزمۇ شۇنداق، ھەممىمىز چىدىمايمىز. ھەر ھالدا ئۇنى كۆز ئالدىمىزدىكى يېقىنراق يەرگە بەرگىنىمىز ياخشى بولۇرمىكىن.

ــ ئۇنى دېسەڭلىغۇ قىزىمنى ئۆيدىن زىنھار ئايرىغۇم يوق. لېكىن ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلەيدىغان، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان ئىش. ھامىنى بىر كۈنى ئۇنى تالالىق قىلىدىغان گەپ. نىكاھ غايىب دېگەن گەپمۇ بار. ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك يەرگە بېرىمىز دەپلا بېرىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ ـ دە.

ــ كونىلار «تەلەپ قىل، سەۋەب قىل» دەپتىكەن، ھاجىم.

ــ ئۇنداق بولسا، سىلىچە قانداق قىلساق بولار؟

ــ ئاۋۋال ئاللاھدىن قىزىمىزغا بەخت ـ سائادەت

تىلەيمىز، ئاندىن ئۆزىمىزگە توغرا كەلگەن يەرگە بېرىمىز، — تىللا خېنىم ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆزىگە ئوتلۇق كۆلۈمسىرەپ باقتى، — قىزىمىزنىڭ لايىقى بىزگىمۇ بالا بولالايدىغان بولسا بولىدۇ.

— بۇنداق ئىشلاردا سىلە ئاياللارنىڭ پەمىڭلار بار. قېنى ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، — ئۇ يەنە بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك قوشۇپ قويدى، — ھەمىپەمۇ چوڭ بولدى. ھەر ئىككىسىنىڭ قانات - قۇيرۇقى تەڭلا يېتىلدى. ھەمپە ئوغۇل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىشلىرىمغا قارىشاتتى. بۇ بالىغىمۇ بۆلەكچە ئامراقلىقىم كېلىدۇ، مېنىڭ.

— بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولغان بولسىغۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپمۇ قويار ئىدۇق، — تىللا خېنىم ئەگەر شۇنداق بولسا ئېغىزىدىن مەڭگۇ چىقارمايدىغان گەپ بىلەن ئېرىنىڭ چىچىلىۋاتقان پىكرىنى ئۆزىنىڭ سىزىقىغا ئەكەلمەكتىدى، — تۇغقان بولغاندىكىن ئۆيىمىزدىلا تۇراتتى. سىلىنىڭ يوللىرىدىن مېڭىپ جاھانىمىزغا بىر ئۇبدان ئىگە بولاتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىرەر ئوغلىمىز بولغان بولسىمۇ، ئىشلىرىمىزغا ۋارىس بولغاننىڭ تاشايىنىدا دوست خېنىمغا ھەمدەم بولاتتى، — ئۇ يەنە يانغا قىيسايدى ۋە ئارمان بىلەن يوغان تىندى، — ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئىگەمنىڭ دوست خېنىمنى بەرگىنىگىمۇ مىڭ مەرتىۋە شۈكرى. قىز بالىمۇ بالا. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوست خېنىم سىلى دېگەندەك قايسىبىر ئوغۇل بالىدىن قالاتتى؟ ياراتقان ئىگەم ئۇنىڭ بەختىنى بەرسە، يەنە ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ، جېنىمىزغا

ئەسقاتىدۇ.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىناي دەپ تۇراتتى. قادىر ئات باقار ئىشىكنى يەڭگىل ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم غوجام، ئۆيگە مېھمان كەلدى، — دېدى ئۇ قوللىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، بوش ئاۋازدا، — ئۇلار ھويلىدا.

— كىم مېھماندۇ بۇ؟ — تىللا خېنىم جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇردى، ۋە قادىر ئات باقاردىن سورىدى، — نەدىن كەپتۇ.

— يىراقتىنمۇ ئەمەس، مەھەللىدىكى ئېزىز ئاخۇن ئەر - خوتۇن تۇرىدۇ. ھاجىمغا خەۋەر قىلىۋەتسىلە دېگەنىدى، سىلىگە يەتكۈزۈپ قوياي دەپ كىرگەنىدىم.

— ئوھوش، ئەجەبمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى دېسە، ئادەمنى. ئۇ خاپانباش نېمىگە كەلگەندۇ ئەمدى؟

— مېھمان دېگەن نېمىگە كېلەتتى؟ — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خوتۇنىنىڭ گېپىگە رازى بولمىغاندەك ئۇنىڭغا يالتىيىپ بىر قارىۋەتتى ھەم پەسكە چۈشۈپ كالىچىنى پۇتىدىكى مەيسىسىنىڭ ئۈستىگە ساپتى، — باشلاڭلار، ئۇلار ئۆيگە كىرسۇن.

مېھمانلار ساراي ئۆيدىكى ئوتقاشتەك گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان يېكەندازلارنىڭ ئۈستىدىن قورىنىپقىنا جاي ئېلىشتى. ساھىبخان بىلەن مېھمانلار دۇئا قىلىنىۋېتىشكەندىن كېيىن تەكەللۇپلار بىلەن ئەھۋال سوراشتى.

— سەپەردىن تونۇگۈن ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىرىدىن خەۋەر تاپتۇق، — دەپ گەپ باشلىدى

ئىبرىز خاپانباش، ـــ ھاردۇقلىرىمۇ چىقماستا كېلىپ بىسەرەمجان قىلىپ قويدۇقمىكىن، ھاجىم.

دېمىسىمۇ قويۇق چار ساقال ـ بۇرۇتلۇق قىزىل يۈزلۈك، ئۇن كۆپىدەك يۇمىلاق بۇ ئادەمنىڭ بوينى قىسقا ئەمما توم بولۇپ، پاكىزە قىردۇرۇۋېتىلگەن يوغان بېشىغا قوندۇرۇپ قىڭغىر كىيىۋالغان كۆرپە تۇمىقى ئۆزىگە كىچىك كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇنىڭ تەكەللۇپلىرىغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى.

ـــ ئادەم دېگەن چاڭقاپ كەتسە، بىر ئاياق سۇنى ئىچىپلا ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىپ قالىدىكەن. تەرلىسە، دەرەخ سايىسىدا بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالسا راھەتلىنىپ قالىدىكەن. توڭلىسا، كاڭنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرسا تەرلەپ ھۇزۇرلىنىدىكەن. سەپەردە مۇشەققەت دەستىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئۆينى قاچانمۇ تاپارمىز دەپ تاقاتسىزلىنىپ كەتكەن بىلەن، ئۆيگە كېلىپ بىر كېچە قېنىپ ئۇخلىۋالسىلا ھاردۇق چىقىپ قالىدىغان گەپكەن، مانا. ئىنشائاللاھ بۈگۈن بىر كېچىدىلا ھاردۇقمۇ چىقىپ قاپتۇ. سەپەردە ھەربىرلىرىنىمۇ سېغىنىغان، ـــ ئۇ ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتتى، ـــ مانا سىلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ روھلىنىپ قالدىم.

خىزمەتكار قىز بىردەمدىلا داستىخان سېلىپ، سىنچاي قۇيدى ۋە ئاۋايلاپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ـــ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرىدىكەنمىز، ـــ ئىبرىز خاپانباش خۇشامەتكويلۇق بىلەن كۈلدى، ـــ بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەلمەيدىكەنمىز. بولسا مەھەللىدارچىلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقان بولساق، تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

— «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەپتىكەن، — ئابدۇقۇددۇس هاجىم نۆۋەتتە سۆز ئالدى، — ياخشى - يامان كۈنلەردە ئەسقېتىشىپ ئوبدان ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز. سىلىنىڭمۇ ئوقەتلىرى يۈرۈشۈپ، كۈنلىرى باياشات ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئېزىز ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئەتكەن تائاملىرى ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ دېگەندەك ماختاشلار پات - پات قۇلىقىمىزغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بىر بەرىكىتى، ئەمەسمۇ؟

— ھەشقاللا، ھەشقاللا، — ئېزىز خاپانباش ئۆزىگە ياراشمىغان بىر ھەرىكەت بىلەن ئورنىدا مىدىرلىدى، — ھۆنىرىم ئەلگە يارىغان بولسا شۇنىڭدىن خۇشمەن. بۇ گەپلەرنى ئۆزلىرىدىن ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇرسەن بولدۇم.



— ھەربىرلىرىنىڭ بوسۇغىمىزغا قەدەم ئالمىغانلىرىغىمۇ كۆپ زامانلار بولۇپ كېتىپتۇ، — ئابدۇقۇددۇس هاجىم مېهمانلارغا ئايرىم - ئايرىم قاراپ قويدى، — «سوراپ بەرگىچە، ئۇرۇپ بەر» دەپتىكەن. شۇنداق بولسىمۇ سىلىنى ئۆز كۆرۈپ دەۋاتىمەن. قازانغا ئاز - تولا گۆش سالسۇن. تەييار بولغىچە بىردەم - بىردەم گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىمىز.

— بولدى - بولدى، هاجىم، — دېدى ئېزىز خاپانباش يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقتىن قولىشىۋاتقان پۇتلىرىنى بەدىنىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق تۈزلەپ، — بىزمۇ ئالدىرايمىز. ئاشخانىدا شاگىرتلار ئاز ئىدى. بولسا بالدۇرراق قايتقان بولساق.

— شۇنداق قىلىشسىلا بولاتتى، — باياتىن بېرى بىردە ئېرىگە، بىردە مېهمانلارغا قاراپ ئولتۇرغان تىللا خېنىم

گەپ قاتتى، ــ ئاران بىر كىرگەنلىرىدە بىر قوشۇقتىن ئىسسىق ئوتلاپ قايتىشسىلا بولاتتىغۇ؟

ــ رەھمەت، رەھمەت.

ئەر ـ ئايال مېھمانلار تەڭلا تەكەللۇپ قىلىشتى. «بۇ مېھمانلار نىمىشقا كەلگەندۇ» دەپ ھېچبىر تېگىگە يېتەلمەي تاقەتسىزلىنىۋاتقان تىللا خېنىم «ئەمىسە گېپىڭنى قىلمامسەن» دېگەندەك مەنىدە ئۇلارغا تىكىلدى. ئېرىز خاپانباش تىللا خېنىمنىڭ بېگىزدەك تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىغىنىچە دۇدۇقلاپ، گەپنى ئەگىتىپ سۆز باشلىدى.

ــ ئەمدى ھاجىم، تىللا خېنىم، ئىككىلىرىنىڭ ئالدىغا ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز يۈرىكىمىزنى قاپتەك قىلىپ كېلىپ قالدۇق. ئەمدى بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلار بولالمىساقمۇ، ئەمدى گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان قىزىڭلار دوست خېنىمنى ئوغلىمىز ئىلياسقا سوراپ...



ــ ئەسلىدە قىز سوراپ كېلىپتىكەندە مېھمانلار، ــ تىللا خېنىمنىڭ گەپنى تارتىشى بىلەن ئېرىز خاپانباشنىڭ گەپلىرىنىڭ داۋامى ئېغىزىدا قالدى. تىللا خېنىم تەنە بىلەن دېدى، ــ تازىمۇ بەلەن بولۇپتىكەن. قىزى بارنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئاتلىقمۇ، ئېشەكلىكمۇ ئۆتىدۇ. بۇنىڭغا بىر نېمە دېگۈلۈك ئەمەس. ئەمما ئاتلىق كېلىشكەن بولۇشىلىرى ئاتلىرى، ئېشەكلىك كېلىشكەن بولۇشىلىرى ئېشەكلىرى ھېرىپ قاپتۇ. قىزىمىزنىڭ نىكاھ ئىشىدا دېيىشىپ قويغان يېرىمىز بار ئىدى. بۇ توغرىدا ئەمدى ئېغىز ئېچىشمىسىلا. ئىش تامام ۋەسسالام. غىزاغا تۇرالمايمىز، ئالدىرايمىز

دېيىشىۋاتاتتىلە، ئالدىراش بولساڭلا بىزمۇ تۇتالمىدۇق ئەمىسە. خۇدايىمغا ئامانەت، — تىللا خېنىمنىڭ گەپلىرىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ ھەيرانلىقتىن ئۇنىڭغا ئاغزىنى ئېچىپلا قاراپ قالدى. ئەر - خوتۇن مېھمانلار بولسا ھودۇقۇپ، قىزىرىپ، تىلى كالۋالىشىپ گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى، تىللا خېنىم ئۆيدە تۇرۇپلا توۋلىدى، — قادىراخۇن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويسىلا! خاپا بولماي قايتىشسىلا ئەمىسە، مېھمانلار.

مېھمانلار ئالدىراپ - سالدىراپ كالاچلىرىغا پۇتىنى تىقتى. باياتىن بېرى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مېھمانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خوتۇنىغا ئاچچىق بىلەن:

— بۇ نېمە دېگىنىڭلا سىلىنىڭ، خوتۇن؟! قىزىمىزنىڭ نىكاھ ئىشىدا دېيىشىپ قويغان يېرىمىز بار دەيسىلەنغۇ؟! گەپ قىلمىسام ماڭا ئۇقتۇرماي توينىمۇ قىلىۋېتەمسىلە نېمە! ئەھلى - مەھەللە، قولۇم - قوشنىلارغىمۇ ئاشۇنداق يولسىزلىق قىلامسىلە، ھەرقانچە بولسىمۇ؟! - دېدى.

— ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، ھاجىم، — تىللا خېنىم بىردىنلا بايىقى بۆرە تېرىسىنى تاشلاپ، مۇلايىملىشىپ قالدى، — دوست خېنىمنى ئەرگە بەردۇق دەپ كەلسە - كەلمەس ئادەمگە ياتلىق قىلىپ يۈرسەكمۇ بولماس. ئۇ ئىلياس دېگەن بىر نېمىنى سىلىمۇ بىلىدىلا. ئۆتۈپ كەتكەن مەيخور، نەشىكەش لۈكچەك. ئاڭلىسام يېقىنىنىڭياقى قورغان كۆلبېشىدا مەست بولۇۋېلىپ «دىخاللىدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا مەن، بىزنىڭ ئائىلە تەڭ كېلەلەيدۇ، مەن دوست خېنىمنى ئالىمەن، دادىسى بەرمىسە كۆز ئالدىدىن ئەپقاچىمەن» دەپ يۈرۈپتۇ.

ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ ئاشۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرگەن ئادەمگە قىزىمىزنى بەرسەك، ئەل - جامائەت نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟ شۇڭا دېيىشكەن يېرىمىز بار دەپلا قۇتۇلاي دېدىم. مەنمۇ ئائىلىمىزنىڭ غېمىنى، قىزىمىزنىڭ غېمىنى يەيمەندە، ھاجىم.

— ھۇ ھارامتاماق! — ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — دەپ يۈرگەن گەپلىرىنى قارا.

— قىزى بارنىڭكىگە ئاشۇنداق ئوغرىمۇ، توغرىمۇ كېلىدۇ. ئېپىدە بىرەر يەرگە بېرىۋەتمىسەك باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلمايدىغان ئوخشايمىز.

تىللا خېنىمنىڭ مەسلىھەتىگە ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ماقۇل دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.



## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ئاغزىدا كۆلكە ـ چاقچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق

دوست خېنىمنىڭ ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىنىغا بۈگۈن تۇپتوغرا ئون كۈن بولدى. بۇ ئون كۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن سېغىنىش بىلەن ئۆتكەن ئون كۈن، تەشۋىش، ئىزتىراپ بىلەن ئۆتكەن ئون كۈن بولدى. تىللا خېنىم ئۇنى سىرتقا چىقىشتىن توسقاندىن بېرى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەغرۇرلۇقىدىن، شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ سىرتقا، جامالىدىن ئاكىسىغا تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكى ھەسرەت بىلەن، ئەلەم بىلەن قەپەستىكى قۇشتەك ئۆزىنى كۆكرەك تاملىرىغا ئۇرۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سىرتلارغا چىقىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئانىسىنىڭ جامالىدىن ئاكىسىغا كۆيۈپ قالغىنىنى دادىسىغا دەپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. دادىسى ئاڭلاپ قالسا، نومۇسقا قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ۋاقىت ئۇزارغانسېرى جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ قېلىشىدىنمۇ قورقاتتى.

ھېلىقى كۈنى كېچىدە تۆۋەن كوچىدا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن بىرىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق بىر ناخشىنى ئوقۇپ ئۆتكەنلىكىنى پۈتۈن دىخاللىلىقلار بىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ناخشىنى

كىمنىڭ ئوقۇغانلىقىنى بىر جامالىدىن ئۆزى، يەنە ئابدۇكېرىمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن بۇ ناخشىنى جامالىدىننىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىلياس بىلەن دوست خېنىم پەرەز قىلىپ بىلگەنىدى. ئىلياسقا بۇنى كۇنداشلىق، رەشك، ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى بىلدۇرگەن بولسا، دوست خېنىمغا قەلبىدە مەۋج ئۇرغان تۇنجى سۆيگۈدىن قىيان ياسىغان سېغىنىش، تەلپۈنۈش، تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرغانىدى. «بۇ غەزەلنى ئوقۇۋاتقان جامالىدىن ئاكام» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ ئەمدىلا ياستۇققا قويغان بېشىنى كۆتۈرۈپ، سىرتقا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق تۇتقانىدى، «ئەجەبمۇ بىر مۇڭلۇق، ئەجەبمۇ بىر ھەسرەتلىك غەزەلكەن؟ جامالىدىن ئاكام ئۇنى ماڭا ئاتاپ ئوقۇۋاتىدۇ، مېنى ئاڭلىسۇن دەۋاتىدۇ. ‹بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا›، دېگىنى بىزنىڭ تۆۋەن كوچا بولماي يەنە قايسى كوچا ئىدى؟ ‹ئاڭلىمايدۇ ناخشىنى›، دەيدۇ تېخى. ئاڭلاۋاتىمەن جامالىدىن ئاكا، ئاڭلاۋاتىمەن. ئېنىق ئاڭلاۋاتىمەن. ‹ئۆزلىرى ئوبدان بالا، تونۇمايلا ياخشىنى›. بۇ دېگەنلىرى نېمىسى؟ مەندىن رەنجىۋاتاملا؟ راست، سىلى ياخشى. بىلىمەن، سىلى تولىمۇ ياخشى. سىلى جاھاندا ئەڭ ياخشى. نېمىشقا ئۇنداق دەيلا؟ ئۆزلىرىنى ئىلياسقا تەڭلەشتۈرۈپ يۈرمىسىلە. مېنى ئىلياسقا كۆڭۈل بېرىپ قالامدىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتقان ئوخشايلا. ئۆلسەممۇ ئۇنىڭغا قارىمايمەن. خەپ دەريا بويىدا، ئىلياسنىڭ ئالدىدىلا ‹مەن جامالىدىن ئاكامغا تېگىمەن، سېنىڭ نېمە كارىڭ› دېگەن بولسام بولغانىكەن.» ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇ ئاشۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن بولسىمۇ بۇ ناخشىنى

ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ئاڭلاشنى، ناخشىنىڭ توختىماي داۋام قىلىشىنى خالايتتى.

ــ ئۆھ، ئەجەبمۇ بىر چىرايلىق ئوقۇدى، بۇ غەزەلنى. بۇنى ئوقۇۋاتقان قايسى بىر دەردمەندۇ؟

ھەنىپەنىڭ سوئالى دوست خېنىمنى ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق خىيالدىن تارتقان ئىدى. دوست خېنىم «بۇ غەزەلنى ئوقۇۋاتقان ئادەم جامالىدىن ئاكام» دېمەكچىمۇ بولغان ئىدىيۇ، يەنە ئۇ ئەمەس بولۇپ قالسا ئۇياتقا قالماي دەپ گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىچكى تۈيغۇسىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى.

ــ راست دەيلا، غەزەلمۇ چىرايلىق غەزەلكەن، ئوقۇغان ئادەممۇ چىرايلىق ئوقۇۋەتتى. شۇنچە كۆڭۈلگە يېقىن. باغرىمنى ئېرىتىۋەتتى، شۇ تاپتا.

ــ ياقۇپ غەزەلنىڭ خوتۇنى گۈلئايىم ئاچاممۇ ئۇنىڭ ناخشىسىغا كۆيۈپ تېگىپتىكەن، سىلىنىڭمۇ بۇ بىچارە ئاشىققا تېگىۋالغىلىرى كېلىۋاتامادىغاندۇ؟

دوست خېنىم پىسسىڭىدە بىرنى كۈلۈۋېتىپ:

ــ ئەگەر بۇ ئاشىق جامالىدىن ئاكام بولغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتىم، ـ دېگەنىدى.

دوست خېنىمنىڭ سۆزى بىلەن تەڭلا ھەنىپەنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، تەتۈر قاراپ يېتىۋالغانىدى. دوست خېنىم بولسا ئۆزىنىڭ شۇ گېپىنىڭ لەززىتى بىلەن تۈننى تەڭلەشتۈرگەنىدى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاشۇ ناخشا. ھەر قېتىم شۇ ناخشا يادىغا يەتكەن ھامان ناخشا بىلەن تەڭلا جامالىدىن ئاكىسىنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىللە كېلىدۇ. ئۆزىنى ئوت دېڭىزىغا تاشلىغۇچى

سېھىرلىك، ئوتلۇق بىتاقەت كۆزلەر ئۆزىگە تەلمۈرمەكتە. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دۇردانىلىرىنى تۆككۈچى توم ـ توم لەۋلەر تىترىمەكتە. ئۆزىگە بىر ئاتەشلىك ۋۇجۇد ئىنتىلمەكتە، نازۇك، زىلۋا قەددىنى يوغان يەلكىلىك، كەڭ ئېچىلغان غۇلاچ باغرىغا تارتىپ قۇچماقتا. چىن مۇھەببەتنىڭ، شېرىن، پاك سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرماقتا.

دوست خېنىم ھامان سىرتقا تەلپۈندۇ. ئەمما ئاتا قەھرىدىن ھاسىل بولغان، ئانا تەلپىدىن ئېشىلگەن بىر ئارقاندا ئۇنىڭ قاناتلىرى بوغۇچلانغان. ئانا لەۋزىدىن چىققان قارار ئۇنى ئىرادىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر قاراڭغۇ دۇنياغا، ئۇمىدىگە يىراق بولغان مەنىۋىي زىندانغا سۆرىمەكتە. ئۇنىڭ سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرىدىن ئاينىۋاتقان دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى ئادەت قىلىچى بىلەن نومۇس پالتىسى كۆتۈرگەن بىر قارا قول كەسمەكتە. ئۇنىڭ قەلبىدىكى نومۇس تۇيغۇسى ئاتا غەزىپىدىن، ئانا تەلپىدىن چەتنىمەسلىككە ئۈندەيدۇ. «دادام كەلدى، جامالىدىن ئاكا، مەن سىلى بىلەن بىر ئامالىلارنى قىلىپ كۆرۈشىمەن. ئەمدى ئۆيىڭلاردىن ئۆيىمىزگە ئەلچى كەلسۇن، مەن سىلىگە تېگىمەن دەيمەن، غەيرەتلىك بولسىلا!»

بۇ كۈنلەردە ھەنىپە ئۇنىڭغا رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىرقانچە قېتىم نەسىھەت قىلغان، تەسەللى بەرگەن، كۆڭلىنى ئىزدىگەن بولدى. ھەنىپە كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئويىنىغان ئويۇنىنىڭ بۇنچە تېز ئۇنۇم بېرىۋاتقانلىقىدىن خۇش ئىدى. ئۇ ئارىلىقتا ئىككى

قېتىم چوڭ دادىسى ئىگەمبەردىنى يوقلاش باھانىسىدا ئىلياس بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى قېتىم سىرتقا چىقىشى ئىلياسنىڭ تەۋەككۇل كېمىسىنى دېڭىزغا چۈشۈرۈشكە مەدەت بولدى. ئىلياس ھەنىپە ئارقىلىق ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن جالالىدىننىڭ پۇرچىقىنىڭ بىللە پىشمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپتى. ئۇ ئەگەر ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇچۇن ئۆزى بىلەن جامالىدىننىڭ بىرىنى تاللاش پۇرسىتى بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەمەس جامالىدىننى تاللاپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ تۇراتتى. شۇڭا ئاتا ـ ئانىسىنى يۇرەكلىك ھالدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇ پىلاندا ھەنىپەنىڭ تۆھپىسى چوڭ ئىدى.

سىرتتىن كىرگەن ھەنىپە ياستۇققا چۆكۈپ خىيال سۈرۈپ ياتقان دوست خېنىمغا قارىدى. شۇ دەملەردە دوست خېنىمنىڭ قىزارغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، چېھرى سولغۇن ئىدى. ھەنىپە كۆندىن ـ كۆنگە جىمغۇر، كەم سۆز بولۇپ قېلىۋاتقان دوست خېنىمغا:

ــ دوست خېنىم، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي بىر ئۆرە ئولتۇرسىلا نېمە بولار؟! قوپسىلا سىل كېسىلى بولۇپ قالغان ئادەمدەك سارغىيىپ، يەرگە چاپلىشىپ ياتماي، ـ دېدى.

ــ ئۇھ، ــ دېدى دوست خېنىم، ــ بىر دەم يېتىۋالايچۇ. قانىتىم بوغۇچلانغان قۇشمەن ھەنىپە، ئۇچاي دەپمۇ ئۇچالمايمەن. ئەركىدىن ئايرىلغان بىتەلەيمەن، سىرتلارغا چىقالمايمەن. دۇنيادا ئۆزى خالىغاننى قىلالمىغاندىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمىدۇ؟ ئۆزى سۆيگەنىنىڭ ۋەسلىگە

تەلپۈنۈپ ياشىماقتىن ئارتۇق ئازاب بارمىدۇ؟ كۆڭلىدىكىنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ يېقىن ئادەملىرىگىمۇ دېيەلمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمىدۇ؟!

ــ قويسىلا خېنىم، پات ئارىدا ئۇچۇپ قالىدىغاندەك تۇرىلا، ــ ھەنىپە دىمىقىدا غەلىتە كۈلدى. ئۇ كۈلكىسىدىن ئۆزىمۇ غەيرىلىك ھېس قىلدىمۇ، دەرھال ئېغىزىنى تۇتتى، ــ بۈگۈن ئۆيگە سىلىنى سوراپ ئەلچىلەر كەلدى.

ــ نېمە؟ ــ دوست خېنىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ــ ئەلچىلەر كەلدى؟ كىملەر ئىكەن؟ جامالىدىن ئاكامنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ؟!

ــ ياق، دوست خېنىم، ــ دېدى ھەنىپە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە، ــ جامالىدىن ئاكامنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ئىلياسنىڭ ئۆيىدىكىلەر چاقچاق چىقىپتۇ.

ــ ئىلياسنىڭ ئۆيىدىكىلەر؟! ــ دوست خېنىمنىڭ ھەم تىترەڭگۈ، ھەم غەزەپلىك ئاۋازى گەڭ ئويما نەقىشلىك تاملارنى جاراڭشىتىۋەتتى، ــ ئۇلار نېمە دەپ كېلىدىكەن؟ مەن ئىلياسقا تەگمەيمەن، ئۆلسەممۇ تەگمەيمەن! ئۇنى جامالىدىن ئاكامنىڭ پايتىمىسىغىمۇ تەڭ قىلمايمەن!

ــ ئۇلارنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كەلدى. لېكىن... ــ ھەنىپە گېپىنىڭ ئاخىرىنى قەستەن ئېچىگە يۇتۇۋەتتى.

ــ لېكىن دەيلىغۇ ھەنىپە؟ لېكىن نېمە بولدى؟ ــ دوست خېنىم ھەنىپەنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ سىلكىشلىدى، ــ لېكىن دەپ يۇرىلىغۇ؟

ــ لېكىن ھاجىم دادامنىڭ ئەلچىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب

بەرگەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا، دادام ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەندۇ؟ ئاھ خۇدا. دادام مېنىڭ ئۈنىڭغا قانچىلىك ئۈچ ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسىدى، كاشكى... مەن يالغۇز قىزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنسىدى. ھەنىپە، مەن ھازىرلا ئانام بىلەن كۆرۈشىمەن.

— تىللاخان ئانام بىلەن كۆرۈشكەنىنىڭ پايدىسى بولۇرمۇ؟ ھاجىم دادامنىڭ گېپى گەپ بولىدىغان تۇرسا؟!

دوست خېنىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا ئاۋۋال تىللا خېنىمنىڭ «ئۆھۇ» دەپ كالتە يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ھۇجرىنىڭ ئىشىكى يەڭگىل ئېچىلىپ، تىللا خېنىم كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە ئانا! — دوست خېنىم كاڭنىڭ ئۈستىدىن يالاڭ ئاياغ پېتىلا پەسكە سەكرەپ چۈشتى، — ئۇلار بىزنىڭكىگە نېمىشقا كەپتۇ؟!

— كىمنى دەيلا شېرىن قىزىم؟ — تىللا خېنىم دوست خېنىمنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەتەي بىلمەسكە سېلىپ سورىدى.

— ئىلياسنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى؟

— ھە، ئاۋۋال ئولتۇرسىلا ئالتۇن قىزىم، — تىللا خېنىم دوست خېنىمنىڭ قولىدىن يېتىلەپ دىگۈدەك كاڭغا ئولتۇرغۇزدى، — نېمىگە كېلەتتى؟ سىلى چوڭ بوللا ئەمەسمۇ شېرىن قىزىم؟ سىلىنى ئىلياسقا سوراپ كەپتۇ.

تىللا خېنىمنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماي ئېيتقان گەپلىرى دوست خېنىمنىڭ يۈزىگە تەگكەن كاچاتتەك مەڭزىنى شىددەت بىلەن قىزارتتى. كارنىيىنى

بىرى سىققاندەك تىلىغا گەپمۇ كەلمىدى. پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆزىنى ئاسماندىن يەرگە ئېتىپ تاشلىغاندەك تەشۋىشلىك، قاباھەتلىك تۇيغۇغا ئەسىر بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئانىسىغا يالۋۇرغۇسى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇسى كەلدى. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئانىسىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى.

— ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟ مەن ئىلىياسقا تەگمەيمەن جېنىم ئانا!

تىللا خېنىم دوست خېنىمغا ئىچ ئاغرىتقاندەك، ئۇنىڭ نالىسى ئۇچۇن يۈرىكى ئاغرىۋاتقاندەك نەزەردە مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى. ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باستى.

— ئىلىياسقا راستتىنلا رايىلىرى يوقمىدى، ئالتۇنۇم؟

— ياق ئانا، رايىم يوقلا ئەمەس، ئۇنى كۆرەر كۆزۈممۇ يوق!



— مەن سىلىگە ئامراق بولۇپلا قالماي، كۆڭۈللىرىنىمۇ چۈشىنىمەن، شېرىن قىزىم.

— رەھمەت ئانا. گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارغا قوشۇلمىغان ئوخشىماملا؟

— ئۇنداق مەيخور، نەشكەش، لۈكچەككە سىلىدەك كۆز گۆھىرىمنى بېرىشكە بېشىم ئايلىنىپ قالمىغاندۇ، مېنىڭ؟

— جېنىم ئانا، — دوست خېنىم ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا، قوش ئېگەكلىك يۈزلىرىگە تەكرار ـ تەكرار سۆيدى. ئۇنىڭ بايىقى مىسكىن، تەشۋىشلىك ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، — سىلىگە مىڭ رەھمەت!

تىللا خېنىم دوست خېنىمنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ چېھرىدىن خۇشاللىقنىڭ نۇرلىرى يامراپ تۇراتتى. شادلىقتىن تېپچەكلەۋاتقان يۈرىكىنىڭ سوقۇشى قۇلاقلارغا ئېنىق - ئېنىق ئاڭلىناتتى. تىللا خېنىم قىزىغا قىلىۋاتقان بۇ شاپائەتنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى.

— سىلىلا مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقسىلا سىلىنى ھەرگىزمۇ رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، شېرىن قىزىم.

— گەپلىرىنى ئاڭلايمەن ئانا، سىلى مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغان ئوبدان ئانام تۇرسىلا، گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىققا ھەددىممۇ؟

— شۇڭا ئىلياس دېگەن مەرەزنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنى گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە، ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدۇم ئەمەسمۇ؟! ھا ھا ھا...

تىللا خېنىم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ھەنىپەنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىپ، چىرايىنى ئۆڭدۈرۈۋەتتى. ئۇ ھاجىم دادىسى بىلەن تىللاخان ئانىسى ئىلياسنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋەتسە، دوست خېنىمغا ئامال يوق دەپ ئويلايتتى. شۇنداق بولغاندا ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ سۆيگۈ دەرۋازىسىدىكى يوغان قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى ئالماقچى ئىدى. ئەپسۇس، تىللاخان ئانىسى ئەلچىلەرنىڭ تەلپىنى رەت قىلىپ يولغا سالغاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ؟! ئۆتكەندە تىللاخان ئانىسىنىڭ جامالىدىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن تۆت پۇتى ئۆرە بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئەمدى ئىلياسنىڭ ئادەملىرىنىمۇ ھەيدەپتىغۇ؟ بۇ خوتۇن ئۇ

كۆندىكى نىيىتىدىن يانغانمىدۇ ياكى قورسىقىدا باشقا جىن بارمىدۇ؟

— گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇلارغىمۇ قوشۇلماپسىلەر - دە تىللاخان ئانا؟ — سورىدى ھەنىپە.

— ئۇلارغىمۇ دەيلىغۇ، ھەنىپە قىزىم؟! — تىللا خېنىم ھەنىپەگە يالتىيىدە بۇرىلىپ سوغۇق نەزەردە تىكىلدى، — يەنە كىمگە قوشۇلماپتىكەنمىز؟! گەپ قىلغاندا نېمە دەۋاتقىنىمىزنى بىلىپ سۆزلىگىنىمىز تۈزۈك. مۇشۇ گەپلىرىنى بىرى ئاڭلىسا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن ئەلچىلەر ئۈزۈلمەيدىكەن، ئۇلار ھەممىسىنى رەت قىلىپ يولغا سالىدىكەن، قىزىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قىلىشمامدۇ؟ دېمىسىمۇ كۆز - كۆز قىلغۇدەك قىزىم بار مېنىڭ.

— ياق... مەن... — ھەنىپە كېكەچلىدى، — ئۆتكەندە سىلى...

— ھە ئۆتكەندە نېمە بولۇپتۇ؟! — تىللا خېنىم قايسى كۈنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن جامالىدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غەزىلەتنى دەپ سالغانلىقىنى ھەنىپەنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ھەنىپەنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئۆتكەندە ئۆيىمىزگە ئەلچى كەلمىگەن بولمىغىيتتى؟!

— ياق، تىللاخان ئانا، — ھەنىپە تىللا خېنىمنىڭ تەلەپپۇزىدىكى قاتتىقلىقتىن ۋە كىنايىدىن ئۇنىڭ شۇ كۈندىكى گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقارغۇچى بولمىسىلا دېمەكچى بولغىنىنى بىلىپ يەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىدى، — ئۆتكەندە سىلى دوست خېنىمنى

كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن لايىق كەلسە، شۇنىڭغا بېرىمەن دېگەنىتىلە.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، — تىللا خېنىم مىيىقىدا كۈلدى، — ھويلىدىكى ئاپتاپلىقتا سىلىگە شۇنداق دېگەنىتىم راست. لېكىن ئىلياس دېگەن ئاقنانچى لۈكچەك دوست خېنىم ئالتۇن قىزىمغا قانداقمۇ كۆڭۈلدىكىدەك لايىق بولالىسۇن؟!

باياتىن بېرى بۇلار نېمە دېيىشكەن بولغىيتتى؟ دەپ تېخىرقاپ بىر ئانىسىنىڭ بىر ھەنىپەنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇرغان دوست خېنىم ئانىسىنىڭ ھەنىپەگە دېگىنىنى ئاڭلاپ ۋىلىقىدە كۈلدى. دوست خېنىمنىڭ ھەم رازىمەنلىك، ھەم خۇشاللىق بىلەن كۈلگەن كۈلكىسى ھەنىپەنىڭ ئىچىنى بىر پارچە ئوت يالقۇنىدەك كۆيدۈرۈپ ئېچىشتۇردى. ئۇ ئۆزىنى قانچە كۈلكىگە زورلىسىمۇ چېھرىدە بىر خىل سوغۇق سايە ئەلەڭگىپ تۇراتتى. ئامما ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ھالەتنى تىللا خېنىممۇ، دوست خېنىممۇ ھېس قىلمايتتى. شۇ تاپتا ئانا ـ بالىنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ئاجايىپ مېھرىلىك تىكىلىشمەكتىدى. تىللا خېنىم دوست خېنىمنى ئۆزىنىڭ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق قورسىقىدىكى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ غېمىدە بولسا، دوست خېنىم ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىقىغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى غەرەزسىز كۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەپ ئولتۇراتتى. بۇ ھال بىر ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئەگەر ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھويلىدىكى كۆنگەيگە قويۇلغان كارۋاتتا ئولتۇرۇپ «خوتۇن» دەپ تىللا خېنىمنى چاقىرمىغان بولسا، يەنە

قانچىلىك داۋام قىلار بولغىيتىكىنتاڭ؟

— ھۇۋ، — دېدى تىللا خېنىم بېشىنى ھويلا تەرەپكە بۇراپ.

— قېنى سىلە؟!

— دوست خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا.

— باللارنى چاقىرىپ، ھويلىغا چىقىڭلار.

— ماقۇل، مانا ھازىر.

مۇشۇ دەملەردە دوست خېنىمۇ دادىسىنى قەۋەتلا سېغىنغانىدى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇسى، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى ئاشكارا دېگۇسى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاپتاپسىنغاچ دادىسىغا بىردەم بولسىمۇ يېقىن ئولتۇرۇۋېلىشنى ئويلىدى. ئۇلار ھويلىغا چىققاندا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كۇنگەيدىكى تامنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئون نەچچە ئادەم بىمالال غىزالىنالىغۇدەك يوغان كارىۋاتنىڭ سالاسۇن شەكلىدىكى يېنىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭلار، بۇگۇن ئاپتاپ بۆلەكچىلا بەلەن، — ئۇ تىللا خېنىم، دوست خېنىم، ھەنىپەلەرنى ئولتۇرۇڭلار دېگەندەك ئىشارە قىلدى ۋە دوست خېنىمغا يېقىملىق تىكىلىپ دېدى، — ئانىلىرى سىلىنى ساقلىقى يوق دەۋاتقان، خېلى تۇزۇلۇپ قالدىلىمۇ قىزىم؟

— ھەئە دادا، — دېدى دوست خېنىم دادىسى قەيەردىندۇر تېپىپ ئەكەلگەن چىرايلىق ساپما كېپىشنى پۇتى بىلەن كارىۋات ئاستىغا يېنىك ئىتىرىپ، دادىسىنىڭ يېنىدا قىزىرىپقىنا ئولتۇرغاچ. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى سىرتقا چىقارمىغىنىنى دادىسىغا ساقلىقى يوق دەپ

چۈشەندۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلدى، ــ خېلى تۇزۇلۇپ قالدىم.

ــ ئۆيگە تولا بېكىنىۋالسىمۇ، ئادەم ئاسانلا ئاغرىپ قالىدۇ. ئانچە ــ مۇنچە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاننىڭ، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگەننىڭ، سىرتنىڭ ھاۋاسىنى سۈمۈرگەننىڭ پايدىسى تولا، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلەۋاتماقتىدى، ــ قارىسام، كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايلىرىدىن قان تارتىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق بولۇۋەرسە پۇت ــ قوللىرىدىن ماغدۇر قاچىدۇ.

ــ ھازىر مەن بىر ئوبدانلا تۇرىمەنغۇ دادا؟

ــ ئوبدان بولسىلا قىزىم، سالامەت تۇرسىلا. سىلىنىڭ سالامەتلىكلىرى مېنىڭ خۇشلۇقۇم.

دوست خېنىم دادىسىنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ بېشىنى قويدى. دادىنىڭ ئاتىلىق مېھرى دەريادەك ئۇلغىيىپ دولقۇنلىدى. ھازىرغىچە ئۆزىگە يېپىشىپ، يامىشىپ، ئەركىلەشلىرىنى تاشلىمىغان بۇ ئاززۇلۇق قىزىنىڭ پېشانىسىنى ئىسسىق قوللىرى بىلەن سىلىدى.

ــ چوڭ دادىلىرى قانداق تۇرىدۇ قىزىم؟ ــ سورىدى ئۇ قىزىدىن. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دوست خېنىمدىن دائىم قېيىنئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. مۇشۇنداق قىلسام، قىزىم خۇش بولىدۇ، مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭمۇ روھى ئەمىنلىكتە تۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ــ ھەنىپە كۆرۈپ كەلگەن، ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ.

ــ سىلىچۇ، سىلى بارمايۋاتامىلا؟ بۇ بولماپتۇ قىزىم. چوڭ دادىلىرىمۇ ياشىنىپ قېلىۋاتىدۇ، يات ــ يات يوقلاپ تۇرمىسىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدۇ. بولسا كۈندە، ھېچ

بولمىسا ئىككى كۈندە بولسىمۇ بىرىپ يوقلاشنى زىنهار ئۇنتۇمىسىلا.

— مەن... مەن، — ئۇ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى. تىللا خېنىم ئۇ گەپنى قىلمىسىلا دېگەن ئىشارىدە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقىدى.

دوست خېنىم يەنە دادىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — يېقىنىنىڭياقى ساقسىز بولغاچقا بارالماي قالدىم.

— قورساقلىرىغا ئوبدان ـ ئوبدان يېسىلە. ساقسىزمەن دەپ ئادەمنى ئەنسىرەتمەي.

— ماقۇل، دادا.

— قوپسىلا، بىرىپ چوڭ دادىلىرىنى كۆرۈپ كەلسىلە.

دوست خېنىم خۇشلۇقىدىن ماڭالمايمۇ، ماڭمايمۇ دەپ ئانىسىغا قارىۋېدى، تىللا خېنىم گىلىنى بوش قىرىپ تۇرۇپ.

— سىلىمۇ سەپەردىن تۇنۇگۇنلا كەلدىلە هاجىم، بۈگۈن خىزمەتكارلارنى ئارىلاشتۇرماي ئۆزۈم ئۇخشىتىپ پولۇ ئېتەي. ھەنىپە ماڭا قارىشىپ بەرسۇن. ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار بىردەم مۇڭدىشىۋېلىڭلار. دوست خېنىم ئىگەمبەردىكامنى ئەتىگىچە بىرىپ كۆرۈپ كەلسۇن ئەمدى، ـ دېدى.

تىللا خېنىم ئېرىنىڭ قىزى بىلەن مۇڭدىشىشقا ئامراقلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى ماقۇل بولىدۇ دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ھەنىپەگە يۇرسىلە دېگەن ئىشارىنى قىلىپ ئورنىدىن قوزغالدى. ھەنىپەمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئاشخانا ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# تەلۋە بەگلەر

ئەلياتقۇ مەھەل. ئەتىگەندىن بېرى ئادەملەر مىغىلداپ، قايناپ تۇرغان قورغان كۆلبېشىنىڭ ئىچى جىمجىت. چۈشتىن بۇرۇن تىللا خېنىم قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن پەيكايى ئۇچقان ئىبىز خاپانباش خوتۇنى بىلەن ئۇدۇل ئۆيگە قايتقان پېتى ئاشخانىغا يولاپ باقمىدى. دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قوغلانغانلىقىنى، دوست خېنىمنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ بېرىشكە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىلياسنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلەپ، نەشە ۋە مەي خۇمارى تۇتۇپ كۆڭلى ئاران دېگەندە كەچ قىلدى. قورغان كۆلبېشىنىڭ ئىچى تىنجىپ، دىخاللىدا ھەممىلا ئادەم ئۇيقۇ ئىزدەۋاتقان بۇ پەيتتە، ئىبىز خاپانباشنىڭ ئاشخانىسىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىلياس ئاشخانىغا بىرنەچچە ئاغىنىلىرىنى يىغىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى سېمىز يىگىت، قىسماق كۆزلەرمۇ بار ئىدى. تاماق ئۈستىلىدە بىر خون ئاق نان، بىر جاۋۇر سەۋزە، چامغۇر، يېسسىۋېلەك، گۆش ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قورۇما، بىر تەڭنە پىششىق پاقلان گۆشى، نەشە قاپىقى، بىر قۇمۇر يەرلىك يېگى مەيزاپ قۇيۇقلۇق ئىدى. ئولتۇرغان يىگىتلەر ئىلياسنىڭ بوگۇنكى مەردلىكىدىن

سۆيۈنۈشۈپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرۇپ، داستىخانغا قاراپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئىلياس ئاغىنىمىز بۈگۈن داستىخاننى ئاجايىپ مول ھازىرلاپتۇغۇ، — سېمىز يىگىت ئولتۇرغانلارغا قاراپ شۇنداق دېدى. ئاندىن ئىلياسقا بۇرىلىپ دېدى، — بىز ئۈچۈن كۆپ جوۋاپلا.

— ئىلياس قاچانمۇ يۈچەك ئىش قىلاتتى، — قىسماق كۆزمۇ گەپ قىستۇردى. شۇ تۇرقىدا خۇشلۇقىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى، — ئىلياس بولمىسا بىز پات - پات مۇشۇنداق ئېسىل غىزا، ئېسىل نەرسىلەرگە ئېغىز تېگەلەمتۇق دەيسىلەر؟

— دۇرۇس دەيدىلا...

— شۇ ئەمەسمۇ؟

ئادەتتىكى چاغلاردا بۇنداق ماختاش، مەدھىيەلەردىن ھاياجانلىنىپ خۇدىنى يوقىتىدىغان ئىلياسنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر خۇش ياقمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەس - يادى قانداق قىلىپ دوست خېنىمغا ئېرىشىشتە بولغاچقا، بۈگۈن پىكرى ھەددىدىن زىيادە چاپقۇن ئىدى. ئۇ ئاغىنىلىرىگە ئاددىيلا تەكەللۇپ بىلەن گەپ باشلىدى.

— بۈگۈن تەييارلىقىم ھەربىرلىرى خۇش بولۇۋاتقانغا لايىق بولمىسىمۇ، ئاۋۋال تويغۇدەك يەيمىز، ئاندىن بىرىمىز ماۋۇ قاپاقتىن ئۈچتىن يۇلىمىز، — ئۇنىڭ يۇلۇمىز دېگىنى قاپاقنىڭ سەيخانىسىغا سېلىنغان نەشىنى بىر تىنىق بىلەن پاك - پاكىزە كۆيۈپ بولغىچە ئىچىگە تارتىش ئىدى، — ئارقىدىن مەيزاپىنى بىر تېمىم قالدۇرماي ئىچىمىز. قېنى ئەمىسە غىزاغا قول

كەلتۈرۈشلار.

ئولتۇرغانلار ئاۋۋال ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەڭنىدىكى گۆشكە قول ئۇزىتىپ، مايلىق يەرلىرىنى، چوڭراق پارچىلانغانلىرىنى ئېلىپ قاساپ يېيىشكە باشلىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە تەڭنە قورۇقدىلىپ، تويمىغانلىرى ئاق ناننى قورۇمىغا تۇگۈرۈپ، بەزىلىرى قورۇمىغا قوللىرىنى تىقىپ نان بىلەن قوشۇپ يېيىشمەكتىدى. جاۋۇرمۇ بىر دەمدىلا قورۇقدالدى. ئاق نانمۇ يېيىلىپ بولدى. ئۇستەلدىكى ئارتۇق نەرسىلەر ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، قىسماق كۆز قاپاقتا نەشە سالدى. ئۇنى ئىلياسقا تەڭلىۋېدى، ئىلياس:

ــ ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن كەلسۇن. بىرلا يۇلىمىز، ھە؟! ـ دېدى.

ــ يۇلساق يۇلدۇق!

قىسماق كۆز ئىلياسنىڭ بوگۇنكى ئىلتىپاتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى يۇلۇۋەتمەكچى بولۇپ، قولىغا ئوت ئالدى. ئۇ ئوتنى سەيخانىغا تۇتۇپ، قاپاقنىڭ دەستىسىدىن ئېچىلغان تۆشۈكتىن تۇتۇننى خورتىلدىتىپ كۆچەپ شورىدى. تېخى نەشە تولۇق كۆيۈپ بولماستىنلا ئۇ قاتتىق قىقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ يۆتىلىشكىمۇ قۇربىتى يەتمىدى. ئۇنىڭ نەپىسى سىرتقا چىقالماي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. قولىدىكى يەرگە چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغان قاپاقنى باشقىلار دەرھال ئېلىۋېلىشتى. قىسماق كۆز ئولتۇرغان ئورنىدا تەڭپۈڭلۈقنى يوقاتماقتىدى. يېنىدىكى ئىككى ئاغىنىسى ئۇنى يۆلىۋالماقچى بولۇپ تۇتۇۋالغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ھەدەپ يەرگە ئاتاتتى. تۇتۇۋالغان ئىككى يىگىت ئۇنى

يەرگە دۈم ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ يەنىلا ئۆپكىسىدىكى نەپەسنى سىرتقا چىقىرالماي قىينىلاتتى. پۇتلىرى تىپىرچەكلەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقا پەش تەرىپىدىن «كورت، كورت» قىلىپ ئىككى قېتىم يەل چىقىپ، ئاندىن «ئۇف» دەپ نەپىسى راۋانلاشتى. باشقىلار ئۇنىڭ بېشىدا قاقاھلاپ كۈلۈشمەكتىدى. قىسماق كۆزنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىدىن ياش، بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىدىن توختىماي سۇ قۇيۇلماقتىدى.

— تۆتىسىلا، ماۋۇنىڭدا يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋالسىلا، — ئىلياس ئورنىدىن ئاران تۇرۇۋاتقان قىسماق كۆزگە بەلبېغىغا قىستۇرۇقلۇق چۆرىسىگە پۆپۈك چىقىرىپ توقۇلغان قىزىل دۇخاۋا قول ياغلىقنى ئۇزاتتى، — يۇلالىمىغاندىكىن يۇلمەن دەپ نوچىلىق قىلىپ يۇرمىسىلىمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟

400

قىسماق كۆز ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىلياسنىڭ قول ياغلىقى بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتۈۋاتقاندا سېمىز يىگىت ئۇنىڭ قولىدىكى قول ياغلىقنىڭ نەپىسلىكىدىن سۆيۈندىمۇ ئەيتاۋۇر قول ياغلىققا بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئاندىن ئىلياسقا بۇرىلىپ:

— ھەي، ئەجەبمۇ بىر نەپىس قول ياغلىق ئىكەن ئەسلىدە، بۇ ئاداش پوتلىسىنى ئېيتىپ بىزەپ قىلىۋەتتىدە. بۇ ياغلىقنى دوست خېنىم توقۇپ بەرمىگەن بولغىيتتى؟

سېمىز يىگىتنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئىلياسنىڭ بايا قىسماق كۆزنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش جەريانىدا ئازراق ئېچىلغان چىرايى يەنە تاغ ھاۋاسىدەك بىردەمدىلا

تۇتۇلدى. ئوغىدەك بىر ئاچچىق تېنىنى جۇغۇلداتتى. خىيال ئالىمىدە دوست خېنىمنىڭ پەرى مىسال جامالى ئايان بولۇپ، يۈرىكى قوقاسقا قاقلانغان كاۋاپتەك ئېچىشتى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغان قىسماق كۆزگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى:

ــ ماڭا بىرنى سالسىلا!

قىسماق كۆز ئالدىراپ ـ تېنەپ سەيخانىنى تولدۇرۇپ، قاپاقنى ئىلياسقا ئۇزاتتى. ئۆزى قولىغا دەرھال بىر تارشىنى ئېلىپ، كۆيۈۋاتقان چىراغ ئوتىغا تۇتتى. ئوت يېقىلغان نەشە لاپپىدە كۆيۈشكە باشلىدى. ئىلياس قاپاقنى پۈتۈن كۈچى ۋە ئىشتىياقى بىلەن شورىدى. قاپاقنىڭ سەيخانىسىدىكى نەشە پۈتۈنلەي ئېرىپ، تۈتۈنگە ئايلىنىپ، بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ نەشە تۈتۈنىنى بىرھازا ئىچىدە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا سىرتقا پۈۋلىدى. ئاشخانىنى كەندىرنىڭ ھىدى بىر ئالدى. پىلىلداپ يېنىۋاتقان چىراغ ئەتراپىدا نېپىز بىر قەۋەت كۆكۈچ ئىس لەيلەپ يۈرمەكتىدى. ئىلياسنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ئاشخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى كېسىلگەن پىتى ھېچقانداق ئىش قوشۇلماي ئىشلىتىلگەن بولىسمۇ كىچىك باللارنىڭ مايلىق قولى بىلەن تولا تۇتۇلۇپ، ماي بۇسىدا سىلىقلىنىپ كەتكەن تۇۋرۇككە زوڭزىيىپ يۆلەندى.

ئولتۇرغانلار قىسماق كۆزنىڭ مۇلازىمىتىدە نەشىنى ئايلاندۇرۇپ چەكمەكتىدى. بەزىلەر بىر قېتىمدىلا يۇلۇۋېتەتتى. بەزىلەر بايىقى قىسماق كۆزنىڭ كۇنىنى كۆرەتتى. ئاشۇنداق قىلىپ ئىلياسنىڭ تەلىپى بويىچە ھەممەيلەن ئۈچ قاپاقتىن چېكىپ بولدى. كەندىر ھىدى

ئاشخانىنىڭ تۆڭلۈكلىرىدىن يىراقلارغا تارقىلاتتى.

— ئەمدى، — دېدى ئىلياس ئورنىدىن ئىرىنچەكلىك بىلەن ئالدىرىماي قوزغىلىپ، — مەيزاپ ئىچىمىز، — ئۇ قولىدىكى سۇ ئۇسسىدىغان كىچىك نوگاينى سىمىز يىگىتكە تۇتقۇزدى، — مەيزاپنى سىلى قۇيۇپ بەرسىلە.

سىمىز يىگىت ئىغىرلىشىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكىدەك ساڭگىلىغان بېشىنى ئاران - ئاران كۆتۈرۈپ، ئىلياسقا قارىدى. ئىلياسنىڭ كۆزلىرى قان تولۇپ قىزارغان بولۇپ ئۆزىگە ھەيۋە بىلەن قادالغانىدى. ئۇ ئىلياسنىڭ تەرىدىن ھودۇققان بولسىمۇ چىرايى ياكى ھەرىكىتىدە شۇ خىل تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە ئاجىز ئىدى. ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆرە بولدى. قولاشمىغان بىر ھالەت بىلەن قولىدىكى نوگاينى مەيزاپقا پاتۇردى.

ئۇلارنىڭ بىر خىل ھورۇنلۇق ۋە قاشاڭلىق بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىككى تاۋاقتىن مەيزاپ ئىچىشكەندىن كېيىن بولۇڭ - بۇلۇڭدىن ئاۋازلىرى چىقىشقا باشلىدى. ئورتاق گەپكە يەنە ئىلياس قوپتى.

— ئاغىنىلەر، بىلەمسىلەر؟ يېقىندا بىرى بىزنىڭ كوچىدىن ئىشقى غەزىلى ئوقۇپ ئۆتتى. سىلەر ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭلار. ئۇنىڭ كىملىكىدە مېنىڭ گۇمانىم بار. ھازىرچە سىلەرگە ئېيتماي تۇرىمەن. ئۇ گۇي چوقۇم دوست خېنىمغا ئىچ پەش تارتىۋاتقان بىرى. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بارسا، ئۇلار دادام بىلەن ئانامنى ئۆيىدىن قوغلاپتۇ. ئاۋۇ دوست خېنىم دېگەن قانجۇقنىڭمۇ ماڭا ئەزەلدىن بىر ئىغىز چىرايلىق گېپى يوق. ئۆتكەندە ئورمانلىقتا ھېلىقى جامالىدىن دېگەن ئاق كوچىلىق

كۆلالچىنىڭ بالىسى بىلەن يېلىمدەك چاپلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم. بولدى قىلايچۇ دېسەم كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىمدىن قالتىس كۆيىمەن، ــ ئۇ قىزارغان، ياش ئولىشىۋاتقان كۆزلىرىنى ئولتۇرغانلارغا ئالدىرىماي تىكىپ سۆزلىمەكتىدى. ھاياجاندىنمۇ، كەيپىلىكتىنمۇ ئىشقىلىپ ئېغىزى گەپكە ئانچە قولىشىپ كەتمەيتتى، ــ مەن ئۇنىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. بۇ كۆيۈككە زادىلا چىدىمىدىم. سىلەر بىزنىڭ كوچىنىڭلا ئەمەس پۈتۈن يۇرتنىڭ نوچىلىرى. ماڭا ياردەم قىلىڭلار. مەن قانداق قىلسام ئۇنى ئالالايمەن؟

ــ مەنچە بولسا ئېلىپلا قاچسىلا، ــ قىسماق كۆز مەيزاپىنىڭ كۈچى بىلەن خېلىلا جانلىنىپ قالغانىدى، ــ بىرقانچە كۈن قەشقەر تەرەپلەرگە ئېلىپ قاچسىلا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزىنى سىلىگە خوتۇنلۇققا بەرمەي ھېچ ئامالى يوق.

ــ ئۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟ ــ سېمىز يىگىت نوگاينى قۇمۇرنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قارشى قوپتى، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئاچچىقىنى ھەممىلىرى ئوبدان بىلىشىلا. ئىلياس دوست خېنىمنى ئېلىپ قاچقىنى بىلەن ئاخىرى يەنە يۇرتقا كېلەر؟ ئۇ چاغدا ھەر ئىككىسىگە ياخشى كۈن بولماي قالۇرمىكىن...

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، ــ دېدى قىسماق كۆز يەنە ئىشەنچ بىلەن، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم يالغۇز بالىسى دوست خېنىمنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ. مىڭ ئاچچىقلىسىمۇ ئاخىرى پەسكويىغا چۈشۈپ، يۇرتنىڭ ئالدىدا ئاھانەتكە قالماي دەپ تويىنى قىلىپ قويىدۇ.

ــ ئىشقىلىپ بۇ ھاجىم بىلەن ئېپىتىشقىلى بولمايدۇ جۇمۇ ...

ئىلياس قانداق قىلىشنى بىلمەي ئاغىنىلىرى بىلەن نەشە، چېكىپ مەيزاپ ئىچكەچ بىر مەسلىھەتكە كېلەلمەيۋاتقان، تۈن تەڭگە يېقىنلىشىپ قالغان شۇ ئەسنادا ئون كۈندىن بېرى دولەت خېنىم بىلەن يا كۆرۈشەلمىگەن، ياكى بىرەر خەۋىرىنى ئالالمىغان جامالىدىن قىرىشقاندەك ئۆيقۇسىنى تاپالماي، يەنىلا ھېلىقى ئاھاڭنى دىمىقىدا غىڭشىپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تۆۋەن كوچىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ تۆۋەن كوچىغا قورغان كۆلىبىشىنىڭ ئىچى بىلەن چىققان بولسىمۇ، كۆنگەي دەرۋازىدىن كىرىپلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ، كۆلنى بويلاپ ماڭغاچقا، ئاشخانىدىن چىقىپ تۇرغان غۇۋا چىراغ يورۇقىنىمۇ ئىلغا قىلالماي ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنى دولەت خېنىمنىڭ غايىبانە سۆيگۈ ئوتى مۇشۇ كوچىغا سۆرەپ تۇراتتى. ئۇ بۇ كوچىغا كەلمەسلىكنى خىيال قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. بۇ كوچىنىڭ ھەربىر تۇپ دەل ــ دەرىخىمۇ، دولەت خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى كۆۋرۈكىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىمۇ، بۇ كوچىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ۋە سۈكۈناتلىق ئىدى. جامالىدىن تۇيغۇسىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ دولەت خېنىمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلدى ۋە يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان قەلبىگە ئارام بەرمەي مەۋج ئۇرۇۋاتقان ھېلىقى ئاھاڭنى ئىككى ــ ئۈچ كۈندىن بېرى يادىدىن كېچىۋاتقان تېكىستكە قوشۇپ يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى.

غەزەل ئوقۇغىلار باللا،
كوچانى جاراڭلاتىپ.
يۈگۈرۈپ چىقسۇن چوركانلار،
ساچىنى پۇلاڭلاتىپ.

بۇ ناخشا دىخاللىنىڭ كىچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىپ، خىيال ۋە ئارمان بىلەن ياتقان دوست خېنىمنىڭ قەلبىنى چالغىتىپ، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە سوئال، بەزىلەرنىڭ يۈرىكىگە مۇڭ، بەزىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئاتا قىلىپ، ئىلياسنىڭ ئازابلىرىغا تەسەللى، غەملىرىگە ئورتاق بولۇشۇپ ئولتۇرۇشقان ياشلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى.

— توختىسىلا، — دېدى ئىلياس قىساق كۆزنىڭ ئوزىگە قىلىۋاتقان مەسلىھەتىنى بۇزۇپ، قولىنىڭ ئالىقىنىنى ئۇنىڭغا گەپ قىلما دېگەندەك مەنىدە تەڭلەپ، — بىزنىڭ كوچا تەرەپتىن غەزەل ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ. سىلەرمۇ ئاڭلاۋاتامسىلەر؟

— ئاڭلىدۇق، ئاڭلىدۇق، — دېيىشتى ئولتۇرغانلارمۇ.

— بۇ، — دېدى قىساق كۆز ناخشىنى بىردەم دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ھېلىقى كونى كېچىدە غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەن ناكەس شۇ. غەزەلنىڭ گېپى ئوخشىمىغان بىلەن ئاھاڭى ھېلىقى كۈندىكى ئاھاڭنىڭ دەل ئۆزى.

— بىز ھېلىقى كۈنى قوشكۆلدە نېمە دېيىشكەن؟ — دېدى ئىلياس ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئېسىڭلاردا باردۇ؟

ــ ئىسىمىزدە بار، ــ دېيىشتى قىسماق كۆز، سىمىز يىگىت ۋە باشقىلار تەڭلا. ئۇلار بايىقى خامۇشلۇق، ھۇرۇنلۇقتىن خىلىلا سەگەكلىشىپ قالغانىدى.

ــ ئۇنداق بولسا تاغارنى ئىلىشمامىلا؟ ــ ئىلياس بۇلۇڭدىكى قوزۇقتا قاتلاپ ئىسىپ قويۇلغان تاغارنى ئىشارە قىلدى.

قىسماق كۆز يۈگۈرگەنچە بېرىپ، تاغارنى قولتۇقىغا قىستى. ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىۋاتقىچە ئىلياس ئۇلارغا ھەم جىددىي، ھەم پەس ئاۋازدا دېدى:

ــ ئۇنداق بولسا ھەممىڭلار ھوشيار بولۇڭلار. غەزەلچىنى قاچۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىرىقنىڭ ئىچى بىلەن ماڭىمىز. ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتقاندا ھېچقايسىمىز ئاۋازىمىزنى چىقارمايمىز. ئۇ بىزنى تونۇپ قالمىسۇن. قېنى ئەمىسە ماڭا ئەگىشىڭلار.

ئىلياس ئالدىدا ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار قورغان كۆلىبېشىنىڭ تۆۋەن دەرۋازىسىدىن چىقىپلا تۆۋەن كوچىنىڭ دەل - دەرەخ ۋە باغلارغا سۇ باشلايدىغان ئېرىقىغا چۈشۈپ ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

ــ توختاڭلار! ــ ئىلياس ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارغا بۇيرۇق قىلدى، ــ ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار، ئۇ تۆۋەن تەرەپتىن بىزگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم.

دەرۋەقە جامالىدىن تۆۋەن كوچىغا ناخشا ئوقۇپ ئۆتۈپ، ناخشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە كەينىگە يانغانىدى. ئۇ غەزىلىمنى دوست خېنىم ئاڭلىغانمىدۇ، بۇ

غەزەلنى مېنىڭ ئوقۇغانلىقىمنى ئۇنىڭدىن تونۇپ بىلگەنمىدۇ دېگەندەك خىياللار بىلەن ئىلياسلارنىڭ ئۆيدۈلىغا كەلگەندە، بۇ غەزەلنى چوقۇم جامالىدىن ئوقۇدى دەپ جەزملەشتۈرگەن، قەلبىنى رەشك، كۈنداشلىق، دۈشمەنلىك ۋە ئاچچىق قاپلىغان ئىلياس چوماقچىلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇرۇڭلار!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈگەن جامالىدىن نېمە بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە، بەش - ئالتە يىگىت پادىدىن ئايرىلغان قوزىغا ئېتىلغان چىل بۆرىدەك ئۇنىڭغا تاشلاندى. قىسماق كۆز بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ هاجىتى يوقتەكلا جامالىدىننىڭ ئىككى قولىغا ئېسىلغان ئىككىدىن تۆت ئادەمنىڭ ياردىمىدە بېشىغا تاغارنى كەيدۈردى ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ ياردىمىدە يەرگە يىقىتىپ، ئۆدۈل كەلگەن يېرىگە دەسسەشكە باشلىدى. جامالىدىن تاغارنىڭ ئىچىدىن چىقىشقا قانچە تىرىشىپ - تىركىشىپ باقسىمۇ ئىككى يىگىت تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاچقا ئامال قىلالمىدى. ئۇ دەسلەپ ۋارقىراپ باقتى. لېكىن تاغارنىڭ ئىچىدە بولغاچقا ئاۋازى يىراققا بارالمايتتى. ئۇنىڭ باش، بويۇن، گەۋدە، قول - پۇتلىرىغا ئۇزۇلمەي تەگكەن تېپىكلەردىن بارا - بارا ئاۋازىمۇ چىقماي قالدى. ئۇ ئورنىدا ئىككى قولى بىلەن بېشىنى مەهكەم قۇچاقلاپ، تۈگۈلۈپ جىم يېتىۋالدى. يېگەن تېپىكلەر كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمۇ ماجالى قالمىدى. ئەمدى ئۇ يەردە بېشىغا تاغار كىيگۈزۈلگۈلۈك هالەتتە تۈپتۈز، دۈم يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ جىمجىت يېتىپ قالغىنىنى كۆرگەن ئىلياس

چوماقچىلىرىغا ئاۋازىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ خىرقىراپ پىچىرلىدى:

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار! ئۇ ئۆلۈپ قالمىسۇن، يەنە، — يىگىتلەر شۇ هامان ئۇنى دەسسەشتىن توختىدى. ئىلياس ئۇلارنى بىردىن ـ بىردىن تارتىپ قورغان كۆلبېشى تەرەپكە مېڭىشقا ئىشارە قىلدى، — يورۇڭلار كېتەيلى.

— بىزنى ئەجەب توختىتىۋاللا، — دېدى بىر يىگىت ئىلياسقا قاراپ، قورغان كۆلبېشىنىڭ كۈنگەي دەرۋازىسىغا كەلگەندە، — ئۇرۇپ تازا پۇخادىن چىقىۋاتاتتىم.

— ئۇنى ئۆلۈپ قالمىسۇن دېدىم.

— ئۆلسە ئۆلمەمتى؟!

— هاي، ئاۋازلىرىنى بوش قىلىسلا، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار.



— بۇ بىچارە غەزەلخان بايقۇش كىم بولغىيدى؟ — قىسماق كۆز كۈلدى.

— كىملىكىنى ئەتە بىلىمىز، — دېدى ئىلياس، تەكەببۇرلۇق بىلەن، — ئاغزىڭلار چىڭ بولسا، بىزنى هېچكىم بىلەلمەي قالىدۇ.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ، بۇ گەپنى تىنماسلىقتا قەسەم قىلىشىپ ئۆز تۆشۈكلىرىنى تېپىپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەندىمۇ جامالىدىن تېخىچە تاغارنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. ئۇ باش توخۇ چىللىغاندا ئازراق مىدىرلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى قاپقاراڭغۇ گۆر ئىچىدە ياتقاندەك سېزەتتى. پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىيتتى. قەلبىنى دەهشەتلىك قورقۇنچ چىرمىۋالغانىدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يادىغا دوست خېنىم كەلدى. ئۇ دوست خېنىمنى خىيال قىلالىغىنىغىمۇ خۇش

بولدى. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا كېچىدە تۆۋەن كوچىغا كەلگىنى، ئۇ يەردە غەزەل ئوقۇغىنى، يېنىشىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ بېشىغا تاغار كىيدۈرۈپ، قاتتىق ئۇرۇپ كەتكىنىنى ئەسلىدى. شۇندىلا ئۇ بېشىغا ھېلىمۇ تاغار كىيدۈرۈكلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ گۆردە ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ بېشىدىكى تاغارنى ئېلىۋەتمەكچى بولدى. قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋېدى، پۈتۈن بەدىنى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپەسلىرىمۇ ئېغىر ۋە قىيىن ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يەر چۆرگۈلەۋاتقاندەك، ئۆزى ھاۋادا لەيلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاشۇ تەرىقىدە بىردەم ياتقاندىن كېيىن، بۇنداق يېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چىداش كېرەك دەپ ئويلىدى ئۇ. چىشىنى چىشىغا باستى. ھەممە كۈچىنى قولىغا يىغدى. ئازابلىق ئاغرىققا چىداپ، بېشىدىكى تاغارنى چىقىرىشىغىلا، سەھەرنىڭ سوغۇق يورۇقى يۈزىنى چاقتى. ھەر ھالدا ئۇ تاغارنىڭ ئىچىدىكى بوروقتۇملۇققا قارىغاندا خېلىلا ئازادىلىك ھېس قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆرە بولغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرمىسا بولمايتتى. بۇنداق يېتىۋەرسە، شۇ ياتقانچە يېتىپ قالاتتى. ئۇ چېچىلىپ تۇرغان زېھنىنى يىغدى. «ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇيۇشۇپ كەتكەن قوللىرىنى مىڭ تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ مۇزدەك يەرگە تىرىدى. بۇلجۇڭ گۆشلىرى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاغرىق ئازابىغا چىشلىرىنى بېسىش ئارقىلىق چىداپ يىغىپ ئۆرە بولۇشقا باشلىدى. سەزگۈلىرى كونتروللۇقىنى يوقاتقاندەك بەدىنى، پۇت ـ قوللىرى ئىرادىسىگە بوي سۇنمايتتى. ئۇ قولى ۋە تىزىغا تايىنىپ

ئۆمىلەپ، ئىبرىقنىڭ قېشىغا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا ئىبرىقنىڭ قېشىدىكى دەرەخلەرگە يۆلىنىپ ئۆرە بولۇش خىيالى كەلگەنىدى. ئۇ بىر تۈپ يوغان سەگۇ تېرەككە قولىنى سوزۇپ، ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆرە بولۇشقا باشلىدى. ئىبرىقنىڭ قاشلىرىدىكى زىچچىدە قويۇلغان دەرەخلەرگە تايىنىپ، قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا بېرىۋالماقچى بولدى. ئۇ بىر تۈپ دەرەختىن يەنە بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكىچىمۇ گۆر ئازابىنى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتلىرى ھەربىرەت قىلالماي سۆرىلىپ قالاتتى. «جىگەرلىك بول جامالىدىن، جىگەرلىك بول! پاك سۆيگۈڭ ئۈچۈن، دوست خېنىمنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن بۇنچىلىك ئازاب ئەرزىيدۇ. دوست خېنىمغا ئېرىشىمەن دەيدىكەنسەن ئاغرىققا، تاياققا چىدىشىڭ لازىمدۇر.» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاشۇنداق مەدەت بېرەتتى. ئۇ ئۆزىگە مەدەت بەرگەنسىرى ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولاتتى. پۇتلىرىغا قان يۈرۈشكەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا ماسلىشاتتى. ئەمما ئاغرىق تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. ئۇنىڭ يادىغا بىردىنىلا ئىلياسنىڭ سىيماسى بىر خىل بەدبەشىرە، يىرگىنىشلىك ھالەتتە يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. ئۇ ئاچچىق، ئاجىز، لېكىن قەھرىلىك ئاۋازدا شىۋىرلىدى: «ئابدۇكېرىم راست دەپتىكەن ئىلياس! دىگىنىڭنى قىلدىڭ. سەن چىدىماس، نامەرد نەرسىكەنسەن! كۆڭۈلگە تايىن ئىشىنىمۇ زورلۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلماقچىمۇ سەن؟! قېنى كۆرىمىز سىنىڭ لۈكچەكلىكىڭ نۇسرەت بېرەمدۇ ياكى مېنىڭ پاك سۆيگۈمىمۇ...»

جامالىدىن باشتا دەرەخلەرگە تايىنىپ ماڭغان بولسا، كېيىن قورغان كۆلىبېشىنىڭ تاملىرىغا، باغلارنىڭ سالاسۇنلىرىگە تايىنىپ مېڭىپ، تېۋىپنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلدى. دەل شۇ چاغدا بامدات نامىزىغا ماڭغان تېۋىپ دۇكىنىغا يانمۇ يان سېلىنغان ئۆيىدىن چىقىپ ئىشىك ئالدىدا ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، تېزلا «داۋا ئىزدەپ كەلگەن بىرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىنىپ، دەرھال يەرگە ئېڭىشىپ، جامالىدىننىڭ بۇرنىغا قولىنى ئاپاردى. ئۇنىڭ قولىغا ئىسسىق نەپەس ئۇرۇلدى. «ھاياتكەن» دەۋەتتى تېۋىپ.

— نېمە دەۋاتسىلا دادا؟ — دېدى دادىسىدىن كېيىن نامازغا ماڭغان تېۋىپنىڭ ئوغلى ئۆيىدىن چىقىۋېتىپ.

— قارىغىنا ئوغلۇم، بۇ يەردە بىرى ئۆلۈكتەك ياتىدۇ. لېكىن نەپىسى باركەن.

— ۋۇي، بۇ جامالىدىنغۇ! — دەپ توۋلىۋەتتى تېۋىپنىڭ ئوغلى تاڭ يورۇقىدا ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ قاراپ، — ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، ئەمدى؟

— قايسى جامالىدىن بۇ بالام؟

— جالالىدىن كۇلالچى ئاكامنىڭ ئوغلى جامالىدىن بولمامدۇ؟!

— ھە؟ بىر ئوبدان بالا ئىدى، بۇ يەردە نېمىشقا ياتىدىغاندۇ؟

— يۈز - كۆزلىرى كۆك تۇرىدۇ، ھەم ئىششىپ كېتىپتۇ. بىرەر پېشكەللىككە يولۇققاندەك قىلىدۇ، دادا.

— ئەمىسە قاراپ تۇرماي دۇكانغا ئەكىرەيلى. قېنى سەن باش تەرىپىگە ئۆتكىن. مۇزلاپ كېتىپتۇ بۇ بالا.

دۇكاننىڭ ئىچى ئىسسىققىنا ئىدى. تېۋىپ ئاتا ـ بالا ئۇنى يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۇستىگە قېلىن يوتقاننى ياپتى.

ــ بۇرنىدىن ھېلىھەممۇ قان چىقىۋاتىدۇ دادا، ــ دېدى تېۋىپنىڭ ئوغلى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا جامالىددىنغا قاراپ، ــ باش ـ كۆزلىرىدىكى ئىششىق ۋە كۆكلەرگە قارىغاندا بىرى ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ.

تېۋىپ يېقىن كېلىپ يوتقاننى قايرىدى. جامالىددىننىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى يېشىپ، ئوغلىنىڭ ياردىمىدە ئۆرۈپ قارىدى.

ــ راست، مۇرە ـ دۇمبىلىرىگىمۇ كۆك چۈشۈپ كېتىپتۇ. بالا ئېغىر تاياقتا يولۇقۇپتۇ، ــ تېۋىپ جامالىددىننىڭ لاي بولۇپ كەتكەن تامبىلىنىڭ پۇشقىقىنى قايرىپ «يا ھەزرەت» دەۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككىلا پاچىقىنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرى يېرىلىپ، تامبىلى جاراھەتلەنگەن ئورۇنغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى.





يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## قەپەستىن چىققان قۇش

ئابدۇكېرىم بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ئۇدۇل جامالىدىننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— بۇ بالا نەگە كەتكەندۇ؟ تۈنۈگۈن كەچتە چىقىپ كەتكەندىن بېرى يوق، — دېدى ئاغىچىخان ئەندىشە بىلەن.

— بىر يەرگە بارىدىغان ئىشى بولسا دەپ قويۇپ بارسا بولاتتى ئەمەسمۇ ئادەمنى ئەنسىرەتمەي. تالا - تۈزگە چىقسا دەپ قويماي كېتىدىغان بالا ئەمەستى. بىرەر پىشكەلچىلىكتىن خۇدايىم ساقلىغاي، — جالالىدىننىڭمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى.

— تۈنۈگۈن كەچتە جامالىدىن ئاكام بىزنىڭ كوچىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەنتى بولمىسا، — دېدى ئابدۇكېرىممۇ جىددىيلىشىپ، — ئەستاغپۇرۇللا ئۇلار جامالىدىن ئاكامنى... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— گەپلىرىنى ئوچۇقراق دېسىلە، بالام ئابدۇكېرىم. ئۇلار دېگەنلىرى كىم؟ — ئاغىچىخاننىڭ قەلبى بىر شۇملۇقنىڭ سايىسىنى سەزگەندەك ئاچچىق بولۇپ كەتتى.

ئابدۇكېرىم بۇ گەپنى چىقىرىپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتقان شۇ ئەسنادا هويلىغا قورغان كۆلبىشىدىكى

تېۋىپنىڭ ئوغلى كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن جامالىددىننىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇكىنىدا ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئەر ــ خوتۇن ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئاغىچخان «نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ» دېگىنىچە سۇپىدا لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن ناھايىتى تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىگە:

ــ نېمىشقا ھاڭۋېقىپ تۇرىلا؟ يۈرسىلە بالىنىڭ يېنىغا بارىمىز! ــ دېدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، پۇتىدىكى چورۇقىنى سۆرەپ دەرۋازىغا قاراپ يول ئالدى، ــ ۋاي خۇدايىم، بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟!

ئاتا ــ ئانىسى، ئابدۇكېرىملەر دۇكانغا كىرگەندە، ئاز ــ تولا ئىسسىق ئوتلىغان، راھەت يوتقانda ئىللىغان جامالىددىننىڭ كۆڭلى خېلىلا ئېچىلىپ قالغان بولسىمۇ، يۈزلىرى تېخىمۇ ئىششىپ، بۇرتۇپ چىققان قاپاقلىرىدىن كۆزلىرى كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. يۈزىدىكى يارا ئىزلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالغانىدى. بۇ ھالدىن ئانىنىڭ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ، گويا بېغىشىدىن ئۈزۈلگەندەك بوغۇزىغا كەپلەشتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئوغلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى.

ــ نېمە بولدى سىلىگە بالام؟ بۇ نېمە كارامەت ئەمدى؟

ــ ھېچقىسى يوق ئانا، مەن بىر ئوبدانلا تۇرىمەنغۇ مانا، ــ جامالىددىن بەدىنىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇچاقلاشلىرىدىنمۇ ئاغرىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي بوش ئاۋازدا دېدى، ــ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا.

ــ قاچان، نەدە مۇشۇنداق بولۇپ كەتتىڭ ئوغلۇم؟

سىنى كىم مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى؟ بۇ جىنىمنى سىنىڭ جىنىڭنى ئاغرىتقانلارغا تىككىپ قويدۇم!

جالالىدىننىڭ مۇشتۇملىرى چىڭ تۈرۈلدى. كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتتى. جامالىدىن ئاكىسىنىڭ بۇ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىدىن قەلبى ئۆرتەنگەن ئابدۇكېرىممۇ بىر چەتتە بويىنىنى قىسىپ قاراپ تۇراتتى.

— كۆپ ئەندىشىنىڭ ئورنى يوقتۇر، — دېدى ھاۋانچىدا دورا تەييارلاۋاتقان تېۋىپ جالالىدىن، ئاغىچىخانلارغا قاراپ، — جامالىدىنغا تاياق جىق تەگكەن بىلەن ئىچىگە ئۆتۈپ كەتمەپتۇ. ئۆزۈنغا بارماي ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— دېسىلە بالام، سىلىنى بۇنچە ئۇرۇۋەتكەن قولى سۇنغۇرلار كىملەر ئۇ؟

— كېچىدە مەنمۇ بىلەلمىدىم، بولدى قىلسىلا ئانا، ئۇلارنى ئەمدى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىسەكمۇ بولار. ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ياخشى ئىش ئەمەس.

— سەن بىرەرىگە چېقىلغانمۇ ئوغلۇم؟ — سورىدى جالالىدىن.

— ياق دادا، مەن بىرەرىگە چېقىلغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.

— ئەمىسە، — دېدى جالالىدىن ئەلەملىك نەپەستە، — بىزمۇ نان يەپ چوڭ بولغان ئەر تۇرۇپ، خەقنىڭ بىھۇدە ئاتىي تېپىشىغا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرساق بولماس! ئۇ ناكەس زادى كىم؟!

— بىر ئادەم بولسا تەڭ كېلەلەيتتىم دادا. ئۇلار خېلى كۆپ كىشى.

— ھۇ نامەردلەر!

ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، نېمىشقا جامالىدىن ئاكىسىنى بۇنچە قاتتىق ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى ئابدۇكېرىم بىلەتتى. جامالىدىن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى يېنىغا كېلىشكە ئىشارە قىلدى ۋە يوتقاننىڭ ئىچىدىن قولىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ قولىنى بوش سىقىپ، بۇ گەپنى دېمىسىلە دېگەن ئىشارىدە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقاپ قويدى. ئابدۇكېرىممۇ چۈشەندىم دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. لېكىن ئابدۇكېرىم جامالىدىن ئاكىسىنىڭ بۇ گەپنى نېمىشقا دېمە دېگىنىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئىلياسقا قاتتىق نەپرىتى قوزغالماقتىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتسە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، «سەن بىر نائەھلى، جامالىدىن ئاكام بولسا ھەقىقىي بىر ئىنسان» دەپ ئۇنى قاتتىق دۇمبالىغۇسى بار ئىدى. ئۇ يەنە «ئىلياس دېگەن چۈپرەندە. بىر ئادەم كوچىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەنگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇ پەقەت جامالىدىن ئاكامنى دوست خېنىمدىن كۆنەلەپ شۇنداق قىلدى» دەپمۇ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشتا دوست خېنىمنىمۇ سەۋەبكار دەپ خىيال قىلدى.

ئابدۇكېرىم چاشكا ۋاقتى بىلەن جامالىدىننىڭ يېنىدىن چىقىپ، مەدرىسەگە كېتىۋېتىپ، قورغان كۆلبېشىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا دادىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭغان دوست خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ دوست خېنىم بىلەن تەڭ ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ يىگىرى بىر يەردىن چىقىدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن تۇرۇشۇپ پاراڭلىشىپمۇ

قالاتتى. ئابدۇكېرىم بۇگۈن ئۇنى كۆرۈپلا بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىۋەتمەكچىمۇ بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ــ مەدرىسەگە ماڭغانمىتىلە ئابدۇكېرىم؟

ــ ھەئە، ــ ئابدۇكېرىم ھەم قىسقا، ھەم سوغۇق جاۋاب بەردى.

ــ ئاڭلىسام جامالىدىن ئاكامدىنمۇ ساۋاق ئېلىۋېتىپلا ھە؟

ــ بۇنى سىلى قانداق بىلىۋالدىلا؟ ئىلياس دەپ بەردىمۇ يا؟

ــ ئوھوش ئابدۇكېرىم، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانلا. ئۇنىڭغا قارايدىغان كۆزۈم يوق مېنىڭ.

ــ ئەمما ئۇ سىلىنى كۆنلەپ ئىش تېرىپ يۈرىدىغۇ ئەمىسە؟ دوست خېنىمنى ئالىمەن دەپ يۈرگىنىنى قورغان كۆلبېشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

ــ ئېغىزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭغا ھېلىغۇ تېرىكمىكەن ئۆلۈكىمۇ تەگمەيدۇ.

ــ ئېغىزلىرىنى يۇمسىلا. ئۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەي.

ــ جامالىدىن ئاكام ھازىر ئۆيىدىمىدۇر؟

ــ نېمە قىلاتتىلە ئۇنى سوراپ؟

ــ بىر كۆرۈشەي دېگەنتىم. ياردەم قىلسىلا بولاتتى.

ــ يەنە جامالىدىن ئاكامغا تېگەي دېمەيۋاتقانلا؟

دوست خېنىم ۋىللىدە قىزاردى.

ــ ئون نەچچە كۈن بولدى ئۇنى كۆرمىدىم. ئارىلىقتا بىزنىڭ كوچىدىن كېچىدە بىر قېتىم غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەنتى. بۈگۈن كېچىمۇ يەنە غەزەل ئوقۇپ ئۆتتى.

— قورغان كۆلبېشى، تۆۋەن كوچا، خالتا كوچا، ئاق كوچىدىكىلەر غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەن ئۇ كىشىنى بىلەلمەي قالغان تۇرسا سىلى قانداق بىلدىلە؟

— مەن بىلمەن، ئابدۇكېرىم. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تونۇيمەن. ئۇنىڭ غەزىلىنى قۇلىقىم بىلەن ئەمەس، يۈرىكىم بىلەن ئاڭلىيالايمەن. ئۇ غەزەلنى جامالىدىن ئاكامنىڭ ئوقۇپ ئۆتكىنىنى يۈرىكىم ماڭا ئېيتىپ بەردى.

— سىلى جامالىدىن ئاكامغا كۆيۈپ قالمىغانلا؟

— مەن سىلىنى قېرىندىشىمدەك كۆرىمەن، سىلىگە راست گەپنى قىلاي. مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىم.

— راستىمۇ؟ ئۇ سىلىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈك ئىكەنلىكلىرىنى بىلەمدۇ؟

— ئۇنىڭغا مەن گەپ بەرمىگەن تېخى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈكلىكىنى بىلىمەن.

— جامالىدىن ئاكام ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى ئىلياس بىلەمدۇ؟

— ئۇ بىلىدۇ. تونۇگۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بىزنىڭكىگە ئەلچى كەپتىكەن، ئانام ئۇلارنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

— ھە ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! شۇڭا ئۇ نامەرد جامالىدىن ئاكامنى ئۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ؟!

— نېمە؟! — دوست خېنىمنىڭ بېشىدىن بىرى مۇز سۇيى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى، — ئۇ جامالىدىن ئاكامنى ئۇرۇپتىمۇ؟

— ئۇ جامالىدىن ئاكامغا ئۆزى يالغۇز قانداقمۇ تەڭ

كېلەلىسۇن؟! بىر نەچچە غالچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇپتۇ.

ــ جامالىددىن ئاكام ئۆزى قانداقراق؟ ھازىر قەيەردە؟

ــ تېۋىپنىڭ قېشىدا.

دوست خېنىم ئابدۇكېرىمنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا قورغان كۆلىبېشىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

دوست خېنىم دۇكاننىڭ ئىشىكىنى جالاقىدە ئېچىپ كىرگەندە، دۇكاندىكى تېۋىپ ئاتا ـ بالا، جالالىددىن، ئاغىچىخان ئەر ـ خوتۇن ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ قاراپلا قالدى. دوست خېنىمنى كۆرگەن جامالىددىن بولسا كارىۋاتتا ساق ئادەمدەك چەبدەسلىك بىلەن ئۆرە بولدى. دوست خېنىم جامالىددىننىڭ يېنىغا كېلىپ يەرگە تىزىنى قويۇپ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن تېۋىپ ئاتا ـ بالا، جالالىددىن، ئاغىچىخان ئەر ـ ئاياللار ئۇلارنى بىردەم مۇڭدىشىۋالسۇن دېگەندەك ئارقا ـ ئارقىدىن دۇكاننىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. دوست خېنىم جامالىددىننىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئۆتكۈزدى.

ــ جامالىددىن ئاكا، سىلىگە نېمە بولدى؟ ئۇ دەيۇزلەرنىڭ ئادەمنى مۇشۇنچىۋالا ئۇرۇۋەتكىنى نېمىسى؟

ــ دوست خېنىم؟!

جامالىددىن ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۇدەك تويماستىن بېقىشماقتىدى. دوست خېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

— جامالىدىن ئاكا، ئۇ نائەھلىلەرنىڭ جاجىسىنى خۇدا ئۆزى بېرىدۇ. ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دوست خېنىم بىر قولىنى جامالىدىنىڭ قولىدىن بوشىتىپ يۇمشاق ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يەڭگىل سىلىدى.

— ياق، ئاغرىمايۋاتىدۇ، — دوست خېنىمنىڭ ئىسسىق قوللىرىدىن تارىغان بىر ئوت جامالىدىنىڭ ئاغرىقىنى پۈتۈنلەيلا ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئۇ دوست خېنىمغا تىترەڭگۈ ئاۋازدا دېدى، — هازىر شۇنداق ياخشى.

— مەن سىلىنىڭ گەپلىرىگە ئاق تاغدىمۇ، دەريا بويىدىمۇ گەپ بەرمىگەنىدىم. نېمىشقا شۇنداق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ئەمدى گەپ بېرەي، مەن سىلىگە تېگىشنى خالايمەن، جامالىدىن ئاكا.

— رەھمەت، دوست خېنىم! — جامالىدىنىڭ تاياق زەربىسىدىن يۇرتۇپ چىقىپ ئىششىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترىدى. بەخت ۋە رازىمەنلىك تەبەسسۇمى ئۈچۈن مىدىرلىدى. يۈرىكى شېرىن بىر سېزىمدىن ئېرىگەندەك بولدى. ۋۇجۇدىنى هاياجان لەرزىگە سالدى، — مېنى ياراتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك هېسابلايمەن!

— ئۇنداق دېمىسىلە. مەن سىلىنىڭ نەزەرلىرىگە ئېلىنغىنىمدىن خۇش بولىمەن تېخى. بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئىككى قېتىم غەزەل ئوقۇپ ئۆتتىلە. بىلىپ تۇردۇم. ئەمما ئانام سىرتقا چىقارمىغاچ سىلى بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. مېنى دەپ مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قاللا. هەممە ئەيىب مەندە. ئەمدى بىز بىرلىشىپ ئۇ ناكەسلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز.

ــ ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئەدىپىنى يەپ بولدى، دوست خېنىم، ــ جامالىددىننىڭ ئىششىق يۈزلىرىدە مەغرۇرانە كۈلكە ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، ــ ھازىر ئۇلارنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك. ئەندىشە، قورقۇنچتا ئۆيلىرىدىن چىقالمايۋاتقاندۇ، بەلكىم. مۇشۇلا يېتەرلىك.

ــ ياق، ئۇ ھېساب ئەمەس! ئۇلارنىڭ سىلىگە تەگلەشكە پېتىنغان قوللىرى سۇنمىقى لازىمدۇر.

دوست خېنىم باياتىن بېرى جامالىددىننىڭ يۈزىنى سىيلاۋاتقان قوللىرى بىلەن جامالىددىننىڭ بوش قولىنى تۇتۇپ، لەۋلىرىگە ئەكەلدى. بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئوغلىنىڭ ھالىدىن پەرىشان بولۇپ، تالادا كۆپ ساقلاشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاغىچىخان كىردى. ئانىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭلا دوست خېنىم ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، بوينىغا ئېسىلدى.

ــ جېنىم ئاغىچىخان ئانا، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بالا قىلىۋالسىلا، ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرگۈزۈپ مېنى دادامدىن جامالىددىن ئاكامغا سورىسىلا! بىر ئۆمۈر بوسۇغىلىرىدا سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلغۇم بار. مېنى بالا قىلىۋالسىلا.

ئىشىكنىڭ تۈۋىدىلا تۇرغان ئاتا ـ بالا تېپۇپ، جالالىددىنلار ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنى شۇنچە ئېنىق ئاڭلاپ تۇرۇشتى ۋە ھەم ھەيرانلىق، ھەم ھېسداشلىق بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتى.

ئاغىچىخاننىڭ يۈرتىنىڭ ئەركە قىزى، كۆڭلىدىكى ھەرقانداق گەپنى ئايىماي دېيەلەيدىغان دوست خېنىمنىڭ سۆزلىرىدىن دىلى سۆيۈنۈپ، باغرى ئېرىپ كەتتى. ئۇ خۇددى دوست خېنىمنى ئۆزىگە كېلىن قىلىپ

ئەكىرگەندەك ھېسسىياتتا ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى. خوتۇنى بىلەن دوست خېنىمنىڭ ئانا ـ بالىلارچە مېھرى ـ مۇھەببەتتە قوچاقلىشىپ تۇرغىنىنى قىيا ئېچىلغان ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرگەن جالالىدىنىنىڭ قەلبىنى ئىللىق بىر سېزىم قۇچتى.

ــ جان ـ دىلىم بىلەن بالا قىلغۇم بار قىزىم سىلىنى، ــ ئاغىچىخان بىر جۇپ ئالىقىنى بىلەن دوست خېنىمنىڭ ئىككى مەڭزىنى سىلىدى، ــ بەخت گۈلۈڭلارنىڭ بىللە ئېچىلماقلىقىنى ئىگەم پېشانەڭلەرگە پۈتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس.





## ئوتتۇزىنچى باب

# گەپ دادىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خۇپتەن نامىزىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. دوست خېنىم ئەتىگەن چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنچە تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ھەنىپە تىللا خېنىمغا بۈگۈن ئاڭلىغانلىرىنى بىرنىمۇ قالدۇرماي دەپ بېرىۋاتاتتى.

— ئۆتكەندە كېچىدە ۋە تۈنۈگۈن كەچتە بىزنىڭ دەرۋازىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەن كىشى ھېلىقى جامالىدىن ئىكەن. كېچە بىزنىڭ تۆۋەن كوچىلىق باللار ئۇنى يولدا تۇتۇۋېلىپ، ئۆلگۈدەك ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ. ھازىر ئۇ قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپتا داۋالىنىۋېتىپتۇ. دوست خېنىم ئەتىگەن چوڭ دادامنىڭ يېنىغا بارغۇچە ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، جامالىدىننىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىغا «مېنى ئوغۇللىرىڭغا ئېلىپ كېلىن قىلىۋېلىشسىلا» دەپ تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ. بۈگۈن دىخاللىنىڭ ھەممە يېرىدە شۇ گەپ، — ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنىڭ تاياق يەپ يېتىپ قالغىنىدىن ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى جامالىدىن دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، تىللا خېنىمنىڭ زەردىسىنى تازا بىر قايىنتىپ

قويماقچى بولۇۋاتاتتى، ــ كىشىلەر ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن تىللا خېنىم قىزى دوست خېنىمنى ئەركە ئۆگىتىپ قويغان گەپ. بولمىسا جامالىدىنىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ۋە باشقا يات ئادەم بار يەردە نامەھرەمدىن قورقماي، ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، يۈزلىرىنى سىلاپ يۈرەمدۇ؟ نومۇس قىلماي مېنى ئوغۇللىرىغا ئېلىپ بېرىشىسىلە دەپ يالۋۇرامدۇ دېيىشىپ، ھەممە توقۇناقنى ھاجىم دادام ئىككىلىرىگە ئارتىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قىز بالا دېگەن قىز بالىدەك بولمامدۇ؟ ئۇ ئائىلىمىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ھەربىرلىرى بۇ يۈرتتىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشىلەر تۇرساڭلار يۈزۈڭلارنى تۆكۈپ، بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى ئەمدى؟ ئويلىسام ـ ئويلىسام كالالامدى زادىلا ئۆتمەيدۇ.



ھەنپە سۆزلەۋاتقاندا تىللا خېنىمنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كېتىپ باراتتى. قورسىقى ھېلى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاچچىقتىن ئېسىلاتتى. ئۇ زەردە بىلەن سەندەلدىن پۇتىنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا دوست خېنىمنىڭ ئۆزىنىڭ رايىغا باقماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلغىنىدىن قاتتىق ئاغرىنىۋاتاتتى.

ــ توۋا قىلدىم خۇدايىم توۋا، ــ دېدى ئۇ تولۇمىدەك ئىككى بېقىنىغا ئىككى قولىنى تىرەپ، كاڭنىڭ ئۈستىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا، بۇياندىن ـ ئۇيانغا مېڭىپ، ــ مەن بىر ئادەمنىڭ بالىسىنى باقتىممىكىن دېسەم، بىر ئەقلى يوق قانجۇقنى بېقىپتىمەن ئەمەسمۇ؟! بۇ يېتىم ئوغلاقنىڭ ئۆتكەندە دەريا بويىدا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى دادىسىغا دېمەي تۈزلىۋېتەرمەن دەپتىمەن تېخى. ھەرقانچە بولسىمۇ ئادەم دېگەندە نومۇس بولار ئىدىغۇ؟! بۇنىڭ ئەقلى ئاۋۇ

ئانىسى دېگەن توخرىدارنى تارتقان چېغى. زاتى قەلەندەر دېگەننىڭ زادىلا ئەقلى بولمايدىكەن ھە؟! خەپ داداڭغا دەپ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمىسەم.

تىللا خېنىم دوست خېنىمنى قەلەندەردىن قەلەندەرگە، ئەقىلسىزدىن ئەقىلسىزغا سېلىپ ھاقارەت قىلىۋاتقاندا ھەنىپەنىڭمۇ غۇرۇرى ئازابلاندى. چۈنكى تىللا خېنىم دوست خېنىمغا قوشۇپ ئۆزىنىمۇ ھاقارەت قىلىۋاتاتتى. ھەنىپە ھازىرغىچە تىللاخان ئانىسىغا ئۇستۇن قاراپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەگەر تىللا خېنىم ئارقىلىق ھاجىم دادىسىغا ئۇقتۇرۇپ، دوست خېنىمنى جامالىدىن ئاكىسىدىن يالتايغۇزسا، ئۇنىڭ جامالىدىنغا تېگىشىدىنمۇ ئۈمىد يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ تىللا خېنىمنىڭ دوست خېنىمنى چوڭ دادىسى، ھاممىسىنى قوشۇپ ھاقارەتلىشىگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىداپ ئولتۇردى.

— خۇپتەننىمۇ ئوقۇپ بولۇشتى. ھېلىغىچە كەلمەيدىغۇ ئۇ جۇۋاينىمەك؟ ھېلىقى كۇلالچىنىڭ بالىسىنى بېقىپ ياتامدۇ يا؟! — تىللا خېنىم ھەدەپ ئىشىككە قارايتتى.

— دوست خېنىم بۈگۈن كەلمەمدىكىن، تىللاخان ئانا. ئۇ ئەتىگەن ماڭار چېغىدا چوڭ دادامنى شۇنچە سېغىنىدىم، بىر ەر كۈن يېنىدا قونۇپ كېلەيمىكىن دېگەن، — ھەنىپە يەنە قوشۇپ قويدى، — بۇ گەپنى سىزلىگە دېمەي ماڭغانمىدى؟

ھەنىپەنىڭ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ دېگەن بۇ گېپىدىن تىللا خېنىمنىڭ جەھلى قاتتى. ئاچچىقتىن چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

— ئۇ ئەمدى بىر يەرگە بارسا، ماڭا دېمەي ماڭىدىغان بولۇپتۇ - دە؟!

— سىلى ئۇنى بىرنەچچە كۈن تالاغا چىقىشتىن توسۇپ قويدىلا ئەمەسمۇ؟ بەلكىم ئۇ سىلىدىن ئۆچ ئېلىپ شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ.

— ھىم، ئۆچنى كىم ئوبدان ئالىدۇ قېنى.

ھويلىدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ھەنىپە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ غىپپىدە ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. تىللا خېنىم ئەمدىلا ئىشىكتىن كىرگەن ئېرىگە بىر خىل نارازى بولغان تەلەپپۇز بىلەن دوست خېنىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

— بۇ قىزنى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويىلا. مانا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى.

— بۇنچە چېچىلغۇدەك نېمە ئىش بولدى، خوتۇن؟ — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كاڭنىڭ ئۈستىدىكى سەندەلگە پۇتىنى سىلىۋېتىپ، — دوست خېنىم بۈگۈن چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالىدۇ. مەن ئىجازەت قىلغان.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئازراق ھۆرمىتىمنى قىلىپ قويسا بولمامدۇ؟ چوڭ بولغانسېرى ئۇ مېنى ئۆگەيلەيدىغان بولۇۋالدى. بۈگۈنگىچە مەن ئۇنى ئۆگەيلەيدىغان ئىشنى قىلىپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. ماڭا بىر ئېغىز گەپنى دەپ قويسا بولمامدۇ؟

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سىلىگە بۇ گەپنى دېمەي مېڭىپتۇ - دە، بۇنىڭغىمۇ شۇنچە خاپا بولغان بارمۇ؟ بالا تېخى كىچىك ئەمەسمۇ؟ چېچىلماڭلا.

— سىلى قىزىمىز بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ

يۇرسە ئۇنى تېخى كىچىك دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ ياشتىكى قىزلار ئانا بولۇپ بولدى. ئۇنىڭ بالدۇرراق توينى قىلىۋەتمىسەك، ئىككىمىزنى خەلقئالەم ئالدىدا يەرگە قارىتىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمە، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— بولغان - بولمىغىنىنى خۇدا بىلىدۇ. ئەمما تالا - تۈزدە گەپ جىق.

— قانداق گەپكەن ئۇ؟ — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەنسىز بىر ھالەتتە خوتۇنىغا بۇرىلدى.

— قانداق گەپ بولاتتى، قىزىمىز خەققە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگۈدەك. بۇنى ھازىر سىلىدىن باشقا ھەممە ئادەم بىلىپ بولۇپتۇ.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىلەر، بۇ بىر ئۆسەك سۆز بولۇپ قالمىسۇن؟

— سىلى دوست خېنىمغا ئىشەنگەندەك، ماڭا بىر ئىشىنىپ قويسىلا نېمە بولا؟

— قېنى ئوچۇقراق دەڭلا، زادى بۇ قانداق ئىشكەن؟

— كېچە بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىدىن بىرى غەزەل ئوقۇپ ماڭغاندا، سىلى ئەجەبمۇ بىر چىرايلىق غەزەلكەن دەپ ماختاپ كەتكەنتىلە ئەمەسمۇ؟ بۇ غەزەلنى ئاۋۇ جالالىدىن كۇلالچىنىڭ ئوغلى جامالىدىن قىزىمىزغا ئاتاپ ئوقۇپتىكەن. كېچىدە ئۇنى بىرنەچچە كىشى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلىغان قىزىمىز ئۇنى ئىزدەپ قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ. سىلى يوق چاغدىمۇ بۇ بالا ئۇنىڭ بىلەن دەريا بويىدا كۆرۈشۈپ يۈرۈپتىكەن. مانا بۇگۈنمۇ كۇلالچىنىڭ خوتۇنىغا مېنى بالا قىلىۋالسىلا دەپ

يالۋۇرۇپتىمىش. بۇ بىزگە نە ئات، نە نومۇس؟!

— نىمە؟ جالالىدىن كۇلالچىنىڭ ئوغلى بىلەن؟! — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم سەندەلدىن پۇتىنى چىقىرىپ، ئورنىدىن ياش يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇپ كەتتى.

— ھەئە، — تىللا خېنىم ئاۋازىنى يۇقىرى چىقىرىپ ئورغۇلۇق ئېيتتى، — شۇنىڭ بىلەن تېپىشىۋاپتۇ.

— ھۇ، ئەقىلسىز بەدبەخت! سېنى بىر قەلەندەرگە سەدىقە قىلىۋېتىمەنكى، ئۇ كۇلالچىنىڭ ئوغلىغا بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بەرمەسمەنا!

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقناپ كەتتى. ئىچىنى مۇدھىش بىر قارا قول قوچۇغاندەك ئارامسىزلاندى. جاندىن ئەزىز قىزىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۆچ كۆرۈدىغان ئادىمىنى «دادا» دېيىشنى تاللىغانلىقى ئىچىنى مۇچ سۇيىدەك ئېچىشتۇردى. كۆز ئالدىدىن بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى چېلىشىش سورۇنى، ئوغلاق تارتىش مەيدانىدىكى ئەلەملىك كۆرۈنۈشلەر ئۆتتى. ئۇ بۇ بىر تاللا گۆھىرىنى قانداقمۇ ئۆزىنىڭ رەقىبىگە بېرىشكە چىدىسۇن؟! ئەينى چاغلاردا پالۋانلىقىنى، چەۋەندازلىقىنى، ئىناۋەت ـ ئابرۇيىنى بىردەمدىلا تارتىۋالغان جالالىدىنىنىڭ قىزىنىمۇ ئېلىۋېلىشىغا يۈرىكى قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟! ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى يۇرت ئەھلى، ھەتتا جالالىدىنمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ بۇنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھېلىھەممۇ يادىدىن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ جالالىدىننى كۆرگەن چاغدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ تۇكى تەتۈر ئۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا

قىزنى بەرسە، ئۇستەك بەرگەنگە باراۋەر ئەمەسمۇ؟! غۇرۇرىنى ئۆز قولى بىلەن دەپسەندە قىلغانغا تەڭ ئەمەسمۇ؟! «قىز بالا دېگەن بىر كەتمەن پوق» دېگەن شۇ ئوخشىمامدۇ؟ قارىغىنا ماۋۇ قىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى. ئەگەر ئۇ دوست خېنىمنى كۆز ئالدىمدا تۇرسۇن دېمىسە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيسا، ئۇنى قەشقەر، سەمەرقەنت، ئەندىجانىدىكى مال ـ دۇنيارىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق دوستلىرىنىڭ باللىرىغا ئاللىبۇرۇن ياتلىق قىلماسمىدى. ئوغلۇم بولمىغان بىلەن ئۇن ئوغۇلغا تەڭ قىزىم بار دەپ خاتىرجەم بولغان ئەمەسمىدى. مۇشۇ زېمىندا، كىمنىڭ قېنىم تامغان تۇپرىقىمدا ئىشلىرىمغا ۋارىسلىق قىلىپ، چىرىغىمنى ياندۇرىدۇ دەپ ئويلىغان ئەمەسمىدى؟! ئەمدىلىكتە قىزىنى ئاشۇ كۇلالچى ئائىلىسىگە بەرسە، نېمە بولماقچى؟ تاپقان ـ تەرگىنى، يىغقان دۇنيارى بىر كۈندىلا ئۆز دۇشمىنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمەمدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى غۇرۇرى پايخان بولمامدۇ؟!

خىيال قىلغانسېرى ئۇنىڭ باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى ئاداۋەت ئوتى پۇچىلىدى. يۈرىكىنى دەھشەتلىك بىر ئىزتىراپ تىلدى. گەۋدىسىنى تاغدەك ئېغىر غەم باسقاندەك بېشى يەرگە ساڭگىلىدى. ئۇ بايا ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان يېرىدە خۇددى قاققان قوزۇقتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى.

ــ ھاجىم، باشلىرى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتىغۇ؟

تىللا خېنىمنىڭ تەئەددىي بىلەن سورىغان سوئالى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزدى. ئۇ چۆچۈگەندەك خوتۇنىغا ئىتتىك قارىدى. ھايات ئاشۇنداق؛

ئاسمان ئۆرۈلگەندەك ئىش بولسىمۇ، مەغرۇرلۇقىنى يوقاتمايدىغان، نەچچە قېتىم تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشلىرىنى ئويۇننىڭ ئورنىدا كۆرگەن، ئادەمنى ھېلى يۇتۇۋېتىدىغاندەك خەتەرلىك ھاڭلىرى ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان قورقۇنچلۇق تاغ يوللىرىنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان ۋە بىر قېتىممۇ كارۋانلىرىنى زىيانغا ئۇچراتمىغان، بۆرىدەك قەيسەر، تۈلكىدەك تەدبىرلىك، يولۋاستەك كۈچلۈك ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئەمدىلىكتە بېشى ساڭگىلاپ قېلىۋاتىدۇ. خوتۇنى چاقىرسا چۆچۈۋاتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جاھىل تەبىئىتى تېخى ئۆزگەرگىنى يوق. يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە جالالىدىن بىلەن قۇدا بولماسلىق قارارى ھۆكۈم سۈرىدۇ.

— دوست خېنىمنىڭ بۇ نېمە قىلغىنى؟ — دېدى ئۇ قاتتىق چىچىلىپ، — بۇ قىزنىڭ ئىشلىرىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟

تىللا خېنىم ئېرىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ شۇ ھامانلا جاۋاب بەردى.

— قانداق قىلاتتۇق؟ سىلى قوشۇلسىلا، بالدۇرراق تويىنى قىلىۋېتىمىز.

— ئىزىز ئۇستامنىڭ ئوغلىغا بىر پىلاۋەتسەكمۇ بوپتىكەن بۇ ئەقلىسىزنى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ھاجىم؟! — تىللا خېنىم ئەمدى خېلىلا تەمكىن ئىدى، — دوست خېنىم دېگەن بىزنىڭ كۆز نۇرىمىز. «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالدى» دېگەندەك، قىزىمىزنىڭ ئازغىنا سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى بىر يارىماسقا خوتۇن قىلىپمۇ بەرمەسىمىز؟! مېنىڭ بىر ئويۇم بار ئىدى، توغرا كەلسە دەپ باقسام بولۇرمۇ؟

— قېنى دەڭلا ئەمىسە، مەن ئاڭلاپ باقاي.
— مەن سىلىنىڭ خوتۇنلىرى، شۇنداقمۇ؟
— ئەلۋەتتە، گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇل دەڭلا.
— ياق، ئاۋۋال گېپىمگە جاۋاب بەرسىلە. سىلىگە ساداقەتمەن خوتۇن، دوست خېنىمغا كۆيۈمچان ئانا، ئائىلىمىزگە هارماس خىزمەتكار بولغىنىمنى ئېتىراپ قىلامىلا؟
— قايىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىمەن، خوتۇن.
— مېنىڭمۇ ئائىلىمىزنى كۆيدۈرگۈم يوق. جىق باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى پاپامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇمىجىتنى ئىچ كۈيۈئوغۇل قىلىپ ئەكىرىۋالساقمىكىن دەپ ئويلىنىپ قالدىم. شۇنداق بولغاندا، دوست خېنىم يېنىمىزدىن يىراق كەتمەيدۇ. پاپام مېنىڭ قېرىندىشىم. ئۇنىڭ بالىسىمۇ مېنىڭ بالامغا ئوخشاش. قىزىمىزنى ياتقا بەرگەندىن تۇغقىنىمىزغا بەرسەك، سىلىنىڭمۇ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولىدۇ، مېنىڭمۇ ئەجرىم يەردە قالمايدۇ.

تىللا خېنىم ئەزەلدىنلا ئاچىسىنىڭ چوڭ ئوغلىنى بالا قىلىۋېلىش خىيالىدا ئىدى. ئۇنى نەچچە قېتىم دېگەن بولسىمۇ ئېرى قوشۇلمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنى كۈيۈئوغۇل قىلىۋېلىش ئارقىلىق ئۆيىگە ئەكىرىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئىلگىرى خوتۇنىنىڭ بۇ توغرىسىدىكى گەپلىرىگە ئىرەنشىپ كەتمەيدىغان ئابدۇقۇددۇس هاجىم ئەمدىلىكتە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. ئاۋۇ جالالىدىنىنىڭ ئوغلىغا قارىغاندا، تىللا خېنىمنىڭ جىيەنى چەندان ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ دېگەن ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ دۈشمىنى. بۇ بولسا هېسابتا ئۇنىڭ تۇغقىنى

تۇرسا. «تۆۋە ماۋۇ قىزنى قارا؟ ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتىم؟! بولمىسا ئۆزۈمدىن چوڭ، مويسىپىت، بۇيۇك ئادەملەر بىلەن ئېيتىشىپ قالغىنىمنى، ئۆزۈمدىن تۆۋەنلەرگە، خىزمەتكارلارغا زۇلۇم سېلىپ قالغىنىمنى، ھەرقانداق بىر ئادەمنى زاڭلىق قىلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بېخىل، ھەسەتخور، كۆزى كىچىك بولۇپ قېلىشتىن قالتىس ھەزەر ئەيلىدىم. بىلگۈچى ئاللاھ، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلىرىم بولسا، مېنى بۇ دۇنيالىقتىكى بىر تاللا قىزىم ئارقىلىق جازالىماي، ئۇنىڭ دىلىغا ئىنساب، ئەقىل، سەبرە ئاتا قىلارسەن. دۈشمەنلىرىمگە باش ئېگىپ قېلىشتىن ساقلىغايسەن.»

ــ بۇ ئويلىنىپ باقساق بولىدىغان گەپ ئىكەن، ــ دېدى ئۇ. ئېرىنىڭ يۇمشاق پوزىتسىيەسىدىن تىللا خېنىمنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى.

ــ ھاجىم، ــ دېدى ئۇ بىردىنلا سىپايىلىشىپ، ــ ھەرگىز دوست خېنىمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قالىدىغان ئىشنى قىلمىسىلا. ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۇ سىلىدىن تەپ تارتىدۇ. بالىلىق قىلىپ قويغان يەرلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىۋېتەرلا.

ــ ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كەچۈرۈشكىمۇ بولمايتتى، خوتۇن، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئېغىر خورسىنىپ ئىچىگە چوڭ تىندى، ــ غەرەز ئۇقىدىغان بالا بولدى دەپ ئۆزۈمگە تەمەننا قويۇپ يۈرۈپتىمەن تېخى. ئۇنىڭ مېنىڭ قىزىم بولۇپ تۇرۇقلۇق، مەن زىنھار خالىمايدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرگىنى نېمىسى؟ يەنە كېلىپ مېنىڭ دۈشمەن كۆرىدىغان ئادىمىم بولغان ئاۋۇ

كۆلالچىنىڭ بالىسى بىلەن تېپىشىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟!

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، هاجىم، — ئۇ دوست خېنىمنى ئېرىگە بىلىندۈرمەي چېقىشتۇرۇۋالغىنى بىلەن، مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىدىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى، — بالا نادان، ئىش ئۇقمايدۇ. نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى ئايرىپ بولالمايدۇ. ئەمما بۇ قىزىم ئەقىللىك. جايىدا ئىككى ئېغىز تەنبىھ قىلىپ قويسىلا گەپلىرىدىن زادى چىقمايدۇ. هەر هالدا كىچىكىدىن ئەركە چوڭ بولغان بالىنى قاتتىق ئەدەپلەپ قويساق، ئېغىر كېلىدۇ، كۆتۈرەلمەيدۇ.

— شۇ تاپتا ئۇنى ئاۋۇ كۆلالچىنىڭ بالىسىغا تېگىمەن دېگىنى ئۇچۇن چاپىناپ پۈركۈۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، — ئابدۇقۇددۇس هاجىم سەندەلنىڭ ئىچىگە سېلىنىشقا تەڭلىگەن پۇتىنى يەنە تارتتى، — ئۇنى هازىرلا چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدىن ياندۇرۇپ كېلىمەن. ئۇنىڭ بۇنىدىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ باققىنىنى بىر كۆرەي قېنى!

— بۇ كېچىدە بارمىسىلىمۇ ئەتە ئۆزى كېلەتتى ئەمەسمۇ؟ — تىللا خېنىم چىقىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن ئىچىدە تازا خۇش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ سەرپاي تونىنى ئېرىنىڭ يەلكىسىگە ئارتىۋېتىپ، — قادىراخۇن ئاتنى ئېلىپ چىقسۇنمۇ؟ - دېدى ئالدىراپ.

— بولدى، ياياقلا بېرىپ كېلەي، تۆت سەكرىسەم بارىمەن.

— تالا قاپقاراڭغۇ تۇرىدۇ، يولدا هېزى بولۇپ ماڭالا ئەمىسە.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## دەرۋىشلەر ھەرىكەتتە

بۆك ئانام مازىرى بىلەن قىزىل ئاغىچام مازىرى كۆك گۇمبەزدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا، ئاق كۆچا بىلەن تۆۋەن كوچىنىڭ دەريا تەرەپ ئارقىسىدا بولۇپ، خوجا ئەلا سۇببى ئۆزىنىڭ مۇرتلىرى بىلەن بۇ ئىككى مازاردا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. كېچىنى بۆك ئانام مازىرىدىكى گۇمبەزنىڭ ئىچىدە ئەيش ـ ئىشرەتتە ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ مۇرتلىرى قەۋەت ھالقىلىق ساپايىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىشىپ، تىكىشى يوق يوغان پەنجىلىرىنى يۇدۇۋېلىشىپ، بېشىغا ئۇزۇن كۇلا، ئۇچىسىغا يەڭسىز، ياقىسىز جەندىلىرىنى كىيىپ، ھەدەپ «زاتى مۇبارەك پىر ئۇستاز ئەۋلىيا ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ بىردىنبىر ئۇدۇمكارى خوجائەلا سۇببى ھەزرىتىم جاھاندا تەڭدىشى يوق ئەۋلىيادۇر، پىرىمىزگە قول بەرمەكلىك شۇ كىشىنىڭ مەڭگۈلۈك سائادىتىدۇر، ھەزرىتى مۇرشىدىمىزنىڭ ھەرقانداق ساقايماس كېسەلگە شىپاھى كارامىتى باردۇر» دەپ جار سېلىشاتتى.

قىزىل ئاغىچام مازىرى گۇمبىزىنىڭ قاچانلاردا، نېمە سەۋەبدىن ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. بۇ مازارنىڭ نامى ئەسلىدىن قىزىل ئاغىچام

مازىرىمۇ ياكى ئۇنى خوجا ئەلا سۇببى قىزىل ئاغىچام دەپ ئاتىۋالغانمۇ بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. ئەمما خام كىيسەك بىلەن قىلىنغان قىزىل ئاغىچام مەقبەرىسىنىڭ كۇنگەي تەرىپىدىكى كاكۇل سۇۋاقلىق تام ھەر چاغ مەقبەرىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. خوجا ئەلا سۇببى قىزىل چىققان باللارنى مۇشۇ تام ئارقىلىق «داۋالايتتى». دەرۋىش - قەلەندەرلەرنىڭ ساپايە سوقۇپ سالغان جەررە - ساماللىرىنىڭ شاۋقۇنىدا قىزىل كېسەلدىن ئوت - ئاتەشتەك قىزىپ، لايدەك ئېزىلگەن باللارنى تام بىلەن مەقبەرىنىڭ ئارىسىغا ياتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مەقبەرىنىڭ ئالدىدا تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا «يەتتە ئىقلىمدا خوجا ئەلا سۇببىم ئەڭ ئۇلۇغ، دانىشمەن زاتتۇر، تەڭدىشى يوق ئەۋلىيادۇر. خوجامغا قول بەرمىكىم ئىككى دۇنيالىق ئەھدىم ھەم سائادىتىمدۇر.



پەرزەنتىمنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن، تاپقان - تەرگىنىمنى خوجام ئارقىلىق تەرىقەت يولىغا ئاتىدىم... پەرزەنتىم شىپا تاپسا خوجامنىڭ ئىلتىپاتى دەپ بىلۈرمەن، شىپا تاپالمىسا ئاللاھقا ياراپتۇ دەپ تەقدىرگە تەن بېرۈرمەن» دەپ قەسەم ئىچكۈزەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ چاپىنىدىن قوناقتەك، مېغىزدەك چوڭلۇقتا مازنى سۇغارغۇزۇپ، تۇكۇرۇكىدە نەمدىتىپ، مونەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ كاكۇل سۇۋاقلىق تامغا ئاتقۇزاتتى. ھۆلدەلگەن ماز تامدىكى سامانلارغا ئېلىنىپ قالاتتى ياكى تامغا چاپلىشىپ كېتەتتى. خوجا ئەلا سۇببى بۇ تامدا «داۋالاش» ئېلىپ بارغان ئازغىنا ۋاقىتتا تامغا ئېتىلغان مازلار غىبرىچتا بىر كەلگۈدەك قېلىنلاپ كەتكەنىدى. نە - نەلەردىن كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا قول بېرىپ، پەرزەنتىنىڭ

قىزىل كىيىملىنى «داۋالىتىپ» كېتەتتى. خوجا ئەلا سۈيىبى «داۋالىغان» كىيەللەردىن بەزىلىرى ساقىيىپ، شىپا تېپىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى خوجا ئەلا سۈيىگە قايىللىقىدىن رەھمەت ھەشقاللا ئېيتىپ، يەتتە قاتلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بۇ شاپائەتچى ئۇلۇغ زاتنىڭ پۇتلىرىغا سۆيەتتى. پەرزەنتلىرى شىپا تاپالمىغانلار ئۆزلىرىنىڭ بىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئاللاھقا يارىغانلىقىدىن، رەھمىتىنى يەنىلا خوجا ئەلا سۈيىگە ئېيتاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي خوجا ئەلا سۈيىنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا تاراپ، مۇرتلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ تۇغماسلىقنى داۋالايدىغانلىقى ھەققىدىكى پاراڭ ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇ شۇ قەدەر «پەزىلەتلىك شاپائەتچى»گە ئايلاندىكى، شىپا ئىزدەيدىغان ئايال زاتىنى ئېرى بىلەن چۈمبەللىك كىيىشكە بۇيرۇيتتى. نامەھرەمدىن ئۆزىنى قاتتىق چەكلەيدىغانلىقىنى ئاشكارا سۆزلەيتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىق ماقامىنى جار سالاتتى. ئەمما، پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكىدە باغرى چاك ـ چاك بولغان بىمارنىڭ ئېرىگىمۇ يۇقىرىقى قەسەمنى قىلغۇزۇپ ئۇلارغا دورا بۇيرۇيتتى. «مازارتاغقا چىققىلا، تاغدا مازار ئاتامنىڭ قەبرىسى بار. قەبرىدىن قىبلىگە قاراپ بىر ئىلاھى كامار ئېچىلغان. مەزلۇم شۇ كامارغا قولىنى سالغاندا قۇرت بولامدۇ، قوڭغۇز بولامدۇ، پاقىمۇ ئەيتاۋۇر بىر جاندار قولىغا ئۇرۇنىدۇ. شۇ چاغدا قولىغا نېمىلا چىقسا ئۇنى كۆزىنى يۇمۇپلا يەۋېتىشى لازىمدۇر. بۇ جاندار ئادەتتىكى جاندار بولماستىن ھەزرىتى پىر بۇزرۇكۋارىمىز ئاپاق خوجامنىڭ جاھاننامە ئەينىكىدە

436

ئايان بولغان خاسىيەتلىك جانداردۇر. مەزلۇم يەۋەتكەن بۇ تىرىك جان قورساقتا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە ھەمراھلىقتا بىر جاننى چاقىرىدۇ. بۇ جان پىقىرغا بولغان ساداقىتىنىڭ سايىسىدە ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەزلۇمنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچىدۇ. ئەگەرچەندە كۆڭۈلدە شەك پەيدا بولسا، ھەر بىرلىرى پىرنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قىيامەتتە يەتتە قات دوزاخقا تۇتىرۇق بولۇشىدىلا.»

ئاتا ۋە ئانا بولۇش تەلپۈنۈشى ۋەھىمىلىك بۇ «داۋالاش»قا قوشۇلۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى خوجا ئەلا سۇبىنىڭ كەيپى ناچار ئىدى. قورغان كۆلبېشىدا جامائەتنىڭ ئالدىدا جامالىدىن ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلمىغانىنىڭ ئۇستىگە قولىغا كېلىۋاتقان تەييار ئاقچىنىڭ بېشىغا چىققاندىن تارتىپ ئۇ ئاشۇنداق ناچار روھى ھالەتتە يۈرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. كىچىككىنە شۇمنىڭ دانە ـ دانە، قائىدىلىك سۆزلىرى ئۆزىنى خېلى يېتىشكەن ۋاھىز دەپ قارايدىغان خوجا ئەلا سۇبىگە خېلى خوپلا تەسىر قىلغانىدى. ئىچىدە قىساسخورلۇقنى تۇتىرۇق قىلغان بىر ئوت لاۋۇلداپ كۆيەتتى.

بۈگۈن ئۇ قىزىل ئاغىچامدا يىراقتىن كەلگەن، قىزىل چىققان بىر بالىنى «داۋالاش» ئالدىدا تۇراتتى، بىر سوپى ـ ئىشان مۇرتى ئالدىراپ ـ تىنەپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. شۇ ھامان ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بۆك ئانامغا يول ئالدى. كېسەلنىڭ ئىگىسىنىڭ «پىرىم، سىلىگە قول بەردىمغۇ، دەپىـ ـ دۇنيارىمنى سەدىغات قىلدىمغۇ، نارەسىدە ئوغلۇمنىڭ بېشىنى بىر سىلاپ قويسىلا» دېگەن يېلىنىشلىرىغا قۇلاق

سېلىپمۇ قويمىدى. ھېلىقى كىشى ناله ـ پەريات بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈۋىدى، ئىككى نەپەر سوپى ـ ئىشان مۇرت ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىپ يەرگە ياتقۇزۇۋەتتى.

كەچ كۈز بىلەن قىش پەسلىنىڭ ئارىسىدىكى بۈگۈنكى كەچ خېلىلا سوغۇق ئىدى. ئەمما خوجا ئەلا سوپىنىڭ قەددى تىك، گۈمبەز ئىچىدە ئۈياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاندا ئېلىشۋاتقان قەدەملىرى چەبدەس ئىدى. ئۇ پات ـ پات كۆپ پۇتاق كۆزلۈك سوتىسىنى يەرگە گۈس ـ گۈس ئۇرۇپ قوياتتى. سوتا ھەر قېتىم يەرگە تەگكەندە گۈمبەز ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مۇرتلىرى خوجىسىدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ھالەتتىن ھەيران بولۇشۇپ، ھەم قورقۇشۇپ، تار ھەم قاراڭغۇ گۈمبەز تاملىرىغا ئۆزلىرىنى چاپلاپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. خوجا ئەلا سوپىي بىردىنلا ئورنىدا چىمپىيىپ توختىدى ۋە مۇرتلىرىغا بۇرىلىپ دېدى:

— بىزنىڭ مۇرادىمىز نېمىدۇر؟

— تەرىقەت ۋە سۈلۈكىمىزنى قوغدىماقتۇر، — تەڭلا جاۋاب بېرىشتى سوپى ـ ئىشان مۇرتلار.

— بۇ يولدىكى ئەھدىمىز نېمىدۇر؟

— بۇزرۇكۋار پىر مۇرشىدىمىز ھەزرىتى ئاپاق خوجامغا، ئىشقىيە سۈلۈكىگە، ئاپاق خوجامنىڭ ئۆدۈمكارى خوجا ئەلا سوپىي ھەزرىتىمگە ساداقەتمەن بولۇش، بۇ يولدا ئۆزىمىزنى پىدا قىلىشتىن زىنھار يانماسلىق، خوجىمىزنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە ھەرقانداق ئىشتىن يالتايماسلىق، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، سىر ساقلاش، ئاللاھ ئاتا قىلغان بارلىق مەئىشەتلەردىن قانغۇدەك پايدىلىنىش، ھۇزۇرلىنىش...

دەرۋىش مۇرتلارنىڭ ئاۋازىدىن گۇمبەز ئىچى ئاجايىپ سۇرلۇك شاۋقۇن قاينىمىغا ئايلىناتتى.

ــ بىلەمسىلەر، ــ خوجا ئەلا سۇبىي ئالدىرىماي سۆزلەيتتى. ئۇ ئادەتتە بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش، مۇرتلىرىغا بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇشنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە ۋەزخاھلىق قىلاتتى، ــ قەلەندەر مەشرەپ قانداق كىشى؟

ــ پىردىن يۈز ئۆرۈگەن مۇناپىق، جادۇگەر، كاپىر، مۇرتەد!

ــ ئۇ نېمىشقا دارغا بۇيرۇلغان؟

ــ غەيرىگە دىل بەرگىنى، مۇرتەد غەزەللەرنى ئوقۇپ ھەقتىن چەتنىگىنى ئۈچۈن!

ــ ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۇشبۇ ماكان غاپىللىقتا چۆمگەن، گۇناھ ـ زىلالەتكە تولغان. تەرىقىتىمىزدە چەكلەنگەن ھەرقانداق ئەمەل بۇ ماكاندا تېپىلۇر. بىز تەرىقەتچىلەر بۇ ئەمەللەرنى تۈگەتمىسەك، پىرىمىزنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىمامدۇق؟ قورغان كۆلبېشىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ساز غەزەللەر يامراپ تۇرۇپتۇ. ھېلىلا ئىشىتتىمكى، ھېلىقى جامالىدىن دېگەن ئازغۇن مۇرتەد تۆۋەن كوچىدا غەزەل ئوقۇپ، كوچىنى بېشىغا كىيىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ تاشايىنىدا ئۆيىدە پىرىم چەكلىگەن كىتابلارمۇ ئاشكارا تىزىقلىق ئىكەن. بىز بۇنىڭغا سۈكۈت قىلساق، قاراپ تۇرساق ئول جادۇگەرنىڭ خورىكى يەنە ئۆسمەمدۇ، بىزمۇ ئاسىيغا ئايلىنىپ كەتمەمدۇق؟

ــ بەرھەق!

— تەرىقىتىمىزدە مۇرتەدنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟
— جايى جەھەننەم بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز!...
— بارىكاللا! — خوجا ئەلا سوبىبى بىر ئاز توختىۋالغاندىن كېيىن ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى، — جەھەننەمگە مەھكۇم بولغۇچىنىڭ گۇناھى ئۆزىدىن، ئىرادە پىرىمىنىڭ روھىدىن، ئەمەل پىرىمىنىڭ ساداقەتمەن قۇللىرىدىن!
— پەرمانبەردارمىز!!!
خوجا ئەلا سوبىبى ئەمدى دەرۋىش - قەلەندەرلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئىلتىپات قىلىشىنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى پەملىدى ۋە بۇيرۇق قىلدى:
— گۈلخانغا ئوت يېقىلسۇن، قويلار سويۇلۇپ داشقازان قاينىتىلسۇن، قاپاقلار تەييارلانسۇن! ساپايىلار چېلىنىپ جەررە - ساما ئەۋجىگە چىقسۇن!



گۇمبەزنىڭ ئالدىدىكى كىچىك سەيناغا گۈلخان يېقىلىپ ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. دەرۋىشلەرنىڭ بەزىلىرى گۈلخاننىڭ يورۇقىدا قازان قاينىتىپ، سويۇلغان قوي گۆشلىرىنى قازانغا تاشلىدى. گۆش پىشقاندىن كېيىن تازىلانمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانلىقتىن قاسماقلىشىپ كەتكەن يوغان تەڭنىدىكى گۆشنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشتى. ئاندىن خوجا ئەلا سوبىبىنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن قاپاقتا نەشە سېلىپ چېكىشتى. نەشىنىڭ كەيپى راسا تۇتقاندا خوجا ئەلا سوبىبى سوتىسىنى يەرگە گۈپ - گۈپ قىلىپ ئۇچىنى ئۇرۇۋېدى، ھەممىسى دىگۇدەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چەمبەر ھاسىل قىلىپ

«هوم ئالـلا هـوم»گه كـهلـتـۈرۈپ، يەرنـى گـۈس ـ گـۈس دەسسەپ، باشلىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ جەررە ـ ساماغا چۈشۈشتى:

مەنزىلىمنى ئابات قىل،
باقىي ئالەم رابات قىل.
ئىمانىڭنى قانات قىل،
ئاخىر مەنزىلگاھ شۇدۇر.
ھۆم ئاللا، ھۆم، ھۆم!
ھۆۋۋى ئاللا ھۆم!
................
................





# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## نەزەربەند

دوست خېنىمنىڭ سىرتقا چىقمىغىنىغا بىر ئايچە ۋاقىت بولدى. ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە دادىسىنىڭ «بۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىققۇچى بولسىلا، پاقالچاقلىرىنى چاقىمەن» دېيىشى بىلەن، پۈتۈن يۇرت ئەھلى ھەۋەسلىنىدىغان بۇ ھەشەمەتلىك، ياسىداق قورۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن زىندانغا ئايلاندى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە خاپا بولمىغىنى بىلەن، نېمىشقا نەزەربەند قىلىپ قويغىنىنىڭ سەۋەبىنى جامالىدىن ئاكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەكلەش ئۈچۈن دەپ قارايتتى. چۈنكى بۇ گەپ جامالىدىن ئىلياسلاردىن تاياق يېگەن كۈنى دوست خېنىمنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بېرىشى، ئۇنىڭ ئانىسىغا ئۆزىنى كېلىن قىلىۋېلىشىنى ئۆتۈنۈشى بىلەن پۈتۈن دىخاللىغا پۇر كەتكەنىدى. شۇ كۈنلەردە بىرنەچچە كۈن دىخاللىدا بۇ گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا تارقىلىپ يۈرگەنىدى. بەزىلەر، «تۇۋا، بۇ زامان نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى، بىر قىز قانداقمۇ بىراۋغا مېنى ئوغۇللىرىغا ئېلىپ بەرسىلە، مېنى كېلىن قىلىۋالسىلا دېيەلەيدۇ؟» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر، «دوست خېنىم ئەركە چوڭ بولغان قىز. بىر ھېسابتا ئۇ ھاجىمنىڭ ھەم ئوغلى، ھەم قىزى. ئۇنىڭدا ئوغۇل بالىنىڭكىدەك يۈرەك بار. باشقىلار ئۇنداق

قىلالمىسىمۇ، دوست خېنىم قىلالايدۇ» دېيىشەتتى. يەنە ئۇلار: «بۇ گەپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ھاجىم ئەمدى ئىشنى يوغىناتماي بالدۇرراق ئۇلارنىڭ توينى قىلىۋەتمىسە سۆز - چۆچەك تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەرمىكىن» دېيىشەتتى. بۇنداق گەپلەر بولۇنغاندا ئارىدىن بىرى قوپۇپ: «سىلەر ھاجىمنى قىزىنى جالالىدىنغا كېلىنلىككە بېرىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنگە تەڭ. سىلەر بىلمەمسىلەر؟ ھاجىم ئۆتتۈز يىلدىن بېرى جالالىدىنغا چىرايىنى ئېچىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقتىمۇ؟ ھە دېسە ئۇنىڭغا دارتىملاپ تىل تەگكۈزىدۇ. ھاجىم جالالىدىننى دۈشمەن كۆرىدۇكى، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ قۇدا بولمايدۇ» دەيتتى. سىرتتا بولۇۋاتقان گەپلەر ھەنىپە ئارقىلىق تىللا خېنىمغا، تىللا خېنىم ئارقىلىق ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى.

— ئەتىيازغا ئۇلىشىپلا توينى قىلىۋەتمىسەك بولمىغىدەك، — دەيتتى تىللا خېنىم بۇنداق چاغلاردا ئېرىگە، — تالا - تۈزدىكى گەپ سۆزلەر ئائىلىمىزنىڭ ئابرۇيىغا ھەرگىز پايدىلىق ئەمەس.

— توغرا دېدىڭلا، — دەيتتى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — توينى قىلىۋەتمىسەك بۇ خۇسۇستىكى گەپلەرمۇ تۈگىمىگىدەك. يا خەقنىڭ ئاغزىنى تىكىپ قويغىلى بولمىسا.

تىللا خېنىم ئارىدا ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئېرىگە بۇ گەپنى خالتا كوچىدىكى ئاچىسىغا دېگەنلىكىنىمۇ ئېيتىشقا ئۈلگۈردى.

— پاپامغا ئەتىيازدا ھاۋا ئىللىشىغىلا توينى

قىلىۋېتىدىغانلىقىمىزنى دېدىم، ــ دېدى ئۇ ئېرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ.

ــ بەكلا ئالدىراپ كېتىپتىمىزغۇ قانداق؟ ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم خوتۇنىنىڭ سەنىمگە ئاللىبۇرۇن دەسسەپ بولغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە بۇ تويغا نىسبەتەن ئانچە خۇشالمۇ ئەمەس ئىدى. نېمىشقا شۇنداق بولىدىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ــ ئىككىمىز دېيىشىپ بولغان گەپقۇ بۇ، ئەمدى يوشۇرىدىغان نېمىسى بار؟ ــ تىللا خېنىم ئېرىنىڭ تىلىدىن باغلاشقا ئۇستا ئىدى.

ــ دەۋەتكەن بولساڭلا بوپتۇ، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆڭۈل كۆزىدە جالالىدىن ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئۆزى بىلەن يەتتە كەنتتىن بەل تۇتۇشقۇدەك ئادەم چىقمىغاندا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك، بىر بولۇڭدىن سەكرەپ قوپۇپ قىلغان ئاھانىتى كۆز ئالدىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى ۋە تېنى شۈركىنىپ، جالالىدىننىڭ ئوبرازى شۇنچە يىرگىنىشلىك بولۇپ كۆرۈندى. قەلبىنى نەپرەت، ئۆچمەنلىك قۇچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرقى قارارىنى چىقاردى، ــ دېگەن بولساڭلا ئوبدان بوپتۇ. بىزدىمۇ، ئۇلاردىمۇ ئاز ـ تولا تەييارلىق بولسۇن!

سىرتتا بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر ئىگەمبەردىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتمەي قالمىدى. «مۇنەۋۋەر قىزىم، ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە بوغۇزىغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلەشكەندەك ھالدا، ــ بۇ دۇنيادىن ئالدىراپلا كەتتى. قىزىمنىڭ ھېجران ئازابى باغرىمنى تىتما ـ تىتما قىلىۋەتكەندە، ئۇنىڭ قالدۇرغان يادىكارى ھەمراھ خېنىم بىلەن ئاز ـ تولا تەسەللى تېپىپ تۇرۇۋاتقان ئىدىم. ئەمدى

بۇ قىزىمىمۇ ئۆيگە بەند قىلىندى. ئۇ ئاللاھنىڭ بەرگەن ئەركىنلىكىدىن دادىسى ئارقىلىق مەھرۇم قىلىنۋاتىدۇ. قېشىمغا كۇندە بىر ئۇچىدىغان قۇشۇمنى قەپەسكە سولاپ قويۇشتى. شۇ كىچىسى يېنىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئويغىتىپ ئېلىپ كەتتى. بىرەر ئېغىز ئۆزرىخاھلىقمۇ ئېيتىپ قويۇشقا يارىمىدى. مەن ئۇنىڭغا قېيىنئاتا ئىدىمغۇ؟ نەۋرەمدىن ھەرقانچە سەۋەنلىك ئۆتكەن تەقدىردىمۇ مېنىڭ دىلىمنى ئاغرىتىشقا ھېچ ھەققى يوق ئىدى. ھەمراھ خېنىم ئۆزى ئۇچۇن قوشاق توقۇپ، غەزەل ئوقۇغان يۇرتىمىزدىكى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلىنى تاللاپتىكەن. بۇنىڭ نەرى خاتا؟! بالىنىڭ خالىشى ئۇچۇن ئاتا رىزالىقىنى بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىككى ئالەملىك ساۋابى بولاتتى. گىنا، ئاداۋەت كەچۈرگۈسىز گۇناھ. ياشلىقتىكى ئىشلارنى ئۇ دۇنياغا گۇناھ پېتى سۆرەپ كېتەمدىكىنە، ئەجەبا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقمامدىكىنە؟! ئەگەرچەندە بالىلارنىڭ كۆڭۈل رايى بىلەن چىرايلىق يارىشىپ، قۇدىلىشىپ قالسا، ئارىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ، تۇغقان بولۇشۇپ قالاتتى. بۇنىڭدىن يۇرتىمۇ خۇش بولاتتى. ھەمراھ خېنىمىمۇ مۇراد ــ مەقسىتىگە يېتەتتىغۇ؟ ئەجەب مېنىڭ سۆيگەن كىشىلىرىم كۇنىنىڭ سىرىقىدىن، بۇ دۇنيانىڭ خۇشلۇقىدىن، ئازادىلىكىدىن، ئەركىنلىكىدىن چەتتە قېلىۋاتىدىغۇ؟! مانا بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت بولدى. ئۇنى كۆرمىدىم. ئاتا ــ ئانا بولغۇچى كىشىلەر «بارسىلا قىزىم، قېرى چوڭ دادىلىرىنى كۆرۈپ كەلسىلە»، مۇ دېمىدى. ئىسسىق كاڭ، ماموق يوتقان، ئېسىل زىلچا ــ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن زىندان نەۋرەمنى قانچىلىك

ئازابلاۋاتقاندۇ؟! يا يەرنى گۆش ـ گۆش دەسسەپ ماڭالايدىغان پۇتۇم تۇرۇپ ئۇ ئۆيگە بارالمىسام، ياكى سۆزلەيدىغان تىلىم تۇرۇپ ئۆزۈمگە كۈيۈئوغۇل بولغۇچى ئادەمگە چىش يېرىپ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمىسام... ئاللادىن تىلىمەكتىن باشقا ئامالىم يوق. ئى قۇدرىتى چەكسىز، مېھرى ـ شەپقىتى ھېسابسىز پاك پەرۋەردىگارىم، كۈيۈئوغلۇمنىڭ دىلىغا ئىنساب، يۇمشاقلىق، ئاتا مېھرىنى سالغايسەن. نەۋرەمنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئالەملىك بەخت ئاتا قىلغايسەن. ئۇنىڭ كۈندەك نۇرلۇق جامالىنى كۆرۈپ تۇرۇشۇم، بولبۇلنىڭكىدەك خەندان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشۇمنى نېسىپ ئەتكەيسەن. مەن ئۇنى سېغىنىدىم، ئۇ كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى.»

ئىگەمبەردى نەۋرىسىنىڭ ھالىنى توغرا قىياس قىلغانىدى. دوست خېنىمىنىڭ ھۇجرىسىدىكى كاڭ ئوچاقتا ئۆرۈكنىڭ ئوتۇنى گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇرىدۇ. ئاستىدا قوشلاپ سېلىنغان كۆرپە. تىللا خېنىم كۈندە بىرقانچە رەت كىرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، شېرىن تىللىرىدىن بال ـ قايماق تۆكۈپ تۇرىدۇ. خىزمەتكار قىز ئايالالرنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ھالى قالمايدۇ. ھەنىپەمۇ ھە دەپ ھاجىم دادىسى بىلەن تىللاخان ئانىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى گەپلىرىنى ياغدۇرىدۇ. ھازىرغىچە دادىسىدىن بىر ئېغىز قاتتىقراق گەپ ئاڭلاپ باقمىغان دوست خېنىم بولسا، شۇ كۈنى ئۇنىڭ سۆزۈن بىر تەلەت بىلەن «بۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىققۇچى بولسىلا، پاقالچاقلىرىنى چاقىمەن» دېگىنى بىلەن تەڭلا ئۆيگە نەزەربەند قىلىندى. ئۇنىڭ چىرايى

سېرىق، دىلى سۇنۇق. ئىچىدە بىر ئوت بار. بۇ ئوت ئاۋۇ كاڭ ئوچاقنىڭ ئىچىدىكى ئۆرۈكنىڭ ئوتۇنىدەك گۇركىرەپ كۆيۈپ تۇرىدۇ. پات - پات ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويىدۇ، قەلبى تەلپۈنگەن يەرلەرگە ئۇچماق بولۇپ ئىشىككە تەلمۈرىدۇ. ئەمما ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا يۈرىكى يېقىمسىز سوقۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ھەر قېتىم ئىشىك ئېچىلغاندا ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر كۆڭۈلى تارتمايدىغان ئىش بىللە كېلىدۇ. يا ئىشتىھايى تارتمايدىغان غىزا، يا دىلى خالىمايدىغان ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ياغلىما گەپلەر. قورغان كۆلبېشىنى چاڭ چىقىرىپ چوڭ بولغان، كۆڭلىدىكىنى ھېچكىمدىن يوشۇرۇشنى بىلمەيدىغان شوخ دوست خېنىم مانا ئەمدى ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەم ھېس قىلىدۇ. ئۇ دادىسىنى ئۆزى ئۇچۇن ھەممىنى قىلالايدىغان، ئۆزى ئۇچۇن قىلالمايدىغان بىرمۇ ئىشى يوق يۆلەنچۈكۈم، مەدەتكارىم، غەمگۇزارىم دەپ بىلەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ئەڭ مۇھىم، قەلبى شەرتسىز خالايدىغان بىر ئىشنى قىلىشنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ھەتتا بۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىگە دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىشىنى خىيال قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھەدېيىشلىرىنىڭ دادىسىنىڭ ئابرۇيىدىن، ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغانىدى. شۇڭا ئەمدى دادىسىدىن يىراقلىغىنىنى يۈرتتىن يىراقلىغانلىقتا تەڭ دەپمۇ ئويلاپ، ئۆزىنى يالغۇز، غېرىب، يار - يۆلەكسىز ھېس قىلاتتى. تىللا خېنىم ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دوست خېنىمنى نەزەربەند قىلىپ ئۆيگە سولىغاندا، «بوپتۇ، تالا - تۈزگە چىقمىسا چىقماي تۇرسۇن. ۋاقىت ئۆتكەنچە ئاۋۇ

كۆلالچىنىڭ بالىسىنى ئۇنتۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس» دېگەنىدى. نەدىكىنى، دوست خېنىم ۋاقىت ئۆتكەنچە جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ۋەسلىگە زار بولماقتا. ئۇنىڭغا بولغان سېغىنچى، تەشنالىقى ھەسسىلەپ ئاشماقتا. «بۇ كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭغا مۇشۇنداق بىرقانچە ۋاقىت ئۆتسە، بىر كۈنى جامالىدىن ئاكىسى بىلەن تويى بولىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. كەمدىن ـ كەم ئۇيقۇسىدا ئۇنىڭ بىلەن تويى بولۇپ چۈشەپ چىقاتتى. ئۇ بىلەتتى. دادىسىنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن بىرەھىم ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ باغرى ئىللىيتتى. ئۇنىڭچە پاك مۇھەببەت مۇشۇنداق سىناقلارغا ئۇچرايتتى. پەرھادمۇ شېرىنىنىڭ ۋەسلى ئۈچۈن قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىمىگەن؟ غېرىب بىلەن سەنەملەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ ۋەسلى ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلارنى باشتىن ئۆتكۈزمىگەن. شاھى ئابباس غېرىبنى چۆل باياۋانلارغا پالىۋەتمىدىمۇ؟ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ جامالىدىن ئاكىسى ناھايىتى كوچا لوكچەكلىرىدىن تاياق يىدى. جامالىدىن ئاكامدەك بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن، بۇ قانچىلىك ئىشتى؟! يۈز كۆزلىرىدىكى جاراھەت بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە ساقىيىدۇ. ئۇ يەنە بىزنىڭ كوچىدىن ، دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىدىن غەزەل ئوقۇپ ئۆتىدۇ. بىز يەنە كۆرۈشىمىز. ئۇ ماڭا بېيىت توقۇپ بېرىدۇ. قىيامەتك شېرىن گەپلىرى بىلەن مېنى خۇش ئېتىدۇ... ئۇ بىز ھامان مۇرادىمىزغا يېتىمىز دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھۇجرىسىدا يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئاشۇنداق ھەم ئازابلىق، ھەم شېرىن خىياللار بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسى بىلەن خىيال

ئالمىدە سۆيگۈ سىرلىرىنى تۆكۈشۈۋاتقاندا، ئىشىك ئېچىلدى. دوست خېنىم ئىشىككە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ھەنىپە كۈلگەن پېتى كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئاشۇنداق كۈلۈپلا تۇرىدىغان، كۈلكىسىنى زادىلا يوشۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆيدە مىش ـ مىش بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئەتىيازغا چىقىپلا ئابدۇمىجىت بىلەن دوست خېنىمنىڭ تويى بولۇپ كەتسە، مەن جامالىدىن ئاكام بىلەن تويۇمنى قىلالايمەن دەپ ئويلايتتى.

ــ ئۆي ئەجەب ئىسسىپتۇ. نېمىدېگەن راھەت، ــ دېدى ئۇ ئۇستىبېشىدىكى قار ئۇچقۇنلىرىنى قېقىشتۇرغاچ دوست خېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ سىرتتا ھاۋا شۇنچە سوغۇق، قار يېغىۋاتىدۇ.

ــ قار يېغىۋاتامدۇ، مانا تۈنجى قار ياغدى. ئەجەب بۇ يىل ماڭا قارلىق تاشلىمىدىلىغۇ؟

ــ ئېسىم قۇرۇسۇن، ــ دېدى ھەنىپە ئەندىككەندەك بولۇپ، ــ ئۇنتۇپتىمەن، سىلىگە قار ياغقانلىقىنى دېگىنىم تاشلىغان قارلىقىم بولسۇن.

ــ ھېساب ئەمەس، قارلىق دېگەننى بېيىت پۈتۈپ تاشلايدۇ، ــ دوست خېنىم پىسسىڭىدە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدىكى چېھرى ـ جامالى نېپىز بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ئايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ــ ئەمىسە بېيىت پۈتەيمۇ؟

ــ قېنى پۈتسىلە.

ھەنىپە بىردەم ئويلانغان بولسىمۇ، خىيالىغا بىرەر

بېيىتنى كەلتۈرەلمىدى. شۇڭا ئۇ باشقىلار قارلىق تاشلىغاندا دەپ يۈرىدىغان تەييار بېيىتنىلا ئوقۇدى.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا مەشرەپ باشلىدۇق.
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن،
سىلىگە قارلىق تاشلىدۇق.
تاپسىلا گۈل كەلتۈرەلا،
تاپالمىسىلا بىر باش پىياز...

دوست خېنىم جەينەكلەپ يۆلىنىۋالغان تەكىيىدىن ئۆرە بولدى. ئۇ قارغا ئامراق ئىدى. مۇشۇنداق قار ياغقان كۈنلەردە مەھەللىدىكى باللارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل قورغان كۆلىبېشىغا چىپىشاتتى. بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىشىپ، قار ئېتىشىپ، قار ئۈستىدە يومىلاقلىشىپ يۇخادىن چىققۇچە تازا ئوينىشىۋالاتتى. دادىسى ئابدۇقۇددۇس هاجىم ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، قىزىنىڭ جاهاننى بىر ئالغان خۇشلۇقىدىن هۇزۇرلىنىپ كۈلەتتى. شادلىقىغا ئورتاقلىشاتتى. تېخى بۇلتۇرمۇ ئاشۇنداق بولغانىدى. دوست خېنىم تولا ئويناپ هېرىپ كېتىپ دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئېسىلىۋالغانىدى. بۇ يىل تۇنجى قاردا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. دالىنىڭ قارلىرىغا مەھلىيا بولىدىغان دوست خېنىمنىڭ هويلىغا چىققۇسىمۇ يوق. ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تۇنجى قاردا بولىدىغان بىر گۈزەل تۇيغۇ قوچۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرىگە قارلىق تاشلىغۇسى كەلدى. جامالىدىن ئاكىسىغا قارلىق تاشلىۋالغان بولسا، نەقەدەر

ياخشى بولاتتى!

ــ مەن سىلىگە قارلىق تاشلىسام، يا قوغلاي دېمەي، يا بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىلىغۇ؟

قارلىقنى ئېيتىپ ئىشىك تۈۋىگە قېچىپ بېرىۋالغان ھەنىپەنىڭ نارازى كەيپىياتتا ئېيتقان سۆزىدىن دوست خېنىم خىيالىنى يىغدى.

ــ قارلىقلىرى ھېساب بولسۇن، ــ دېدى ئۇ لەۋلىرىگە زورمۇزور كۈلكە يىغىپ، ــ تويۇمدا سىلىگە كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغات بېرىمەن.

دوست خېنىمنىڭ ئېغىزىدىن تويىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭلا چىرايى شەلپەر رەڭگىدە قىزارغان بولسا، ھەنىپە ئۇنىڭغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر ئۇزۇندىن كېيىن دېدى:

ــ ۋۇي خېنىم، تويىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىلىغۇ؟ ئۆيىمىزدە مېنىڭ خەۋىرىمدە يوق ئىشلار جىقمۇ نېمە؟ بۇ خۇش خەۋەرنى ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىمەنغۇ؟ ــ ھەنىپە گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇمىجىتنىڭ گېپىنى چىقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. لېكىن ئۇ بۇ گەپ تېشىلىپلا قالسا بۇ ئۆيدە بالانىڭ چوڭىغا ئۆزى قالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى، ــ مېنى يات كۆرۈپ قالمايۋاتقانلا يەنە؟

ــ جامالىدىن ئاكام بىلەن قىلىدىغان تويۇمچۇ؟ ــ دوست خېنىم جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا تولدۇرۇپ ئالدى، ــ مەن يەنە كىم بىلەن توي قىلماقچىدىم؟ بىر قىز بالا بىرلا ئەرگە تېگىدىغان تۇرسا...

ــ ئۆيدىكى چوڭلارنى نارازى قىلىدىغان گەپنى

قىلمىسىلا بولاتتى، دوست خېنىم، ــ ھەنىپە بىر خىل كۆنداشلىق تۇيغۇسىدا بولسىمۇ، ئۆزىگە چوڭلارغا خاس سالاپەت بېرىپ، دوست خېنىمغا تەنبىھ قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا سۆزلىدى، ــ ھاجىم دادام ئېنىق دەپتۇ. سىلىنى جالالىدىن ئاكامنىڭ بالىسى بولغان جامالىدىنغا بەرمەيدىكەن. سىلىنى جىنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ھاجىم دادامنى رەنجىتىپ يۈرمىسىلە بولاتتى.

ــ سىلى يەنە شۇ گەپتىمۇ، ھەنىپە؟ ــ دوست خېنىم تېرىكتى.

ئۇ ھەنىپەنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھە دېسىلا جامالىدىن ئاكىسىنىڭ گەپلىرى چىقىشى بىلەنلا، خۇشال بولۇپ كەتسىمۇ، ئۆزىگە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماسلىق پىكرىدە بولۇشى يېقىنىدىن بېرى ئۇنى باشقىچە بىر تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا جامالىدىن ئاكىسىنى ھەنىپەدىن قىزغىنىش خاھىشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ جامالىدىن ئاكام دەپ شۆلگەيلىرى ئاقتۇچە سۆزلەشلىرى، ئۇنى ماختاپ كېتىشلىرى، دوست خېنىمنىڭ قەلبىگە يېقىمسىز بىر تەسىراتنى پەيدا قىلاتتى، ــ بۇ دۇنياغا مەن جامالىدىن ئاكام ئۈچۈن، جامالىدىن ئاكام مەن ئۈچۈن يارالغان. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا زىنھار چىدىمايمەن.

ــ ھەر ھالدا ئۆزلىرى بىلىپ ئىش قىلالا، ئىشقىلىپ جامالىدىن ئاكام تۈپەيلىدىن ئائىلىمىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ــ ھەنىپە ئىلمانغىنا بىر كەيپىياتتا شۇنداق دېدى.

— ئۇھ، — ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى دوست خېنىم، — ئۇ هازىر قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ جاراھەتلىرى ساقايغانمىدۇ؟ مېنى خىيال قىلىۋاتقانمىدۇ. ياكى بىر قېتىملىق تاياق بىلەن مەندىن يۈز ئۆرىگەنمىدۇ؟
— مەن ئۇنى بۈگۈن ئۇچراتتىم.
ھەنىپە شۇنداق دېيىشى، دوست خېنىم بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ھەنىپەنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا:
— نەدە، ئۇ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ - دەپ سورىدى.
— ئىشىكنىڭ ئالدىدا.
— ئۇ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ — تەكرار سورىدى دوست خېنىم تاقەتسىزلىك بىلەن.
يېقىندىن بۇيان ھەنىپە چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە تولا قاترايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاق كوچا بىلەن تولا ئۆتۈشىدىكى سەۋەبى چوڭ دادىسىنى يوقلاش ئۇچۇن دېگەندىن كۆرە، جامالىدىن ئاكىسىنى كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە دېيىش تېخىمۇ توغرا ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن دەريا بويىغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، نەچچە كۈندىن بېرى كۈتكەن پۇرسىتىنىڭ ئەمدى يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. جامالىدىن ئۆيىنىڭ يول بويىدىكى تامغا يۆلەپ قويغان قوناق شاخلىرىغا ۋە شاخنىڭ ئالدىغا چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان بېدىلەرگە سۆگەتنىڭ بادرىسى بىلەن چەللە قىلىۋاتاتتى. ھەنىپەنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلماي ئۆتسە كۆڭلى زىنھار ئۇنىمايتتى. چۈنكى ئۇ بۇ كۈننى تولىمۇ زارىقىپ كۈتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جامالىدىن ئۆزى يالغۇز ئىدى.
— ئەسسالام، جامالىدىن ئاكا!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ــ جامالىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەنىپەنى كۆردى ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى،ــ دەريا بويىغا ماڭغانمىدىلە؟

ــ سىلىنى يوقلاپ كەلدىم دېسەمچۇ؟ ــ ھەنىپە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ ناز بىلەن قاشلىرىنى يىمىردى،ــ سىلىنى پىشكەلگە يولۇقۇپتۇ دەپ ئاڭلىغانتىم، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

ــ ئاللا خالىسا يامان ئەمەس،ــ جامالىدىن ھەنىپەگە تەئەددىي قىلدى،ــ بىر ئاي ئۆتۈپ، مەن سەللىمازا ساقىيىپ، ئەمگەك قىلالىغۇدەك بولغاندىمۇ؟ ئۆزلىرى كەلدىلىمۇ ياكى مەن ئىنتىزار قۇشۇمنىڭ خەت ـ خەۋىرىمۇ بارمۇ؟

ــ سىلى ئىنتىزار قۇش قەپەستە، جامالىدىن ئاكا.

ــ ئاڭلىدىم. قۇشۇم قەپەستە،ــ جامالىدىننىڭ ئاۋازى تىترەپ، نەپىسى بوغۇلدى،ــ ئىشىنىمەنكى، قۇشۇم قەپەسكە ئۆزىنى ئۇرۇپ مېنى ئىستەۋاتىدۇ.

ــ قۇشلىرىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزسىلە ئەمدى،ــ ھەنىپە جامالىدىنغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويماقچى بولغاندى،ــ ئۇ ئەمدى باشقا بىرىنىڭ قولىغا قونىدىغان بولدى.

ــ نېمە؟ــ جامالىدىن بېشىغا بىرى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق چۆچۈدى،ــ بۇنىڭ مەن ئۇچۇن بىر ئېغىر شۇم خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىلا؟!

ــ مەندىمۇ ئامال يوق، مەن پەقەت ئۆيدىكى گەپلەرنى دېدىم. ھاجىم دادامنىڭ قارارىنى ئۆيدىلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرتتىمۇ ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. جاھاندا بىر دوست خېنىملا يوققۇ جامالىدىن ئاكا؟!ــ ھەنىپە يەنە ئۇنىڭ

كۆزىگە ناز بىلەن باقتى. لېكىن جامالىدىنغا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك بىلىندى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە دېگەندەك شىۋىرلىدى:

ــ جاھاندا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى.

ئارىنى خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىق باستى. جامالىدىن ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى يەرگە ــ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ھەنىپە ئۇنىڭ يېنىدا بىر ھازا تۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇ بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەنىپە دەريا بويىغا كېتىپ قالدى. جامالىدىن ئۇنىڭ «خوش» دېگەن گېپىگىمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

ھەنىپە بۇ ھېكايىنى دوست خېنىمغا باشقىچە شەرھلىدى.

ــ شۇنچە روھلۇق، شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە غەمسىز تۇرۇپتۇ.

ــ ئۇ مېنى سورىمىدىمۇ؟

ــ ياق. ئىككىمىز تولىمۇ قىزغىن، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئەھۋاللاشتۇق، ئەمما ئۇ سىلىنى سوراپ باقمىدى.

دوست خېنىم لاسىسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇ «بەلكىم مەن ئەيىبلىكتۇرمەن. ئۇ ئاشۇ كۈنى يېگەن تاياقنىڭ سەۋەبىنى مەندىن كۆرۈۋاتقاندۇر. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك كۆيۈك ئىكەنلىكىمنى بىلىشى، مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن بۇنچىلىك سىناققا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ــ ئۇ مەن توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىمۇ؟

ــ ياق.

ھەنىپەنىڭ شۇنچە خاتىرجەم ھالدا «ياق» دەپلا كېسىپ

جاۋاب بېرىشى دوست خېنىمغا ئېغىر كەلدى. «ئەجەبا ئۇ مېنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟» يەنە ئۇنىڭ قەلبىدە ھەنىپەنىڭ سۆزلىرىگە گۇمان تۇغۇلمايمۇ قالمىدى. « ھەنىپە نېمانچە خۇشھال؟ جامالىدىن ئاكامنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭلا مەندىن ئۆتە ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ؟»



## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# ئىككى پارچە مەكتۇپ

چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى خېلىلا تارتىلىپ قالغان بولۇپ، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ئېقىننىڭ ئىككى يېنىغا مۇز تۇتۇشقا باشلىغانىدى. جامالىدىن دەريادىن ئۆتۈپ ئاق تاغقا ــ ھېلىقى كۈنى دوست خېنىم بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇنىڭغا دىلىدىكى يوشۇرۇن سۆيگۈسىدىن بېشارەت بەرگەن جايغا كەلدى. دوست خېنىمغا ئاتاپ پۈتكەن نەزمىسىنى ئىچىدە قايتا ـ قايتا دېكلاماتسىيە قىلدى. ئۇ نەزمىنى تەكرارلىغانسېرى دوست خېنىمنىڭ گۈلدەك سىماسى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، بىر غايىب ئوت قەلبىنى ئۆرتەيتتى. ئازابلىق بىر تۇيغۇغا قوشۇلۇپ كۆز ئالدىدا دىل مەيلىگە سۇلتان دوست خېنىمنىڭ تۇرۇپ كېيىكتەك ئۈركۈپ قېچىشلىرى، يەر تېگىدىن نازلىق بېقىشلىرى، تېۋىپنىڭ دۇكىنىدا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىشلىرى زاھىر بولاتتى. تۇرۇپ ئۇنىڭ ئائىلە بەندگاھىدىكى بىچارە ھالىتى، قەپەستىكى قۇشتەك ئۆزىنى سىرتقا ئۇرۇشلىرى، تەلپۈنۈشلىرى، كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرىنى خىيال قىلاتتى. تۇرۇپ ئۇنىڭ توي مەيىسىگە چىقىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ دوست خېنىمسىز ياشاشنىڭ ھېچبىر

مەنىسى يوقتەكلا ھېس قىلدى. ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكى قەلبىنى مۇجۇپ ئارامسىزلاندۇردى. ئەگەر دوست خېنىمنى بىر كۆرۈۋالمىسا گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغاندەك، ئۇنى ئائىلە زىندانىدىن قۇتۇلدۇرمىسا ئەركەكلىك ئىپتىخارىغا نۇقسان يېتىدىغاندەك، دوست خېنىم ئۆزىنى يارىماسلىقتا ئەيىبلەيدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى گادىرماچ خىياللار ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. ئىلياسقىمۇ ياكى باشقا بىرىگىمۇ ئەيتاۋۇر بىرىگە بولغان نەپرەت، كۆنداشلىق ئەقلىنى يالمىماقتىدى. «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ». بۇخارادا ئۇستازى دائىم ئاشۇنداق دەيتتى. جامالىدىنمۇ بۇ ھېكمەتكە قايىل ئىدى. ئەمما بۇ دەملەردە ئۇ دوست خېنىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، ئۇنىڭ رۇخسارىنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقىمۇ سەۋەب تاپالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قورۇسى ئۇنچە ئاسان كىرگىلى بولىدىغان قورۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى، مالاي ـ مەدىكارلىرى ھاجىم بىر بۇيرۇق بەردىمۇ دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىققان چىۋىننىمۇ نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمايتتى.



ھاۋا تۇمانلىق ئىدى. قار سوغۇقى ئۇششۇك ھەرىدەك نەشتىرىنى ھەريان سوزۇپ تۇراتتى. تاغ ھاۋاسى تېخىمۇ سوغۇق ئىدى. جامالىدىن ئەتىگەندە ئۇستىگە يۇڭلۇق تونىنى كىيىۋالمىغان بولسىمۇ، سوغۇقنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، سەزگۈلىرى پەقەت دوست خېنىمغا مەركەزلەشكەن ئىدى. جامالىدىننىڭ يادىغا بىردىنلا ئابدۇكېرىم كەلدى. «ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا مەكتۇپ يېزىپ ئابدۇكېرىمدىن ماڭدۇراي.»

جامالىدىن تاغدىن ئالدىراپ ئۆيىگە كەلدى ۋە خانىسىغا

كىرىپ خوتەن قەغىزىگە ھۆسنخەت بىلەن مەكتۇپنى يۇتۇشكە باشلىدى:

«ئى كۆڭۈل ئىرەملىكىمنىڭ يىگانە گۈلى، پەرىشان كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، سۆيگۈ ئاسمىنىمنىڭ غېرىب قۇشى! دوست خېنىم دېگەن مۇبارەك نامى ئاھۇ زارلىق باغرىمغا تەسەللى نىگار! ئاللانىڭ قۇلى ئىكەنلىكىمگە ئىككى دۇنيا ئىقرارمەن. يەنە شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ ئىلتىپاتلىرىغا زارىزار قۇلمەن. ۋىساللىرىنىڭ تەشنالىقىدا چاكچاك يېرىلغان باغرىمدىن، ئىلاجسىزلىق مۇجۇپ ئاغرىتقان يۈرىكىمدىن ئۆزلىرىگە سالاملار بولسۇن! سالامدىن سۆڭرە، ھەنىپەدىن ئاڭلىدىمكى، مەن ئىنتىزار سۆيگۈ ئىزھارلىرىنى ئايان ئەتكەنلىكلىرى سەۋەبلىك ھازىر نەزەربەندتە تۇرۇۋېتىپلا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئائىلىلىرىدە سىلىنى باشقا بىرىگە ئۇچۇرما قىلىشنىڭ مەسلىھەتى قىلىنىپتۇ. بۇنى ھەنىپەدىن ئىشتكەن شۇ دەملەردە ماڭا يەرۇ ئاسماننىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ھەنىپەنىڭمۇ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، ئۇ سىلىنىڭ بەندگاھتا ئىكەنلىكلىرىدىن، باشقا بىرىگە ئۇچۇرما بولىدىغانلىقلىرىدىن خۇشھالدەك قىلىدۇ. بۇنى سىلىنىڭ ئوتلىرىدا كۆيۈپ چۇچىلا بولغان يۈرىكىم ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن، ماڭا قىلىشىۋاتقان بىزەڭلەرچە يېقىنچىلىقىدىن بىلىپ يېتىشكە ئۈلگۈردى. مۇبادا سىلىسىز ياشىماققا دۇچار بولسام بۇ ئۆمرۈم قانداقمۇ مەنىلىك بولسۇن؟! ئىلاجسىزلىق تېشىنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن بۇ تېنىم سىلىنىڭ كۆڭۈل خالاشلىرى بىلەن تىك بولىدۇ. سىلى رىزا بولسىلا چۆل ـ باياۋانلارمۇ مەن

ئۆچۈن ۋەتەن. قانداق قىلماقلىقىمنى ئۆزلىرىنىڭ كېڭىشىگە قويدۇم. ئەزىز تەنلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. ئابدۇكېرىمدىن ئۇشبۇ مەكتۇپنى ماڭدۇردۇم. خەۋەرلىرىگە بىتاقەت غېرىب ئاشىقلىرىدىن دەپ بىلۇرلا.»

جامالىدىن مەكتۇپنى قايتا بىر رەت ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى تۇمارچە شەكلىدە قاتلىدى ۋە ئاۋايلاپ قوينىغا سالدى. ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ يول ئالدى.

— بۇ مەكتۇپنى دوست خېنىمنىڭ ئۆز قولىغا يەتكۈزۈپ بېرەلەمسىلا؟ — دېدى ئۇ ئابدۇكېرىمنى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى غازاڭلىرى ئاللىبۇرۇن تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان تېرەكلىكنىڭ يېنىدا.

— يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىمغا ۋەدە بېرەلەيمەن، — دېدى ئابدۇكېرىم نەزىرىدىكى ئۇستازىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قارىغاچ مۇرىسىنى يەڭگىل سىلكىپ، — ئۇنداق بولسا، ئۆيدە دوست خېنىمنىڭ بىر كىتابى بار ئىدى، مەن ئۇنى ئېلىپ چىقاي.

ئابدۇكېرىم ئۆيىدىن قېلىن بىر كىتابنى تېزلا ئېلىپ چىقتى ۋە جامالىدىننىڭ قولىدىكى تۇمارچە خەتنى ئېلىپ، كىتابنىڭ ئىچىگە تۇجۇپىلەپ قىستۇردى.

— دوست خېنىمنىڭ ئۆزىنىڭ قولىغا بەرگەيلا، — جامالىدىن بۇ گەپنى ئالاھىدىرەك ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى.

— خاتىرجەم بولغايلا ئۇستازىم، — ئابدۇكېرىم شوخلۇق بىلەن شۇنداق دېدى ـ دە، دوست خېنىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

— نەگە؟!

چىرايى ھەم قارامتۇل، ھەم مايىلىشاڭغۇ، ئېگىز بويى، تەمبەل كەلگەن ئىشىك باقار ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىنى توستى.

ــ دوست خېنىمنىڭ يېنىغا، ــ ئابدۇكېرىممۇ ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك بوغۇق ئاۋازىغا يارىشا سوغۇق ھەم يۇقىرىراق ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

ــ دوست خېنىم ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ!

ــ بۇ بالا، ــ دېدى ياندىكى بىر ھەمراھى ئىشىك باقارغا چۈشەندۈرۈپ، ــ پات ـ پات دوست خېنىم بىلەن كىتاب ئالماشتۇرۇپ ئوقۇپ تۇرىدۇ. قولىدىكى ئاۋۇ كىتابمۇ ھەقىچان بىزنىڭ دوست خېنىمنىڭ. ئەكىرىپ بەرسە بەرمىسۇنمۇ.

ــ بىز ئۇنى كىرگۈزۈۋەتسەك، ھاجىمكامدىن گەپ ئاڭلاپ قالمايلى دەيمەنا؟!

ــ بۇ بالا كىرسە ھاجىمكام خاپا بولمايدۇ. ئۇ ئادەم كىتابنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا خۇش بولىدۇ.

ــ ئەمىسە ئىلدام كىرىپ، ئىلدام يېنىپ چىق! ــ ئىشىك باقار ئابدۇكېرىمگە بۇرىلىپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا شۇنداق دېدى.

ئابدۇكېرىم دوست خېنىم بىلەن قاراڭغۇ دالاندىلا كۆرۈشۈپ، كىتابنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ــ كىتابنىڭ ئىچىدە جامالىدىن ئۇستازنىڭ خېتى بار. ئۆز قولىغا بەر دەپ تاپىلىغان ئىدى، يالغۇز ئوقۇلا.

ــ رەھمەت سىلىگە، ــ دېدى دوست خېنىم ۋە كىتابنى ئىككى بىلىكىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ، مەيدىسىگە باستى. جامالىدىننىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ

سۇلغۇن چىرايىغا بىلىنەرلىك كۈلكە يۈگۈردى.

ــ خەتنىڭ جاۋابىنى ئالغىلى ئەتە كېلىمەن، ماڭا كىتابدىن بىرنى بەرمەمسىلا؟

ئابدۇكېرىمنىڭ گېپى بىلەن شېرىن بىر تۇيغۇغا غەرق بولغان دوست خېنىم ئېسىگە كەلدى ۋە بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ، هايالشمايلا كىتابدىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

ئابدۇكېرىم دوست خېنىمغا كۈلۈمسىرەپ خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دوست خېنىم ئالدىراپ هوجرىسىغا كىرىپ، كىتابنىڭ ئىچىدىكى خەتنى ئاچتى.

خەتنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ، ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. قەلبىنى ئازاب، ئاچچىق، رەنجىش، رەشك، قورقۇنۇش ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇ يىرتقۇچ قۇشنىڭ تىرناقلىرىدەك بىر تەرەپتىن مۇجۇسا، بىر تەرەپتىن تىتىۋاتقاندەك ئاغرىتتى. «ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە قىسمەت؟ بۇ نېمە كارامەت؟! مەندىن يوشۇرۇن نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ئەمدى؟! ئانامغۇ قىلسۇن، دادامغۇ ماڭا مۇشۇنداق ستەمكارلىق قىلسا قانداق بولىدۇ؟! هەنىپەچۇ؟! ئۇ مەن كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي دەيدىغان، هالىمغا يېتىدۇ دەپ ئويلايدىغان، سىرلىرىمنى سىرداش كۆرۈپ ئېيتىدىغان قېرىندىشىم ئىدىغۇ؟! ئۇنىڭ جامالىدىن ئاكامغا سۆيىنى چىقىرىپ يۈرگىنى نېمىسى؟» دوست خېنىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. خۇددى ئۇنى بىرى پىرقىرىتىپ يەرگە قويۇپ قويغاندەك بېشى قايدى. ئۇنىڭغا يەر چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىندى. بىر هازادىن كېيىن كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىغان پۇتلىرى

ئاران ـ ئاران توختىدى. ئۇنىڭ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان قانلىرى تومۇرلىرىدا دولقۇن سالاتتى. ئېغىزى قۇرۇپ تىل ئۇستى ۋە تاڭلايلىرى تارىشىدەك قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ھەنىپەنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنى تازا ئەدەپلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، گېلىنى بىرى بوغۇۋالغاندەك ئاۋازى چىقمىدى. تىلىمۇ ھەرىكەتكە كەلمىدى. ئۇ ئادەتتە بىرەر گەپ تاپسا ھەنىپەگە دەپ ئۆگىنىپ قالغانىدى. تورۇپلا بوگۇن بۇ خىيالىدىن تېزلا ياندى. چۈنكى ئۇ ئەمدى ھەنىپەگە دىل سىرىنى ئەمەس، ھەرقانداق گېپىنى دېمەسلىكنى قارار قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيۋاتاتتى. ئۆزىگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئانىسىدەك نەسىھەت قىلىۋاتقان ھەنىپەنىڭ مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى كۆڭلىدە روشەنلىشىپ بارماقتىدى. «ئى ئاللا، ئى پاك پەرۋەردىگارىم، ئالدىڭدا گۇناھكاردۇرمەن. گۇناھىمغا جاھاندىكى ئەڭ يېقىنلىرىم ئارقىلىق جازا بەرگۈچە، جېنىمنى ئالساڭمۇ مەيلى ئىدى. ئىشەنگەن ئادەملىرىمنىڭ دىلىغا رەھىمسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك ئوتىنى تاشلاپ، ئۇنىڭدا مېنىڭ ناتىۋان جېنىمنى كۆيدۈرۈپ ئاغرىتقىچە، مېنى تىغدەك يالغۇزلۇقنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئىتتىرگىچە جېنىمنى ئالساڭ مەيلى ئىدى. جامالىدىن ئاكامنىڭ ۋەسلىدىن يىراق قىلغىنىڭدىن دەرگايىڭغا چاقىرساڭمۇ مەيلى ئىدى...» ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئەگەر تىلەكلىرى ئىجاۋەت بولۇپ قالسا، ئۇ پانىيدىكى كۈنىنىڭ يورۇقىدا ئىشقى ئوتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىپ يېنىۋاتقان جامالىدىن ئاكىسىنىڭ نۇرانە چېھرىنى ئەبەدىي كۆرەلمەيتتى. كېچە ـ كۈندۈز دىل رايىنى تىلىغا

جەم ئېتىپ تىللىرىنى تامشىتىشقا دالالەت قىلىۋاتقان جامالىدىن دېگەن سۆيۈملۈك ئىسىم بىلەن چاقىرسا كۆندەك چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولىدىغان، جۈپتى ھالاللىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىخارلىنىشقا ھەقلىق دەپ قارايدىغان قەدىردان يىگىتىنىڭ بۇدۇنيالىق ۋەسلىدىن مەھرۇم قالاتتى. «ئەسلىدە سۆيگۈنىنىڭ شېرىنلىكى تىنۋشىسىز كۆيۈشتە، ۋەسلى كۆڭۈل پىنھانلىقىدىكى ھىجرانلىق چىغىر يولدا ئىكەندە!» دەپ ئويلىدى ئۇ. دوست خېنىمنىڭ شۇ تاپتا جامالىدىن ئاكىسىنىڭ يېنىغا ئۇچقۇسى كەلدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! ئۇ قەپەستىكى قاناتلىرى بوغۇشلانغان قۇش ئىدى. ئۇ ئەتراپقا شۇبھىلىك باقتى. ھېلىلا دادىسى كىرىپ قالىدىغاندەك، ئانىسى قولىدىكى خەتنى يۇلۇپ ئېلىپ يىرتىپ تاشلايدىغاندەك، ھەنىپە يالغاندىن ھېسداشلىق قىلىپ، جامالىدىن ئاكىسىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇۋالىدىغاندەك تىترەپ تۇرغان قولىدىكى مەكتۇبىنى كىتابىنىڭ ئىچىگە ئالدىراپ يوشۇردى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر دادىسىنىڭ گېپىنى بوش - بوش قىرىپ قويۇشىمۇ ئاڭلانمايتتى، كۆندە نەچچە قېتىم ئالتۇن قىزىمدىن ئالتۇن قىزىمغا سېلىپ، ئېغىزىدىن شەربەت تۆكۈپ كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان تىللا خېنىمنىڭمۇ چۈشتىن بۇرۇن كىرگەنچە بوسۇغىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانمىدى. ھەنىپەمۇ ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنچە كىرىپ باقمىدى. بۇ ھال دوست خېنىمغا غەلىتە تۇيۇلدى. بىر تۇرۇپ ئۇلار ئۇچى تىلىنى بىر قىلىپ ئۆزىنىڭ تويىنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ ھەنىپە جامالىدىن ئاكىسىنى ئىزدەپ ئۇنىڭغا سۆۋۈنۈپ

يۈرگەندەك تۈيغۇ بېرەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى ئۇنىڭ بۇ تەشۋىشلىك خىيالى جىنىنى قىيىنىماقتا ئىدى. ئۇ شامداندىكى ئىككى تال سۆسۈن رەڭلىك شامنى ياندۇرۇپ، نامازشامنى ئوقۇپ بولۇپ سىرتقا قۇلىقىنى تۇتتى. يوغان قورۇنىڭ ئىچى جىمجىت. دوست خېنىم ئۇيۇقتىن دىۋەت، قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىپ جامالىدىن ئاكىسىغا جاۋابەن مەكتۇپ يازماقچى بولۇپ شىرەنىڭ ئالدىغا ئەمدى كېلىشىۋىدى، ئىشىك تۈۋىدە بىرىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئاندىن ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، تىللا خېنىم كىرىپ كەلدى.

ــ دوست خېنىم، ئالتۇنۇم، شېرىن قىزىم، ــ ئۇ ئادەتتىكىدەك چىرايىدىن كۈلكە تۆكۈپ تۇرۇپ، قولىدىكى جانان چىنىنى دوست خېنىم ھېلىلا دىۋەت، قەغەز ـ قەلىمىنى ئاستىغا يوشۇرۇۋەتكەن شىرەنىڭ ئۇستىگە قويدى، ــ قېنى قىزىم، سىلىگە ئاتاپ ئۆز قولۇم بىلەن ئۇگرە ئەتكەنىدىم، ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا.

دوست خېنىمنىڭ قالغان، قېلىۋاتقان كۆڭلىنى بىر قاچا ئۇگرە بىلەن قانداقمۇ ئالغىلى بولسۇن؟! ئۇ ئېسىنى بىلگەنىدىن تارتىپ تائامنىڭ خەقىشىنى قىلىپ باققان بالا ئەمەس. باشقىلار بۇردا نانغا زار بولسا بولغاندۇ. بۇ زاماندا بىر قاچا تائامغا ئالدىنىدىغانلا، خۇش بولىدىغانلار بولسا باردۇر. لېكىن دوست خېنىم تائام يېمەي خەقىش قىلسا قىلىدىكى، ئۆز ئەركىنى بوغۇشقا يول كۆرسەتكۈچى تىللا خېنىمنىڭ « ئۆز قولۇم بىلەن ئەتتىم» دەۋاتقان مۇنۇ بىر چىنە ئۇگرىسىنى ئىچىشنى تېخىمۇ خالىمايدىغان بولىسىمۇ، ئۇ ئەدەپنى ئەلا بىلەتتى. شۇڭا ئەدەپ يۈزىسىدىن:

ــ ماقۇل ئانا، سەل سوۋۇغاندا ئىچەي،ــ دېدى ۋە چىنىنى بۇ ئۇگرىنى ھېلىلا قالدۇرماي ئىچىۋېتىدىغاندەك مايىللىق بىلەن سەل ـ پەل ئالدىغا تارتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ خاتىرجەم بولۇپ، تېززەك چىقىپ كېتىشىنى تولىمۇ خالايتتى. شۇنداق بولغاندىلا قەلبىدە جامالىدىن ئاكىسى ئۇچۇن مەۋج ئۇرۇۋاتقان كۆڭۈل سۆزلىرىنى قەغەز يۈزىگە بالدۇرراق پۈتۈپ چىقالايتتى. قېرىشقاندەك تىللا خېنىم پەستىن جادا ھەرە بىلەن بالداقچە توغرالغان ئۆرۈكنىڭ ئۇتۇننى ئېلىپ كالڭ ئوچاققا سالدى. دوست خېنىمنىڭ ئاستىدىكى يېكەندازنى، يۆلىنىدىغان پەي ياستۇقنى تۈزەشتۈردى. خام جامبا بىلەن شىرەنى سۈرتتى. ئاندىن ئىككى پاچىقىنى قوللىرىنى ئۆتكۈزۈپ قۇچاقلىغىنىچە ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېگىكىنى قويۇپ خىيالچان ئولتۇرغان دوست خېنىمغا بۇرۇلۇپ:

ــ شېرىن قىزىم، ئاشمۇ سوۋۇدى. قېنى ئىچىۋالسىلا،ــ دېدى.

ــ سىلى چىقىۋەرسىلە ھېلى ئىچىمەن،ــ دوست خېنىم ھازىرلا ئىچىدىغاندەك ئۈجمە ياغىچىدا قىرىلغان قوشۇق بىلەن ئۇگرىنى ئېلىشتۈردى.

ــ يائاللا قىزىم،ــ دېدى تىللا خېنىم قاشلىرىنى يىمىرىپ، يېقىنچىلىق تەلەپپۇزىدا،ــ ئەجەب بىر مېنى يانلىرىدىن قوغلاشقا ئالدىرايدىغان بولۇپ قالىلا،ــ ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى،ــ ھەنىپە ئىگەمبەردىكامىنىڭ يېنىغا كەتكەن بىردەمگىچە كېلىپمۇ قالار.

ھەنىپەنىڭ ئىسمى چىقىشىغىلا دوست خېنىمنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر تىترەك چېچىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ توختىدى.

— ئەمدى مەنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ قالدىم ئانا، — ئۇ ئانىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — دەرۋازىدىن تارتىپ ئارقا ھويلىغىچە ساقلايدىغانلار بولغاندىكىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ھەنىپەمۇ ئەمدى مۇكەررەم ئاناملار بىلەن تۇرسۇن.

تىللا خېنىم ئېرى ئارقىلىق دوست خېنىمنى ھەر ۋاقىت تىزگىنلەپ تۇرالىسىمۇ، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۆيدىكى چاغلاردا دوست خېنىم بىلەن يۈز تۇرا بىر گەپنى تالىشىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. ھاجىمنىڭ قىزىنى ئۆگەيلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. بۇنداق بولمىغاندا ئۆزىنىڭ پىلانلىرى سۇغا چىلىشىپمۇ قالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ بوغۇزىغا كەپلەشكەن تەئەججۇپلۈك سوئاللىرىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

— ماقۇل، شېرىن قىزىم، مەن ھەنىپەگە شۇنداق دەپ قوياي، — دېدى ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىۋاتقىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەي.

تىللا خېنىم چىقىپ كېتىشىگە دوست خېنىم يۈگۈرگەن پېتى ئىشىككە ئىچىدىكى تاقاقنى يۆلىدى ۋە تۇتقۇچنى ئىچىگە تارتىپ باقتى. ئۇ ئىشىكنىڭ مەزمۇت تاقالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى يەڭگىل تۇتۇشقا شۇنچە زورلىسىمۇ، يەنە بىر غەم، يەنە بىر ئىچ پۇشقى ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلىق بىلەن بېسىپ تۇراتتى. ئۇ جامالدىن ئاكىسىغا مەكتۇپ يېزىپ دەرد ـ ئەلەملىرىنى يەڭگىللەتمىسە بولمايتتى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىل ئارامىمنىڭ ناۋاكەش

بولبولى. سولغان گۈلدەك قەددىمنىڭ يۆلەنچۈكى، قەدىردان جامالىدىن ئاكا! مەكتۈپىڭىزدىن ئايان بولدىكى، ئازابىنىڭ ئۆرتەشلىرىدە كۆيۈپ كۈل بولغان خەستە قەلبىمنىڭ ھىجرانلىق دالالىرىغا قۇزغۇنلار ئۇۋا سالماقچى بولۇپتۇ. شۇ دەملەردە سۆزلىرىگە ھەرقاچان چىنپۈتمىدىغان، ھاياتىمدىكى بىردىنبىر قېرىندىشىم دەپ بىلىدىغان ھەنىپەنىڭ كۆڭۈل ئاللىقىدىن قاتتىق رەنجىپ تۇرۇپتىمەن. قەدىردان جامالىدىن ئاكا، بۇ كۈنلەردە بەكلا ئاجىزمەن. ئانامنىڭ غەرىزى باشقا. ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قالمايدىغان جاھىل ئىنسان. ھەر حالدا قاراپ تۇرغاندىن كۆرە تىرىشىپ باققان ئەۋزەل. ئەگەرچەندە ئانام دادامنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ بولغان بولسا ئەھۋال تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ دادام شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. شەھىدۇللا ئىمام سىلىنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارە كۆرىدۇ. مەكتۇپىمنى ئابدۇكېرىمدىن ئېلىپلا ئۇ ئادەمنى ئۆيىمىزگە ئەلچىلىككە كىرگۈزگەن بولسىلىرى. ئۇل زاتى مۇبارەكنىڭ ئۆيىمىزدىكى ھۆرمىتىنىڭ يۇزىدىن بولسىمۇ ئىككىمىزنىڭ ۋىسال قۇشلىرىمىزنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس! ھەرقاچان يادىلىرىدا بولسۇنكى، مېنىڭ سۆيگۈ گۈلۈم سىلىنىڭ پەرۋىشلىرىدە ئايىنىدۇ. ئۇ سىلىنىڭ ئىختىيارلىرىدىن مەھرۇم بولسا، توزۇپ كېتىدۇ، جامالىدىن ئاكا! ئىشىمىز رويابقا چىقماي قالسا، سىلى ئېيتقاندەك چۆل - جەزىرىلەرمۇ سىلىنىڭ بولغانلىقلىرى بىلەن ماڭا جەننەتۇل رىزۋاندۇر...»

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## ئەلچىگە ئەلەم

جامالىدىن ھۇجرىسىدا مەكتۇپنى كۆكرىكىگە ــ يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىغا بېسىپ، پەنجىرىدىن ئاق تاغقا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۇ كۈنلەردىكى ئازاب، تەقەززالىق ئارىلاشقان تۇيغۇلاردىن تىترىسە، دوست خېنىمنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتقان سۆيگۈ ئىلتىپاتىدىن ھاياجاندا قاتتىق سىلكىنەتتى. «دوست خېنىم توغرا دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە يارايدىغان ئادەم دەل شەھىدۇللا ئىمام!»

ھويلىدا ئاغىچىخانىنىڭ كېپىشىنى سۆرەپ ماڭغان يەڭگىل قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ تىۋىش جامالىدىننىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. ئانىسىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەن جامالىدىن ئاق تاغدىن نەزىرىنى ئىشىك تەرەپكە ئاغدۇردى. ئۇ ئىشىكنىڭ كالا تېرىسىدىن قىلىنغان تۇتقۇچىنى تارتىپ ئاچتى. ئاغىچىخان بوسۇغىدا ئوغلىغا كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

ــ يائاللا ئوغلۇم، ئەجەب ھۇجرىلىرىغا ئۇزۇن بېكىنىۋاللا؟! شامنىڭ ۋاقتى بولغىلى نىكەم؟ دادىلىرى سىلىگە قاراپ تۇرىدۇ. نامازلىرىنى ئوقۇۋېلىپ، چۆچۈرە

قىلغانتىم، قىززىققىنا ئىچمۇىلىگلار.

ــ مانا ئانا، ــ جامالىدىن ئۆزىنى ئازادە كۆرسىتىپ، ئىچكى تۇيغۇلىرىنى پىنھان تۇتاي دېگەن بولسىمۇ ئاۋازى يەنىلا تىترەپ چىقتى، ــ ھازىر چىقاي دەپ تۇراتتىم.

ئوغلىنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ خىيالىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان ئانا ئۇنىڭغا لەپپىدە نەزەر تاشلىدى.

ــ كۆزۈمگە ئەجەب بىر قىسىما كۆرۈنىلىغۇ؟ ئىچىلىرىدە بىر خاپىلىق بار.

ــ ياق ئانا، ھېچ خاپىلىق يوق.

ــ يوشۇرمىسىلا بالام، مەن بىلمەي قالۇرمەنمۇ؟ ئىتىزدا پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ كەتسە، ئۆيدە تۇرۇپ يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى ئارقىلىق ئۇنى بىلىۋالىدىغان تۇرسام.

ــ بولدى ئانا، ــ دېدى جامالىدىن بوسۇغىدىن ئالغان قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ، ــ بۇ گەپنى سەل تۇرۇپ دېيىشەيلى.

ئاغىچىخان ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

كەچلىك غىزا جىمجىت يېيىلدى. غىزادىن كېيىن بىر ئائىلە كىشىلىرى كاڭدىكى سەندەلگە پۇتلىرىنى سىلىپ ئولتۇرۇشتى. گەپكە ئاغىچىخان ئېغىز ئاچتى.

ــ كۆڭۈللىرىدىكى گەپنى دېسىلە ئوغلۇم. يېقىنقىياقى چىرايلىرىنىڭ قېنى قېچىپ سولغۇن بولۇپ قالدى. گەپلىرىمۇ، غىزالىرىمۇ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ قانداق گېپىڭ بولسا بىزدىن يوشۇرماي ئېيت ئوغلۇم، ــ جالالىدىنمۇ خوتۇنىنىڭ سۆزىنى

قۇۋۋەتلىدى، — تويۇڭنى قىلىۋېتىلى دېسەك، ۋاقتىنى سوزۇپ، سوغۇقمۇ چۈشۈپ كەتتى مانا.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېمىسەم بولمىغىدەك دادا، — جامالىدىن ئوچاق بېشىدا كۆيۈپ تۇرۇۋاتقان جىن چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ بوش ئاۋازدا سۆزلىدى، — دوست خېنىم قورغان كۆلبېشىدىكى تېۋىپنىڭ دۇكىنىدا ماڭا ۋە بىزنىڭ ئائىلىگە كۆڭۈل ئىزھارىنى تاپشۇرغاندىن بېرى ئائىلىسىدە نەزەربەندتە. ئاڭلىسام بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دىلى قاتتىق رەنجىپتۇ. دوست خېنىمنى ماڭا ياتلىق قىلىشقا ئۇلارنىڭ زىنھار مەيلى يوقكەن. ئۇنى باشقا بىرىگە بېرىشنىڭ مەسلىھەتىمۇ بولغان چېغى. دوست خېنىم بىلەن ئىككىمىز مەكتۇپلاشتۇق. ئۇ مەكتۇپىدا بۇنداق قاراپ تۇرساق ھېچكىممۇ بىزنىڭ رايىمىزغا بېقىپ قويمايدۇ. ھەرھالدا ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزۈپ بېقىڭلار دەپتۇ. شۇڭا كېچىكتۇرمەي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باقساقمىكىن دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم.

پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغنىڭ نۇرى شۇنچە ئاجىز ئىدى. ئۆي ئىچىنى بىر ئۇزۇن جىمجىتلىق، سۈكۈنات قاپلىدى. ئارمان، ئىلاجسىزلىق بىلەن ئېلىنىۋاتقان ئېغىر نەپەسلەرمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئاتا - ئانىنىڭ باغرى ئېزىلىپ تۇراتتى. ئوغلىنىڭ — بۇ يۇرتتا ئۇلارنىڭ يۈزىنى يورۇق، قەددىنى تىك قىلىۋاتقان ئىلمۇ ئېرپان ساھىبى يۈرەك پارىسىنىڭ خىجالەتنى قايرىپ ئېيتىۋاتقان ئاشۇ كىچىككىنە تەلىپىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىچى

ئۆرتىنەتتى. ئوغلۇم ئېغىز ئاچسا ئاسماندىكى ئاي بولسىمۇ يۇلۇپ ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئويلايدىغان ئاغىچىخان ئۆزىنىڭ ئاددىيلا ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئارمىنى چەكسىز بولغىنى بىلەن دەرمانىنىڭ تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىدى. جامالىدىن بولسا، ئاتا ـ ئانىسىنى مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتقىنىدىن خىجىل بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇ قارارىدىن يېنىش خىيالى زادىلا يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان، ئۆزىنى بۇ ئىشنى باشلاپ ئاخىرىغا چىقىرالايدۇ دەپ، ئىشىنىدىغان دوست خېنىمنىڭ سىيماسى زادىلا نېرى بولمايتتى. بۇ ئىشنى قىلالمىسا، ئاخىرىغا چىقىرالمىسا، سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ يۈزىنى يورۇق ھېسابلىسۇن؟

بۇ ئۆي ئۆي بولغاندىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنچە ئۇزۇن سۈكۈناتنى ئاخىرى يەنە ئاغىچىخان بۇزدى.

— ئەلچى كىرگۈزسەك، يا تەۋەككۈل دەپ كىرگۈزۈپ باقىلى دادىسى.

— ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىمنىمۇ ئەۋەتەرمىز، — جالالىدىن قامىسى قوزا تېرىسىدىن قىلىنغان تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ بېشىنى يەڭگىل تاتىلىدى، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىز كىرگۈزگەن ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىشتىن يانمايدۇ جۇمۇ.

— «تەلەپ قىل، سەۋەب قىل» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، لايىقىدا بىر ئادەمنى تېپىپ كىرگۈزۈپ باقىلى.

ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغىلا جامالىدىن گەپ ئۇلىدى.

— دوست خېنىم شەھىدۇللا ئىمامنى كىرگۈزۈپ بېقىڭلار، دەپتۇ.

— راست، — دەۋەتتى جالالىدىن، — ئۇ زات مېنىڭ يادىمغا ئەجەب كەلمەپتۇ دېسە؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — ئاغىچىخانىنىڭمۇ يوقتىپ قويغىنىغا ئۇزۇن بولغان قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك دىلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، — ئۇلارغا شەھىدۇللا ئىمامنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتەيلى.

جالالىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەتە بامدات نامىزىدىن يېنىپلا، شەھىدۇللا ئىمامغا ئەھۋالنى ئېيتاي. ئول زات بىزنىڭ جامالىدىننى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ ھالىمىزغا يەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئەتىسى قورغان كۆلىبېشى جامەسىدىن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ يانغاندا، جالالىدىن جامائەتتىن سوغۇرۇلۇپ، ئادەتتە ئەڭ ئارقىدا جامە مەسچىتىدىن چىقىدىغان شەھىدۇللا ئىمامنى دەرۋازا ئالدىدىكى كىچىك پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ساقلىدى. شەھىدۇللا ئىمام ئانچە ھايالشىمايلا دەرۋازىدىن چىقىپ جالالىدىننى كۆردى.

— بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىپىلىغۇ؟ — سورىدى شەھىدۇللا ئىمام.

— تەقسىر، — دېدى جالالىدىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، قولىنى باغلاپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغانىدىم.

— بەلەن گەپ، — شەھىدۇللا ئىماممۇ جالالىدىننىڭ قارشى تەرىپىدىكى سۇپىدىن ئورۇن ئالدى، — نېمە

ۋەجىدىن ساقلاپ ئولتۇرغانتىملە؟

— ھەي، — بېشىنى چايقىدى جالالىدىن، — جامالىدىننىڭ ئىشى بولمامدۇ.

— جامالىدىنغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — شەھىدۇللا ئىمامنىڭ چىرايىدا بىلىنەرلىك جىددىيلەشكەنلىكنىڭ ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— چوڭ ئىش دېسەك چوڭ ئىش، — جالالىدىن گەپنى تەپسىلىرەك ئېيتماقچى بولدى، — بىزنىڭ كۆلبىمىزگە تەس بولۇۋاتقان بۇ ئىش ئاۋۋال ئاللاغا، ئاندىن قالسا سىلىگە ئاساندۇر. ھەر ئىشتىن خەۋەرلىرى بار. بالا دەسلەپتە تويۇڭنى قىلىۋېتەي دېسەم خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم ئالىمەن دەپ، زىنھار ئۇنىمىدى. ئۆزلىرىمۇ ئىلىم ئالساڭ ئال دەپتىكەنلا. ئانىسى بىلەن بالىغا تويىنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئىلىم ئالسۇن دەپ چىڭ تۇرۇۋېدۇق بالا ماقۇلغا كەپ قالدى. ئەمما چاتاق يېرى ئۇ قول يەتمەيدىغان شاختىكى شاپتۇلنى كۆزلەپ قالدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قىزى دوست خېنىم ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىسسىقچىلىق پەيدا بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ بىر - بىرىگە رايى بولغان بىلەن ھاجىمنىڭ بۇ ئىشقا رازىلىقى يوق ئوخشايدۇ.

— ھەتتەڭگەي، — شەھىدۇللا ئىمامىمۇ بېشىنى چايقىدى. چايقىغاندىمۇ بايا جالالىدىن چايقىغاندىن بەكرەك چايقىدى. چۈنكى ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ جالالىدىننى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى، جالالىدىننىڭ خاھىشى بىلەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا «ئىككىلىرى يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن سانىلىسىلەر، ئاراڭلاردىكى

سوغۇقچىلىقنى تۈگىتىدىغان نەرسە بولاتتى» دەپ گەپ ئاچقاندا، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ قىزىنى جالالىدىننىڭ ئوغلىغا بېرىشتىن گۇمانلىناتتى. دوست خېنىم بىلەن جامالىدىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قورغان كۆلبېشىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئانچە ـ مۇنچە چۈشۈپمۇ قالغانىدى، ــ ئىشىقنى ئاللا سالىدۇ. ئۇ بىسەۋەب بولمايدۇ. جامالىدىن ئىلمى زىيادە يىگىت. يۇرتنىڭ كۆز بالىسى. دوست خېنىممۇ ئەقلى تىرەن ئىپسىل بالا بولدى. ئىككىسىنىڭ رىزقى قوشۇلۇپ قالسا، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەندەك خويمۇ ئوبدان ئىش بولاتتى. لېكىن ئۆزلىرىمۇ ھاجىمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىلا. باللار بىر ـ بىرىنى خالاپ قالغىنى بىلەن ھاجىم قېتىلمىسا تەسكە توختاپ قالۇرمىكىن.

ــ ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا ئۆزلىرىگە ھاجەتمەن بولۇپ قالدۇق، ــ جالالىدىن ئۈيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى شەھىدۇللاھ ئىمامغا يىلىنىش نەزەرىدە تىكتى، ــ سىلى يۇرتنىڭ ئاتىسى، ھاجىمكامىمۇ ھۆرمەتلىرىنى بىر ئوبدان قىلىدۇ، لەۋزىلىرىنى يىرماس دېگەن ئۈمىدىم بار. بۇ ئىشتا بىزگە بىر ئاتىدارچىلىق قىلغان بولسىلىرى.

شەھىدۇللا ئىمامنىڭ چىرايىدا بىر ئاز ئارىسالدىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈندى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئالدىغا بارسا، قۇرۇق قول قايتىپ كېلىش، ھەتتا دىلى ئازار يەپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالدىدىكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان

جالالىدىنىنىڭ، ئەڭ مۇھىمى ئىلمىنى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ زىيادە دەپ قارايدىغان جامالىدىنىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، يەنە جامالىدىن بىلەن دوست خېنىمنىڭ بىر ـ بىرىگە تېپىلغۇسىز لايىق كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ باقماقچى بولدى.

ــ مەيلى ئەمىسە، ــ ئۇ بىر خىل ئىككىلىنىش تەلەپپۇزىدا دېدى، ــ بۇ ئىككى قەلب ئىگىسىنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى يولىدا بىر سىناپ كۆرەي. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ھاجىم سىلىنى ئۆز ساناپ، سالامىلىرىنى ئىلىك ئېلىپ قالسا، جامالىدىن بىلەن دوست خېنىمنىڭ پاكىز كۆڭلى يۇرتنى تېخىمۇ كاتتا ئىناقلىققا باشلىسا ئەجەب ئەمەس!

ــ رەھمەت سىلىگە تەخسىر.

شەھىدۇللا ئىمام جالالىدىندىن ئايرىلىپ ئۆيىگىمۇ بارماستىن ئۇدۇل تۆۋەن كوچىغا قاراپ يول ئالدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئىشىك باقار ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قول باغلاپ، ئىگىلىپ تەزىم قىلىپ قارشى ئالدى ۋە ئۆيگە باشلىدى.

ئىسسىققىنا سارايدا ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئەمدى ئولتۇرۇشقان ئەر ـ خوتۇن شەھىدۇللا ئىمامنىڭ سالىمىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، خۇشھاللىق ھەم قىزغىنلىق ئىچىدە ئىلىك ئېلىشتى.

ــ ۋاھ ـ ۋاھ، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ياشلاردەك چاققانلىق بىلەن پەسكە چۈشۈپ، كالىچىنى پۇتىدىكى مەسسىنىڭ ئۈستىگە سەپتى ـ دە، ئوڭ قولى بىلەن شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتتى ۋە سول قولى بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ جەينىكىدىن يەڭگىل تۇتۇپ، يېتىلەپ دېگۈدەك تۆرگە باشلىدى، ــ ئەتىگەندە

مۇبارەك قەدەملىرى ئۆيىمىزگە يېتىپ، بىزنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتىلە، مانا.

ــ مالال قىلدىم. مالال قىلدىم، ــ شەھىدۇللا ئىمامىمۇ تەكەللۇپ قىلدى ۋە تۆرگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

دۇئادىن كېيىن شەھىدۇللا ئىمامنىڭ كەلگىنىگە چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنگەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەمدىلا پەسكە چۈشۈپ خىزمەتكە تەييارلانغان تىللا خېنىمغا:

ــ ھە، خوتۇن، گاچچىدە ئىمامغا ناشتىلىق تەييارلاڭلار. ھەسەل، سېرىق مايدىن ئەكىرىڭلار. قادىرنى چاقىرىپ گەمىگە بۇيرۇڭلار، قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ چىقسۇن. يەنە سىلىمۇ بىكار تۇرماي، قىزلار بىلەن قازاننى تاراقشىتىڭلار، ــ دېدى.

ــ مانا، مەنمۇ شۇنىڭ غېمىدە پەسكە چۈشتۇم.

قەدەملىرىدىن رازىمەنلىكى چىقىپ سىرتقا ماڭغان تىللا خېنىمنى شەھىدۇللا ئىمام چاقىردى.

ــ خېنىم، بولدى جوۋۇمىسىلا. داستىخاندا ھەممە نېمەت باركەن. مۇشۇلاردىن بىر تالدىن ئېغىز تەگكۈزسەكمۇ بىردەمدىلا تويۇپ قالغۇدەكمىز.

ــ ئۆزلىرىنىڭ بىز تەرەپلەرگە ئاياغلىرى يەتمىگىلى نىكەم، ئىككىلىرى گەپنىڭ بېشىنى تاپقۇچە، تەييار قىلىپ بولىمەن.

ــ سىلى چىقىڭلا خوتۇن، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىر ئاڭلىماقتا ئايالىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك، بىر ئاڭلىماقتا ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، ــ مەن دېگەنگە تۇتۇش قىلىڭلار، ــ دېدى.

تـاللا خېنـىم چـىقـىپ كەتكـەندىن كـېيىن مـىس چەينەكتىن جانان چىنىگە تولدۇرۇپ، دورا ـ دەرمەكلىرى تازا تەڭشەلگىنىدىن ھىدى دىماقنى يارغۇدەك خۇش پۇراق چاينى قۇيۇپ ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

ـــ قېنى تەقسىر چايغا كەلسىلە.

شـەھىدۇللا ئىمامىمۇ چاينى قـوش قوللاپ رەھمەت ـ ھەشقاللا ئىچىدە ئالدى.

ئۇلار داسـتىـخانـدىكـى نـازۇ نېمـەتلـەرگـە قـول كەلتۈرۈشكەچ قورغان كۆلىبىشىدىن تۆۋەن كوچىغا ئۇلاپ تېتىر تەرەپكە بىر يول ئېلىش، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئېرىق چېپىپ ئەتىيازدا جىرىم قويۇشقا تەييارلىق قىلىش ھەققىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى. بۇ جەرياندا زۆرۈر ئىقتىسادنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۈستىگە ئالىدىغان، ئەمگەكلىرىگە دىخاللا خـەلقىنى قوزغـىتىدىغان بولۇشتى. يۇرت ـ مەھەللىنىڭ غېمىنى بىللە يېيىشتى. بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە قارىشىپ ئورتاق مەقسەتلىرىنى بايان ئەيلەشتى. تۈگىمەيدىغان سۆھبەت بولمايدۇ. بىراۋنىڭ ئۆيىگە بىراۋ بىمەقسەت كەلمەيدۇ. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دەيدىغانلىرى تۈگىگەندە شەھىدۇللا ئىمامغا «بىرەر مۇددىئا بىلەن كەلگەنمىدىلە» دېگەندەك مەنىدە تىكىلىۋېدى. شەھىدۇللا ئىمام بۇ مەنىنى دەرھال چۈشەندى ۋە ئورنىدا قورۇنغاندەك مىدىرلاپ قويدى. ئۇ چېھرىدە بىر خىل غەلىتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقىنىنى، ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ تازا قولاشمايۋاتقىنىنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن بۇرۇنلا بىلىپ ئۈلگۈردى. چوڭ بىر يۇرتقا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان، ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىكى بۇ ئادەمنىڭمۇ قورۇنىدىغان، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. ئۇ

جالالىدىن ۋە جامالىدىنلارنىڭ ئارزۇسىنى دەپ بۇ ئۆيگە كېلىشكە تەۋەككۇل قىلغان بولسا، ئەمدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئالدىدا تەمتىرەۋاتاتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ پىكىر ئالەمىدە پۇشايمانلىق بىر تەسىراتمۇ يوق ئەمەس ئىدى. «بۇ ئادەم يۇرت ئىشلىرىنىڭ مەدەتكارى، پېقىرنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، مەسىلەكىدىشى بولغىنى بىلەن تولىمۇ تەرسا. ياراتقان ئىگەم ھاجىمنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن ساقلىغايسەن.»

— يادىلىرىدىن بىرەر خىيال كېچىۋاتامدۇ، ئىمامئاخۇنۇم؟ — ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بىر پەسلىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سورىغان سوئالى شەھىدۇللا ئىمامنى ئەندىكتۈردى.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — شەھىدۇللا ئىمامنىڭ خىيالى ئۇشتۇمتۇت ئۆزۈلگەچكە، تەلەپپۇزىدا جىددىيلىك ئىپادىلەندى. خاراكتېرى پىشقان بۇ ئادەم ئۆزىنى ئاسانلا تۇختىتىۋالدى ۋە، — ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا يەنە بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنىدىم، — دېدى.

— خوش، دېسىلە، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى ھەرقانداق گېپىنى ئاڭلاپ كەلگەن ھەم ئۇنى قوللاپ تۇراتتى. شەھىدۇللا ئىماممۇ ئۇنىڭغا، يۇرتقا، ئۆزىگە مەنپەئەتلىك تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇراتتى، — قۇلىقىم ئۆزلىرىدە.

— دەي دېسەم تىلىم قىسقىلىق قىلىدۇ، دېمەي دېسەم كۆڭلۈمدە دېگۈم بار.

— ۋۇي، بۇ قانداق گەپ ئۆزى. تىلىم قىسقىلىق قىلىدۇ دېسىلىرى، مېنى يات كۆرىدۇ دەپ ئويلاپ قالامدىم؟

ــ ئەمىسە دەي،ــ شەھىدۇللا ئىمام چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتى. ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈنمەيدىغان بۇ ھالغا ئۆزىمۇ ھەيران بولۇۋاتاتتى. سانسىز قىز - يىگىتلەرنىڭ بېشىنى قوشۇپ، نىكاھىنى ئوقۇغان بۇ ئادەمگە بۈگۈن نېمە بولۇۋاتقاندۇ؟ ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا قەتئىي ئىرادە قىلدى. گەپ تېپىشلىشكە ئاز قالغان بۇنداق ياخشى پۇرسەتنە دېمىسە بولمايدۇ - دە؟ــ «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ بار. شۇ تاپ ئالدىلىرىدا ئەلچى بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ــ بەلەن گەپ،ــ دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كۈلۈمسىرەپ،ــ نېمىگە ئەلچى بولدىلىكىن، كىمنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلگەندىلا؟

ــ ئەلەد - داۋامدىن قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ، ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ. مەھەللىمىزنىڭ كۆز گۆھىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق بىر تال گۈللىرى دوست خېنىممۇ بويىغا يېتىپ قالدى. ئەگەرچەندە قىزىمىزنى ئۈچۈرما قىلىش خىياللىرى بولغان بولسا، ئاندىن ئېيتسامىمۇ بولىدۇ.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئىچىنى سوغۇققىنا بىر سىرىم سىيپاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىچە بولغاندا دوست خېنىمنى يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىغۇسى يوق ئىدى. ئامال بولسا، ئېيىدە بىر لايىق چىقسا ئۇنى ئىچ كۈيۈئوغۇل قىلىۋېلىش ئويى يەنىلا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ تىللا خېنىمنىڭ قىرىندىشىنىڭ ئوغلىغا ئىلاجسىز ماقۇلغا كەلگەنىدى. لېكىن تەقدىر - ئىرادە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا باقماي قېلىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ شەھىدۇللا ئىمام دەيدىغان لايىقنىڭ كىم

ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ قالدى.

— رىزقى - نېسىۋىسى قوشۇلسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى. قېنى سىلى توغرا كۆرگەن لايىق كىم بولىدىكىن؟

— ئۆزلىرىگىمۇ ئايان، قورغان كۆلىبېشىدا جامالىدىننىڭ تەربىيىنى ھەممە ئادەم قىلىدۇ. ئۇ بالا...

— توختىسىلا! — ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بېشىغا بىرى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك، مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى ۋە ئاۋازىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقاتتى. كۆڭلىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئاداۋەت مۇز رەڭگىدە چىرايىغا تەپتى. ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ يۇرتتىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئىنسان ئىكەنلىكى يادىدىن قاچتى، — سىلى دەۋاتقان ئۇ لايىق ئاۋۇ كۇلالچى جالالىدىننىڭ ئوغلى ئەمەستۇ؟!

— ھەئە، جالالىدىننىڭ ئوغلى جامالىدىن.

«تاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئەمدىلا سارايىنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرگەن تىللا خېنىمنىڭ قولىدىكى ھورى چىقىپ تۇرغان گۆش يەرگە چۈشۈپ، گۆش ئېلىنغان چىنە تەخسە پارە - پارە بولۇپ كەتتى. جامالىدىن دېگەن ئىسىم تىللا خېنىمنىڭ شۇ دەرىجىدە ئەندىكتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ ھالدىن شەھىدۇللا ئىمام ھاڭ - تاڭ قالدى.

— مۆھتەرەم ئىمامئاخۇنۇم، — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم زەردىلىك ئاۋازدا، — سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟

— ھېچ گۇناھلىرى يوق ھاجىم، — شەھىدۇللا ئىمام جىددىيلىشىپ كەتتى، — سىلى ساۋابلىق ئىشلارنى قوغلىشىپ قىلىدىغان ئادەم تۇرسىلا.

— ئۇنداق بولسا مېنى مازاق قىلىپ باقماقچى بولۇۋاتامىلا؟
— يوقسۇ، يوقسۇ...
— سىلى ماڭا دوستمۇ، دۈشمەنمۇ؟!
— ئۆزۈمنى سىلىنىڭ دوستلىرى ھېسابلايمەن ھاجىم...
— تولا گەپ يورغىلاتمىسىلا، سىلى مېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ دۈشمىنىمنىڭ دوستىكەنلا!
— جالالىدىنمۇ ئۆز قېرىندىشىمىزغۇ، ئۇنى دۈشمەن كۆرگەنلىرى نېمىسى؟
— ئۇ مېنىڭ ئىككى دۇنيالىق دۈشمىنىم. ئەلنىڭ ئالدىدا بېشىمنى تۆۋەن ئەگكۈزگەن، ئىچىمگە تۈگمەس - پۈتمەس ئاچچىق، ئارمان تولدۇرغان دۈشمىنىم! ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ يەتتە كەنتنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆككەن دۈشمىنىم! مېنىڭ ئۇنىڭغا قىزىمنى بەرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەلا. ئۇنىڭ بالىسى ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر ئۇنىڭ پۇشتى! ئۇنىڭغا بەرگىنىمدىن خوجا ئەلا سۈبىنىڭ قەلەندەرىدىن بىرىگە بېرەرمەن!!!
— ھاي ھاجىم، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، دۈشمەنلىك شەيتاندىن...
— ماڭا تولا ساۋاق بەرمىسىلە، بېرىپ ئاۋۇ كۆلالچىغا دېسىلە ئۇنداق گەپلىرىنى.
شەھىدۇللا ئىمام غىلىڭ قىلالماي ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك مىدىر - سىدىر قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئوت چاچرايتتى. بۇ ئوت خۇددى ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىپ شەھىدۇللا ئىمامنىڭ يۈرىكىگە سانجىلاتتى. شەھىدۇللا

ئىمام ئابدۇقۇددۇس ھاجىم جالالىددىننى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنى ئۆزىگە بۇنچە دۈشمەن ھېسابلاپ كەتمەس دەپ قارايتتى. شەھىدۇللا ئىمام نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرغان شۇ پەيتتە ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇنىڭغا بىگىز بارمىقى بىلەن ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئىمام ئاخۇنۇم، قوپسىلا، ئىشىك ئوچۇق. غەزىپىم يەنىمۇ تاشماستا قانداق كەلگەن بولسىلا شۇنداق ماڭسىلا، - دېدى.

پۈتۈن يۇرتتىكى ئەل - جامائەت ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان، ھەتتا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ماڭدامدا بىر تەرىپىنى قىلىپ تۇرىدىغان شەھىدۇللا ئىمام بۈگۈن ھاجىمنىڭ ئۆزىگە بۇ دەرىجىدە يولسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ بۇ دەرىجىدە چوڭقۇرلۇقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئوسال ئەھۋالغا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ھېلىلا قول سېلىۋېتىدىغاندەك قورقۇنچتا ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، تاختايغا چېچىلىپ كەتكەن گۆشلەرنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

## «ئىلىمنىمۇ ئالىمەن، تويۇمنىمۇ قىلىمەن»

قـورغان كۆلىـبىشـىدىـلا ئەمەس، يەتـتە كەنتـتە ھەممە ئىبتىـراپ قىلىـدىغان، بۇگـۇنگىچـە ئەلىنىـڭ ئىھتىـرامىغا مۇشەررەپ بولۇپ كېلىۋاتقان شەھىدۇللا ئىمامنىڭ دىلـى قاتتىق ئازار يېدى. ئۇ ئابدۇقـۇددۇس ھاجىم بـالىـلارنىـڭ نىكاھ ئىشىغا قوشۇلمىغاندىمۇ بۇنچە غەزەپلىنىپ كەتمەس دەپ ئويلاپ قـالغان ئىدى. ئەمما شـەھىدۇللا ئىمامـدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەن كۆرىدىغانلىـقىنـى، شۇ سەۋەبـدىـن بالىـلارنـىڭ نىكـاھ ئىشىنىـڭ ئـەمەلگـە ئـاشمايدىغانلىـقىنـى ئـاڭلىغـان جالالىدىن، ئاغىچىخان ئەر ـ ئايال بىر تـەرەپتىن يۇرت كاتتىسى شەھىدۇللا ئىمامنى ئىزاغا قويغىنىدىن خىجالەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ كـۆڭلىدىكى قىزنى ئۇنىڭ نىكاھىغا ئېلىپ بېرەلمىگىنىدىن ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ــ بـالا ئـۆزى قـېنـى؟ــ سورىـدى جـالالىـدىـن ئاغىچىخانـدىـن شەھىـدۇلـلا ئىمـام بىـلەن كـۆرۈشـۈپ، بىلگەنلىرىنى ئاغىچىخانغا بىـرقۇر ئېيـتقاندىـن كېيىـن روھسىـز ھالدا، ــ ھېچ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ــ ئابدۇكېرىمنىڭ قېشىغا كەتكەن.

ــ كەچ بولغاندا مېڭىپتۇغۇ؟

ــ ئابدۇكېرىم بىتاپ بولۇپ قاپتۇ، يېنىدا بىرەر كۆن ھەمراھ بولۇپ قونۇپ كېلەي دەپ، ئۇزۇپ تاشلاپ ئاش ئەتكۈزۈپ ئېلىپ ماڭدى.

ــ بالىغا بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزەرمىز ئەمدى؟

ــ شۇنى دەيمەن، ئاڭلىسا ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ كېتەرمۇ، ئەمدى.

جالالىدىن قوشۇمىسىنى تۈردى. بىر ئىشنى لەپپىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى بولغاي تېزلا لەۋلىرىنى گەپكە ئۆمەللىدى.

ــ ھاجىمكام دوست خېنىمنى بىزگە كېلىنلىككە بېرىشكە قوشۇلمىغان بولسا، بوپتۇ. جامالىدىنمۇ شۇ تۆپەيلى خوتۇنسىز قالماس. ئۇنىڭغىمۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بىرى باردۇر. ئوبدان چۈشەندۇرۇپ دەڭلا. ئەمدى ئۇ دوست خېنىم دېگەن خىيالدىن يانسۇن!

ــ ۋاي خۇدايىم، ــ دېدى ئاغىچىخان بىر خىل جىددىيلەشكەن ھالدا ئىشىك تەرەپكە بىر قارىۋېتىپ، ــ بۇ گەپنى بالىغا قانداق دەرمەن ئەمدى. دېسەم ئۇ قانداق بولۇپ كېتەر؟

ــ دەڭلا دېگەندىكىن دەڭلا، ــ جالالىدىن قەتئىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى، ــ مەن دېگەندىن سىلىنىڭ دېگىنىڭلار تۈزۈك. ئۇمۇ ئەقىل ئىگىسى بولغاندىكىن تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەر، تەقدىرگە تەن بېرەر.

ــ ماقۇل دادىسى، مەن دەي، ــ ئېرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئاغىچىخان ماقۇل دېمەي ئامالسىز ئىدى، ــ ھاجىمنىڭ شەھىدۇللا ئىمامنىمۇ ئۆيىدىن قوغلىغانلىقىنى بىلسە بالىنىڭ بۇ ئىش-

ىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى كاللىسىدىن ئۆتۈپمۇ قالار.

ئەر ـ خوتۇن بىر پىكىرگە كەلگەن بولسىمۇ تۇن تەڭگىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت باغ تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئوخشاش ئاۋاز يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرارلاندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا هويلىدا كىملەرنىڭدۇر كۇسۇرلاشقانلىقىنى، ئاندىن جامالىدىننىڭ هۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ جالاقىدە ئېچىلغىنىنى ئاڭلىدى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ كېچىدە نېمە ئالامەت بۇ؟ — دېدى قورقۇپ كەتكەن ئاغىچىخان ئېرىگە مەهكەم چاپلىشىپ.

— ئۇنىڭلىنى چىقارماڭلار، — جالالىدىن خوتۇنىنىڭ ئېغىزىغا قولىنى بوشقىنا بېسىپ شىۋىرلىدى، — مەنمۇ هېچ بىلمىدىم.

سىرتتىن بىر ئەرنىڭ خىقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇ مۇرتەد هۇجرىسىدا يوقكەن.

— ئۇنىڭ كىتابلىرىچۇ؟ — دېدى يەنە بىرى.

— ئۇيۇقتا تىزىقلىق ئىكەن.

— ئۇ شەيتان پۈتۈكلىرىنى ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار!

ئېنىقكى، بۇ بىر دۈشمەنلىك ئىدى. شۇلارنى جەزملەشتۈرگەن جالالىدىن ئاغىچىخانغا «سىلى باللارغا هېزى بولۇڭلار» دېدى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشىكنى تاقايدىغان بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى كالتەكنى قولىغا ئېلىپ، ئىشىكنى كۈچەپ ئاچتى ۋە سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ چىققاندا ئالتە ـ يەتتە ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىتابلارنى دۆۋىلەۋاتاتتى.

ــ كىم سىلەر، بۇ كېچىدە نېمە قىلماقچى.

ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇلاردىن تۆت ـ بەشى يوپۇرۇلۇپ كەلدى. جالالىدىن قولىدىكى كالتەكنى ئۇلارغا ھەدەپ شىلتىيتتى. كۆلەڭگىدىن بىرى دېدى:

ــ سەن تولا ئاتىكارچىلىق قىلماي، ئوغلۇڭ دېگەن مۇرتەدنى چىقار.

ــ ئوغلۇم يوق، سەنلەر كىم؟

ــ كىملىكىمىزنى هازىرلا بىلىسەن، ــ سۆزلەۋاتقان كۆلەڭگە ئارقىسىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى.

ــ قېنى ئوت يېقىڭلار!

جالالىدىن ئۆزىنى قورشاپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن كىرىچتىن ئېتىلغان ئوقتەك شىددەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ هويلىدىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان كىتابلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەك تاراڭلىغان پېتى هويلىنىڭ يەنە بىر چېتىگە دومىلاپ كەتتى.

ــ يېقىن كېلىشمە. بۇ كىتابلارنى ئوغلۇم جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ، بۇنىڭغا چېقىلىشما!

ــ هۇ غەزەلخان مۇرتەدنىڭ دادىسى، تۇرە ئۇرنىڭدىن!

بىرنەچچە قول ئۇنىڭ يەلكىسىدىن، مۇرىسىدىن، قول ـ پۇتلىرىدىن تەڭلا تۇتۇپ لەسسىدە كۆتۈردى ۋە پېشايۋانغا قارىتىپ ئاتتى. ئارقىدىن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى بايا كىتابلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتقاندا ئېلىنۋالغان بىرنەچچە كىتابنى يۇلۇپ ئېلىپ، يەنە كىتاب دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە پالاقىدە تاشلىدى. ئارقىدىن جالالىدىننىڭ باش كۆزىگە مۇشت ـ تېپىكلەرنى يامغۇردەك ياغدۇردى.

هويلىنى كۆيۈۋاتقان كىتابلاردىن ھاسىل بولغان گۈلخان يوپيورۇق قىلىۋەتتى. جالالىدىن پېشايۋاندا يەرگە چاپلىشىپ ياتقىنىچە كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ۋە كۆيۈۋاتقان كىتابلارنى تاماشا قىلغاچ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلارنى كۆردى. مەيلىگە قويۇۋەتكەن چاچلىرىنىڭ ئۈستىگە كۈلا، ئۇچىسىغا جەندە كىيىشىۋالغان بۇ كىشىلەر خوجا ئەلا سۇبىسىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. جالالىدىن ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، پۇت ـ قولىنى مىدىرلىتالمىدى. ۋارقىرىماقچى بولۇۋېدى، ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. ئۇ كۆيۈۋاتقان كىتابلارغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ يېتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى.

جامالىدىن كۇندە بىر قېتىم قولىغا ئېلىپ يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈپ ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان، ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بايلىقى ھېسابلايدىغان كىتابلار بىر توپ تەلۋىلەرنىڭ قولىدا بىردەمدىلا كۈلگە ئايلاندى.

ــ ئەمدى، ــ دېدى ھېلىقى خىرقىراق ئاۋاز، ــ ئۆينى ئاختۇرۇڭلار، ئېغىل ـ قوتانلارمۇ قالمىسۇن!

ئۇلار ئاغىچىخان بىلەن ئىمامىدىنلارنىڭ نالە ـ پەريادىغا، توسۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ چىنە ـ قاچا، قازان ـ قومۇچلارنى تاراڭشىتىپ چاقتى. كات، تاغارلارنى ئۆرۈپ بوغداي قوناقلارنى چاچتى. يوتقان ـ كۆرپە، كېگىز ـ كېچەكلەرنى چۇۋىدى. باغ، ئېغىل ـ قوتان، سامانلىقىچە ئاختۇرۇپ جامالىدىننى تاپالمىغاندىن كېيىن خىرقىراق ئاۋاز دەرۋىش ئاغىچىخاننىڭ كارنىيىنى بوغدى.

ــ جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ، غەزەلچى ئوغلۇڭنىڭ بار يېرىنى ئېيتە!

— بىلمەيمەن!

دەرۋىش ئۇنىڭ گېلىنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى.

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ سېنىڭ؟ مەن ئۇچۇن جېنىڭنىڭ قوشقاچنىڭكىچىلىك ئەكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىمەن بىكار. ئوغلۇڭ نەدە؟

— جېنىمنى ئالساڭ ئال! لېكىن بىر ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنى دۈشمەنلىرىگە ساتمايدىغانلىقىنى بىلىپ قال!

دەرۋىش ئاغىچىخانىنى بار كۈچى بىلەن شۇنداق ئىتتىردىكى، ئۇ ئاۋۋال تامغا قېقىلىپ، ئاندىن يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. ئارقىدىن ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلگەن ئىمامىدىنمۇ بىرنەچچە تېپىپ بىلەن ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

*　　　*　　　*



— دادا، كۆزلىرىنى ئاچسىلا! — جامالىدىن بىر تەرەپتىن چاقىرسا، بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى يېنىك سىلاپ يۇم - يۇم ياش تۆكەتتى، — كۆزلىرىنى ئاچسىلا!

— دادىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، — ئاغىچىخانىمۇ ئېرىنىڭ ئايىغىدا ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى.

جامالىدىنىنىڭ قېرىنداشلىرى تەقەززالىق، قورقۇنچ، ئاچچىق ئىلكىدە بىر چەتتە دادىسىغا قاراپ بويۇنلىرىنى قىسىپ ئولتۇرۇشاتتى. باش قىشنىڭ سوغۇقىدا يېرىم كېچىدىن سەھەرگىچە يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ھوشسىز ياتقان جالالىدىن مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، تېۋىپ ھەدەپ ئۇنىڭ بەدىنىگە ئىسسىتقۇچ مەلھەم سۈركەپ ئۇستىگە

قىلىن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ياپماقتا ئىدى. ئۆي ئىچى
بىر خىل سۇرلۇك مۇسىبەت كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى.
قوشنا ئاياللار تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كاڭ
ئوچاققا قۇرۇق جىگدە ئوتۇننى بولۇشىغا سېلىپ،
گۇركىرىتىپ ئوت قالاش، ئوچاقنىڭ كولۇڭىغا چۈشكەن
چوغلارنى جالالىدىننىڭ يانلىرىغا ئەكىلىش بىلەن
مەشغۇل ئىدى. ئۆي ئىچى يەنىلا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان
بازاردەك قالايمىقان، سۇنغان سۇنغان يەردە، چىپچىلغان
چىپچىلغان يەردە ئىدى. بۇ ھال چۈشكىچە داۋام قىلدى.
جالالىدىننىڭ ئەتىگەنكى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى
ئاجىز نەپەسلىرى ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىشكە باشلىدى.
جامالىدىن دادىسىنىڭ ئايىغىدىن قولىنى سېلىپ
پۇتلىرىنى تۇتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ بەدىنى خېلىلا ئىسسىپ
قالغانىدى. باياتىن بېرى دادىسىنىڭ ھايات قېلىشىنى
ياراتقان ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەپ توختىماي سۈرە ـ
ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئىغىزى تالمىغان، دىلى يانمىغان
جامالىدىننىڭ چېھرىگە بىردىنلا كۈلكە ئالامەتلىرى
يۈگۈردى. ئۇ كېچىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشقا
ئۈلگۈرمىگەن ئىدى. ھېلىھەممۇ نېمە بولغانلىقىنى
سوراشنى خىيال قىلىپمۇ باقمىدى. جالالىدىننىڭ
بەدىنىدىكى كۆك، ئىششىقلاردىن، ئانىسىنىڭ بېلىنى
تېخىچىلا تۈزلەپ ئولتۇرالمىغانلىقىدىن، ئىنىسىنىڭ
يۈز ـ كۆزلىرىگە چۈشكەن كۆكلەردىن بۇ ئائىلىگە بىرەر
چوڭ ئاپەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايتتى. ھازىرچە
جامالىدىننىڭ ئۇنى بىلگۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئوي ـ
خىيالى دادىسىنىڭ ھاياتلىقىدا، ئۇنىڭ كۆزىنى
ئېچىشىدا، ئۆزىگە قاراپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىدا

ئىدى. دادىسىدا بىلىنەرلىك ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلگەندە، ئۇ كۈلۈمسىرىدى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار»، «ئاش بولسا قازان، جان بولسا جاھان» دېگەن گەپلەر شۇ بولسا كېرەك.

دىگەر ۋاقتى بولغاندا جالالىدىن ئېچىنىشلىق ئىڭرىغان ھالدا كۆزىنى يېرىم ئاچتى. جامالىدىنمۇ، ئاغىچىخانىمۇ، باللار، قولۇم ـ قوشنىلارمۇ، تېۋىپمۇ تەڭلا ئۈمىدلىك ئاۋازدا ئۇنى چاقىردى:

ــ دادا، دادىسى، جالالىدىن ئاكا، جالالىدىن...

جالالىدىن مىدىرلىماقچى بولدى. تېۋىپ بىلەن جامالىدىن تەڭلا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يۆلىمەكچى بولۇپ مۈرە ـ بويۇنلىرىغا قولىنى ئۇزاتتى.

ــ ۋايجان! ــ دەپ بوش ئىڭرىدى جالالىدىن ئۇلار قولىنى ئاپارغان ھامان.

ــ ئاۋايلاپراق تۇتىلى، ــ دېدى تېۋىپ جامالىدىنغا، ــ بەدەنگە بولغان زەربە خېلى ئېغىر دەك قىلىدۇ.

ــ ھە ماقۇل، ــ دېدى جامالىدىن تېۋىپقا، ئاندىن دادىسىغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ تۆۋەن ئاۋازدا دېدى، ــ دادا، ئۆرۈپ قويايلىمۇ؟

جالالىدىن «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقىدى. دادىسىنىڭ گېپىگە گەپ قايتۇرغانلىقىدىن جامالىدىن بىلەن تېۋىپ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. بۇ ئۇنىڭدا ئىنكاس بولغانلىقى ئەھۋالىنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئەمەس ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

جالالىدىن شۇ ياتقىنىچە ئاستا ـ ئاستا تۇزۇلۇپ ئون كۈن بولغاندا ئۆرە بولدى. بۇ جەرياندا جامالىدىن بولغان

ئىشنى ئانىسىدىن تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ باشتا دادىسىنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىدىن باشقا ھېچنېمىنى خىيال قىلمىغان بولسا، دادىسى غىزاغا كىرىشىپ كۆڭلىنى توختاتقاندىن بۇيان ئىچىنى بىر ئاچچىق ھەسرەت، قىساس ئوتى كۆيدۈرۈپ ئۆرتەيدىغان بولۇپ قالدى. كىتابلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ قالماي كۆيدۈرۈلگەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى. ھېلىقى جاللات سىياق قەلەندەر - دەرۋىشلەرگە بولغان غەزىپى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىنى كۇل قىلىۋەتتى. دادىسىنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئانىسىنىڭ گېلىنى بوغدى. قېرىنداشلىرىنى جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغۇدەك دەرىجىدە قورقۇتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈنىدىن باشلاپ ھۇجرىسىدىن رايى ياندى. ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەن كىتابسىز ھۇجرا، كېچە - كېچىلەپ دوست خېنىم بىلەن خىيالەن سىردىشىشلىرىغا گۇۋاھ ئىسسىققىنا ھۇجرا ئەمدى ئۇنىڭغا شۇنچە سوغۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ يېنىغا يېنىپ چىقتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇكېرىمنىمۇ ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يۇرتتا ھازىرچە ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم شەھىدۇللا ئىمام بىلەن ئابدۇكېرىم ئىدى. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ ھېلىقىلار يەنە كېلىپ قالسا ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ جېنىغا ھەقىقىي ئەسقاتاتتى. زۇرۇر تېپىلسا جېنىنى تىكەلەيتتى. ئۇ بۇخارادىن كەلگەندىن بۇيان قورغان كۆلىبىشىدا خوشلۇقىدىن جىقراق خاپىلىقىقا ئۇچرىدى. ئۇنى شەھىدۇللا ئىمام ئەتىۋارلاپتى، ئابدۇقۇددۇس ھاجىم

چەتكە قاقتى. دوست خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ بېشى كۆككە يېتىپتى، ئىلياس ئۇنىڭغا تىغ تەگكۈزدى. ھەتتا ئۇنى غالچىلىرى بىلەن ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئاۋۇ خوجا ئەلا سۇببى دېگەنگە جايىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغىنىغا، مانا ئۇ تەلۋىلەر دادىسىنى ئۇرۇپ ئۆچ ئالدى، كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىنىڭمۇ دىلى يارا. شەھىدۇللا ئىمام ئۆمرىدە بىرەرىنىڭ تىك قارىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەم جامالىدىن تۆپەيلى ئازار يېدى. دوست خېنىم جامالىدىننى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋەجىدىن نەزەربەندتە، دادىسى بىلەن ئانىسى باقىدىغان ياسىداق، زىنداندا! جالالىدىن بولغاچقىلا ئاتا ـ ئانىسى ئىلاجسىزلىق، ھاقارەت، تىل ـ تاياققا دۇچار بولدى. كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئىشلىرى زادىلا كۆڭلىدىكىدەك بولۇپ باقمىدى. دەسلەپتە ئىلىم ئالىمەن دەپ، توي قىلىشقا قوشۇلمىغان چاغدا تويغا زورلاندى. توي قىلاي ئاندىن ئوقۇسامۇ كېچىكمەسمەن دېگەندە بۇ كۆنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇ ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئانىسى بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ:

ــ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم ئانا، ــ دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، ــ دادام مېنىڭ غېمىمنى قانچە يېگەنسېرى شۇنچە ئازابتا قېلىۋاتىدۇ. كىچىك چېغىمدىلا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمكام بىلەن ئۇنىڭ تەگىشىپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولۇپتىكەنمەن. بۇ كۈنلەرگە كەلگەندىمۇ مەن سەۋەبلىك دىلى رەنجىدى. ھەتتا تاياققا قويدۇم.

ــ ئۇنداق گەپنى قىلمىسىلا ئوغلۇم، ــ ئاغىچىخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى، ــ ئاتام زامانىدىن

بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئەيىبلىك ھېسابلىمىسىلا، ــ دېدى.

ــ مەن دېگەن سېنىڭ داداڭ، ــ جالالىدىن ئوغلىغا بۇرىلىپ شۇنداق دەۋەتىپ يۆتىلىپ كەتتى ۋە دەرھال مەيدىسىگە قولىنى ئاپاردى. ئۇ يۆتىلىپ تۇرۇپ يەنە سۆزلىمەكتىدى، ــ ئۆھۆ... ئۆھۆ... ئۆھۆ، سەن بولساڭ ئۆھۆ... ئۆھۆ... مېنىڭ بالام. جانجىگىرىم. سەن ئۇچۇن نېمە كۈن كۆرسەم ئەرزىيدۇ.

ــ بولدى قىلسىلا دادا، ــ جامالىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاندىن ئىككى تىزى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى، ــ تېخى سەللىمازا تۈزۈلۈپ كەتمىدىلە كۈچىمىسىلە. ئادەم ھاياجانلانغاندا ئىشقا ئەمەس گەپكە كۈچىسىمۇ بەرداشلىق بەرمەكتى تەس.

ــ بەرداشلىق بېرىمەن ئوغلۇم، بەرداشلىق بېرەلەيمەن! بىر چاغلاردا پۇت ـ قولۇمدا كۈچ ـ ماغدۇر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنى يەرگە ئۇرغان بەدەن بۇ، ــ ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش يامرىدى. يىغلاشنى ئۇيات بىلىدىغان بۇ قەلب ئىگىسىنىڭ ئەمدى قانغۇدەك بىر يىغلىۋالغۇسى كېلىۋاتاتتى، ــ سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇرۇۋاتقىنى مۇشۇ بەدەندىكى كۈچ ئىدى بالام...، خەپ ماڭا نېمە كەلگەن بولغىيتتى. ئۇ ئادەمگە يەتتە كەنتتىن ئادەم چىقمىغاندا تەۋەككۈل قىلىپ بىقىپتىكەنمەن. ئۆزۈمنى سىناپ باقاي دەپتىكەنمەن. ئوتتۇز يىلدىن بېرى شۇ ئىشنى ھاجىمكام قارنىدىن چىقارمىدى. خەپ، خەپ...، بۇگۈننى بىلگەن بولسام، سېنىڭ بەختىڭگە ئۇدۇل كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەن

بولسام شۇ قارا كۈچ بىلەن بىر ـ ئىككى مىڭ خىش كۆتۈرۈۋېتەركەنمەن، ئەللىك ـ ئاتمىش قاپ گەژ يۆدۈۋېتەركەنمەن...

ــ پۇشايمان قىلمىسىلا دادا، ــ جامالىدىن دادىسىغا ئىشەنچ بىلەن قارىدى، ــ سىلىنى پۇشايمانغا قويۇشنى ھار ئالىمەن. سىلى خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلىپ كېتەلەيمەن. شەھىدۇللا ئىمامىنىڭمۇ ئاچچىقىنى چىقىرىمەن، سىلىنىمۇ خاتىرجەم قىلىمەن.

ــ سەن يەنە دوست خېنىمدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزەلمەيۋاتامسەن نېمە ئوغلۇم؟

ــ ئۈمىدىمنى ئۈزەلمىگىدەكمەن، دادا.

ــ ئوغلۇم، ــ جامالىدىنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك يەنە يۆتەلدى. ئاغزى قۇرۇپ تۇراتتى. شۇندىمۇ ئۇ يۆتىلىنى توختىتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سەن ئەمدى دوست خېنىم دېگەن خىيالدىن يان. ئۇنىڭسىزمۇ دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىڭ. ماڭا سېنىڭ جېنىڭ لازىم، ھاياتلىقىڭ لازىم. ئىلىم ئالىمەن، خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇيمەن دېگەنتىڭ ئەمەسمۇ، بولسا ھازىرلا ماڭ. بۇ يەردىن چاپسان كەت. ئىلمىڭنى ئال!

ــ ئىلمىنىمۇ ئالىمەن دادا، تويۇمنىمۇ قىلىمەن. مەن ماڭا ئىشەنگەن ئادەمنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشنى خالىمايمەن. كۆڭلۈمنىڭ بەختكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن. مەن ئەجرىم، ئەقىدەم بىلەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمكام ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى يۇيۇپ، سىلەرنى تۇغقان قىلىمەن.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## دادىنىڭ قارارى

ھەنىپە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دوست خېنىمنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى ئۇنى ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرۇش تەكلىپىدىن ھېس قىلغان چېغى، ئۇمۇ ئارقا ھويلىغا چىقىپ كەتكەن شۇ كۈنىدىن بۇيان دوست خېنىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. دوست خېنىممۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرمىغىنىدىن رازى ئىدى. بولمىسا بۇ تاش مىجەز قىزنى ئىچىدىكىنى ئۇنىڭغا بىرنىمۇ قالدۇرماي تۆكۈپ سالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولۇپ قالسا، ھەنىپە بىردە قورغان كۆلىپىشىغا قاتراپ ئىلياسقا بولۇۋاتقان ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي دەپ ئۆلگۈرۈپ، تىللا خېنىم بىلەنمۇ ئۇنى قانداق ئازابلاشقىچە كېلىشىپ بولاتتى. شۇنداق قىلىپ مۇھەببەت جامالىدىن بىلەن ئىلياسنى دۈشمەنلىك ئوتىغا تاشلىغاندەكلا، كىچىكىدىن بىللە چوڭ بولغان بۇ «قوش مېغىز» لارنىمۇ رەقىبكە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

دوست خېنىم كۈنلىرىنى كىتابقا زورلاپ ئۆتكۈزۈشنى ئازاب ئىچىدىن تەسەللى تېپىشنىڭ باھانىسى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ «غېرىب ـ سەنەم» نى ئوقۇۋېتىپ ھاياجان بىلەن خىيالغا كەتتى.

«غېرىب چۆلگە پالاندى، سەنەم ئوردىغا مەھكۇم. ئۇنىڭ

ئۇچۇن جەننەتتىن قىلىشقۇسىز چاھار باغ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندى. دىلى يارا، باغرى قان. سەنەمنىڭ شۇ تاپ چۆل باياۋانلارغا ــ غېرىبىمنىڭ قېشىغا ئۇچقۇسى بار. چىن سۆيگۈسىنىڭ ۋىسالى ئالدىدا شاھلىق تەختى، شانۇ شەۋكىتى كۆزىگە كۆرۈنمىدى. نېمىدېگەن ئوخشاش ھال. ئوردىدەك ھەشەمەتلىك قورۇ. دەرۋازىمىزدا ئىشىك باقارلار ئاۋۇدى. جامالىدىن ئاكامنىڭ ۋەسلىدىن چەكلەندىم. پەلەككە تاقاشقۇدەك باغ تاملىرىدىن قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كىرمىكىمۇ تەس. ھۇجرام شاھ قەسرىدىن قىلىشمايدۇ، ھەممە نەرسەم تەل. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى جامالىدىن ئاكامنىڭ بىر مىسرا بېيىتىغا ئەرزىسۇنمۇ؟!»

ئىككى ھويلىنىڭ ئىشىكەستەخانىسىغا ئارقا دەرۋازىغا تۇتاشقان يول بىلەن بارغىلى بولاتتى. دوست خېنىم ئانچە ـ مۇنچە بۇ يەردە ھەنىپە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇنىڭ يۈز ـ بويۇنلىرىنىڭ ئوت بولۇپ قىزارغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى. خۇددى ياتلاردەك:

ــ تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋېلىمۇ؟

ــ ئۆزلىرىمۇ تىنچ ـ ئامانمۇ؟

دېيىشىپ ئۆتۈشۈپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۈنلەردە ھەنىپە ئەركىن بولۇپلا قالماي، تىللا خېنىمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. تىللا خېنىم دوست خېنىمغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن تولىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. چېھرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ تۇرغىنى بىلەن ئۇنى قولىدىكى بىر ئويۇنچۇقنىڭ ئورنىدا كۆرەتتى. قىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇنىڭچە قىز ئۆزىنىڭ

ئارزۇسى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر دوست خېنىم تىللا خېنىمنىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا بولسا ئەھۋال يەنە شۇنداق بولۇرمىدى؟! ئۆگەيلىك، ھەي ئۆگەيلىك. شۇم پېشانە پەرزەنتنىڭ مەھكۇمگاھى. ئۆز ئۆيىدە يۇرگۈزۈلىدىغان ھۆكۈمرانلىق. ئۆگەي بالىنىڭ ئارزۇسى، بەختىنىڭ زىندانى. ئۇچماقنى ئىستىگەن قاناتقا سېلىنغان بوغۇچ. ئۆگەي ئانا كۆلىدۇ، بۇ كۆلكىگە ئۆگەي بالىنىڭ تەڭ كۆلمىكى شەرت. ئۆگەي بالا كۆلىدۇ، بۇ كۆلكە ئۆگەي ئانىنىڭ قەلبىنى پۇچىلاپ، گۇمانىنى قوزغايدۇ. توۋا، ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلغان بەختسىز بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ گۇناھمۇ؟! «ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى، نان بەرسە كۆيۈك بەردى. ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.» بۇ قوشاقلار شۇڭا ئوقۇلۇپ يۇرۇپتىكەندە! دوست خېنىم ئۇچۇن يەي دېسە بار، ئىچەي دېسە بار، كىيەي دېسە بار. ھەتتا كات ـ ساندۇقلارغا پەۋەس بېسىقلىق. ئەمما تىللا خېنىم ئۇنىڭغا مەنىۋي جەھەتتىكى كۆيۈك بىلەن سۇيۇقنى بېرىپ كەلدى. مۇنەۋۋەر خېنىمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئوغۇز سۇتى بىلەن قىزىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈشلىرى دوست خېنىم ئۇچۇن ئەڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا ئەڭ سەممىي، غەرەزسىز ئانىلىق مېھرى بولۇپ قاپتىكەن ـ دە؟!

دوست خېنىم ئۆز ئانىسىنى مۇشۇ كۈنلەرگە كەلگىچە خىيال قىلىپ باقمىغانىدى. چۈنكى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بىلەن تىللا خېنىم ئۇنىڭغا ئانىغا موھتاج بولۇپ قالىدىغان چاغلارنى ھېس قىلدۇرمىدى. لېكىن بۇ كۈنلەردە، ئۆزىنى تەنھا ھېس قىلىپ قالغىنىدا ئۆزۈمنىڭ

ئانىسى بولغان بولسا ئىشلار بۇنچە قېيىنلىشىپ كەتمەس بولغىيمىدى ـ يا؟ دەپ ئويلاپ قالدىغان، ئويلىغانسېرى ئۆز ئانىسىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئانا دېگەن ئاشۇنداق مۇقەددەس ئىنسان. ئۇ پەرزەنتىنىڭ خۇشھال چاغلىرىغا دۇئا قىلىدۇ. تىلەك تىلەيدۇ. قىيىنچىلىقتا قالغاندا، پانىيدا بولغان بولسا كېلىپ بېشىنى سىلايدۇ. باقىيغا كەتكەن بولسا يادىغا يېتىپ، روھى ئارقىلىق ھەمراھ بولىدۇ.

تۈگىمەس خىيال، تەنھالىق، ئازاب، غېرىبلىق ئىچىدە دوست خېنىم ھۇجرا بىلەن ئىشكەستەخانا ئارىسىدا كۈننى قارا قىشقا ئۇلىدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان بۇنداق چاغلارنى قولدىن بەرمەيتتى. ئېشى يوققا ئاش، كىيىمى يوققا كىيىم، ئوتۇنى يوققا ئوتۇن ... ئىشقىلىپ دوست خېنىم ئارقىلىق ئاچلار تويىناتتى، توڭلىغانلار ئىسسىيتتى. ئۇلارنىڭ ھالىدىن كىملەر خەۋەر ئېلىۋاتقاندۇ، كۈنلىرى قانداق ئۆتۈۋاتقاندۇ. ئۇ ھۇجرىنىڭ ھويلىغا قارايدىغان پەنجىرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەتىگەن ئۇ تالاغا چىققاندا كېچىچە قېلىن قار ياغقانلىقىنى كۆرگەنىدى. پەنجىرىگە ئىككى قات خوتەن قەغىزى چاپلانغاچقا، سىرتنى ئېنىق كۆرەلمىدى. ئەمما ھويلىدىكى گۇرجەكنىڭ يەرگە غارت ـ غۇرت سۈركىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاۋازىدىن، خىزمەتكارلارنىڭ پاراڭ سېلىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ قار تازىلاۋاتقانلىقىنى بىلدى. ھويلىدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ھە خوتۇن، دوست خېنىمنى چاقىرىڭلا، ئۇ يېنىمغا كىرسۇن!

ــ مانا ھازىر.

دوست خېنىمنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. دادىسى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ قالغان تۇرۇپ، ئەمدى ئۇنى نېمىشقىدۇر چاقىرىڭلار دەۋاتىدۇ. دوست خېنىمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ دادام مېنى نېمىگە چاقىرىپ قالغاندۇ دېگەننى ئويلاپ بولغىچە سىرتنىڭ سوغۇق هاۋاسى بىلەن ئۆينىڭ ئىسسىق هاۋاسىدا تازا تەرلىگەن ئىشىك غىچچىدە ئېچىلدى. ئارقىدىن ئاغزىدىكى لىققىدە ئالتۇن چىشلىرىنى ۋالىلداتقىنىچە كۈلۈپ تىللا خېنىم كىرىپ كەلدى.

ــ كەلسىلە ئانا، ــ دوست خېنىم پەنجىرە ئالدىدىن ئانىسىغا بۇرىلدى.

ــ تىنچ تۇرۇپسىلەمۇ، شېرىن قىزىم؟ ــ تىللا خېنىم كاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، كاسىسىنى يېرىم چىشلىتىپ ئولتۇردى.

ــ ئاللاھ خالىسا ئوبدان تۇرۇپتىمەن، ــ دوست خېنىم ئازراق نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەيمۇ قالمىدى، ــ ئۆزلىرى بىر كۈندە نەچچە كىرىپ ئەھۋال سوراپ تۇرۇۋاتسىلا، قىزلار ھەر ۋاقىت خىزمىتىمدە بولۇپ، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتسا، نېمىشقىمۇ ئوبدان تۇرماي، ئانا؟!

تىللا خېنىم دوست خېنىمنىڭ گەپ ئورامىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە دارىتمىلاۋاتقىنىنى بىلسىمۇ، ئۇنى بىلمەسكە سالدى ۋە مەقسىتىنى ئېيتتى.

ــ دادىلىرى يېنىمغا چىقسۇن دەيدۇ.

ــ دادام نېمىگە چاقىرىدىكىنا مېنى؟ ــ دوست خېنىمنىڭ دادىسى بىلەن ئەمدى يۈزلىشىپ قالغۇسى يوق

ئىدى. جامالىدىن ئاكىسىغا بولغان تەلپۈنۈشى، تەقەززالىقى ۋە كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىدىن ھاسىل بولغان بىرخىل قارشىلىق كۈچى ئۇنىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكىنى قويمىغانىدى. نۆۋىتى كەلگەندە ئۇ دادىسىغا ئويلىغانلىرىنى دەپ سېلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى، — چىقمىسام بولماسمۇ، ئانا؟

— سىلىنى چاقىرىۋاتقىنى دادىلىرى، ئالتۇنۇم، — تىللا خېنىم ئۇنىڭغا دادىنىڭ ئورنىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى.

— بولىدۇ، چىقاي.

— ئەمىسە مەن مېڭىۋېرەي، قىزىم.

— ياق ئانا، سىلى بىلەن بىللە چىقاي.

قىز بالا دېگەن قانچىلىك ئۆز پىكىرلىك بولۇپ كەتكىنى بىلەن، يەنىلا قىز بالا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى نومۇس، خىجالەت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلغاندىن باشقا دائىم ئۆزگە بىر ئادەمنىڭ ھامىي بولۇشىنى خالايدۇ. مانا دوست خېنىم دادىسىنىڭ ئالدىغا يېقىندىن بېرى تازا ياقتۇرماي قېلىۋاتقان ئانىسى بىلەن بىللە چىقاي دەۋاتىدۇ.

ئانا بىلەن قىز ساراي ئۆيگە كىرگەندە ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كاڭدىكى سەندەلگە پۇتىنى سېلىپ، ئۈستىگە يېگىدىن ئاشلاپ تىكىلگەن بىر ئاق جۇۋىنى يېپىۋالغان ئىدى.

— ئەسسالام دادا، — دوست خېنىم دادىسىغا سالام بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە سەپسېلىپ كۆزىنى تېزلا قاچۇردى. دائىم ئۈچ كۈندە بىر قىرغان كۆلبېشىدىكى ساتىراشنى چاقىرتىپ ساقال

بۇرۇتلىرىنى ياستىتىپ تۇرىدىغان دادىسىنىڭ چاچ ساقاللىرى ئۆسۈپ، جۇدەپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دادىسى چىرايىنى ئانچە ئېچىمىغۇۋەتمەي، ئاچمايمۇ قالماي بىرخىل ئەبجەش ھالەتتە قىزىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، — قىنى ئۆستىگە چىقىپ سەندەلگە پۇتۇڭلارنى سىلىڭلار.

ئىككىيلەن كىپىشلىرىنى سىلىپ سەندەلنى چۆرىدەپ سېلىنغان كۆرپىگە جايلىشىپ، پۇتلىرىنى سەندەلنىڭ ئىچىگە سالدى ۋە كەينىگە قويۇلغان سامان تەكىيگە يۆلەندى.

— قىزىم، سىلىنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئەمدىلا كىرىپ تېخى ئۆزىنى ئوڭشاپ بولالمىغان دوست خېنىمغا گەپ باشلىدى، — سىلى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرمىغانغا ئۇزۇن بولۇپ قاپتۇ. مۇڭدىشاي دېدىم.

— بەلەن بولۇپتۇ دادا، — قىز بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— خوش، قىزىم، بۇ يىل نەۋرۇز ھارپىسىدا ئون ئالتە ياشقا توشۇدىلا. ئانىلىرى رەھمەتلىكنىڭ يەرلىكىدە ياتقىنىغا مانا ئون ئالتە يىلغا يېقىنلاپ قاپتۇ. ئاللاھ تاپارەك ۋەتەئالا مەزلۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي، — دادىسى ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋېدى، دوست خېنىمنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش ئەگىدى، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا ئىككى تامچە سۇ شۇۋۇلداپ كېلىپ توختىدى. ھاجىم قىزىدا بولۇۋاتقان ئالامەتلەرگە قارىمىغانغا سېلىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دىققەت قىلدى. ئۇ قىزىم ئەقىل

توختىتىپتۇ دەپ ئويلىدى، — بۇ ئون ئالتە يىلدىن بېرى ئۆزلىرى دىلىمنىڭ خۇشلۇقى، ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتى بولۇپ چوڭ بولدىلا. سىلىنى كۆرسەم كۆزۈم كۈلۈپ، ئەسلىسەم دىلىم كۈلۈپ ياشاپ بۇ ياشقا كەپتىمەن. بىلىشىمچە ئانىلىرىمۇ سىلىگە ئۆگەيلىك قىلمىدى، ئۆز قىزىدىن چارە كۆردى. راستمۇ، قىزىم؟

— راست، دادا، — دوست خېنىم تەستىقلىدى.

— هازىرغىچە سىلىنى رەنجىتىپ، دىللىرىنى ئاغرىتىپ، قىلىمەن دىگەنلىرىنى قىلدۇرمىغان يەرلىرىمىز بولسا دېسىلە قىزىم.

— يوق دادا.

— لېكىن، سىلى مېنىڭ دىلىمنى ئاغرىتىپ قويدىلا.

— مەن دىللىرىنى ئاغرىتقان بىرەر تەرىپىمنى ئەسكە ئالالمىدىم، دادا.

— تازا ئوبدان ئويلىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەسلىكلىرىنى يادىلىرىغا كەلتۇرسىلە ئەسكە ئالالايلا، — ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ ئاۋازى سەل كۆتۈرۈلدى، — ئائىلىمىزنىڭ ئابرۇيىنى چوڭ بىلسىلە ئەسكە ئالالايلا!

— ...............

دوست خېنىم ئۈندىمىدى. ئۇ تۆۋەن باققانچە تىزىنىڭ ئۈستىدىكى بارماقلىرىنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى.

— دادىلىرى سىلىگە گەپ قىلىۋاتىدۇ، دوست خېنىم؟! — تىللا خېنىممۇ ئېرىنىڭ تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى، بۇ سۆھبەتتە ئۆزىنىڭمۇ هەسسىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

— ئاڭلاۋاتىمەن، — دوست خېنىم بىرخىل هالەتتە

ئولتۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا ئوبدان ئاڭلىسىلا، ئەسلىرىگە ئالالمىغاننى مەن دەپ بېرەي، — ئابدۇقۇددۇس ھاجىنىڭ ئاچچىقى تىللا خېنىمنىڭ مەدىتىدە تېخىمۇ تۇتاتتى، — سىلىنىڭ قورغان كۆلبېشىدا ئاۋۇ قوڭالتاق كۇلالچىنىڭ بالىسىغا تېگىمەن دېگەنلىرى، ئانىسىغا مېنى بالا قىلىۋالسىلا دەپ قولىغا ئېسىلىپ يالۋۇرغانلىرى دىلىمنى ئاغرىتماسمۇ؟ ئەلەد ـ داۋامدىن قايسى قىز بالىنىڭ بىراۋغا تېگىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ باققانتىلە؟

— ئاڭلىغانتىم دادا، شېرىنىنىڭ پەرھادقا، سەنەمنىڭ غېرىبقا، لەيلىنىڭ مەجنۇنغا، ئۇزرانىڭ ۋامۇققا دېگىنىنى ئاڭلىغانتتىم.

— ئۇ دېگەنلىرى كىم، ئالجىدىمۇ بۇ قىز؟

— ئۇلار ئىلگىرى ئۆتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار.

— ئۇنى سىلى نەدىن ئاڭلىدىلا؟

— ئۇلارنى كىتابتىن ئوقۇدۇم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمىغان. بىر ـ بىرىگە سادىق بولغان.

— نېمە، سىلى كىتابتىن ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئۆگەنلىما؟!

— ئۇ كىتابلارنى سىلى ئەكېلىپ بەرگەن دادا.

— يالغۇز بالا، قىز بولسىمۇ ئون ئوغۇلغا بەرگۈسىز، خەت تونىسۇن، كىتاب كۆرسۇن دەپ ئىمانەمدە ئوقۇتقۇنىمنىڭ، قىزىم كۆرسۇن دەپ نەدە ئۇچراتسام شۇ يەردىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرگىنىمنىڭ جازاسى ئوخشىمامدۇ بۇ؟

تىللا خېنىممۇ گەپ ئارىلىدى.

— ھېلىقى ئابدۇكېرىم دېگەن كىتاب خالتىسى بىلەن دائىم كىتاب سورىشىدۇ بولار.

— ئىشىك باقارلارغا دەڭلا، كىتاب دېگەن شۇنداق ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ يالاڭتۆش بوسۇغىمىزغا يولىغۇچى بولمىشۇن! ماۋۇ ئەقلىدىن ئالجىغان قىزنىڭ ھۇجرىسىدىكى كىتابلارنى بىرىنى قويماي كۆزدىن يوقىتىڭلار!

— كىتابلىرىمغا ھېچكىم يېقىن يولىمىسۇن دادا، — دوست خېنىم دادىسىغا تىكىلدى.

— ئەمىسە سىلى مەن توغرا قىلدىم دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامىلا؟

— توغرا - ناتوغرىسى بىلەن كارىم يوق، شۇ گەپنى دېگەنلىكىم راست.

— توۋا قىلدىم، خۇدايىم توۋا، — تىللا خېنىم ياقىسىنى تۇتتى، — ئالدىلىرىدىكى كىم بىلەملا؟ ئۇ سىلىنىڭ دادىلىرى. يەتتە كەنتتىلا ئەمەس، شەمۇ شەدە يۇزى، ئابرۇيى بار دادىلىرى. ئەجەب بىر سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا كىچىك كۆرۈنۈۋاتىدۇ - يا؟

— دادامنى يەتتە ئىقلىمدا مەنچىلىك ياخشى كۆرىدىغان كىشى يوق ئانا!

— مۇشۇ سىلىنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىمۇ؟ جاۋابلىشىپ تەڭ تۇرغانلىقلىرى ياخشى كۆرگەنلىرىمۇ؟ ئەسلىدە دادىلىرى سىلىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ.

— ئانا، گېپىمنى ئوبدان ئاڭلىسىلا، دادامنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە كۆڭلۈمنى چۈشىنىشىنى تېخىمۇ خالايمەن.

تىللا خېنىم ئېرىگە بۇرىلدى.

— بۇ قىزنىڭ گېپىنىڭ تەكتىگە يەتسەم، يەنە شۇ كۇلالچىنىڭ بالىسىغا تېگىشىمگە قوشۇلۇشلار دېگەندەك قىلىدۇ.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم پۈتمىنى سەندەلدىن شۇنداق تېز تارتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دېدى:

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتىلا، مېنىڭ ئۇنداق چۆپرەندىگە چۈشۈپ قالغان قىزىم يوق! — ئۇ تىللا خېنىمغا بۇرىلدى، — خوتۇن، قىشچە تەييارلىق قىلىڭلار، ئەتىياز كىلىشى بىلەنلا پاپاڭلىنىڭ ئوغلى ئابدۇمجىتنى ئىچ كۇيئوغۇل قىلىپ ئەكېلىۋالىلى.

— ياق دادا، مەن ئۇنىڭغا تەگمەيمەن!

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنىڭ نىداسىغا قۇلاقمۇ سېلىپ قويماي سىرتقا ماڭدى. تىللا خېنىم ئۇنىڭ جۈۋىسى بىلەن تۇمىقىنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. دوست خېنىم ئۆز ـ ئۆزىگە نىدا قىلدى.

— مەن ئابدۇمجىتقا تەگمەيمەن، ئۆلسەممۇ تەگمەيمەن!...

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# دەرد ئۈستىگە دەرد

جامالىدىن ئەتىگەندە ئىمامىدىن ۋە ئابدۇكېرىم بىلەن ئاۋۋال ئۆگزىدىكى، هويلىدىكى، ئاندىن ئىشىك ئالدى ـ يوللاردىكى قارلارنى تازىلىدى. بۇ يەردە ھەممە ئائىلىدىكى كىشىلەر بىرلا ۋاقىتتا يوللارنى ئاچىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆز ئۆيىنىڭ پاسىللىرىنى، كېيىن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ قېرى، ئاجىز، مېيىپلارنىڭ ئىشىك ئالدىنى، يوللارنى بىرلىكتە تازىلايدۇ. بىردەمدىلا يوللار ـ يوللارغا تۇتۇشۇپ ئېچىلىپ كېتىدۇ. ھۆل ـ يېغىنى ئاز بولىدىغان ئۈستۈنئاتۇشتا مۇشۇنداق قېلىن قار ياغقان يىللىرى كىشىلەر ئاجايىپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ. «ئەجەب ۋاقتىدا ياغدى، بۇغدايلار ئانا باغرىدا ئۇخلىغان بالىدەك راھەتتە قىشتىن چىقىدىغان بولدى ـ دە» دېيىشىدۇ. بالىلار چوڭلارنىڭ كۆڭلىدىكى خۇشلۇقىغا جۆر بولغاندەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، يۇمىلاقلىشىپ، قار ئېتىشىپ قانغۇدەك ئوينىشىۋېلىشىدۇ. ياشلار ئاق تاغقا، دەريا بويلىرىغا ياۋا تۇشقان ئوۋلاشقا ئاتلىنىشىدۇ. بوۋايلار پاكىزە تازىلانغان بىرەر جاينى تېپىشىپ، پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشىدۇ. يوللاردا ئاياللارنىڭ قېلىن كىيىنىپ، توپ ـ توپ بولۇپ، يوغان ـ يوغان قاپاقلارنى قوشلاپ يۈدۈپ قوشكۆلگە سۇغا مېڭىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كىشىگە ئاجايىپ گۈزەل

تۇيغۇلارنى ھەدىيە قىلىدۇ. مۇشۇنداق تۇختاۋسىز ھەرىكەتلەردىن بۇ يۇرتقا بەرىكەت يېغىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۆز غېمى بىلەن، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن.

جامالىدىن ھېلىقى كېچىسى دادىسى ئېغىر تاياق يېگەن كۈندىن تارتىپ سىرتلارغا چىقىپ باقمىغانىدى. بۈگۈن قارنى تازىلاپ بولۇپ، ئاش ۋاقتى بىلەن ناشتا قىلدى ۋە ئانىسىغا:

— ئانا، سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيمىكىن، — دېدى.

— چىقمىسىلچۇ بالام، سىلىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ.

— كۈپكۈندۈزدە نېمىدىن ئەنسىرەيلا ئانا، ھېچ ئىش بولمايدۇ، خاتىرجەم بولسىلا.

— ھېلىقى دەيۈزلەر يەنە قەستلەپ يۈرمىسۇن دەيمىنا. ئۇلار بىلەن ئېتىشىپ نېمىمۇ قىلار بولغىيتىلە. شۇلاردىن بىر نېرىراق تۇرسىلا بالام.

— ماقۇل ئانا.

— نەگە بارىسەن ئوغلۇم؟ — ئوچاقتىن چوغ تارتىپ ئولتۇرغان جالالىدىن ئوغلىدىن سورىدى.

— ئابدۇكېرىم بىلەن قورغان كۆلبېشىغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيلىمىكىن.

— ھايالشىماي قايتىپ كېلەرسىلەر.

— بىر دەمدىلا كېلىمىز.

جامالىدىنىنىڭ كۆڭلى غەش دىلى سۇلغۇن ئىدى. كۈندىن - كۈنگە كەم سۆز بولۇپ كېتىپ باراتتى. شۇ تاپتا ئۇ يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان ئابدۇكېرىمنىڭ

بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك تەگسىز خىياللارغا بەند ئىدى. «توۋا، مەن خوجا ئەلا سۆيىمىنىڭ ئالدىدا غەزەلچى مۇرتەد بولۇپ قاپتىمەن. شۇ تاپ تىلىمدىمۇ غەزەل، دىلىمدىمۇ غەزەل. بۇ غەزەلنى كوچىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ، بار كۈچۈم بىلەن ئوقۇغۇم بار. دوست خېنىم ئاڭلاپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىققىچە ئوقۇغۇم بار. سۆيى - دەرۋىشلەر كۆكرىكىمگە شەمشىرىنى تىقىپ جېنىمنى ئالغىچە ئوقۇغۇم بار. بۇ ماڭا نېمە كۈن؟ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئايىغىغا چىقالمىسام، بىر ئەر تۇرۇپ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، دىلىمدىن سۆيگەن گۈلنى ئۈزەلمىسەم. يۇرت پېشىۋاسىنى دىشۋارلىققا قويسام. ئانام بىلەن دادام مىنىڭ سەۋەبىمدىن تىل - تاياققا قالسا. قىتىغۇرلار ھەدەپ يوللىرىمنى توراپ ماڭا قەست قىلسا. سىرتلارغا بەخۇدۇك چىقىپ ئايلىنىپ كېلەلمىسەم.» ئۇنىڭ بوغۇزى چىڭقالدى. ئىچىدىكى ھېلىقى ھەسرەتلىك ئاھاڭ تىلىغا تېپىشكە ئالدىرايتتى. شۇتاپ كۈندۈز بولمىغان بولسا ئاۋازىنى قويۇپ بەرگۈسى بار ئىدى. ئۇ بۇخارادىن كەلگەن يىرىم يىلدىن بىرى مىڭ يىللىق دەردنى تارتىۋالغاندەك، مىڭ يىللىق ئازابنى يۇدۇۋالغاندەك ئېغىر تىناتتى. دەردلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. دادىسى دوست خېنىمنى يادىڭدىن چىقىرىۋەت دەيدۇ تېخى. دىل بېرىپ سۆيگەن ئادىمىدىن كۆڭۈل رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلمىكى شۇنداق ئاسانمۇ؟! دوست خېنىم ئۆزىنى كۈتۈۋاتقاندۇ، سېغىنىۋاتقاندۇ، ئەسلەۋاتقاندۇ. ئۇمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. تۆلەۋاتقان بەدەللىرىگە ئۆزى گۇۋاھ. شۇ دەقىقىلەردە جامالىدىنىنىڭ تەپەككۇر خاتىرىسىگە ئاجايىپ چىرايلىق بىر كۆپلېت

قوشاق پۈتۈلۈپ، دىمىقىدىن زادىلا كەتمەيدىغان ھېلىقى ئاھاڭ بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتتى. شۇ دەملەردە بۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ناخشا ئۇنىڭ ئىچىگە زادىلا پاتمايۋاتاتتى. ناخشا ئىچىدە دوست خېنىمنىڭ ئازابلىق، مىسكىن، دەردمەن چىرايى ئەكس ئېتەتتى. ناخشىنىڭ ئاھاڭىدىن تېكىستىغىچە ھەممە يېرى دوست خېنىمنى سۆزلەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. «ئۇھ، — ئۇلۇغ كىچىك تىندى ئۇ، — ھازىر دوست خېنىم قانداقراق تۇرىۋاتقاندۇ؟ ئۇ ئامان — ئېسەن تۇرىۋاتقانمىدۇ؟ ئامان بولسىلا دوست خېنىم، ئامان بولسىلا!»

ئۇلار قورغان كۆلبېشىغا كەلگەندە جامالىدىننىڭ يادىدىن بىر ئوي كەچتى. ئۇنىڭ قېشىغا ئابدۇكېرىمنى ئەۋەتىپ باقسامىلا بولمىدىمۇ؟ ئۇ ئابدۇكېرىمنى تۆۋەن كوچىغا ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۇ كەلگىچە ئۆزى يالغۇز بىردەم ئايلانماقچى بولدى.

ياز بويى قايناپ تۇرىدىغان كىچىككىنە قورغان كۆلبېشى قىشتا بىردىنلا پەسلەپ قالاتتى. ئۆتكۈنچى يولۇچىلار، كارۋان — سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق بازار بولاتتى. بۇ ئەھۋال قايراقتىكى قورغانبېشى، ئوچاردىكى چوڭ بازاردىمۇ ئوخشاش ئىدى. بۇ يەرگە كۆپىنچە كۆنگەيدە ئاپتاپسىنىغاچ ھال — مۇڭ قىلىدىغانلار يىغىلاتتى. جامالىدىن قاردىن كېيىنكى سۈپسۈزۈك ھاۋادا ئاپتاپقا قاراپ ئولتۇرغان مويسىپىتلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتتى. ئېرىز خاپانباشىنىڭ ئاشخانىسىغا ئۇدۇل كەلگەندە ئۇ خېرىدارسىز بۇ تاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئىلياسنىڭ

بىرقانچە بىكار تەلەپ بىلەن ئاللىنىمىلەرنىدۇر دەپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنى كۆردى ـ دە، جامالىدىنىنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى. ئۇ ھېلىقى كۈنى كەچتىكى تاياقتا ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھەسسىسى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارمۇ جامالىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى كۆرۈپ، كۈلكىلىرىدىن تەڭلا توختاشتى ۋە ئۇنىڭغا غەلەت بىر قىسما نەزەردە قاردى. جامالىدىن دۇكان پاسىلىدىن ئۆتۈپ كېتىنشىگىلا يەنە تەڭلا بىزەڭلەرچە كۈلۈشتى. ئىسقىرتىشتى. غۇززىدە ئاچچىقى كەلگەن جامالىدىن ئارقىسىغا بۇرۇلماقچى، ئۇلارغا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، قارىمىدى. چىشلىرنى بىر ـ بىرىگە چىڭ بېسىپ غۇچۇرلاتتى. «پوقىقا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ» دېگەننى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ بىمەنە كۈلكىلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدىن نېرى بولدى. ئۇنىڭ چىشلىرى يەنە بىر ـ بىرىگە بېسىقلىق، مۇشتۇملىرى تۈگۈكلىك ئىدى. ئۇ شۇ خىل ناچار كەيپىياتتا خالتا كوچىغا چىقىدىغان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ خالتا كوچىدىن چىقىش خىيالى يوق ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن قەدەملىرى ئۇنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ ماڭماقتىدى. ئۇ ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقاي دېۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن «رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ» دېگەندەك دەرۋازىغا تولۇپ كىرىۋاتقان خوجا ئەلا سۇبىي ۋە ئۇنىڭ يىگىرمىدىن ئارتۇق غالچىسى بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى. خۇددى بىرى بۇيرۇق بەرگەندەك شۇ ھامان ئىككى تەرەپنىڭ قەدەملىرى تەڭلا توختاپ قالدى.

جامالىدىن قەلبىگە قىساس ئۇرۇقىنى چاچقان بۇ دۇشمەنلىرىگە تىكىلدى. كىر دەستىدىن قاسماقلاشقان مەينەت چىرايلار، قان ئىچەر جاللاتنىڭكىدەك قىزارغان كۆزلەر يۇزلىرىنى توسۇپ تۇرغان بەدرەڭ ئۇزۇن چاچلار ئارىسىدىن ئۇنىڭغا يەۋەتكىدەك ئەلپازدا قاراپ تۇرۇشاتتى. دەرۋىشلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى ئالدىدا تۇرغان خوجا ئەلا سۇبىي ئۇنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتتى. قولىدا ھېلىقى كۆپ كۆزلۈك سوتا، ئۇزۇن ۋاقىت چەككەن نەشىنىڭ تەسىرىدە گۇنسىرىگەن قىسماق كۆز، مايلىشىپ قارىدىغان چوقۇر چىراي. ئۇ جامالىدىنغا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجايغان ئىدى، جامالىدىننىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ سارغايغان چىشلىرى شۇقەدەر بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ كەتتى. جامالىدىننىڭ ئىچىگە بىر ۋەھىمە چۈشۈپ ئۆتتى. تەپەككۇر ـ پىكرى چېچىلىپ تۇرغان جامالىدىن ھېلىلا ئىلياس ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرىنى كۆرۈپ سەپرايى ئۆرلەپ تۇرغاندا «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك مانا ئەمدى ماۋۇ خۇنخور تائىپىلەرگە يولۇقتى. «ئاھ، خۇدا ئۆزۈڭ مەددەت بەرگەيسەن». بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاساۋ بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت سىلكىدى. ئۇ ئالدىغا قاراپ قەدەم ئالدى. لېكىن دەرۋازىدا دەرۋىش ـ قەلەندەرلەر لىققىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق پەقەت ئۈچلا قەدەم ئىدى. ئۇ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل خوجا ئەلا سۇبىيگە قاراپ ماڭدى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم، ئۈچ قەدەم. جامالىدىن قىستاپ كەلگەندە خوجا ئەلا سۇبىي ئۆزىنى ئاستا يانغا تارتتى. ئەمما ئۇنىڭ مۇرتلىرى ئادەمدىن ھاسىل قىلغان مەزمۇت تام بىلەن مىدىر ـ سىدىر قىلماي

ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ تۇراتتى. جامالىددىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇلار شۇنداق كۆچەپ ئىتىرىۋېدى، جامالىددىن ئارقىسىغا ئالتە ـ يەتتە قەدەم داجىپ كەتتى. ئۇ يىقىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران توختىتىۋالدى. دەرۋىشلەر ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا خوجا ئەلا سۇببى ئۇلارغا قاراپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ــ توختاڭلار! ــ دەرۋىشلەر ئورۇنلىرىدا چىپپىدە توختاشتى. ئۇ جامالىددىنغا بۇرىلدى، ــ ئۆزۈڭ كىمسەن؟

ــ مېنىڭ كىملىكىمنى سوراشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئېيت! ــ جامالىددىنمۇ ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى.

ــ بىلسەڭمۇ يەنە بىر قېتىم ئېسىڭگە سالايكى، ــ خوجا ئەلا سۇببى جامالىددىننىڭ ئالدىغا يېقىنلاشتى، ــ مەن ئاللاھنىڭ ئەمرى، پىرىمنىڭ ئارزۇسى بىلەن بۇ ماكانغا ئەۋەتىلگەن تەرىقەت پاسىبانى خوجا ئەلا سۇببى بولىمەن. سەن ئاتلىقلارنىڭمۇ ئالدىمىزدا ئاتتىن چۈشۈپ، بىزگە خەير ـ ئېھسان كۆرسىتىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۆزۈڭ قۇلاق مەخلۇقتىن ھېچ پەرقسىز ئىنسان ئىكەنسەن!

جامالىددىننىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر غەزەپ مېڭىسىغا تەپتى.

ــ بىلگىنكى، ئۈچ تاغ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ گۆھەردەك ئەزىز ماكاندا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەزىلى ـ ئەزەلدىن ئادەملەر غەم ـ ئەندىشىسىز، ئىناق، خاتىرجەم ياشاپ كەلگەن. قاچانكىم ئايىغىڭ بۇ زېمىنغا يەتتى،

كەمەكتەك ھەييارلىقىڭ، ئىبلىستەك ئىغۋارىڭ بىلەن ئەلنى قايمۇقتۇردۇڭ! كىمنىڭ چىن ئىنسان، كىمنىڭ ئۇزۇن قۇلاق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ياراتقان ئىگەم ئايرىيدۇ.

— ئۆيۈڭدە بولغان ئىشتىن بېشىڭدا ئەگىپ يۈرگەن ئەجەل قۇشىنى كۆرۈپ ئۆلگۈرمىگەن ئوخشىمامسەن، ئەي نادان؟

— بىلدىم، «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئەزىز جېنىمنىڭ بىر ئۇچۇم غالجىر، تەلۋىلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولىدىغانلىقىنىمۇ قىياس قىلدىم.

جامالىددىننىڭ ئۆزلىرى پۈتمىغا سۆيۈپ ئەتىۋارلايدىغان رەھنىماسىغا قىلىۋاتقان يولسىزلىقىغا دەرۋىش - قەلەندەرلەر تاقەت قىلالمىدى. ئۇلار جامالىددىننى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەگەر خوجىسى توسمىغان بولسا، بۇ بىر توپ چىلبۆرىلەر پەيلىدىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ھاي - ھاي، — دېدى خوجا ئەلا سۇبىي، — پەيلى شەيتان، زەھەر تىل بۇ غەزەلخان مۇرتەد ئۆز پەيمانىنى لىقلىغىلى تۇرۇپتۇ. مەيلىگە قويۇڭلار! ۋاقتى توشقاندا ساپىقىدىن ئۈزۈلىدۇ. تەرىقىتىمىزنىڭ ئەغيارىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەل ئىبرەت ئالىدىغان بولسۇن!

جامالىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن خالتا كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بولغان ئىشلاردىن ئېسىنى تېخى تولۇق يىغىپ بولمىغان ئىدى، ئارقىسىدىن ئابدۇكېرىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جامالىدىن ئاكا! — ئۇ كەينىگە بۇرىلدى. ئابدۇكېرىم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ تىلىنى گەپكە

ئاران ئۆمەلل‌ىدى، ــ دوست خېنىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمكامنىڭ ئىشىك باقارلىرى مېنى قوغلىۋەتتى.

ــ سىلىنى نېمىدەپ قوغلايدۇ ئۇلار، ــ جامالىدىننىڭ باياتىن بېرى قورقۇش، غەزەپتىن تاتارغان چىرايىغا تېخى قان يۈگۈرۈپ بولالمىغانىدى.

ــ بىلمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ قورۇنىڭ ئالدىغا يولۇغۇچى بولما، دوست خېنىم ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ دەيدۇ.

جامالىدىن چۈشەندى. ئائىلە بەندگاھىنىڭ باشقۇرۇلۇشى چىڭىغان، دوست خېنىمنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەيلا چەكلەنگەنىدى. ھاياتنىڭ، سۆيگۈنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن جامالىدىن شۇ تاپ ئۆز ئىچىگە پاتمايۋاتاتتى. ئۇنى ئىلىم ئالغان، ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەنگەن دېگەندىمۇ ئۇ تېخى ئون سەككىزگە كىرىۋاتقان بالا ئىدى. ئۆزىگە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىققا ئۇ قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟! ئۇنىڭ قەلبىدە كېلىۋاتقان كەلگۈلۈككە قارشى بىر غەليان دەريا دولقۇنلىرىدەك كۆڭۈل قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ مەۋج ئۇردى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر كۈچلۈك ئىسيان ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىچكى داۋالغۇش بايا پۈتۈلۈپ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلغان ئاندىن دىمىقىدىن كەتمەيدىغان ھەسرەتلىك ئاھاڭ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ناخشىغا مۇراجىئەت قىلىپ تۇراتتى.

ــ سىلى ئۆيگە كېتىۋەرسىلە ئابدۇكېرىم، ــ دېدى ئۇ ئابدۇكېرىمگە بېشى بىلەن ئۆي تەرەپنى ئىشارە قىلىپ.

ــ سىلىچۇ؟
ــ مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار.
ــ ئىككىمىز بىللە قايتساقمىكىن، ئۇستاز.
ــ سىلى مېڭىۋەرسىلە دېگەندىكىن مېڭىۋەرسىلە، ــ جامالىدىن ئۇنىڭغا نارازى بولغاندەك قارىدى.
ــ ماقۇل، ئۇستاز.

ئابدۇكېرىم يەنە تاقىشىپ تۇرالمىدى ۋە ئارقىغا بۇرۇلدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن جامالىدىن ئىچىگە تولدۇرۇپ تىنىدى. بىردەم ئورنىدا قاتتىق ئويلاندى. «ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ‹باشقا كەلگەندە باتۇر› دەپتىكەن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. غەزىلىمدىن ئاۋۇ خوجا ئەلا سۈبىنىڭ تىتاڭ تومۇرلىرى تارتىشىپ كەتسە، ئىلياس دېگەن بەڭگىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلسا ئەجەب ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى سۆيگۈ تەختىمنىڭ سۇلتانى دوست خېنىم ئۆزىنى سېغىنغانلىقىمنى، ئۇمىد ئۈزمىگەنلىكىمنى ھېس قىلسا مۇرادىم شۇ. ئىچىمدىكى دەردلىرىم ئاشۇ غەزىلىم بىلەن بىر يولى چىقىپ كېتەر، ھېچبولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ ئىچىم بوشاپ قالار...»

ئۇ تۆۋەن كوچىغا قاراپ يول ئالدى. يولدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇ ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يېقىن كەلگەندە ناخشىنى باشلىدى:

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

دوست خېنىم ئامان، ئامان،
يا دەرد ــ ئەلەملەر يامان.

مۇڭ، ھەسرەت، ئازاب بىلەن ئوقۇلغان بۇ ناخشا قىش جىمجىتلىقىدا دىخاللىنى لەرزىگە كەلتۈردى. جامالىدىن بۇ ناخشا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان دەردلىرىنى بىر يولى تۆكۈۋەتتى. دوست خېنىمدىن سۆيگۈ رىشتىنىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋالدى. ئۇنىڭ بەندگاھتىكى بېشىغا ئامانلىق تىلىدى. ناخشىنى ھۇجرىسىدىكى دوست خېنىم ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ، پەنجىرە ئالدىغا كېلىپ قۇلىقىنى يول تەرەپكە تۇتۇپ پۈتۈن دىققىتى، ياق پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلىدى. ئۆيلىرىدە كاڭ ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقان ناخشا خۇمار دىخاللىلىقلار بۇ چىرايلىق ناخشىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ، ئۆيلىرىدىن يوللارغا يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قورۇسى تەرەپكە بويۇنداشتى. خوتۇنى بىلەن دوست خېنىمنىڭ توي ئىشىنى كېڭىشىپ ئولتۇرغان ئابدۇقۇددۇس ھاجىممۇ دەسلەپتە ئاڭلاپ، باشلىرىنى ناخشا ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ لىڭشىتىپ ھۇزۇرلاندى. ناخشىنىڭ نەقراتىدىكى دوست خېنىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ سىرتقا يۈگۈردى. ئۇ چىققاندا جامالىدىن دەرۋازا ئۇدۇلىدا تۇراتتى.

— ئۇنى تۇتۇڭلار، — دېدى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قولى بىلەن جامالىدىننى كۆرسىتىپ، — تۇتۇپ ئارقا ھويلىغا ئەكىرىڭلار!

ئىشىك باقارلار بىلەن بىرقانچە مالايلار كېلىپ جامالىدىننى تۇتتى. ئەمما جامالىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ «ئۇنى ئارقا ھويلىغا ئەكىرىڭلار» دېگەن

كېيىنى ئاڭلىغاچقا زادىلا قارشىلىق بىلدۈرمىدى. «ئىي ياراتقان ئىگەم، — دەپ نىدا قىلدى ئۇ، — دوست خېنىمنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە نېسىپ ئەتسەڭ ئەجەب ئەمەس.»

جامالىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىنىڭ ھويلىسىدىن ئۆتۈپ ئارقا ھويلىغا سۆرەپ چىقىلغىچە ھەممە يەرگە نەزەر تاشلايتتى. ئۇنىڭ دوست خېنىمنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكى ئۆزىنىڭ بىرنەچچە غالچا - مالايىنىڭ قولىدا دۆشكۈشلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرغانىدى. لېكىن ئارقا ھويلىدا ئۇنىڭ كۆزىگە تۇنجى بولۇپ كۆرۈنگىنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بولدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم غەزەپتىن قارىداپ كەتكەنىدى.

— بۇ نائەھلىنى باغلاڭلار! — بۇيرۇق قىلدى ئۇ.

مالايلار جامالىدىننى ھويلىدىكى سوغۇقتىن يالىڭاچلىنىپ دىردىرەپ تۇرغان يوغان ئاق ئۈجمىگە چەمبەرچاس باغلىدى. جامالىدىن باغلىنىۋېتىپمۇ، باغلىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئىشىكلەرگە تەلمۈرەتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشتى ۋە قولىدىكى قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— مەن بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنغۇدەك يۈرەكنى سەن نەدىن ئالدىڭ؟

— ھەددىم ئەمەس، ھاجىمكا، — جامالىدىن ئۇنىڭغا ئۆرە باقمىدى، — مەندىكى يۈرەك قارشىلىشىدىغان يۈرەك بولماستىن ئەل بولغان يۈرەك.

— ئۇنداق بولسا نېمىگە دەرۋازامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىزىمنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ غەزەل ئوقۇيسەن؟

— ئۇ مېنىڭ چىن سۆيگۈنۈمنىڭ ئالدىدا ئەل بولغانلىقىمنىڭ بايانامىسى.

— سېنىڭ دەرۋازامنىڭ ئالدىغا كېلىشىڭنى خالىمايدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا، يەنە نېمىگە كەلدىڭ، نېمىگە كاركىرايسەن؟!

— كەلمەي ئامالىم يوقتۇر.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قولىدىكى قامچىنىڭ دەستىسىنى ئۇنىڭ گېلىگە كۆچەپ پاتۇردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن قايتا كەلمە بولامدۇ؟

— كېلىش كەلمەسلىكىم مادارىغا تەۋە ئىش ئەمەس.

— بۇ ئەرزىمەس نىيىتىڭدىن يان، قايتا كەلگۈچى بولما، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنمە، ئەمدى ئاۋازىڭنى، ئىسمىڭنى ئاڭلىغۇم يوق، بىلدىڭمۇ؟!

— نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماققا ئىلاجىسىزمەن.

جامالىدىننىڭ جاۋابلىرىدىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. ئۇ ئادەملىرىگە بۇيرۇدى.

— بۇ نائەھلىنى قاتتىق ئۇرۇڭلار، پۇت - قولىنى سۇندۇرۇپ كوچىغا تاشلىۋېتىڭلار! يەنە نىيىتىدىن يانمىسا، تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆشىنى ئىتلارغا يەم قىلىۋېتىڭلار!

مالايلار جامالىدىننى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. جامالىدىنغا تېگىۋاتقان قامچا ئاۋازى باياتىن بېرى نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىققان بولسىمۇ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان دوست خېنىمنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتاتتى. جامالىدىنغا تەگكەن قامچىلار ئاۋىغانسېرى

ئـۇ ئاغرىقـقا بەرداشـلـىق بېـرەلـمىدى. ئـۇ ھـەر قېتـىـم «ۋايـجان» دەپ ئېچـىنىشـلـىق توۋلـىغاندا دوسـت خېنىـم ئۆزىنى قـويارغا يەر تـاپالماي قـالاتتى. ئاخـىرى ئۇ تاقـەت قىلالمىدى ۋە يـۈگـۈرگـەن پېـتى ئارقا ھـويلىغـا چىقىـپ، ئورۇۋاتقانلارنىڭ قولىغا ئېسىلدى. قىزىنىڭ بۇ ئىشىدىن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بار كۈچى بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

ــ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇڭلار!

دوسـت خېـنـىـمنـىـڭ بـۇ تـەمـبـەل، كـۈچـتـۈڭـگـۈر خىزمەتكارلارنى توسۇپ قېلىشقا زادىلا ئامالـى بولـمـىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا يېلىنىشقا باشلىدى:

ــ ئۇرمـاڭلار، ئۇرماڭـلار! سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قـالاي، جامالىدىن ئاكامنى ئۇرماڭلار!

بۇ ھـال ئابدۇقـۇددۇس ھاجىـمـنىڭ جەھـلىنى تـېخـىـمۇ قاتـۇردى. ئۇ باغ تېـمىغا يـۆلەكلىـك بىر كەتـمەن سىـپـى چوڭلۇقىدىكى كالتەكنى كۆرسىتىپ:

ــ ئاۋۇ كـالـتـەك بىلـەن ئـۇرۇپ پۇتـىـنـى چىقـىـرىۋې-تىڭلار، ــ دېدى.

شۇھامان قورقۇپ كەتكەن دوست خېنىم دادىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلدى.

ــ جېنىم دادا، رەھىم قىلىسىلا. كالتەك بىلەن ئۇرسا ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇرمىسۇن جېنىم دادا!...

ــ ئۇرۇڭلار!

جامالىدىنىنىڭ تۆۋەن پاچىقىغا ۋاققىدە تەگكەن كالتەك بىلـەن تـەڭ ئـۇ «ۋايـجـان» دەپ تـوۋلـىـۋەتـتـى. دوسـت خېنىمنىڭ يېلىنىشلىرى بىكارغا كەتتى. ئەكسىچە

دادىسىنىڭ قەھرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ دۇشمەنلىك، گىنا، ئاداۋەتتە قۇترىغان تەرسالىقى جامالىدىننىڭ پۇتى چېقىلغاندا ئازراق بېسىققاندەك بولدى. يۇرت ئەھلىگە داستىخىنى چوڭ، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ئىسسىق ماكان بولىدىغان، ھەتتا قۇشلارغىمۇ دان چېچىپ تۇرىدىغان بۇ ئۆي بۇگۈن رەھىمسىز قازىنىڭ قىيناقخانىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەنە تىللا خېنىم ئارقا ھويلىنىڭ پېشايۋان سۇپىسىدا كۆزىنى مىت قىلىپ قويماي ئولتۇرىدۇ. ھەنىپە نەدىن پەيدا بولىدىكىن دوست خېنىمنى يۆلەۋاتىدۇ، مالاي ـ چاكارلار ھوشسىز جامالىدىننى سىرتقا سۆرەپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.





## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

# ۋەھىملىك كېچە

جامالىدىننىڭ پۇتى سۇندى. دىلى ئازار يېدى. لېكىن ئۇ شۇ كۈنى دوست خېنىمنىڭ جامالىنى كۆرۈۋالغىنىدىن شۇنچە خۇش. ئۇ قەلبىدىكى ئادىمىنىڭ جامال ـ رۇخسارىنى كۆرۈۋېلىش بەدىلىگە يېگەن تاياق ئەرزىيدۇ، دەپ ئويلىدى. دوست خېنىم ئۇرۇۋاتقانلارنى توسۇدى. دادىسىغا يالۋۇردى! نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئاشۇنداق ھالقىلىق ۋاقىتتا مەيدانغا چىقالىدى. جامالىدىن ئاكىسىنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى يوشۇرمىدى. ئۆزىنىڭ بۇ تۇپەيلى يەنىمۇ ئېغىر كۈنگە قېلىشىدىن قورقمىدى. ئېچىنىشلىق دەملەردە مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. جامالىدىن ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ھەپتىدىن بۇيان ئۆيدە ئىڭراپ ياتىدۇ. باغرى ئازاب، ئەندىشىگە تولغان. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئايىغىدا پايپېتەك. قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك ۋەھىمە، تەشۋىش ئىچىدە. ئۇلار ئوغلىنى ئىلىم ئالسۇن، چوڭ ئىلىم ئېلىپ ئالىم بولسۇن، ئەل ئارىسىدا ھۆرمىتى ئۈستۈن بولسۇن دەپ ئويلىغان ئىدى ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئوغلى كەلگەندىن بېرى ئىككى قېتىم تاياق يېدى. ئەنە، پۇتىنى سۇندۇرۇپ كاڭدا ئاغرىق ياتىدۇ. ھۆرمەتتى بولسۇن دېگەن ئارمانلىرى

شامالغا يولۇققان كۆپۈكتەك ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ تەرەپتە خوجا ئەلا سۇببى زەھەر چىچىپ، بۇ تەرەپتە ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ يۈرىدۇ. يەنە ئۇ دوستى بولۇشقا تېگىشلىك دېمەتلىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغىمۇ دۈشمەنلىك بولۇپ قالدى. ئۇ ئابدۇكېرىم بىلەن قورغان كۆلبېشىغا ماڭغاندا ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشكەن، بىرەر ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قالمىغىيتتى دەپ ئەنسىرىگەنىدى، مانا ئەنسىرىگەندەك ئىش ئاخىرى يۈز بېرىپ، بەدەنلىرى قامچا بىلەن تىتىلىپ، پۇتى سۇنۇپ، ئىتنىڭ ئۆلۈكىدەك قەدىرسىز ھالدا تالاغا تاشلىۋېتىلدى. ئۇلار بۇ دەردىنى كىمگىمۇ ئېيتسۇن؟ شەھىدۇللا ئىمامغىمۇ؟ ئۇ ئادەممۇ كۈندە بىر كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئىلاجىسىز، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا گېپى ئۆتمەيدۇ. يەنە بىرنەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭمۇ ھاجىمدىن دىلى سوۋۇدى. ئۇنىڭدىن رەنجىدى. يۇرت ئاتىسى تۇرۇپ، بۇ ئادەم ئامال قىلالمايۋاتقان يەردە يەنە كىممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بارالايدۇ؟ ئۇنىڭغا يولىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلالايدۇ؟ «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەندەك، يەنە «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ». ئۇنىڭدا يۈز - ئابرۇي بار، مال - دۇنيا بار. كەينىدە يۈرىدىغان نەچچە ئونلىغان مالاي - خىزمەتكارلىرى بار. ھاجىم بىرلا ئىشارە قىلسا، بۇ غالچا - مالايلار ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇنىڭغا كىم تەڭ كېلەلىسۇن؟! جالالىدىنىنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن دەردىنى ئىچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال يوق. جامالىدىن بولغان ئادەم ئۆلگۈدەك تاياقنى يەپ تۇرۇپمۇ، «ھېچقىسى يوق، بۇ

كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمكامغا ئۇنى ـ بۇنى دەپ سالماڭلار، ئۇنىڭ جەھلى يەنە قاتمىسۇن، يول بىراقلا ئېتىلمىسۇن، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن گەپ بار. مەن تېخى دوست خېنىمدىن ئۈمىد ئۈزمىدىم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىغىچە بۇ يولدىن قايتمايمەن» دەيدۇ. بالا سارالڭ بوپتۇ، جاھىللىقتا ئۇچىغا چىقىپتۇ.

جامالىددىنىنىڭ كۆز ئالدىدا دوست خېنىم، دوست خېنىمنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان مالايلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىشلىرى، دادىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشلىرى... «ئۇ مېنى سۆيىدۇ. ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ سۆيگۈسىنى ماڭا تەقدىم قىلدى، ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبىنىڭ، ئەقىدىسىنىڭ جاۋابى ئۈچۈن، ئىككىمىز خالىغان شېرىن ۋىسال دەملىرى ئۈچۈن بۇ يولدىن يانماسلىقىم كېرەك. پۈتۈم سۇنغان بولسا ساقىيىدۇ. ئەنە، قورغان كۆلبېشىدىكى ھەكىم ئۇنى بىر ئوبدان تېڭىپ قويىدى. كۆڭلۈمدە دەز قالسا ئۇ مەڭگۈ ساقايماسلىقى، شۇ تۈپەيلىدىن بىر ئۆمۈر ئازابتا ئۆتۈشۈم تۇرغانلا گەپ. بۇ بىر تەقدىر ـ ئىرادە. كەلگۈسى بەختىم ئۈچۈن بۇنچىلىك ئازابلارغا بەرداشلىق بەرمىكىم لازىمغۇ؟!»

ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ كۆڭلىدە ئويلايدىغانلىرى ئاشۇنداق بىر ـ بىرىگە قارشى خىياللار. سىرتتا، بولسا ئەھۋال باشقىچە. جامالىددىنىنىڭ دوست خېنىمغا بېغىشلاپ ئوقۇغان ناخشىسى ئەلنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن. دىخاللىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بۇ ناخشىنى دىمىقىدا غىڭشىيدۇ. تالا ـ تۈزدە ئۇچرىشىپ قالغانلار بۇ ناخشىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. بولۇپمۇ ياقۇپ غەزەل تولا غىڭشىپ بۇ ناخشا بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ دۆتتارىنى ئېلىپ شۇنداق بىر چالغۇسى بار ئىدىكى، بۇ ناخشىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئابدۇقۇددۇس هاجىمغا بولغان نارازىلىقنى بىلدۇرۇپ قويماقچى بولاتتى. بۇ ناخشىنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق ناخشا ئەمەسلىكىنى، ئابدۇقۇددۇس هاجىم ۋە پۈتۈن خەلقئالەمگە جاكارلىماقچى بولاتتى.

ــ ۋاھ ـ ۋاھ، ــ دەيتتى ئۇ ئۇچرىغان كىشىگە، ــ ئوتتۇز يىل غەزەل ئوقۇپ ئۆتۈپتىمەن، مۇنداق غەزەلنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. نېمىدېگەن ئېسىل غەزەل بۇ؟

ــ ياقۇپكا، ــ دەيتتى، تۆۋەن كوچىدىكى ياشلار، ــ تولا غەزەل ـ پەزەل دەپ يۈرمىسىلە دەيمەن، كۆرمىلىمۇ ئاشۇ غەزەلنىڭ سەۋەبىدىن جالالىدىنكام تاياقتا قالدى، جامالىدىننىڭ پۇتى سۇنۇپ يېتىپتۇ. سىلىنىڭ باشلىرى يېرىلمىسۇن يەنە.

ــ هەي بالا، ــ دەيتتى ياقۇپ غەزەلمۇ، ــ مۇشۇنداق ئېسىل غەزەلنى ئوقۇپ، ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئارمان يوق جۇمۇ؟!

ــ غەزەل ئوقۇسا شۇنداق كۆڭلەرمۇ كېلىدىغان ئوخشايدۇ تېخى.

ــ قانداق دەيسىلە ئۇكام؟

ــ خوجا ئەلا سۇبىي غەزەلنى مۇرتەدنىڭ ئىشى، غەزەل ئوقۇغان ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ دەيدۇكەن. ئۆتكەندە جامالىدىن كوچىدا غەزەل ئوقۇپ ماڭغاچقا ئادەملىرىنى كېچىدە ئۇنى ئوجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئەۋەتىپتىكەن، ئۇ كۈنى ئۆيدە جامالىدىن بولمىغاچ ئامان قاپتۇ. ئەمما بار دەردىنى دادىسى جالالىدىنكام تارتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

ــ غەزەل بۇ خوجا ئەلا سۇبىي دېگەننىڭ نەرىگە تاقاشقاندۇ؟

— بىلمىدۇق، ئىشقىلىپ ئۇ ئادەم غەزەلگە ئۆچكەن. ئۇنى شەيتاننىڭ ئىشى، مۇرتەدلىك دەپ قارايدىكەن.

ياقۇپ غەزەلنىڭ قەلبىنى بىر كۈچ زىلزىلىگە سالدى. ھېلىقى ناخشا تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئىدى.ئۇ باللارغا قاراپ ناخشىنى بوش ئاۋازدا ئوقۇدى.

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

ئۇ ناخشىنى شۇقەدەر مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئوقۇدىكى، يېنىدىكى بەش ـ ئالتىچە ياش باللارمۇ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز جۆر بولدى.



دوست خېنىم ئامان، ئامان،
يا دەرد ـ ئەلەملەر يامان......

— نېمىدېگەن ئېسىل، نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن قالتىس غەزەل بۇ؟

— راست دەيلا ياقۇپكا، — دېيىشتى باللارمۇ تەڭ، — ھەقىقەتەن قالتىس غەزەلكەن بۇ!

— ئاۋازىمىزنى قويۇۋېتىپ بىر ئوقۇپ باقمايلىمۇ باللار؟

— بولدى قىلسىلا ياقۇپكا، — باللار قارشى چىقتى، — يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇپ، خوجا ئەلا سوپىي بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمغا يامان كۆرۈنۈپ قالمايلى.

ــ ئاناڭلار سىلىگە ئوغۇل بالىنىڭ شۇمىكىنى سالغانمۇ، قىز بالىنىڭكىنىمۇ؟ ئەلەد ـ داۋامدىن غەزەل ئاۋازى ياڭراپ كەلگەن كوچىلار بۇ. ئىچىمىزگە پاتمايۋاتقان بۇ غەزەلنى كوچىنى چاك كەلتۈرۈپ ئوقۇيالىساق، بىزنى قانداقمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولىدۇ؟

ــ شۇ ئەمەسمۇ، ــ دېيىشتى باللار.

ئۇلار ئاشۇنداق دېيىشكىنى بىلەن ناخشىنى بوش ئاۋازدا غىڭشىيتتى ـ يۇ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇيالمايتتى، بۇ هال تۆۋەن كوچىدىلا ئەمەس ئاق كوچا، خالتا كوچىلاردىمۇ، قورغان كۆلبېشىنىڭ ئاپتاپخانىلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى. دىخاللىنىڭ هەممە يېرىدە جامالىدىن، ئۇنىڭ ناخشىسى، ئابدۇقۇددۇس هاجىم، خوجا ئەلا سۇبىنىڭ گېپى بولاتتى. «دوست خېنىم جامالىدىنغا تېگىمەن» دەپتۇمىش دېگەن گەپ بىلەن باشلىنىپ «توۋا بۇ زامانىنىڭ باللىرىدا ئۇيات كەملەپ كەتتىمۇ نېمە؟» دېگەندىن ئۆتۈپ، ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى، خوجا ئەلا سۇبىنىڭ ئەۋلىيالىقىغىچە چالا قويماي، جامالىدىن ئوقۇغان ناخشىنىڭ هەقىقەتەنمۇ ئېسىل ناخشا ئىكەنلىكىنى ئەندىشە ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيانلىرىغا قارىشىپ تەستىقلىشىپ ئاخىرلىشاتتى.

جامالىدىنىنىڭ ئابدۇقۇددۇس هاجىم تەرىپىدىن پۇتىنىڭ سۇنغىچە تاياق يېگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر خوجا ئەلا سۇبىنىڭ قولىقىغىمۇ يەتمەي قالمىدى، ئۇ جامالىدىنىنىڭ هېلىقى كۈنى ئۆزىدىن ئايرىلىپلا يەنە غەزەل ئوقۇغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسا، شۇ

ناخشىسى سەۋەبلىك ئابدۇقۇددۇس ھاجىمدىن ئەدەپلەنگەنلىكىگە خۇش ئىدى.

— ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن، پىرىمنىڭ روھىنىڭ غەزىپىدىن، — دەيتتى ئۇ، — ئۇل مۇرتەد چوڭ گۇناھ قىلدى. گۇناھىنىڭ چوڭلۇقى تۈپەيلىدىن ئۇ دۇنيادا تارتىشقا تېگىشلىك جازاسىنى بۇ دۇنيادىمۇ تارتتى. ئۆلگەندە پىرىمىز ئۇنى كەچۇرمەيدۇ. يەتتە قات دوزاختا كۆيۈشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇدۇنيادىكى رىياكارلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئاللا تائالاۋەتەئالانىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭ پۈتىنى چېقىپ ناكار قىلدى. بۇ ناپاك نىيىتىدىن يېنىپ، ئەمەلىنى يۇغۇشتۇرمىسا، تىلى تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭ «تىلى تۇتۇلىدۇ» دېگىنى مۇرتلىرىغا ئەگەر ئۇ يەنە ناخشا ئوقۇسا «تىلىنى كېسىپ تاشلاڭلار» دەپ بېرىۋاتقان بېشارىتى، بۇيرۇقى ئىدى.

جامالىدىنىنىڭ يېگەن تايىقىدىن ئىلياس تېخىمۇ خۇش ئىدى. ئۇ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن دوست خېنىمغا جامالىدىنىنىڭ ئېرىشىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. بىر ئاي ئىلگىرى شەھىدۇللا ئىمامنىڭ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم تەرىپىدىن قوغلانغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭ پۈتىنىڭ سۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن تېنى تىرىسىگە پاتماي قالدى. «مەن ئىلياس كىم؟ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى، دوست خېنىمنىڭ لايىقى بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم، جامالىدىن بولسا، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرىمۇ ئەمەس! ھېسابتا ئۇ يېڭى كەلداخۇن، ئون يىلدىن بېرى مەن دوست خېنىمغا كۆيۈپ يۈرگەندە ئۇ نەدىكەن؟ ئۇنىڭغا ئەركەك چىۋىنىمۇ قونىدۇرماي ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىمدا ئۇ

نەدىكەن؟ ــ دەپ ئويلايتتى، ــ دادىسى دىگەن تەرسا، ئانىسى دىگەن هازازۇل ئۇنى ماڭا بەرمەيمىز دەپتۇ. ماڭا بەرمىگەننى ئۇنىڭغىمۇ بەرمەسلىك كېرەك. مەنغۇ ئۇنى خوتۇن قىلىش، ئەمرىمگە ئېلىش خىيالىمدىن ۋاز كەچمىدىم. پۇرسىتى بولسا تېخى ئۇنى ئېلىپ قاچىمەن. بىر ـ ئىككى كۈن ئېلىپ كۆزىدىن يوقالساق ئىش پۈتتى. دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۇ چاغدا دوست خېنىمنى ماڭا بەرمىگىنىنى بىر كۆرەي.»

دوست خېنىمنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بۆلەكچە ئىدى. ئۇ ئازاب يۇتاتتى. ھەسرەت چېكەتتى. دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇ كۈندىكى ئىشتا بىرەر نەرسە دېمىگەن بىلەن ئۇنى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىزدەپمۇ قويمىدى. ھەر كۈنى ئاغزىدىن قايماق ـ ھەسەل تۆكۈپ تۇرىدىغان تىللا خېنىممۇ قېشىغا دەسسەپ باقمىدى. ئۇنىڭ ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقىنى ياتقان. خىياللار قاينىمىغا چۆككىنى چۆككەن. «جامالىدىن ئاكامنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر؟ ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقانمىدۇ؟ شۇ كۈنى قولى سۇنغۇر مالايلار ئۇنى بەك ئۇرۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولسا، مېنىڭ ياشىغىنىمنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن، ھەممىگە مەن سەۋەبكار. مەن بولمىغان بولسام، ئۇ مېنى دېمىگەن بولسا، بۇنچە ئېغىر كۈنگە قالماس بولغىيتتى. ئۇ تاياق يەۋېتىپمۇ مېنى كۆرۈپ كۈلدى. ماڭا قاراپ ـ قاراپ تويمىدى. جامالىدىن ئاكام ھەقىقەتەن چىداملىقكەن. سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك ھەقىقىي بىر يىگىتكەن. ئەمما دادام بىلەن ئانام بولغان ئادەملەر ئىككىمىزنىڭ ئىشىغا قوشۇلمىغۇدەك. بۇنداق ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرساق ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشماقتا يوق،

ئارماندا قالغۇدەكمىز. ئۇ ئۆتكەندە ماڭا يازغان مەكتۇپىدا چۆل - باياۋانلارغا قېچىپ كېتىشكىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى پۈتۈپتىكەن. ھازىر مەن ئۆيدىن قېچىپ چىقسام ئۇ نەدىدۇر؟ مەن بىلەن بىللە قاچالارمۇ؟! مەنمۇ ئۆيدىن ئەپلەپ - سەپلەپ چىقالارمەن، چىقسام ئۇنى تاپالارمەنمۇ؟ تاپسام مەن بىلەن ماڭالارمۇ؟! ئاۋۇ ئىشىك ئالدىغا باغلانغان ئىككى يوتلۇق ئىتلار، رەھىمسىز غالچىلار ئابدۇكېرىمنىمۇ قوغلاشتى. ئۇ كەلگەن بولسىمۇ ئەھۋالىنى ئۇقاتتىم، ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ بىلەتتىم. ئۇھ، بۇ نېمىدېگەن تەس كۈن؟ قېنى مېنىڭ دەيمەن دېگىنىمنى دەيدىغان، قىلىمەن دېگىنىمنى قىلىدىغان چاغلىرىم؟! قېنى غەمسىزلىكىم؟ تۇۋا، ھەنىپە ئىككى ھويلىدا ئەركىن، سىرتلارغا چىقالايدۇ. قورغان كۆلبېشىغا بارالايدۇ. چوڭ دادامنى كۆرۈپ كېلەلەيدۇ. ماڭا چوڭ دادامنىمۇ كۆرسەتمىدى. نېمە گۇناھىم بار. مەھكۇملۇق غارىغا تاشلاشتى. ئەركىنلىكىمنى بوغدى. مېنىڭ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنىم ئۇلار بېرەلمىگىدەك چوڭ نەرسىمۇ ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىمغۇ؟ ئۆزۈمنىڭ خالىشى، ئارزۇيۇم بىلەن ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلالمايۋاتىمەن. كۆڭلۈم ئىستىگەن جانانىمنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەيۋاتىمەن. بۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى. ياشاپ ئازاب چەككەندىن ئۆلۈپ تىنچىغان مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

جامالىدىن ئاكا، ناۋاكەش بۇلبۇلنىڭكىدەك ئاۋازلىرىنى سېغىندىم. مېنى بۇ ھالغا يەتمەيدىغان رەھىمسىزلەرنىڭ قولىدىن ئازاد قىلسىلا، يانلىرىغا ئەكەتسىلە، يا مېنى ئېلىپ قاچسىلا، يا ئانامنىڭ يېنىغا

يولغا سالسىلا!...»

دوست خېنىم ئاشۇنداق خىياللار بىلەن كېچىنى تاڭغا ئۇلايدۇ. كۆزلىرى قىزارغان، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان. ئىچىدىكى ئۇلۇغ ئوتنىڭ تەپتىدە نەپەسلىرى ئاتەشلىك، كاللىسىدا گادىرماچ خىيال. دادىسى بىلەن ئانىسى كۆڭۈل ئەينىكىدە ئايان بولغاندا، تېنىنى تىترەك باسىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىلاجسىزلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ. ھەنپەنى ئويلىسا جەھلى قاتىدۇ. ھېلىگەر تۈلكە، زەھەرلىك يىلان سىياقىدا ئايان بولغان ھەنپە ئۇنىڭ سۆيگۈ ۋادىسىنى مالىمان قىلىپ تاشلايدۇ. ئىلياسمۇ ئۇنىڭ يادىغا كەلمەي قالمايدۇ، ئۇنىڭ بىزەڭلەرچە ھىجىيىشلىرى، ئاچ بۆرىدەك تىكىلىشلىرى، تۇتۇرۇقسىز، بىمەنە چاقچاقلىرى ئۇنى چارچىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ جامالىدىن ئاكىسىدىن باشقا ئادەمنى خىيال قىلىشتىن بىزار. خىيال ئالىمىدە ئۇ جامالىدىن ئاكىسى بىلەن سىردىشىدۇ، كەلگۈسى پىلانلىرى ئۈستىدە ئورتاقلىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ توي قىلىدۇ...

يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەھەل. دوست خېنىمنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىپ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئانىسى ئايان بولدى. «مېنى تونۇمايۋاتامىلا قىزىم؟ مەن سىلىنىڭ ئانىلىرى مۇنەۋۋەر بولىمەن». ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بېغى. گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، چېچەك ـ چوكانلار بوستان بولغان ئىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقتا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئويناق تاشلاپ ئاقماقتا ، دوست خېنىم تاش كۆلچەككە پۇتىنى چىلاپ ئولتۇراتتى. ئاق ياغلىق، ئاق چاچ، ئاق كۆڭلەكلىك بىر ئايال ئۇنىڭ

ئالدىغا كېلىپ، مەن سىلىنىڭ ئانىلىرى دەۋاتاتتى. دوست خېنىمنى قورقۇنچ، ئەيمىنىش، ئىككىلىنىش ئارىلاشقان بىر كەيپىيات ئىسكەنجىگە ئالدى. ئۇ ئايال قولىنى دوست خېنىمغا ئۇزاتتى. «قوللىرىنى ماڭا بەرسىلە قىزىم».

دوست خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ئايالغا قولىنى بەردى، پاختىدەك يۇمشاق، چوغدەك هارارەتلىك قول. ۋاھ! نېمىدېگەن مېھرلىك؟ ئۇ ئايال دوست خېنىمنى ئالدىغا بوش تارتتى ۋە «ئازابلانمىسىلا قىزىم، مەزمۇت بولسىلا، ھەرقانداق كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا مەن بارغۇ؟ مەن تۇرسام نېمىدىن قورقىلا؟ ئەمدى سىلىنى ئۆزۈم باقىمەن، جامالىدىنغا ياتلىق قىلىمەن. ئارزۇلىرىغا قاندۇرىمەن قىزىم!» دوست خېنىم ئانىسىغا ئېسىلىپ مەھكەم قۇچاقلىدى.

«تاراق» قىلغان ئاۋاز كۆلۈمسىرىگەن ھالدا يوتقاننى چىڭ قۇچاقلاپ ياتقان دوست خېنىمنى شېرىن چۈشىدىن ئويغاتتى. «نېمە ئاۋازدۇ بۇ؟» چۆچۈپ ئويغانغان دوست خېنىم دەر مەھەل جىددىيلەشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغۇدەك گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى.

ئارقىدىن پەگاھتا «شىپىر - شىپىر» ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كىم؟ — دېدى دوست خېنىم.

— بۇ مەن، ئىلياس! ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىلە؟ — ئىلياس ئېتىلىپ بارغىنىچە يېرىم يالىڭاچ دوست خېنىمغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ دېدى، — ئاۋازلىرىنى چىقارغۇچى بولمىسىلا، ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەنلا بىزمۇ يەتتە - سەككىز قاۋۇل ئەر، مالايلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساق قان تۆكۈلىدۇ بىكار.

ئىلياسنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى ئارىسىدا

تىپىرلاۋاتقان دوست خېنىم ئاۋازىدىن ئۇنىڭ راستىنىلا ئىلياس ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە قاتتىق ۋاقىرىماقچى بولدى.لېكىن ئېغىزىدا ئىلياسنىڭ يوغان قولى بولغاچقا ئاۋازى چىقمىدى.

ــ ياۋاش بولسىلا، سىلى بىلەن دېيىشىدىغان مەسلىھەتىم بار. يەنە ۋارقىرايمەن دېسىلە، مۇشۇنداق تۇتقان پېتى جانلىرىنى ئالىمەن.

دوست خېنىم «ماقۇل» مەنىسىدە بېشىنى تەستە لىڭشىتتى.

ھېلىقى كۆرگەن ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم شېرىن چۈشىنىڭ ۋەھىمىسى تۇگىمەستىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋالنىمۇ چۈشۈم بوپ قالسىكەن دەپ ئويلىغان دوست خېنىمنىڭ يوغان ھەم كۈچلۈك ئالىقان ئاستىدا نەپىسى بوغۇلۇپ قالغانىدى. ئۆزىنى ئىلياسنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىشقا قانچە ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ پۇت ــ قولىدا ماغدۇر قالمىغانىدى. ئۇ جۇدۇندىكى ياپراقتەك دىر ــ دىر تىترەيتتى. ئىلياس ئۇنىڭغا ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ئۇنداق بولسا، سىلىگە ئىشەندىم. ئېغىزلىرىنى قويۇۋەتتىم، گەپلىرىدە تۇرمىسىلا ئاقىۋىتىگە ئۆزلىرى ئىگە.

ئېغىزى ئىلياسنىڭ قولىدىن ئاران ئازاد بولغان دوست خېنىم، دەسلەپتە ئۆزىگە يېقىن تۇرغان ئىلياسنى كۈچەپ ئىتتىردى. ئاندىن ئۇستىگە ياپىدىغان يوتقاننى قاپقاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ ئىزدەپ ئۆزىگە تارتتى ۋە:

ــ نېمانچە يولسىز ئادەم سىلى؟ ــ دېدى.

ــ ئىش يولى بىلەن پۈتمىدى. سىلى مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىللا.

— نېمە قىلماقچى سىلى؟
— سىلىنى ئېلىپ قاچماقچى.
— نېمە؟ — دوست خېنىمنى ھەم غەزەپ، ھەم قورقۇنچ باستى، — ئۆلۈكمىنمۇ، تىرىكمىنمۇ؟!
— دەرھال كىيىملىرىنى كىيىسىلە. قارشى تۇرسىلا سىلىنى قالقان قىلىمەن ـ دە، مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭىمەن.
— كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرماي تېز يوقالسىلا، دادامنىڭ ئاچچىقىنى ئوبدان بىلىلا، ئۇ غەزەپ قىلسا، ھېچكىمنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ.
— سىلىنى بۇگۈن بۇ ئۆيدىن ئېلىپ كەتمىسىلىك مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن ئوخشاش.
— بولمىسا ۋارقىراپ ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىمەن!
— ئالدىمغا ئاۋۋال كىم كەلسە، شۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن. بىلىپ قويسىلا، دادىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە!



ئۇشتۇمتۇت ئارقا ھويلىدىكى بۆرە ئىت قاتتىق قاۋاپ كەتتى. ئۇ ھويلىدا كۆزەتتە تۇرغان ئىلياسنىڭ ئادىمىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇزاق ئۆتمەي پايلاقچى دوست خېنىمنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى.
— ئەھۋال چاتاق، ئىشىك باقارلار ئويغىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ قورقۇنچ ئارىلاشقان جىددىي تەلەپپۇزدا.
ئىلياس شۇ ھامان دوست خېنىمنىڭ قولىدىن تارتىپ پەسكە سۆرىدى، دوست خېنىم پۈتۈن كۈچى بىلەن پۈتىنى تىرەپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

ــ جاھىللىق قىلماي، چىرايلىقچە مەن بىللە ماڭسىلا!

ــ ماڭمايمەن!

ھويلىدا بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى ئاۋاز يەنە دېدى:

ــ ھويلىغا ھاجىمكامنىڭ ئادەملىرى كىردى.

ــ قاچايلى، ــ ئىلياس دوست خېنىمنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئاتتى.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن دوست خېنىمنىڭ ئەمدى ۋارقىراي دېسىمۇ ئاۋازى چىقمايۋاتاتتى. ئۇ يۈرىكىنى چىڭ قاماللاپ تۇرۇپ ھويلىغا قۇلاق سالدى. كالتەكلەرنىڭ بىر ــ بىرىگە تاراڭ ــ تۇرۇڭ تەگكەن ئاۋازىدىن كېيىن، بىرىنىڭ «قوغلاڭلار! بىرىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن!» دېگىنى ئاڭلاندى.

ئەتىسى قورغان كۆلىبېشىدا ئىلياس دوست خېنىمنى بۇلىغىلى كېچىدە ئابدۇقۇدۇس ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. لېكىن سېزىلىپ قېلىپ، قېچىپتۇ. ھازىر ئىلياسنىڭ نەگە قاچقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، دېگەن گەپ تارقالدى.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## شۇم خەۋەر

ئىلياسنىڭ كىچىدە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە كىرىپ دوست خېنىمنى بۇلاپ قاچماقچى بولغانلىقى دىخاللىقلارنى ھەيرانۇ ھەس قىلدى. قورغان كۆلبېشىنىڭ ئاپتاپخانىسىدىكىلەرگە قىلىدىغانغا پاراڭ چىقتى. قاتلىقى يوغان ئاق تېرە تۇمىقىنى سىڭار يان كېيىۋالغان قىزىل يۈز، چارساقاللىق كىشى ئۇستىلەپ قويۇلغان بىرنەچچە خام كېسەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كىچىككىنە ناس قاپىقىدىن بىر چېكىم ناسنى ئالىقىنىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، ئاستىنقى كالپۇكىنىڭ ئىچىگە بېسىۋېتىپ گەپ باشلىدى.

— ئىلياسنىڭ يۈرىكى قاپتەك باركەن جۇمۇ، ھاجىمكامنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە تەۋەككۇل قىلالاپتۇ. ھويلىدا ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن كالتەكلىشىپتۇ تېخى.

چار ساقال ناسكەشنىڭ گېپى بىلەن ھەممەيلەن ئۆزلىرى ئاڭلىغان، ھەتتا پەرەز قىلغانلىرىنى قوشۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھاجىمكامنىڭ بۆرە ئالغۇدەك ئىتلىرى، ئېيىقتەك كۈچلۈك ئىشىك باقارلىرى تۇرسا ئۇلار قانداق كىرگەندۇ؟

— ھەرقانچە قانىتى بولسىمۇ توققۇز پەخشىلىك، قاغا

جىگدىنىڭ شوخىسىدا چىتىلغان ئىپگىز تامدىن قانداق ئارتىلىپ كىرگەندۇ؟

ــ سىلەر بىلمەمسىلەر؟ ــ يىگىرمە ياشلاردىكى بىرى گەپ قاتتى، ــ ئىلياس بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆزى كىپچىدە مولۇننىڭكىدەك كۆرىدىغان، ھەرىكىتى مۇشۇكنىڭكىدەك چاقىقان تۇرسا. ئۇلار ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بىر توپلار.

ــ ئۇلارنى تامدىن ئارتىلدۇرغان كۈچ، ــ چار ساقال بېشىنى غەلىتە سىلكىدى، ــ ئىشق. ئىشق دېگەن ئادەمنى ئاشۇنداق ھەر كويلارغا سالىدۇ. قارام قىلىۋېتىدۇ، ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ. ئىشق دېگەن كور نەرسىدۇر.

ــ دوست خېنىم ئۆزىمۇ جانىنى تىككىدەك قىز تۇرسا، ــ تىلىنى تامشىتتى بىر يىگىت.

ــ مەيلىلىرى بولسا سىلىمۇ مەيدانغا چىقمامىلا؟ ــ چار ساقال چاقچاق قىلدى.

ــ مەنسىزمۇ دوست خېنىم تالاشتا قېلىۋاتىدىغۇ؟ يۇرتىمىزنىڭ ئىككى كۆز بالىسى توختىماي ئۇنى تالىشىۋاتىدۇ.

ــ سىلىمۇ بىر ئەر بولغاندىكىن تىللىرىنى يالىماي، كۆڭۈللىرىدىكىنى دەپ باقسىلا ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قىزىنى سىلىگە بېرىۋېتەرمۇ، تېخى.

ــ خۇدايا بىر توۋا دېسىلە. يوغان ـ يوغان كىتابلارنى ئوقۇپ، بىرمۇنچە ئىلىم ئالغان، خوجا ئەلا سۇبىسىنىڭمۇ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋېتكەن جامالىدىنغا بەرمەي، ئۇنىڭ پۇتىنى چېقىپ ياتقۇزۇپ قويغان، قورغان كۆلبېشىنىڭ نوچىسى ئىلياسنى يۇرتتا تۇرالماس قىلىۋەتكەن ھاجىمكام دوست خېنىمنى ماڭا بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن،

جىنىمنى ئالار...

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشتى. كۈلكە ئاۋازىغا قوشۇلۇپ بولۇنۇۋاتقان گەپلەر دىخاللىنىڭ ھەممە يېرىگە تارىدى. شۇ قاتاردا جامالىدىننىڭ قۇلىقىغىمۇ يېرىپ يەتتى. ئىلياسىنىڭ ئىشى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. ئىچىنى كۆنداشلىق ئوتى كۆيدۈردى. پۇتى ساق بولغان بولسا ئۇ بۇ پەيلى بىلەن ئىلياسنى ئىزدەپ تاپاتتى...

ئوغلىنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئاتىنىڭ قەلبى ھېس قىلدى. بالىسى ئۇچۇن ئارا تۇرالمىغىنىدىن، ھېچ بولمىغاندا بىرىدىن نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ، دېيەلمىگىنىدىن ھەسرەت يۇتتى. ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى تەنتەكلىكىنىڭ بۇگۈن بۇنچە چوڭ ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگىنىدىن ئۆكۈندى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەممە كېلىشمەسلىككە ئۆزى سەۋەبكار ئىدى. ئەمدى ئۇ ئوغلىنىڭ يەنە بىر قېتىم پېشكەلچىلىككە يولۇقۇشىنى زادىلا خالىمايتتى. بۇ ئىش يەنە تەكرارلانسا ئۇنىڭغا ئۆزىمۇ، ئوغلىمۇ، ئوغلىنىڭ ھالىدىن يۈرىكى تۇگىشىپ كېتىۋاتقان خوتۇنىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئوغلى تۇرۇپ كەتسە، قەددىنى بىر رۇسلىسا، ئاندىن قەشقەرگە كەتسە، شۇ يەردە ئون يىل ئوقىسىمۇ رازى ئىدى.

— جامالىدىن بالام، — دېدى دادا پەس ئاۋازدا ئوغلىغا قاراپ، — ئۆزۈڭنى نېمىگە بۇنچە خورىتىسەن؟ ئىلياسىنىڭ ئىشىنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇنىڭدىن بىئارام بولۇشۇڭنىڭ ئورنى يوق.

— ئالاقىسى بار دادا، — ئۇنىڭ دادىسىغا يۈزلىنىۋاتقان چاغدا پۇتى مىدىرلاپ كەتكەن چېغى «ۋايجان» دەۋەتتى.

ئاغرىقى قويغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ چىن سۆيگۈگە ھاقارەت قىلغۇچى، يولسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان لۈكچەك. ئۇ مەقسىتىگە يېتىشتە ۋاستە تاللىمايدۇ. ئەگەر دوست خېنىم ئۇنىڭ قولىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، مەن جاۋابكار بولغان بولىمەن. ئۇنى قوغدىيالمىغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزۈم قارا بولىدۇ.

— يەنە دوست خېنىمنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەنغۇ ئوغلۇم؟ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭمۇ يەتمىدىمۇ؟

— ئۇزۇنغا بارماي ئورنۇمدىن تۇرىمەن. پۇتۇممۇ ساقىيىدۇ.

— ئاناڭ ئىككىمىزنى خوش بولسۇن دېسەڭ، بۇ نىيىتىڭدىن ئەمدى يان ئوغلۇم!

ئاتا ـ بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئاغىچىخانمۇ يىلىنىش ئاھاڭىدا گەپ قاتتى.

— سەدىقىلىرى بولاي بالام، دادىلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا. پۇتلىرى ئۇششىلىپ ماڭغۇدەك بولغانلىرىدا كۆڭلىمۇ ئىللىپ قالىدۇ. قەشقەرگە بېرىپ ئىلىم ئالىدىغان ئىشلىرىنى قىلسىلا. بىرەر يېرىم يىل بۇ يۇرتقا كەلمىسىلە. سىلىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ بولدى مېنىڭ.

جامالىدىن ئانىسىنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى قاچۇردى. بۇ ھەقتە كۆڭلىدىكىنى ئېيتسا، گەپتىن گەپ چىقاتتى. قارىغاندا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ خىيالىغا قارشى ئىدى. مىڭ دېسىمۇ ئۇلار ئوغلىنى قوللىمايتتى. جامالىدىن ئۇچۇن بۇنچە ئاغرىق ئۇنىڭ كۆڭۈل خالىشىنى ئاخىرىلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولالمايتتى. ئاتا، ئانا بولغۇچى

ئۇچۇن پەرزەنتىنىڭ كۆڭلىگە قارىغاندا ئۇنىڭ جېنى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئاتا ـ ئانىسىنى قايىل قىلىشقا ئىشىنەتتى. شۇڭا جىممىدە خىيالغا كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمدىمۇ كۆز ئالدىدا دوست خېنىمنىڭ سىيماسى. خىيال قىلسا خىيالىدا، ئۇخلىسا چۈشىدە. ئەنە، بىئىلاجلىق، غەم ـ غۇسسە، ئازاب، كۆزيېشىغا يەم بولۇپ كېتىۋاتقان دوست خېنىم. ئۆزىگە يىراقتىن قوللىرىنى سوزۇپ نالە قىلىۋاتقان دوست خېنىم. جامالىدىن ئاكام مېنى ۋىسالىمغا يەتكۈزىدۇ دەپ ئۈمىدلىك بېقىۋاتقان دوست خېنىم. قەلبىدىكى مۇھەببەتنى ئۇلغايتىپ ئۇلۇغ ئوتقا ئايلاندۇرۇۋاتقان دوست خېنىم!...

جامالىدىن پۈتى ئاغرىغاندا ۋايجانلاپ، ئاغرىقى قويغاندا دىمىقىدا دوست خېنىمغا بېغىشلىغان ناخشىسىنى غىڭشىپ قىشنى باھارغا ئۇلىدى.

*　　　　*　　　　*

ئۇستۇنئاتۇش يەنە باھار پەسلى ھەدىيە قىلغان يېشىل لىباسىنى كىيدى. ئېرىقلارغا سۇلار تولۇپ ئاقتى. چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. دەريا شاۋقۇنى قۇلاقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. جامالىدىن پەنجىرىلەرنىڭ قەغىزى سويۇلۇپ، ئۆي ئىچىگە باھارنىڭ ھىدى لىققىدە تولغاندا، بىر جۈپ قولتۇق ھاسىسىنى تاشلىدى. ئۇ كىچىك بىر تاياققا ھاسا ئورنىدا تايىنىپ سىرتلارغا چىققالايدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى. ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ

دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىپايان ئېتىزلاردا بۇغدايلارغا بىرنەچچە يىگىت گەجگە سۇيىنى ئاچماقتىدى. بىر يىگىت جامالىدىنىنىڭ يېنىدىنلا غىڭشىپ ناخشا ئوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

دوست خېنىم ئامان، ئامان،
يا دەرد ـ ئەلەملەر يامان.

جامالىدىن ھەيرانلىق ئىچىدە يىگىتكە قارىدى. يىگىت بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر قىسما بولۇپ قالدى. يا خۇش بولغانلىقىنى، يا ئاچچىقىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلالمىدى. قىشچە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان بۇ غەزەل قانداق بولۇپ بۇ سۇچى يىگىتنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغاندۇ؟ تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئىچى تارلىق قىلدى. ئۇ يىگىتنىڭ دوست خېنىمنىڭ نامى بىلەن ناخشا ئوقۇپ يۈرگىنىگە ھەسەت قىلدى. ناخشىنىڭ ئىچىدىكى دوست خېنىم ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك يۈز ـ بويۇنلىرى پوكاندەك قىزاردى. ئۇنىڭ دەريا تەرەپكە ئۆتكىسى كەلدى. ھاسىغا تايىنىپ بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئارقاڭغا قارا دېگەندەك سېزىم بولدى، ئۇ ئارقىسىغا بۇرىلىپ ئۆزى تەرەپكە كۈلگەنچە كېلىۋاتقان ھەنىپەنى كۆردى.

ھەنىپەنىڭ كۈلۈشتىكى ھالىتى جامالىدىنغا ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇئان ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى.

— ئەسسالام، جامالىدىن ئاكا، — دېدى ھەنىپە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — مەن خۇش بولۇۋاتىمەن، سىلى دۈشمەنلىرىنى كۆرگەندەك نەزەرلىرىنى مەندىن ئەيىبچىۋاتىلىغۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — جامالىدىن ئۇنىڭ سالامىنى سوغۇقلا ئىلىك ئالدى، — نېمىگە خۇش بولۇۋاتىلا؟

— سىلىنى كۆرۈپ، سىلىنىڭ ساقايغانلىرىنى كۆرۈپ بولمامدۇ؟

— رەھمەت، — جامالىدىن يەنە ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۈمەلەپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

— گەپلىرىنى ئىچلىرىگە يۇتۇۋەتلىغۇ، — جامالىدىندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ھەنىپە بىلىۋالغانىدى، — نېمە دېمەكچى بولغانلىرىنى بىلىمەن.

— سىلى قانداق بىلىلا؟

— بىلىمەن. سىلى دوست خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى.

دوست خېنىمنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن جامالىدىن ئۇنىڭ ھالىنى بىلىشكە ئالدىرىدى.

— ئۇ قانداقراق؟

— ھالى بوش. يالغۇزلۇقنى خالايدۇ. ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدۇ. مېنىمۇ قېشىغا يولاتماس بولدى.

— ئۇنى يالغۇز قويۇشقا كۆڭۈللىرى قانداق يول قويدى؟

ــ ئەمدى ئۇ يالغۇز قالمايدۇ.
ــ گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.
ــ ئۆيدىكىلەر توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش.
ــ دوست خېنىمنىڭ توينىڭ تەييارلىقى بىلەنمۇ؟
ــ ھەئە. ئاخىرى تىللاخان ئانامنىڭ گېپى گەپ بولدى. ياندۇرقى ھەپتە ئۇنىڭ تىللاخان ئانامنىڭ خالتا كوچىدىكى پاپىسنىڭ ئوغلى ئابدۇمجىت بىلەن تويى بولىدۇ.

ھەنىپەنىڭ شۇنچە راھەت، شۇنچە خۇشھال ـ خۇرام قىلىۋاتقان گەپلىرى جامالىدىننىڭ تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىگە چىقىپ توختىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى چاقماق سوققاندەك قاتتىق سىلكىندى. چىرايى تاتىرىپ قېنى قاچتى. ئۇنىڭ يادىدىن تېزلا بىر سوئال كەچتى. بۇ ئىشنى دوست خېنىم بىلەمدىغاندۇ؟

ــ ئۆزىنىڭ توينىڭ بولىدىغانلىقىنى دوست خېنىم بىلەمدۇ؟

ــ ياق. ئۇ بىلسە يىغلاپ جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ. ھاجىم دادام بىلەن تىللاخان ئانام بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن خۇپىيانە تۇتۇشنى ھەممىمىزگە تاپىلىدى. بىر ھەپتە ئۆتسىلا ئابدۇمجىتنى ئۆيگە ئىچ كۈيئوغۇل قىلىپ ئەكېلىۋالماقچى. ھەممە ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

جامالىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. تىلى گەپكە كەلمەيتتى. بىر جۈپ كۆزى ھەنىپەگە بىر جۈپ كاماردەك ئىپادىسىز تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادىدىن خالتا كوچىدىكى ئۆزى بىلەن دىمەتلىك ئابدۇمجىت كەچمەكتىدى. كىچىكىدە بالىلار بىلەن ئويناماي ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى بىر چەتتە كۆرۈپ تۇرىدىغان سېرىق ئۆڭلۈك

بالا. جامالىددىن بۇخارادىن كەلگەندە باشقىلار قۇچاقلاپ كۆرۈشسە ئۇ ئۆزىگە قىزىرىپ، قورۇنۇپ قول بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدا دوست خېنىمنى ئالمەن دېگۇدەك يۈرەكمۇ يوق. بۇ ئىشتا ئابدۇمەجىت ئەيىبلىك ئەمەس. ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش پىلانىنى چوقۇم ھاممىسى تىللا خېنىم تۈزگەن گەپ.

— ئەجەب ماڭا قاراپ كەتلىغۇ؟ — ھەنىپەمۇ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ نازلىنىپ سورىدى.

— ھە، — جامالىددىن ئېسىگە كەلدى. كۆزىنى ھەنىپەدىن قاچۇردى.

— بۇ ئىشتا سىلى يېڭىلىپ قالدىلا، جامالىددىن ئاكا.

ھەنىپەنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ جان جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۆلسەممۇ يېڭىلمەيمەن! ئۇنى ئۆزى سۆيمەيدىغان كىشىنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمەيمەن.

— سىلى ھازىر ئازابلىنىۋاتىلا، — دېدى ھەنىپە مۇغەممبەرلىك بىلەن، — ئازابلىرىنى تۈگىتىشنىڭ ئامالى بار.

— ئېيتسىلا، قانداق ئامالى بار؟ — ئىتتىك سورىدى جامالىددىن.

— مېنى ئەمرىلىرىگە ئالسىلا. سىلىگە لازىم ھەممە خۇشاللىقنى مەن بېرەلەيمەن. سىلىگە بىر ئۆمۈر قۇل - دېدەك بولۇپ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا تەييارمەن...

— بولدى قىلسىلا! — ھەنىپەنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ قاتتىق ۋارقىرىدى، — تاشنى تاياقتا تاڭماق بەسى مۇشكۇل! كۆزۈمدىن يوقالسىلا!

ــ ھا ـ ھا ـ ھا، ــ ھەنىپە بار ئاۋازى بىلەن كۈلدى، ــ كالللىلىرىدىن ئادىشىپلا...

ھەنىپە كەتتى. ئۇ شۇنچە سالماق كۆرۈنەتتى. قەدەملىرى تولىمۇ يەڭگىل ئىدى. ئۇ ئۆزى ئېرىشەلمىگەنگە دوست خېنىمنىڭمۇ ئېرىشەلمىگىنىدىن خۇشھالدەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتى جامالىدىن ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى دوست خېنىمنىڭ خۇپيانە بولىدىغان تويى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، گېلىنى بىر كۇچلۇك ئەمما رەھىمسىز قول بوغۇۋاتقاندەك نەپەسلىرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ھەنىپەدىن ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭغا ئاڭلاشنى زادىلا خالىمايدىغان شۇم خەۋەر ئىدى.





## قىرىقىنچى باب

## «ئانا، يانلىرىغا بارىمەن»

كۈننى مىڭ تەستە كەچ قىلغان جامالىدىن خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئابدۇكېرىمگە قارا تاينى تۇتقۇزتتى. ئۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ «بۇ كېچىدە نەگە بارىلا» دېگەنلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئاتقا مىنىپ تۆۋەن كوچىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. جالالىدىن بىلەن ئاغىچىخان ئابدۇكېرىمنى «ماڭسىلا بالام، ئۇنىڭغا ئىگە بولسىلا» دەپ كەينىدىن يۇگۈرۈتتى. ئۆزلىرى بولسا، باشلىرىنى چايقىشىپ، كالپۇكلىرىنى چىشلىشىپ قېلىشتى.



سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. جامالىدىن قورغان كۆلبېشىدىن ئۆتۈپ، تۆۋەن كوچىغا چۈشكەندە يۈرىكىنىڭ قات ـ قاتلىرىغا ئورناپ كەتكەن ھېلىقى ناخشىنىڭ ھەدەپ بوغۇزىغا ئېتىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تۇرۇپلا ناخشىنى ئوقۇماسلىقنى تايىن تاپتى. چۈنكى ئۇ بۇ ناخشىنى ئوقۇغان، ناخشا سەۋەبلىك پۈتى سۇنغان، شۇ ناخشا سەۋەبلىك دوست خېنىم زىندان ئازابىدا. ئۇ نېمىشقا بۇ كوچىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۆزىمۇ بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. بەلكىم دوست خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دېگەندۇ ياكى ئۇنىڭ قەدەم پايىسىنىڭ ئىزى چۈشكەن كوچىلاردىن مېڭىشنى قەلبى ئىستىگەندۇ.

ھېچبولمىغاندا كۆڭۈل مەيلىنىڭ سۇلتانى، نىگارى دوست خېنىمنىڭ ھىدلىرى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ قالار.
قارا تاي ھېلىمۇ يورغىسىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ يەنە تۇياقلىرىدىن توپا چاچرىتىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئوي ـ خىيالى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قورۇسىغا، ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىدىغان بىرەر تىۋىشكە مەركەزلەشكەن جامالىدىن ئات ئۈستىدە. ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆزىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز. ئاتنىڭ يورغىسى ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشقاندا جامالىدىننىڭ يۈگەننى بوشقىنا سىلكىپ قويۇشى بىلەن ئاستىلىدى. ئات ئىگىسىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندەك قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى. دەرۋازا پېشايۋىنىنىڭ سۇپىسىدا ھېلىقى كونى كالتەك بىلەن پۇتىغا ئۇرغان مالاي ۋە يەنە ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. جامالىدىن ئۇلارنى ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ئىلياس قورۇغا ئوغرىلىقچە كىرگەندىن بۇيان قورۇسىنى باقىدىغان ئادەملەرنىڭ سانىنى كۆپەيتكەنىدى. جامالىدىن دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى دەرۋازا بېقىپ ئولتۇرغانلار دەرھال ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراشتى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ «بۇ ھېلىقى كۇلالچىنىڭ ئوغلىغۇ، بۇ كېچىدە نەگە ماڭغاندۇ؟» دېگەنلىرى قۇلىقىغا كىردى. جامالىدىن يۈز قەدەمچە نېرىگە ئۆتۈپ، ئاتنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى. ئات يەنە بىر خىل رىتىمدا مېڭىپ دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتتى. جامالىدىن ئاي يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاراپ

مەنىلىك باش لىڭشىتمۇاتقانلىقىنى كۆردى. جامالىدىن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ يەنە يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ئاتنى يەنە ئارقىغا بۇرىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئىشىك باقارلار يولغا چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توردى.

— كىمسەن؟

— مەن جامالىدىن، سىلەر بايىلا تونۇۋالغانغۇ دەيمەن.

— بۇ كېچىدە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ئاللانىڭ زېمىنىنىڭ ئۈستىدىكى يولدا مېڭىۋاتىمەن.

— بۇ يولدا ئات بىلەن بۇنداق ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ.

جامالىدىننىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ پۇتىنى سۇندۇرغان كىشى ئىدى.

— ئات بىلەن ماڭمىسام، ماڭالمايمەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنى سىلى ئوبدان بىلىلا.

— سەن... سەن... — ئۇنىڭ تىلى كالۋالاشتى. شۇندىمۇ ئۆزىنى تېزلا ئوڭشاپ، — ھېلى بىكار يەنە بىر پۇتۇڭنىمۇ...

— يەنە بىر پۇتۇمنىمۇ چاقامىلا؟ — جامالىدىن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتتى.

— مەمەدانلىق قىلماي چۈشە ئاتتىن! — دېدى يەنە بىرى بوغۇق ئاۋازدا.

— چۈشەلمەيمەن، — جامالىدىن بەخىراman جاۋاب بەردى.

شۇ ئارىدا ئابدۇكېرىم ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، جامالىدىنغا:

ــ جامالىدىن ئاكا يۇرسىلە كېتەيلى، بۇلار بىلەن گەپ تالىشىپ يۇرمىسىلە، ــ دېدى..

ــ هوي، بۇ هېلىقى كىتابخان تالىپقۇ، ــ دېدى ئۇلاردىن يەنە بىرى ئابدۇكېرىمنىڭ ئېگىكىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ــ بۇنىڭ خېلى هوشى جايىدىكەن.

ــ ئۇنىڭ ئېگىكىنى قويۇپ بەرسىلە، ئۇمۇ بىر ئادەم، ــ دېدى جامالىدىن هېلىقى مالايغا.

ــ سەن بۇ يەرگە جېدەل تېرىغىلى كەلدىڭمۇ نېمە؟ ــ ئۇ هەمراهلىرىغا قاراپ غۇدۇرىدى، ــ ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئارقا هويلىغا يەنە بىر قېتىم ئېلىپ كىرسەك، ئاندىن بىراقلا بېسىقىدۇ بۇ موللىچاق.

ــ بىز بۇنىڭغا چىقىلماي تۇرۇپ، ــ دېدى يەنە بىرى، ــ ئەهۋالنى هاجىمكامغا ئېيتايلى.

ــ ئۇنداق بولسا ئېتىنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا تارتىپ تۇرايلى.

ئۇلار جامالىدىننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا جامالىدىننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. قورقۇنچتىن سوقۇپ كەتتى دېگەندىن كۆرە، هاياجاندىن سوقۇپ كەتتى دېگەن تۈزۈك ئىدى. چۈنكى ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىسىلا دەرۋازىغا باراتتى. دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىشنى تېخىمۇ خالايتتى. ئاشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدە، ئاشۇ يوغان هويلىدا، ئاشۇ قورۇدىكى چىرايلىق هۇجرىسىدا دوست خېنىم بار ئىدى. ئاه، شۇ تاپ دوست خېنىم ئويغاقمىدۇ؟ توساتتىن ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقسا، پۈتىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشەرمۇ؟ بىر مالاي دەرۋازىدىن كىرىپ، قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتۈپ هويلىغا بۇرۇلدى. بىر

ئازدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئابدۇقۇددۇس هاجىمنى ئېهتىيات بىلەن چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هاجىمكا...، هاجىمكا ...

ئۆي ئىچىدىن «هە» دېگەن ئاۋاز چىققان بولسا كېرەك، ئۇ يەنە:

— هېلىقى جامالىدىن دېگەن غەزەلچى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئات بىلەن بىردەم ئۇيانغا، بىردەم بۇيانغا ئۆتۈپ يۈرىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپ ئابدۇقۇددۇس هاجىمدىن بۇرۇن دوست خېنىمنىڭ قۇلىقىغا چۈشتى. باياتىن بېرى دوست خېنىم قۇلىقىنى كاڭغا يېقىپ ياتقاندا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى. «ئەسلىدە بۇ جامالىدىن ئاكامنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازىكەندە؟» ئۇ جىلىتكىسىنى ئالدىراپ كىيدى ـ دە، هويلىغا چىقتى. دوست خېنىم هويلىغا چىققاندا، ئابدۇقۇددۇس هاجىممۇ تەڭلا چىقتى.

— هە، نەگە ماڭدىلا؟ — سورىدى هاجىم قىزىدىن.

— شىكەستىگە، — تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاب بەردى دوست خېنىم.

— شىكەستىخانا ئاۋۇ تەرەپتە، — ئابدۇقۇددۇس هاجىم قولى بىلەن ئارقا هويلا تەرەپنى كۆرسەتتى. دوست خېنىم ئىلاجىسىز ئارقا تەرەپكە ماڭدى. قىزى ئارقىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ هېلىقى مالايدىن، — ئۇ كىسپۇرۇچ نەدە؟ ـ دەپ سورىدى.

— دەرۋازا ئالدىدا.

— مېنىڭ ئۇ نائەهلىنىڭ دىدارىنى كۆرگۈم يوق. هەيدىۋېتىڭلار، ئىككىنچىلەپ بۇ تەرەپكە يولىغۇچى بولمىسۇن!

— خوپ!

جامالىدىن باياتىن بېرى ھويلىدا بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردى. دوست خېنىمنىڭ يېنىغا چىقماقچى بولغىنىنى، دادىسىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسقىنىنى پەرەز قىلدى. ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئەمدى بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلدى. ھېلىقى مالاي چىقىپ قوغلىۋېدى، ئېتىنى يولغا ھەيدەپ ئاق كوچىغا يول سالدى. ئەمدى ئابدۇكېرىم جامالىدىن مىنگەن ئات بىلەن يانمۇ يان ماڭماقتىدى.

ــ سىلىگە بىر گەپ قىلسام ئاڭلامال، ــ دېدى جامالىدىن ئابدۇكېرىمگە.

ــ ئاڭلايمەن.

ــ بۈگۈن بولغان ئىشلارنى دادام بىلەن ئانامغا دېمەسلىككە ۋەدە بېرەلەملا؟

ــ ئۇلار سوراپ قالسا نېمە دەيمەن؟

ــ ئايدىڭ سەيلىسى قىلدۇق دەيلا.

ــ يالغان ئېيتامدىم؟

ــ ئۇلارنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈن يالغان ئېيتساقمۇ بولىدۇ.

ــ ماقۇل.

* * *

كېچىدىن بېرى كىرپىك قاقمىغان دوست خېنىم كۈندۈزدىمۇ ئارام ئالالمىدى. ئولتۇرسا ـ قوپسا، تۈنۈگۈن كەچتە جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ يەنە

كەلگىنى پىكىر ـ خىيالىدىن زادىلا نېرى بولمىدى. يا گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. ياكى قولىدىكى تىكىۋاتقان كەشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رايى بارمىدى. بىر يۇرت، بىر مەھەللە دېسىمۇ بولىدىغان، تېخى كېچە بوسۇغىنىڭ ئالدىدىكى جامالىدىن ئاكىسى بىلەن كۆرۈشەلمەيۋاتقىنى ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. مانا، كەچمۇ بولدى. ئەل ئايىغىمۇ بېسىلدى. ئاي شولىسى پەنجىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن ئۆي ئىچىگە غۇۋا چۈشۈپ تۇرىدۇ. يەنىلا دولەت خېنىم خىيالىدىكى جامالىدىن ئاكىسىغا ھەمراھ. «ئۇھ» ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ئۇ. ئۆزىنى كاڭغا گىلەمنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. كۆزىنى يېرىم يۇمدى. كۆز ئالدىغا يەنە جامالىدىن ئاكىسى كەلدى. ئەنە، قورغان كۆلبېشىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئىلياس بىلەن جامالىدىن ئاكىسى تال چىۋىق ئاتلىرىنى چاپماقتا. جامالىدىن ئاكىسى ئالدىدا كېتىۋاتماقتا، دولەت خېنىم خۇشھال بولۇپ چاۋاك چالماقتا. ئارقىدىن ئۆزىگە بوستان چاچ ئېسىپ قويماقتا. ئەنە، ئۇ دولەت خېنىمنىڭ بىر تال مارجىنىنى كۆلگە تاشلىۋەتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ يادىغا چۈشىدە بولغان بىر ئىشتەك كەلمەكتىدى. قورغان كۆلبېشى. دولەت خېنىم بۇخارادىن قايتىپ كەلگەن جامالىدىن ئاكىسىنى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولدى. بىر ئوت ئىچىگە تاشلاندى. ئاق تاغ. جامالىدىن ئاكىسى ئۇنىڭغا نەزمە ئوقۇپ، سۆيگۈسىدىن بېشارەت بەرمەكتە. ئورمانلىقتا دولەت خېنىم ئىرىققا يېقىلىپ كېتەيلا دەپ قالغاندا، جامالىدىن ئاكىسى ئۇنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇۋالماقتا. دولەت خېنىمنىڭ يۈرىكى جامالىدىن ئاكىسىنىڭ قولىدىن ئۆتۈۋاتقان بىر ھارارەت بىلەن

پۈچىلانماقتا. ئەنە قورغان كۆلىبىشىدا ئىلياسلاردىن تاياق يەپ ياتقان، يەنە ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا تاياق يەۋاتقان جامالىدىن ئاكىسى. ئۆزىگە ئوخشاش بىئىلاج جامالىدىن ئاكىسى... ئۇ جامالىدىن ئاكىسى ئېيتقان كۈندىن تارتىپ قەلبىگە كەشتىلەنگەن ھېلىقى چىرايلىق ناخشىنى دىمىقىدا غىڭشىشقا باشلىدى. ناخشا ئۇنىڭ باغرىنى كۆيدۈرمەكتە. ئاھاڭلار ئىچىدىن جامالىدىن ئاكىسى ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە. ئۇ ناخشىنى غىڭشىشتىن توختىسا، جامالىدىن ئاكىسى يىراقلاپ كېتىدىغاندەك توختىماي غىڭشىيدۇ. ئاۋازى بارا ـ بارا كۈچەيمەكتە. شۇ تاپ ئۇنىڭ بۇ ناخشىنى ئاۋازىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ئوقۇغۇسى بار.

يەنە يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى دوست خېنىمنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈپ، ئاھاڭلار ئىچىدىن تارتىپ چىقتى. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولدى. بۇ ئاتلىق يەنە جامالىدىن ئاكام بولۇپ قالسىدى، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭغا جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ئۇ قۇلىقىنى كاڭغا چاپلىدى. راستىتىنلا ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى. تۇياق ئاۋازى يېقىنلاپ كەلگەنسېرى يەنجىرىدىن كىرىپ ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ پەنجىرە ئالدىغا كەلدى. يولدا «تاراق،تاراق،تاراق»قىلغان تۇياق ئاۋازىدىن ئاتنىڭ ئاستىلاپ، سالماق مېڭىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغىنى بولاتتى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە تۇياق ئاۋازى ئاڭلانمىدى. چوقۇم ئات مېڭىشتىن توختىغان گەپ.

ــ يەنە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ يوقال!

ئىشىك باقار ۋارقىرىدى. ئاتلىق چوقۇم جامالىدىن ئاكىسى. بولمىسا ئىشىك باقارلار قوغلىمايتتى. جامالىدىن ئاكىسىنى ماۋۇ غالچىلار قوغلىۋىدى، دوست خېنىمنىڭ باغرى تىلىنىپ كەتتى. ئىشىك باقارنىڭ يەنە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سېنى يوقال دەۋاتىمەن، هەي كۆلالچىنىڭ بالىسى!

«تارس» قىلغان بىر ئاۋازدىن كېيىنلا ئاتنىڭ ئېچىنىشلىق، قاتتىق كىشنىگىنى ئاڭلاندى. ئات ساغرىسىغا زەرب بىلەن تەگكەن قامچىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز قىلىپ قىرقىراپ كىشنەپ نالە قىلدى. جامالىدىن ئاكىسى ئېچىدىكى دەردىنى ئاتتىن ئېلىۋاتىدۇ. ئۇ قامچا ئاۋازىنى دوست خېنىم ئاڭلىسۇن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. جىمجىت كېچىدە قامچىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى قوشۇلۇپ خېلى يىراقتىكى ئاق تاغدىن ئەكس سادا ياندى. يېقىن – يىراقتىكى ئىتلارمۇ چۇچۇپ قاۋاپ كەتتى. بۇ قامچا ئاتقا ئەمەس دوست خېنىمنىڭ يۈرىكىگە تەگدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تاقىتى كۆلپەت ئوتىدا كۆيۈپ تۈگىگەن ئىدى. ئۇ هۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى كۈچەپ ئاچتى. يۈگۈرگەن پېتى ئارقا هويلا تەرەپتىن ئۆگزىگە قويۇلغان شوتىغا ياماشتى. ئۇ ئۆگزىدە تۇرۇپ يولدىكى قورغان كۆلبېشىغا قاراپ كېتىۋاتقان جامالىدىن ئاكىسىنى كۆردى. ئۇ جامالىدىن ئاكىسىنى چاقىرسۇنمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ غەزىلىنى ئوقۇسۇن. ئاشۇ غەزەلنىڭ ئاهاڭىغا شۇ تاپ تىلىغا تىزىلىۋاتقان مىسرالارنى سالسۇن! ئۇ ئېچىگە پاتمايۋاتقان تۇيغۇلىرىنى جامالىدىن ئاكىسىنىڭ ئاهاڭى بىلەن يۇغۇرۇۋەتتى.

كېچە بىر ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
ئىچىمگە ئوت سالىپ ئۆتتۈڭ.

ناخشا ئاۋازى كېچە قوينىنى يېرىپ، يىراق - يىراقلارغا تاراپ كەتتى. ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتتى. ئويغاقلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. دىخاللا خەلقىگە ئاللىبۇرۇن شېرىن تۇيغۇلارنى ھەدىيە قىلغان بۇ ناخشا ئەمدى دوست خېنىمنىڭ تىلىدىن ئۇنىڭ قەلب ساداسىنى ئېلىپ تۆكۈلمەكتىدى. كېچە جىمجىتلىقىغا زىننەت بولماقتىدى. يېپيېڭى بىر سۆيگۈ داستانىنى ياراتماقتىدى. دوست خېنىمنىڭ لەۋزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سۆيگۈ ئىقرارىنى ئۆز كۆيى ئارقىلىق ئاڭلاپ، سۆيۈنۈش ھاياجانىدىن مەست بولغان جامالىدىن ئېتىنى توختاتتى. دوست خېنىمنىڭ ناخشىسى ئاخىرلاشقان ھامان ئۇ ناخشىنىڭ نەقراتىنى ئوقىدى.

دوست خېنىم ئامان، ئامان،
يا دەرد ـ ئەلەملەر يامان.

بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يۈرەك نىداسى پەلەكنى قۇچتى. دوست خېنىم ناخشىسى ئارقىلىق جامالىدىن ئاكىسىنى سۆيىدىغانلىقىنى ئەلگە جاكارلىدى. جامالىدىن تارتىۋاتقان ئازاب ـ كۆلپەتلىرىنى بايان ئەتتى. دوست خېنىمغا ئامانلىق تىلىدى. بۇ ناخشىنى

پۈتۈن يۇرت خەلقى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. دوست خېنىمغا ئاستىرىتتىن كۆيۈپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ باغرىنى قىزغىنىش قاپلىدى. ھەممىسى رەشكتىن پۇچۇلاندى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بولسا باشقا ھېسسىياتتا. ئۇنى نومۇس ئىسكەنجىگە ئالدى. قىزىنىڭ ئەل ـ جامائەتكە ئاڭلىتىپ بىر يىگىتكە قارىتىپ ناخشا ئوقۇغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايدىغان جالالىدىننىڭ بالىسى بولغانلىقى تۆمۈرچىنىڭ قولىدىكى كۆيۈكتەك ئىچىدىكى غەزەپ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئۇ ئالمان ـ تالمان ئۆگزىگە چىقتى. جامالىدىنغا تويماي قاراپ تۇرغان قىزىنىڭ چېچىنى قامالىدى ۋە سۆرىدى.

ــ پەسكە چۈش، ھۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان بېشىمغا بالا! ــ ئۇ قىزىغا تۇنجى قېتىم سەنلەپ گەپ قىلدى، ــ مېنى تىرىك ئۆلسۇن دەمسەن!

دوست خېنىم شوتىدىن پەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۈشكەن دادىسى دوست خېنىمغا ئەگىشىپ ھۇجرىسىغىچە كىردى. غۇۋا شام يورۇقىدا ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ساقىلى تىترەيتتى. ئۇ ئەمدىلا كاڭغا چىققان قىزىغا كۆزلىرىنى نەشتەردەك قادىدى.

ــ يالغۇز بالام دەپ كۆزۈڭگە قارىغانىمنىڭ جاۋابى مۇشۇمۇ؟

دوست خېنىم دادىسىنىڭ غەزىپىدىن ئازراقمۇ قورقۇش ھېس قىلمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە مېھرى قالمىدى دەپ ئويلايتتى. ئەگەر مېھرى بولسا، دادا دېگەن قىزىنىڭ ئارزۇسىنىمۇ ئويلاپ قوياتتى. كۆڭۈل بۆلەتتى.

قىزنى بۇنچە قىينىمايتتى. ئۆيگە بەند قىلىپ قويۇپ، سىرتلارغا چىقىشنى توسۇمايتتى. قىزى نېمىنى ياخشى كۆرسە دادا بولغۇچى شۇنىڭدىن چەكلىسە، ئۇنى قانداقمۇ مېھرىبان دادا دېگىلى بولسۇن؟! ئۇمۇ ئاۋۇ ئانىسىغا ئوخشاش، ھەنىپەگە ئوخشاش. ھەممىسىنىڭ تىلى بىر. پەقەت دوست خېنىملا يالغۇز. ئەمدى ئۇ دادامنىڭ قاچان باغرى يۇمشار دەپ شەپقەت كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇ دادىسىغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇزلا جاۋاب بەردى.

— ئۆزۈممۇ يالغۇز بالىكەنمەن، دادا. شۇتاپتا تولىمۇ يالغۇزمەن. سىلى مېنىڭ كۆزۈمگە قارىدىم دەۋاتىلا، يەنە بىر قاراپ باقسىلا، كۆزۈم نېمە دەيدىكىن. سىلى كۆزۈمگە قاراشنى بىلگەنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ باقمىلا. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قارىغان بولسىلا مېنى بۇنچە قىينىمىغان بولاتتىلە.

— نېمە؟ — ئۇ قولىنى دوست خېنىمغا چىنىدى، — ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتامسەن تېخى؟ ھۇ يوق ئەقىل! ئەقلىڭگە كېلىپ بۇ يۇرتتا بىر قىزنىڭ بىرىگە كۆيدۈم ـ پىشتىم دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمايتىكەنمەن، ئۆز قىزىمدىن ئاڭلاپ ھەيران قېلىۋاتىمەن، قۇلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن!

— ئىشەنسىلە، دادا. ھېلىھەممۇ دەيمەن. مەن جامالىدىن ئاكامغا تېگىمەن.

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ! سېنى ئۇ كولالچىنىڭ بالىسىغا بەرگەنىنىڭ ئورنىغا بىرەر ساھىلغا باش ـ كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى قىلىۋېتەرمىنا!

دوست خېنىم دادىسى بىلەن يۇزلىشىپ قالمىسامىكەن دەپ ئويلايتتى. يۈزلىشىپ قالسىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ قېلىشتىن قورقاتتى. دېگەندەك بۇ ئىشمۇ ئاخىرى

يۈز بەردى.

ــ جامالىدىن ئاكامدىن باشقا بىرىگە سايە قىلىدىغان بولسىلا تاشقا ئۇسۇپ ئۆلۈپ تۈگىشىمەن!

ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭمۇ جەهلى قاتتى. مۇشۇ كەمگىچە بىرەر ئادەم ئۆزىگە تىكىلىپ گەپ قىلىپ باقمىغان بۇ ئادەم ئەمدى قىزىنىڭ ــ ئۆز پۇشتىنىڭ ئالدىدا هېچنېمىگە ئەرزىمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىللا خېنىمنىڭ «ۋاي ئۆلەي، بۇ نېمە كارامەت، بۇ نېمە ئالامەت. خەلقىئالەم ئالدىدا رەسۋا بولدۇقمۇ، ئەتىۋارلىغانغا تويغۇزدۇغۇ، باققاننى هەش قىلدىغۇ» دەپ قوشاق قېتىپ نالە قىلىشلىرى چوغ ئۇستىگە ماي چاچقاندەك ئۇنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ ئۆرلەتمەكتە ئىدى.

ــ شۇ تاپ سېنى تۇغۇلمىغان بولسا بولۇپتىكەن دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، بۇ گەپنى جايىدا دېدىڭ. هېلىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆلدۈڭ. سېنىڭ تۇغۇلۇپ قالغىنىڭغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن!

دادا ئاچچىقى كەلگەندە نېمىمۇ دېمەيدۇ؟ بەلكىم ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتقاندۇ. ياكى بولمىسا قىزىغا پوپوزا قىلىۋاتقاندۇ. ۋەياكى نومۇس ئۇنى هەرنېمە دېگۈزۈۋاتقاندۇ. شۇ دەملەردە دادىنىڭ دىلى ئاغرىمامدۇ؟ ئۇ قىزىغا مەسئۇل بولماسلىقى، ئۇنى خالىغىنىنى قىلىشقا قويۇپ بېرىشى كېرەكمۇ؟ پۈتۈن يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ، بىر ئىزىغا سېلىپ كېلىۋاتقان ئادەم، بىر قىزنى بېقىپ، ئون ئالتە ياشقا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ غېمىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە يېيەلمىسە، ئۇنىڭ بەختىنى ئويلاشقا قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭ نەرى دادا؟ ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ ئوغلى بولغان بولسىدى كاشكى. ئۇ چاغدا

ئۇنىڭ يولى بۆلەك بولاتتى. ئاتىنىڭ ئويلىغىنىنىڭ نەرى خاتا؟ ئۇ دوست خېنىمنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ. شۇڭا بىرىنى ئىچ كۆيۈئوغۇل قىلىۋالاي دېدىغۇ؟! يېنىمدا تۇرسۇن، چىرىغىمنى ئۆزى يورۇتسۇن، ھەم ئوغلۇم، ھەم قىزىم بولسۇن دېدى. قىز بالا، ياتنىڭ ئۆيىدە دىلى رەنجىپ يۈرمىسۇن، ئالدىمدا تۇرسا، ھېچكىم تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ دەپ ئويلىدى.

ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ بوغۇزى ئېغىرلىشىپ، كۆز چاناقلىرىغا يىغا ئولاشتى. دىلى ئازار يېدى. باغرى پۇچۇلاندى. پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر قېچىپ تىترىدى. ئۇ قىزىغا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، دېمىدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، سىرتقا ماڭدى. تەللا خېنىممۇ دوست خېنىمغا ئالىيىپ بىر قارىۋېتىپ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

دادىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دوست خېنىم ئاۋۋال ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ، ئاندىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ بىر ئۇزۇن يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسىنى ھېچكىم بەزلىمىدى. ھېچكىم ھالىنى سورىمىدى. ئۇ يىغىدىن توختاپ ئۆزىنى تولىمۇ يالغۇز ھېس قىلدى. ئۇنى سوغۇق تۆت تام يالماپ يۇتماقتىدى. ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى سەۋەبچى بولۇۋاتقاندەك، ئۆزىدىن بىزارلىق ھېس قىلدى. «ھەممىگە مەن سەۋەبچى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مېنىڭ سەۋەبىمدىن دادامنىڭ دىلى ئاغرىدى. ئانام يىغلىدى. ھەنىپەدىنمۇ ئايرىلدىم. دادام دېگەندەك تۇغۇلمىساممۇ بولغانىكەن. مەن ئەسلىدىنلا تەلىيى شۇم يېتىم. مەن تۇغۇلغاچقا رەھمەتلىك ئانام

مۇنەۋۋەر خېنىم بالدۇر ئالەمدىن ئۆتتى. مېنىڭ ئايىغىم ياراشمىغان گەپ. مېنىڭ سەۋەبىمدىن شەھىدۇللا ئىمامدەك يۇرت كاتتىسىنىڭ دىلى رەنجىدى. مېنىڭ سەۋەبىمدىن جالالىدىن ئاكام، ئاغىچىخان ئانامىلارنىڭ دىلى يارا بولدى. مەن بولغاچقا جامالىدىن ئاكامنىڭ يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولدى. ئىلياستىن، خوجا ئەلا سۈيىدىن، بىزنىڭ خىزمەتكارلاردىن تاياق يېدى. دادام يۈزۈمنى تۆكتۈك دېسە، ئانام نۇمۇستىن رەسۋا قىلدىڭ دەۋاتىدۇ. دادامۇ ‹ئۆلۈپ تۈگىشىمەن› دېسەم ‹بۇ گەپنى جايىدا قىلدىڭ› دەۋاتىدۇ، مەنلا بولمىسام ھەممە ئىش تۈگەيدىغۇ؟ ھېچكىم ھېچكىمگە دۈشمەن بولمايدۇ. بوپتۇ مەن كۆزۈڭلاردىن يۈتەي، ــ بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا ئەمرۇللا خوجىدارنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا دېگەن سىرلىق گەپلىرى كەلدى، ــ ئەمرۇللا خوجىدار مەندىن نېمىشقا كەچۈرۈم سورىغان بولغىيتتى؟ ماڭا قانداق زىيانكەشلىك قىلغان بولغىيتتى؟ ‹مەن ئامالسىز ئىدىم، تىللا خېنىم بىر قانداق...› دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان. تىللا خان ئانام ئانام ئىككىمىزگە قول سالماقچى بولغانمۇ بولمىغىيدى؟ ئۇھ، قانداقلا بولسا، ئانامنىڭ يېشىنى ياشاپ بولۇپتىمەن، ئانامنىڭ يېنىغا كېتەي. رەھمەتلىك چۈشۈمدە ئايان بولۇپ، ئەمدى سېنى باقىمەن دەۋاتاتتى، ئۇمۇ مېنىڭ بۇنداق كۆنۈلەرگە قېلىشىمنى خالىمىغان ئوخشايدۇ. ئۆزۈم سۆيگەن كىشىگە تېگەلمەي، ياخشى كۆرمەيدىغان بىرىگە تېگىلىۋاتقانلىقىمدىن نارازى بولغان ئوخشايدۇ، مېنى ساقلىسىلا ئانا، يانلىرىغا بارىمەن.»

## قىرىق بىرىنچى باب

# ئاداۋەت قۇربانى

دوست خېنىم كىچىچە كىرپىك قاقمىدى. تامدىكى يوغان تاش ئەينەكنىڭ ئالدىدا ھەم تاماق يېگەندە، ھەم خەت يازغاندا، ھەم كىتاب كۆرگەندە ئىشلىتىدىغان يۇمىلاق شىرەگە ئىككى تالدىن شام ياندۇرۇلغان ئىككى شامداننى قويۇپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئەينەكتىكى چىرايىغا قارىدى. دائىم ھېقىقەتەك سۈزۈك ھەم قىزىل لەۋلىرىنى گەز باغلىغان. ئۇيقۇسىزلىق ۋە تولا كۆز يېشى قىلغانلىقتىن كۆز ئېقى بىلىنەرلىك قىزارغان. يۇيۇلمىغىنىغا ئۇزۇن بولغان چاچلىرى ئۆي ئىچىدە ھەر چاغ بېشىدىن ئالماي، چېكىچىلاپ چېگىۋالىدىغان خان تاۋا ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن پاخپىيىپ چىقىپ قالغان. ئۇ ئۆزىنى سەتلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. قەلبىدە قاباھەتلىك بىر خىيالدىن ھاسىل بولغان ئاساۋ بىر ھاياجان مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. «ھېچبولمىغاندا ئانامنىڭ يېنىغا ئۆزۈمنى ئازراق تۈزەشتۈرۈپ باراي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سىرت بايىلا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. يامغۇر ياغسا كېرەك. يامغۇر ياغسا دەريانىڭ سۈيى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ. راست دېگەندەك شارىلداپ يامغۇر يېغىشقا

باشلىدى. «تازا ياغقىن يامغۇر، توختىماي ياغقىن، كەلكۈن بولۇپ دەرياغا پاتماي ئاققىن!» ئۇ ئىچىدە ئاشۇنداق خىتاب قىلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. يەگاھتىكى تامغا چىقىرىلغان تەكچىدىن ئاپتۇۋا چىلاپچىنى ئېلىپ، ئاپتۇۋۇدىكى سۇنى بېشىغا قۇيدى. چىلاپچىغا لىققىدە چىلىشىپ تۇرغان بوستان چاچلىرىنىڭ ئارا ـ ئارىسىغا سۇ ئۆتكۇزۇپ يۇيدى. چاچلىرىنى قولىغا ئوراپ سىقتى. ئاندىن يەنە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، دەسلەپ چاچلىرىغا جىگدىنىڭ چىلاپ تەييارلانغان يىلىمىنى چاپتى. ئاندىن تىللىرى ئۇششاق سۆڭەك تارغاقتا تاراپ، چاچلىرىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىدى. بىر تەرەپكە ئايرىلغان چېچىنى يەنە توققۇزغا بۆلۈپ ئۆرۈشكە باشلىدى. ئادەتتە ئۇ ھەمىشە بىلەن چاچلىرىنى ئۆرۈشەتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ چېچىنى ئۆرۈمىكى خېلى تەسكە توختاۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قولىنى يەتكۇدەك يەرگىچە سوزۇپ ئۆرۈمەكتىدى. ئۇ چېچىنى ئون سەككىز تال قىلىپ ئۆرۈپ بولدى. ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدىن سۆيۈندىمۇ، مىيىقىدا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئەينەكتىن كۆلۈمسىرىگەن ھالدىكى چىرايىنى كۆرۈپ تۇرقىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇنىڭ يادىغا تۇنۇگۈن بىر خىزمەتكار قىز ئەكىرىپ بەرگەن ئوسما كەلدى.

— دوست خېنىم، — دېگەنىدى خىزمەتكار قىز بىر سىقىم كەلگۈدەك ئوسمىنى كاڭدا خىيالچان ياتقان دوست خېنىمغا كۆرسىتىپ، — قىزلار قېشىمىزغا قويارمىز دەپ باغقا تېرىپ قويغانىدۇق، خېلى ئۆسۈپ قاپتۇ. سىلىگە قويۇپ بېرەيمىكىن دەپ ئەكىرگەنتىم.

— ۋىيەي، ئەمدى تۆت قولاق بولغان، يىرىڭدەك

ئوسمىنى يۇلۇۋېتىپسىلەرغۇ؟ ــ دېگەنىدى دوست خېنىم بالدۇر يۇلۇنغان ئوسمىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ــ قويغۇم يوق، تەكچىگە ئېلىپ قويسىلا، كېيىنچە قويارمەن.

ئو ئوسمىنى ئېلىپ پىيالىگە سىقتى. ئاندىن بېشىنى سىڭار يان قىلىپ ئېگىپ، كىچىك پىلتىكۇچ بىلەن قېشىغا ئاۋايلاپ تەگكۈزدى. ئوسما سىڭگەندىن كېيىن ئۇچۇمىغا سۇ تولدۇرۇپ قېشىغا بوش چاۋاكلاپ يۇيدى. ئۇ يۈزىنى چۆرىسىگە كەشتە تۇتۇلغان دۇخاۋا لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ، ئەينەككە قارىدى. ئوسما بىر چىرايلىق ئىچكەنىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم مىيىقىدا كۈلدى. ئۇ پەنجىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تام ئىشكاپنى ئاچتى. «جامالىدىن ئاكام بىلەن تويۇم بولۇپ قالسا كىيەرمەن» دەپ ئايرىم ئېلىپ قويغان كىيىملىرى بار بوغچىنى شامىنىڭ يورۇقىغا ئەكېلىپ ئاچتى. ئۇنى تۇتۇپ بېقىپ، بۇنى ئېلىپ بېقىپ ئاخىرى مايسا رەڭ، قىزىل، قارا رەڭلەر ئارىلاش بېرىلگەن تاغاق ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيدى. بېشىغا بېغىر رەڭ گىجىم رومىلىنى ئارتىپ، ئۈستىدىن تۇجۇپىلەپ ئەھيا قىلغان چىمەنزاردىن كېسىپ ئېلىنىۋالغاندەك غۇچچىدە گۈلى بار چىمەن دوپپىسىنى باسۇرۇپ كىيدى. ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئاخىرقى قېتىم كېلىپ، قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدىن رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى، باش توخۇ ۋاقتى بولۇپ، خورازلارنىڭ سوزۇپ چىللاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئەمدى ھودۇقۇشقا باشلىدى. ھېلىلا ناماز ۋاقتى بولىدۇ. ناماز ۋاقتىدا ئۆيدىكى دادىسى، خوجىدار ـ خىزمەتكار ئەرلەرنىڭ ھەممىسى نامازغا چىقىپ كېتىدۇ. ئاۋۇ دەرۋازا ئالدىدىكىلەرمۇ نامازغا تۇرىدۇ. ئانىسىمۇ، قىزلارمۇ

نامازغا تۇرىدۇ. دوست خېنىم ھەممەيلەن نامازغا تۇرغان شۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا، ئۆيدىن چىقمىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئەزاندىن بۇرۇنلا كاڭغا جاينامازنى سېلىپ نامازغا تۇردى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا تۇتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاللاغا نالە قىلدى: «كەرىمى كەڭ، قۇدرىتى ئۇلۇغ ياراتقان ئىگەم، بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم بولسا كەچۈرگەيلا. مۇشۇ كۈنگىچە بەرگەن كۈنلىرىگە، ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە مىڭ شۈكرى. سىلىگە چەكسىز ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن! مېنى رەھمەتلىك ئانام بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشتۈرۈپ، مېنىڭ ۋەجىمدىن مۇزلىغان كۆڭۈللەرگە نۇر بېرىپ، ئىسسىقلىق ئاتا قىلغايلا. جامالىدىن ئاكامنى ئۆز پاناھلىرىدا ساقلىغايلا!»



ئەزان ئاۋازى چىقتى. ھويلىدا كىملەرنىڭدۇر تاھارەتكە ماڭغان، شاھادەت ئېيتقان ئاۋازلىرىنىڭ قاتارىدا دادىسىنىڭمۇ كالتە يۆتەلگىنى ئاڭلاندى. «خوش دادا، ئاللاغا ئامانەت» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئۇزاق ئۆتمەي ھويلىدىكى ئاۋازلار جىمىقتى. دەل ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلغان دوست خېنىم ھويلىغا چىقتى. يامغۇر تېخى توختىمىغان بولۇپ، سىم ـ سىم يېغىۋاتاتتى. ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، دەرۋازا ئالدىغا چىققاندىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى. دوست خېنىم يۈگۈرۈپ يولغا چىقتى. يولدىمۇ ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ يولدىن بۆك ئانام

گۇمبىزىگە ماڭىدىغان تار چىغىر يولغا چۈشتى. كېچىچە ياغقان يامغۇردا ھەممە يەر پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پاتقاقتىن ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، ئېرىقلاردىن ئاتلاپ، ئېتىز قىرلىرىدا مۈدۈرۈپ ـ يىقىلىپ كېتىۋاتماقتىدى. ئالدىرىغانسېرى پاتقاقلار ئۇنى ماڭدۇرماسلىققا ئېسىلغان قوللاردەك كەينىگە تارتاتتى. ئۇ تاڭ يورۇپ بىرى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن دەريا بويىغا بېرىۋېلىشنىلا ئويلايتتى. تاڭمۇ يورىدى. دوست خېنىممۇ ئۆزىنى بىردە ئاق تاغقا، بىردە ئورمانلىق قىرغاققا ئۇرۇپ، بوز رەڭ سۇيى قىنىغا پاتماي، شاۋقۇن سېلىپ، بۇژغۇن چاچرىتىپ، نەرە تارتىپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا كەلدى. دوست خېنىمنىڭمۇ شۇ تاپتىكى ئىچكى تۇيغۇسى دەريادەك كۆۋەجەپ تۇراتتى. چاقماق دەرياسىنىڭ ئاشۇ دولقۇنلىرى بىلەن بىللە ئېقىپ يىراقلارغا كەتكۈسى بار ئىدى. ئۇنىڭ يادىغا جامالىدىن ئاكىسى كەلدى. «سىلىنى ئامالسىزلىقىنىڭ ئوتىدا پۇچىلاشنى خالىمىدىم، جامالىدىن ئاكا! ماڭا دۇئا ئوقۇپ قويسىلا». ئۇ شۇ دەملەردە كەينىگە يېنىشنى ئەسلا ئويلىمايتتى. دەريا سۇيى ئويناق، ئەركىن، توسالغۇسىز. ئۇنى ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ، دادىسىمۇ ھەم. دوست خېنىم دەرياغا مېڭىپ كىرمەكچى ئىدى. ئەمما بۇ كەلكۈنلىرى بىلەن يوغان ـ يوغان تاشلارنىمۇ ئەرمەك ئورنىدا دومىلىتىپ ئوينايدىغان، بوز رەڭ تىلى بىلەن تاغلارنىمۇ ئۆرۈيدىغان بىغەرەز دەريا ئۇنىڭ بىر پۈتى ئەمدىلا ئۆزىگە تېگىۋېدى، ئاچ قالغان ئەرۋاھدەك تىلىنى سوزۇپ ئەمدىلا ئۇن ئالتە

ياشقا كىرگەن بۇ نادان، بەڭباش قىزنى ئىچىگە بىرلا يالماپ يۇتۇۋەتتى.

*                    *                    *

دەريا سۈيى ئەتىگەندە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئورمانلىرىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ، قاشلارنى ئۆرۈپ، قىرغاقلاردىن ئېتىزلارغا ئارتىلىپ، يۇرتنى يالماپ كەتكىدەك يامان ئەلپازدا ئاقماقتا. چاقماق دەرياسى چاقماقنىڭ تاغلىرىدىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانمىدۇر ياكى چاقماقتەك تېز سۈرئەتتە قىنىدىن تېشىپ ئۇلغىيىپ، ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ، بۇزىدىغاننى بۇزۇپ چاقماق تېزلىكىدە سۈيى تارتىلىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغانمىدۇر دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى. بۇ دەريا ئاشۇنداق ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دەريا ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ دەريا بويىدىكى قوتىنىغا تىلىنى ئۇزارتىشقا باشلىدى. قوتان دەريا قېشىدىكى يۇز ماڭدامدىن ئارتۇقراق ئورمان تېگىنىدىن يەنە يۇز ماڭدامدىن ئارتۇقراق يىراقلىقتا ئۇل قىسمى تاش تام بىلەن خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان بولسىمۇ ئورماندىن ئارتىلىپ ئۆتكەن كەلكۈن ئۆزى ياسىغان ئېقىن بىلەن ئۇدۇل قوتاننىڭ ئۇلىغا ئۇرۇلماقتىدى. ئەهۋالدىن هودۇققان ئىگەمبەردى مالچىلارغا ۋارقىرىدى.

— سەلەب چىقىپ كەتتى، سەلەب، شاخ ـ شۇمبا ئېلىپ چىقىڭلار!

ئونچە ئادەم كەلكۈن چىقىۋاتقان ئېغىزغا ئارىماچ قويۇپ، دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ باسسىمۇ كار قىلمىدى. كەلكۈن ئاۋۇغانسېرى ئۇلارنىڭ قاراپ

566

تۇرماقتىن باشقا ئامالى قالمىدى. تاش تامغا ئۇرۇلۇۋاتقان سۇ بىردەمدىلا تامنىڭ ئاستىدىن كولاپ تاش تامنى ئۆرۈۋەتتى. تامنىڭ يېنىدىكى بىرەر يۈزچە قوي ـ ئۆچكىلەر تام بىلەن بىللە سۇغا غۇلاپ چۈشتى. چىقىۋالالىغانلىرى چىققان بىلەن چىقالمىغانلىرى سۇدا ئېقىپ غول ئېقىنغا چۈشۈپ كەتتى.

ــ ماللارنى تارتىڭلار!

ھەممىسى شۇنداق دەپ توۋلايتتى ۋە كۆزىگە كۆرۈنۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان چارۋىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتى. كەلكۈننىڭ يولى راۋان. چارۋىلارنى بىر چۆكتۈرۈپ، بىر لەيلىتىپ بەخىرامان ئاقماقتا. مالچىلار بولسا، پاتقاقتا قىر ـ ئىرىقلارغا يىقىلىپ، ئورمانلارغا پۈتلىشىپ يۈگۈرمەكتە. ئىگەمبەردىمۇ قىرىغان جىنى بىلەن ھە دېگەندە يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈگۈرەيدۇ. ئۇلار مىڭ بىر جاپادا بېقىۋاتقان قوي ـ ئۆچكىلىرىنىڭ بىھۇدە ئېقىپ كېتىشىگە چىدىمايدۇ. بىرىنى بولسىمۇ تۇتۇۋېلىشنى ئويلايدۇ. ئۇلار يۈگۈرمەكتە. دەريا بويىدا كەلكۈنگە مۇداپىئە ئىشلەۋاتقانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەركىم ئۆز ھەلەكچىلىكىدە. ئۇلار ئۇچاردىن ئېكىساق تەۋەسىگە كەلگەندە كەلكۈن پەسىيىشكە باشلىدى. ئىگەمبەردىنىڭ ئەمەس خېلى ياش مالچىلارنىڭمۇ قەدىمى ئاستىلاپ قالدى.

ــ ئىگەمبەردىكا، ــ دېدى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى كۆككۆز بىر مالچى ھارغىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ ئەمدى ماڭساقمۇ بەربىر، ماللار ئۆلۈپ بولدى. كەينىمىزگە يانساق بولۇرمىكىن.

ــ يانىمىز دېگەنلىرى نېمىسى؟ ــ نارازى بولدى ئىگەمبەردى، ــ بىرىنى تاپالىساقمۇ ھېساب. تىرىكىنى تاپالمىساقمۇ ئۆلۈكىنى تاپىمىز.

— نەدىن تاپىمىز، بۇ چاغقىچە مالىلار جايىنى تېپىپ بولغاندۇ؟

— سىلى بىلمەيلا، ئون بەش يىل ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر يامان سەلەب كەلگەن، سەلەب قوزىلارنى ئېقىتىپ كېتىپ، ئۈچ تۆشۈكنىڭ ئالدىدىكى تۇزگە تاشلاپ قويۇپتىكەن. شۇ يەردىن قوزىلارنىڭ ئۆلۈكىنى ئەكەلگەنتۇق. ھېچبولمىسا شۇ يەرگىچە بېرىپ باقىلى.

— ئۈچ تۆشۈككىمۇ كېلەيلى دەپ قالدۇق مانا، — دېدى يەنە بىر مالچى. كۆك كۆز مالچىمۇ ئۇنىمىز ئەگەشتى.

ئۇچمىرۋانغا يېرىم چاقىرىم قالغان يەردە تىترىگە تۆپىلىكى تەرەپتىن كەلگەن ئېقىن قارشى قىرغاقتا قىستىلىپ ئېقىپ، ئۆزىنى ئۇستى تۇزلەڭلىك شەكلىدىكى قورامغا شىددەت بىلەن ئۇراتتى. كەلكۈن قورامغا ئۇرۇلغاندا، ئېقىپ كەلگەن ياغاچ - تاش، ئۈچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا ھەر خىل نەرسىلەر شۇ تۇزلەڭلىككە چىقىپ قالاتتى.

— بىزنىڭ مالىلارنىڭ ئۆلۈكى ئاۋۇ يەردە تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى ھېلىقى كۆك كۆز مالچى قورام تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ.

— مەن دېگەن يەر ئاشۇ، — دېدى ئىگەمبەردىمۇ.

— دەريادا سۇ بىردەمدە ئازلىدى مانا.

— ھازىر دۆڭرەك يېرىدىن كېچىپ قارشى تەرەپكە ئۆتەلەيمىز.

— ماۋۇ يەردىن كېچىپ ئۆتەيلى، — دېدى ئىگەمبەردى سۇ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان تېيىزرەك ئېقىننى كۆرسىتىپ، — ئون بەش يىل بۇرۇنمۇ مۇشۇ يەردىن ئۆتكەنتۇق.

ئۇلار قارشى قىرغاقتا ئاسانلا كېچىپ ئۆتتى. قورام تۈزلەڭلىكتە راست دېگەندەك قورساقلىرى پۇۋۇلەپ ئىششىپ قويغاندەك تومپىيىپ كەتكەن ئون - يىگىرمىچە چارۋىنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. ئۇلار قويلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە كۆك كۆز توۋلىۋەتتى.

— ماۋۇ يەردە قوينىڭ ئاستىدا بىر ئادەم تۇرىدۇ! — ئۇ بىر قوينىڭ ئۆلۈكىنى ئادەمنىڭ ئۇستىدىن تارتىپ ئېلىۋېتىپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — ۋاي خۇدايىم، بۇ بىزنىڭ دوست خېنىمكەن!

— نېمە؟ — كۆك كۆزنىڭ گېپى ئىگەمبەردىنىڭ مېڭىسىگە بازغاندەك تەگدى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ قارىدى. قويلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ ئارىسىدا ياتقىنى راستتىنلا نەۋرىسى دوست خېنىم ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. دوست خېنىمنىڭ چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈكلۈك، بېشىدا يا ياغلىقى، يا دوپپىسى يوق، ئەتلەس كۆڭلىكى بىرنەچچە يەردىن يىرتىلغان، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇقلۇق، ئوسسىلىق چېھرى ئاقىرىپ، لەۋلىرى كۆكەرگەن، ئازراق قان سىيزىپ تۇرۇۋاتقان بىر جۈپ بۇرۇن تۆشۈكى كېڭىيىپ كەتكەن ھالەتتە ياتاتتى. ئىگەمبەردى ئۆزىنى نەۋرىسىنىڭ ئۇستىگە ئاتتى، — دوست خېنىم، جېنىم قىزىم! سىلى بۇ يەردە نېمىش قىلىلا؟!

ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئۇزۇن، تال - تال كىرپىكلىرى ئاستىدىكى يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى قولى بىلەن ئاچتى. دوست خېنىمنىڭ چوڭ دادىسىغا سۆزلەيدىغان كۆزلىرى

ئىپادىسىز بولۇپ، قېتىپ قالغان ئىدى. كەلكۈندىن كېيىنكى سۇلۇك جىلغىدا ئىگەمبەردى نەۋرىسىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، سۇ تامچىپ تۇرغان ھۆل چاچلىرىنى يۆراپ بوزلىماقتىدى. ئەھۋالدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، قاراپ تۇرغان مالچىلارمۇ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلارنىڭ قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى.

ــ قىزىمنىڭ تەۋرروكى ئەمەسمىدىلە قىزىم. كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى ئەمەسمىدىلە قىزىم. خىياللىرىمنىڭ ھەمراھى ئەمەسمىدىلە ھەمراھ خېنىم. مۇڭداشچىم خېنىم، دىلكەشىم خېنىم، دوستۇم خېنىم، دوست خېنىم. گۆھەردەك جانلىرىغا كىم قەست قىلدى خېنىم، ئالتۇندەك تەنلىرىگە كىم قەست قىلدى خېنىم. كىمنىڭ كۆزى تەگكەندۇ، كىمنىڭ تىلى تەگكەندۇ، كىمنىڭ قولى بارغاندۇ؟! ئانىلىرىمۇ نۆۋەر ئىدى. سىلىمۇ نۆۋەر كېتىپلىغۇ قىزىم؟! ئەل پاتقان بۇ جاھانغا سىلى پاتمىلىمۇ قىزىم؟ ئىككىمىزنى كىم ئايرىدى قىزىم؟ ئىنسان ئايرىدىمۇ قىزىم، شەيتان ئايرىدىمۇ قىزىم؟!...

ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى، نەپەسى سىقىلدى. قەددى پۈكۈلدى. ئۇ ئەتراپقا ئەنسىز تىكىلدى. ئاندىن يەنە نەۋرىسىگە قارىدى. دوست خېنىم قورامىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇ ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئاۋايلاپ نەۋرىسىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. شۇ تاپ ئۇ بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشۈم بولۇپ قالسىكەن دەپ ئويلىدى. ئەپسۇس، بۇ چۈش ئەمەس رېئاللىق ئىدى. ئۇنىڭ باغرى بىرى قويلارغا ئەن سالدىغان تۆمۈرنى قىزىتىپ باسقاندەك پىژىلداپ ئېچىشاتتى. «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئوي ئەمدىلا قىزىق تونۇردىن

چىققان كۆسەيدەك مېڭىسىنى كۆيدۈرۈپ قوچۇيتتى. «بۇ پوقىنى بالا ئۆزى يەپ سالغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبكارى چوقۇم دادىسى بىلەن ئانىسى!» دېگەنلەرنى يادىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ئىگەمبەردىنىڭ قەلبىدە چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان غەزەپ ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۈچ ئاتا قىلدىكى، قېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ئىككى قولىنى نەۋرىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ لىككىدە كۆتۈردى. ئۇ دوست خېنىمنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. مالچىلار ياردەملەشمەكچى بولۇۋېدى، «نەۋرەمنى ئۆزۈم كۆتۈرىمەن» دەپ ئۇنىمىدى. ئۇ دوست خېنىمنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ يەنە بوزلىدى.

— قوي ئىزدەپ كەلگەنتىمغۇ قىزىم، ئەمدى سىلىنى ئېلىپ ماڭدىمغۇ خېنىم...

* * *

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم كەلكۈندە قوتاننىڭ ئۆرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەريا بويىغا ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىن تاپىباستۇرۇپ ئۆڭىسلى ئۆچكەن تىللا خېنىم كەلدى ـ دە، ئۇنى يانغا تارتىپ:

— دوست خېنىم يوق تۇرىدۇ! ـ دېدى.

— نەگە كېتىپتۇ ئۇ بەدبەخت؟! — ئابدۇقۇددۇس ھاجىمۇ جىددىيلىشىپ دېدى، — ئارقا ھويلىغا قارىدىڭلارمۇ؟

— قىزلار بىلەن ھەممە يەرگە قارىدۇق، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

— يۇرۇڭلا ئوبدانراق ئىزدەپ باقىلى.

ئۇلار ئۆيگە تېزلا قايتىپ ئاۋۋال دوست خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئاندىن ئارقا ھويلىغا چىقتى. ھەر بىر ئېغىز ئۆي، ئاتخانا، چۆپخانا، بالىخانا، ئىسكىلات، ئىشىكەستىخانا ھەممە يەرگە چىقتى. دوست خېنىم راستتىنلا يوق ئىدى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ چېچىلغان ھالدا دەرۋازىغا چىقىنىنى كۆرگەن ئىشىك باقار قورقىنىدىن دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. ھاجىم ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن تىكىلدى.

— دوست خېنىم قېنى؟!

— مە...مەن، مەن كۆرمىدىم.

— دەرۋازىدا مەھكەم تۇرماي نەگە كەتكەنتىڭ؟

— نا... ناماز ۋاقتىدا نا... ناماز ئوقۇغۇغان.

— ھۇ نانقېپىلار، ھارام تاماقلار، يارىماسلار! — دوست خېنىمنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۇرگەن ئابدۇقۇددۇس ھاجىم غەزەپ قىلدى، — ئۆيگە ئوغرى ـ قاراقچىلار كىرسىمۇ بىلمەيسەن، ئۆيدىن ئادەم چىقىپ كەتسىمۇ بىلمەيسەن! دوست خېنىمغا ئوبدان قارىسۇن دېمىسەم، سىلەرگە بەرگەن ناننى ئىتقىمۇ بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟!

— بۆك ئانام تەرەپكە پاتقاق كېچىپ ماڭغان يېگى بىر ئىز تۇرىدۇ، — قادىر ئات باقار ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ يېنىغا كېلىپ شىۋىرلىدى، — زەن سالسام بۇ ئىز ئۆيدىن چىققاندەك قىلىدۇ. بۇ ئىز دوست خېنىمنىڭ بولۇپ قالمىسۇن، يەنە؟

دوست خېنىمنى جامالىدىن بىلەن قېچىپ ئۆزگە بىر ئاھانەت تېپىپ بەرمىگىيتتى دەپ ئويلاپ تۇرغان

ئابدۇقۇددۇس ھاجىم دەرھال چىغىر يولنىڭ ئاغزىغا كەلدى ۋە ئىزنى كۆرۈپ دېدى:

ــ راست بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ، چىغىر يولغا چۈشكەن ئىزكەن. بۇ قىز بۇياققا نېمىشقا ماڭغاندۇ؟ بالا چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدىمۇ يا؟

ــ شۇ تەرەپلەرگە ماڭغاندەك تۇرىدۇ.

ــ نېمىشقا چوڭ يول بىلەن ماڭماي، بۇنداق ماڭغاندۇ، ــ ئابدۇقۇددۇس ھاجىم ساقىلىنى سىلىدى، ــ يۈرۈڭلار، ئىزنى بويلاپ ئىزدەيلى.

يەر يەنىلا پاتقاق ئىدى. ئۇلار ئىزغا ئەگىشىپ ئورمانلىققا كەلگەندە ئىزنى يوقاتتى. چۈنكى بايا قىنىدىن تاشقان كەلكۈن ئىزنىڭ ئۈستىگە لاي تاشلىۋەتكەنىدى. دوست خېنىمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەلمىگىنىنى بىلگەندىن كېيىن ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ يادىغا كەلگەن مۇدھىش خىيالدىن قاتتىق چۆچۈدى ۋە دەرھال ئىمان ئېيتتى. «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا. ياراتقان ئىگەم ئۆزەڭ ساقلىغايسەن، كۈپۈر خىياللىرىمنى كەچۈرگەيسەن.»

«بۇ قىز زادى نەگە كەتكەندۇ؟ يا بىرەرىگە دەپمۇ قويمىغىنىنى قارىمامدىغان؟ بىرەرى ...» ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ كاللىسىنى تەشۋىش، ئەنسىرەش، قىيداش ئالامەتلىرى گىرەلەشكەن مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ قاتتىق بىئارام قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پىكرى ھەرتەرەپلەرگە ئۇچاتتى. كۆز ئالدىدىن ئىلياس، جالالىدىن، يەنە ئالىكىملەردۇر بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى. «ئەگەر قىزىمغا كىمدىكىم چېقىلسا ئۇنىڭغا

جېنىمنى تىكىپ قويارمىنا!» لېكىن خىيال بىلەن ئىش پۈتمەيتتى. دوست خېنىمنى نەدىن بولسا تاپماي بولمايتتى. ئۇ خىزمەتكارلىرىنى يىغدى. ئاندىن ئۇلارغا قورغان كۆلىبىشى، ئاق كوچا، خالتا كوچا، تۆۋەن كوچا ۋە باشقا يەرلەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئىزدەشكە بۇيرۇدى.

يامغۇر ئەتىگەندىلا توختىغان بولسىمۇ، يوللار يەنىلا پاتقاق. ھاۋا تەرىنى دۈشمىنىگە يولۇققان قىساسخور ئادەمدەك تۇرۇۋالغانىدى. ئاق تاغنىڭ ئۈستىگىلا قونۇپ تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ ئۈزۈۋاتقان قېلىن ھەم توپ - توپ قارا بۇلۇتلار يەرگە تۆكۈلەيلا دەپ تۇراتتى. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بىلىنەرلىك سۇنغان قەددىنى تىخىمۇ ئېگىپ، دەريا بويىدا توختىماي ئۇياندىن بۇيانغا ماڭاتتى. ئۇ قوزا چۈش بىلەن چىققى چۈش ئارىلىقىدىكى ۋاقىتقىچە شۇ ھالەتنى تەكرارلىدى. بىرەرى دوست خېنىمنىڭ دېرىكىنى بېرەي دېمىدى. بىئارامىلىقتىن ئىچى قاتتىق تىتىلدايتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاياغ تەرەپتىن بىرىنىڭ «ۋاي بالام، ۋاي قىزىم» دەۋاتقان ھارغىن، نالىلىك، زەئىپ ئاۋازى كەلدى. ئۇ ئىتتىك تۆۋەن تەرەپكە قارىدى. قارىدىيۇ، يۈرىكى قېپىدىن سۇغۇرۇلۇۋاتقاندەك ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. مۇسىبەت ئىلكىدە ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقان ئادەم قېيىنئاتىسى ئىگەمبەردى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان مالچىلار بىر ئادەمنى تۇش - تۇشلاپ كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلار يېقىنلاشقانچە ئابدۇقۇددۇس ھاجىم مالچىلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنىنىڭ ئۇزۇن كۆڭلىكىدىن بىر ئايال ياكى بىر قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. «بۇ كىمدۇ؟ ئۇلار ئۇنى نېمىشقا كۆتۈرۈۋالدى؟

قېيىنئاتىسى كىمنى قىزىم دەپ يىغلايدۇ؟». ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ مېڭىسى ئېتىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئىگەمبەردى « يۇرىكىم ھەمراھ خېنىم، باغرىم دوست خېنىم» دەپ يىغلىغاندا غايەت زور بىر غايىۋى قول گېلىنى بوغقاندەك ئاچچىق بىر نەپەس بوغۇزىغا كەپلەشتى، كۆكرىكىگە بىرى شەمشەر ئۇرغاندەك كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى پۇتىغا يىغىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ۋادەرىخ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قىز ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر پۇشتى دوست خېنىم ئىدى. ئۇ «جېنىم قىزىم، دوست خېنىم» دەپ قىزىنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. ئەمما دوست خېنىمنىڭ تېنى ئاللىبۇرۇن مۇزلاپ بولغانىدى.



كەچ. ئابدۇقۇددۇس هاجىمنىڭ دوست خېنىمنىڭ كۆلكە ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدىغان هويلىسى بۈگۈن مۇسىبەت تۈيغۇسىدا باغرى ئېزىلگەن ئادەملەر بىلەن تولغان. يىراق ـ يېقىندىن ئاڭلىغانلا كىشىلەر كەلگەن. پۈتۈن دىخاللا خەلقىنىڭ كۆزىدىن ياشلار يامغۇردەك تۆكۈلىدۇ. ھەممە ئازاب بىلەن لەۋلىرىنى چىشلەيدۇ. «يۇرتىمىزنىڭ بىر تاللا گۈلى ئىدى» دەيدۇ. يۇرت خەلقى دوست خېنىمغا چىدىمىدى. دوست خېنىمنىڭ بال تامىدىغان شېرىن تىللىرى بىلەن بېرىدىغان سالاملىرىدىن ئايرىلغان مويسىپىت ئاتىلارنىڭمۇ، پەرىشتىدەك مۇلايىم ئانىلارنىڭمۇ ئىچى ئاچچىق، كۆزلىرىدە ياش. دوست خېنىمنى بىر كۆرۈۋالسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاقلىشىۋالسا شۇنىڭدىن خۇش بولىدىغان يىگىتلەرنىڭمۇ، قورغان كۆلبېشىدىكى

دەرەخلەرگە چىمچاچاق سىلىپ بىللە ئۆچۈپ، بىللە تاشتەرمەك ئويناپ چوڭ بولغان قىزلارنىڭمۇ باغرى قان، كۆزلىرىدە ياش. ھەر چاغ دوست خېنىمنىڭ تاتلىق ـ تۇرۇملىرىگە ئېغىز تېگىپ تۇرىدىغان، «دوست خېنىم پاپا» دەپ يېنىدىن كەتمەيدىغان بالىلارنىڭمۇ بېشى ئېگىك، كۆزلىرىدە ياش. دوست خېنىمنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىدىن باغرى زەردابقا تولغان، چاك ـ چاك يېرىلغان جامالىدىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس قان ئاقىدۇ. ئەنە تىللا خېنىممۇ، ھەنىپەلەرمۇ يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغلىماقتا. ئىگەمبەردى تولا يىغلاپ پۈتۈپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن بىر ئاغزىدا مىڭبىر دوست خېنىم دەپ يىغلايدۇ. ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بولسا شەھىدۇللا ئىمام يەنە بىر نەچچە يىراق ـ يېقىنىدىن كەلگەن ئۆلىما ـ كاتىپلارنىڭ ئوتتۇرىدا يىغلايدۇ، قاقشايدۇ. ئۇ بىردەم «ھەمراھ خېنىم، دوستۇم خېنىم، ئوتقا تاشلىدىڭغۇ، چوغقا تاشلىدىڭغۇ» دەپ ھازا قىلسا بىردەم يېنىدىكىلەرگە يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ. «قىزىمغا مەن قىلدىم. مەن ئەيىبلىك، مەن گۇناھكار. مەن لاياقەتلىك ئاتا بولالمىدىم. ماڭا كىم قويۇپتۇ نوچىلىقنى؟! قېرىغان ھالىمدا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىسامچۇ، ئارزۇسىغا باقسامچۇ؟! ئاداۋەت، گىنا ئەقلىمنى يەپتۇ. شەيتان گەجگەمگە مىنىۋاپتۇ. قىزىمغا زىندان ئازابىنى سايتىمەن، ئاغزىمدىن كېتىپتىمەن. ئۇنى چۆچۈتۈپ قوياي دەپتىمەن!...»

## قىرىق ئىككىنچى باب

## مۇسىبەتتە ئوقۇلغان ناخشا

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن قورغان كۆلبېشىدىكى چوڭ جامەدە دوست خېنىمنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلدى. ئۇنىڭ يەرلىكى كۆك گۈمبەزگە كولانغانىدى. دىخاللىنىڭ ئاسمىنىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيماي كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك سىم - سىم يامغۇر تۆكۈپ تۇراتتى. يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي دىخاللىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەرلەرنىڭ ھەممىسى زاراتگاھلىققا كەلگەنىدى. دوست خېنىمنىڭ مېيىتىنى ئابدۇقۇددۇس ھاجىم بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن يەرلىكىگە قويدى. ئىچكى لەھەتنىڭ ئاغزى يەتتە خىش بىلەن ئېتىلدى. مۇشۇنداق چاغدا قۇرئان كەرىمدىن تىلاۋەت قىلىناتتى. كىشىلەر شەھىدۇللا ئىمامنى ئوقۇيدۇ دەپ ئۇنىڭغا قارىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جامالىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن قان - ياش ئاققۇزۇپ شۇ قەدەر مۇڭلۇق قىرائەت قىلدىكى، قۇرئاننىڭ دىلنى ئېرىتكۈچى سېھرىي كۈچى دوست خېنىمنىڭ راستتىنلا چىن دۇنياغا كەتكەنلىكىگە ھەممىنى يەنە بىر قېتىم چىنپۇتتۇردى. تۇپراق بېشىدىكىلەرنىڭ قەلبىنى مۇسىبەت، ھىجران ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈتتى.

كۆزلىرىدىن يەنە تاراملاپ ياش ئاققۇزدى.
مېيىتنى يەرلىكىگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت چىققان ئۆيگە پاتىمەگە بارىدىغان ئىش بار ئىدى. كىشىلەر يولغا چىقىپ تۈۋەن كوچىغا بۇرۇلغاندا، كوچا ئادەم دېگىسىزىغا ئايلاندى. جامالىدىن توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاسىسىغا تايىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى پىراق ئوتىدا كۆيمەكتىدى. قەلبىدە ئۆزى دوست خېنىمغا بېغىشلىغان ناخشا كۈۋەجەپ تۇراتتى. غايىۋى بىر كۈچ ئىچىدىكى ئاشۇ ناخشىنى بوغۇزىغا ئىتتىرەتتى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ باققان بولسىمۇ، زىنھار بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ھەسرىتىمۇ ئاشۇ ناخشىدا ئىدى. تىلەكلىرىمۇ شۇ ناخشىدا ئىدى. شۇتاپ پۈتىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ باشقىلار مۇسىبەتتە غەزەل ئوقۇدۇڭ دەپ ئەيىبلىسە ئاڭلىماي دېگەن بولسا كېرەك، ھاسىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىككى قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىنى باستى. باش بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ ئاستىدىكى يۇمشاق يېرىگە تەگكۈزدى. ناخشا ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن، ياق يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،

جامالىدىن ناخشىنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى ئوقۇغان شۇ ئەسنادا، ئويلىمىغان يەردىن پاتىمەگە ماڭغان چوڭ ـ كىچىك ھەممىيلەن تەڭلا ئۆزلىرى ياقتۇرغان، دىلىدا پىشىپ قىيامىغا كەلگەن، ئەمما ھازىرغىچە ئوقۇشقا پېتىنالمىغان بۇ چىرايلىق ناخشىغا جۆر بولدى.

تۇگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

دوست خېنىم ئامان، ئامان
يا دەرد ـ ئەلەملەر يامان.

نەچچە يۈزلىگەن ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بۇ ناخشىنى ئوقۇغان ئىدى. ناخشىنىڭ دىلنى ئەزگۈچى مۇڭى، دەرياغا تەڭكەش شاۋقۇنى دىخاللا ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سالدى، قورغان كۆلىبىشى تىترەپ كەتتى. دوست خېنىمنى سۆيگەنلەر، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدىغانلار، ئايرىلىشقا چىدىمىغانلار ناخشىنى ئاخىرلاشتۇرغان ھامان، ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ ھويلىسىدىكى ئايالالار تېخى تونۇگۈنلا دوست خېنىم ئۆگزىدە ئېيتقان ناخشىغا ئاۋازىنى قويۇپ بەردى:

كېچە بىر ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىكنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
ئىچىمگە ئوت سالىپ ئۆتتۈڭ.

ئايالالارنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازىدا بۇ ئاھاڭ تېخىمۇ ھەقدادىغا يەتتى. ئايالالار ناخشىنى تۈگەتكەندە ئابدۇقۇددۇس ھاجىمنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كەلگەن ئەرلەر ناخشىنىڭ نەقراتىنى ئوقۇدى.

دوست خېنىم ئامان، ئامان،
يا دەرد ـ ئەلەملەر يامان.

ناخشا ئۆزى ئاپىرىدە بولغان تۆپراقنى ھەم مۇسىبەت تۇيغۇسىغا، ھەم ھاياجانغا سىلىپ، دوست خېنىمنىڭ ئاخىرەتلىكگە ئىسەنلىك تىلەپ، دەرد ـ ئەلەملەر بىلەن تولغان زامانغا نەپرىتىنى ياغدۇرۇپ تۈگىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ساداسى يەتتە كەنتنى قاپلىدى، ئاق تاغدىن ھالقىپ، يىراق ـ يىراقلارغا تاراپ كەتتى...





# ئاخىرقى سۆز

دىخاللا ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش بازىرىغا قارايدىغان بىر مەمۇرىي كەنت. بۇ كەنتتىن ناخشىچى ــ غەزەلخانلار كۆپ چىقىدۇ. دىخاللا خەلقى هازىرغىچە «دوست خېنىم» دىن باشقا، «ئاشناجان»، «لىۋەن يارلار»، «ئۆلمە ياشلار»، «ئالاي ــ ئالاي» قاتارلىق خەلق ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، ئاڭلايدىغان ناخشىلارنى بارلىققا كەلتۇرۇپ، ئەلگە تەقدىم قىلدى. بۇ ناخشىلارنىڭ ئىچىدە «دوست خېنىم»نىڭ شۆھرىتى بەكرەك ئۇستۇن بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. دىخاللىدا هازىرمۇ دائىم توي ــ تۆكۈن، ئولتۇرۇش ــ قوپۇش، ئىش ــ ئەمگەك، بەزمە ــ باراۋەتلەردە ناخشىلار ياڭراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق چاغلاردا «دوست خېنىم» ناخشىسىنى بىر قېتىم ئوقۇۋالمىسا كۆڭلى زادىلا ئۇنىمايدۇ. هاردۇقى چىقمايدۇ. بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ دائىم دېگۈدەك تۆۋەن كوچا، خالتا كوچا، ئاق كوچا ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن تېتىر كوچىسى، تۈگمەن بېشى، ئاقتاش، ئارا سايلاردىن «دوست خېنىم» نىڭ ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەل ئارىسىدا دائىم «دىخاللىلىقلار ‹دوست خېنىم› ناخشىسىنى بىر موزايلىق ئالا ئىنەككە سېتىۋاپتىكەن» دېگەن گەپ هېكايە قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن. 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىخاللىدىن تۆت يىگىت ئات ــ ئېشەكلىرىگە بۇغداي ــ

قوناق ئارتىپ شەھەرگە ساتقىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار شەھەر كوچىلىرىغا كىرگەندە يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىل بولۇپ، ئەل تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغ ئىكەن. كېچىدە ئۇلار «دوست خېنىم» نى ئوقۇپ مېڭىپتۇ. ئۇيقۇسى بۇزۇلغان كىشىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمەتكە شىكايەت قىلىپتۇ. ئەلنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ تۆت يىگىتنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەلۇم بىر قاماقخانىغا سولاپ قويۇپتۇ. باللارنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىنمۇ قايتمىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن يۇرتداشلار يەنە يۇرت چوڭلىرىدىن تۆت كىشىنى ئۇلارنى ئىزدەشكە شەھەرگە كىرگۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا مەھكىمە شەرئىدە ئىشلەيدىغان دىخاللىلىق بىر ئۆلىما بولۇپ، كىرگەنلەر ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دەپتۇ. بۇ كىشى بىر كۈن ئىزدەپ، كەچتە ئۇلارغا يىگىتلەرنىڭ قاماقلىق ئىكەنلىكىنى، ئەلنىڭ نارازىلىقى كۆچلۈك بولغاچقا گۈندىپايغا ئازراق كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى ئېلىپ قايتسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار قاماقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يانچۇقلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئاز - تولا ئاقچى تەييارلاپتۇ. گۈندىپاي ئاقچىنى قويىنىغا سېلىپ باللارنى قويۇپ بەرگىلى كىرىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەزىلكەش بىرى «ھەي باللار، بىز يىغىپ گۈندىپايغا بەرگەن ئاقچىغا بىر موزايلىق ئالا ئىنەك كېلەتتى جۇمۇ!» دەپ چاقچاق قىلىپتىكەن، ھەممەيلەن تەڭ كۈلۈپ كېتىشىپتۇ. يىگىتلەر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ئات - ئېشەكلىرىگە مىنىپ، قاماقخانىنىڭ ئالدىدىلا يەنە «دوست خېنىم» نى ئوقۇپتۇ. باشقىلار «ئۇلار يەنە ئوقۇۋاتىدۇ، يەنە ئوقۇۋاتىدۇ» دەپتىكەن،

ناخشىچىلاردىن بىرى «بىز ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسىنى بىر مۇزايىلىق ئالا ئىنەككە سېتىۋالدۇق. ئەمدى ئوقۇۋېرىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «دىخاللىقلار ‹دوست خېنىم› نى بىر موزايلىق ئالا ئىنەككە سېتىۋاپتىكەن» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن تارقىلىپتۇ.

*　　　*　　　*

«دوست خېنىم» رومانىنى يېزىپ تاماملاش جەريانىدا مېنى قاغىلىق ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى، تىل تەتقىقاتچىسى ئىبراھىم ئىمىن «دوست خېنىم» ناخشىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. دىخاللا قورغان كۆلبېشىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ ئۆتكەن 86 ياشلىق مەرھۇمە ھاجى قۇربان ئانا «دوست خېنىم»نىڭ ھاياتى ھەققىدە يىپ ئۇچىنى ۋە ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بەردى. قورغان كۆلبېشىنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى ئەھۋالىنى ئۆگىنىشىمدە داڭلىق بىناكار قادىر ئوسمان پىلانچى، ئۇنىڭدىن باشقا قۇربان يۇسۇپ، ناسىرجان تىلىۋالدى، ئامانتاي مۇھەممەد قاتارلىق دوستلار كۆپلەپ ياردەمدە بولدى. ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇرادىل ئابىد
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئەسقەر نۇردى
خەتتات: ئابلىكىمجان جەۋلانى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-6653-7

9 787551 566537 >

باھاسى: 55.00 يۈەن